# خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش
كومىتېتى تۈزدى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

和田简史/新疆《和田简史》编委员会编；
阿布都·买买提艾力等译. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2005.10
ISBN7—228—09466—2

Ⅰ.和… Ⅱ.①新… ②阿… Ⅲ.和田地区—地方史—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K294

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 125226 号

责任编辑：穆合塔尔·马木提，吾依洪·阿布都外力
责任校对：阿依古丽·萨比提
封面设计：王洋

**和田简史**(维吾尔文)

阿布都拉·买买提艾力 等译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001)
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 26.625 印张 9 插页
2005 年 10 月第 1 版 2005 年 10 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN—228—09466—2 定价：40.00 元

中華民族的藝術生息現仍在和田這樣自然條件艱苦的地方亦是如此輝煌，作為今天的華夏子孫更應該為開發建設這塊古老而又荒涼的土地，做出更加驚天動地的事業，為中華添彩，為人民造福。

王樂泉

二〇〇一年八月廿八日

جۇڭخۇا مىللەتلىرى كۆپىيىش، يا-
شاش جەريانىدا، خوتەندەك تەبىئىي شارا-
ئىتى ناچار جايدىمۇ مۇشۇنداق شانلىق
مۆجىزىلەرنى ياراتقان. بۇگۈنكى جۇڭخۇا
پەرزەنتلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ
قەدىمىي ۋە گۈزەل تۇپراقنى ئېچىش ھەم
گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىدا يەر جاھاننى زىل-
زىلىگە كەلتۈرىدىغان نەتىجىلەرنى يارى-
تىپ، جۇڭخۇا ئېلىگە شان - شەرەپ كەل-
تۈرۈشىمىز، خەلققە بەخت يارىتىشىمىز
كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن

2001 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ
شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ بېغىشلىمىسى




قەدىمكى نىيە شەھرىنىڭ سېپىل خارابىسى




قەدىمكى نىيە بۇددا مۇنارى خارابىسى



مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — قەدىمكى نىيە شەھەر خارابىسى





قەدىمكى نىيىدىكى ئىمارەت ئىزلىرى




قەدىمكى نىيە شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىدىن
سىپتا ئىشلەنگەن بۆك، تەكىيە قاتارلىقلار

قەدىمكى نىيە شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى
يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر






قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
گۈللۈك پاختا رەخت پارچىسى




قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
نەقىش ئويۇلغان ئىشىك كېشىكى



قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
«王» خەتلىك كومزەك




سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان تارغاق، كۆرگۈ (ئەينەك )
قېپى ( غەربىي خەن دەۋرىگە خاس )



مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت
يادىكارلىق ئورنى — سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان سىر بىلەن نەقىشلەنگەن ياغاچ سۆزگۈچ
(جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس)



سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىدىن
تىكىلگەن ئىشتاننىڭ پۇچقىقىغا
كەشتىلەنگەن ئادەمنىڭ باش سۈرىتى
(جەنۇبىي ــ شىمالىي سۇلالىلەر)




مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت
يادىكارلىق ئورنى ــ سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان گىلەم ئېگەر يوپۇقى (جەنۇبىي ــ شىمالىي
سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس)




قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر




قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن
قېزىۋېلىنغان نەقىشلىك ئىشىك



مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — نىيە خارابىسىدىن
قېزىۋېلىنغان بۇددا تام رەسىمى



دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — نىيە ناھىيىسى ئەندىرە قەدىمىي شەھىرى خارابىسى



مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — لوپ راۋاق بۇددا مۇنارى خارابىسى





مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — لوپ راۋاق
بۇددا مۇنارى خارابىسىدىكى بۇددا دىنىغا خاس
ئادەملەر تام رەسىملىرى


ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — چىرا ناھىيە كۇيا
دامىكۇدىن قېزىۋېلىنغان مىس بۇت (ۋېي — چىن،
جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس)




ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — لوپ ناھىيە بازىرىغا
17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئاق سېپىل قەدىمىي شەھىرى سېپىل خارابىسى



ئاق سېپىل قەدىمىي شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى ( ھازىرقى لوپ ناھىيىسى بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە، 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقنىڭ بويىغا جايلاشقان)




ئۇدۇن يېزىقىدىكى ياغاچ لىپاپ (چىرا ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان)




لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇلا قەدىمىي
قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك
ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا كەشتىلەنگەن
ئادەم رەسىمى



ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خانى ۋايىجىرا تەگرى خانىنىڭ رەسىمى
(دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى)



خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان مىلىك ئاۋات خارابىسىدىن
قېزىۋېلىنغان خەن دەۋرىنىڭ «ۋۇ جۇ» مىس پۇلى




بۈگۈنكى خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان
خەن ــ جىن دەۋرىگە خاس گۈل بېسىلغان پاختا رەخت پارچىسى




Ⅲ ئەسىر ئەتراپىدا ئۇدۇندا ئىشلەنگەن خەنزۇچە-قارۇشتى
يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇل


1991 – يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكو يېزىسىدىن تېپىلغان
خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇدۇن يېزىقىدىكى تارىشا



خەنزۇ يېزىقى



ئۇدۇن يېزىقى



بۇگۇنكى خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى
نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان خەن –
جىن دەۋرىگە خاس تۆمۈر ئورغاق

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ۋاڭ جىڭچيەن

مۇئاۋىن مۇدىر: ئۆمەر ئابدۇللا

ئەزالىرى:
ليۇ لىنتىڭ، دېڭ فېي، ئابدۇراخمان
قۇربان، ليۇ شىنشېڭ، لى گوجياڭ،
جۇ خەيلۇن، لى مېڭرۇڭ، خې جيەن-
مىڭ، زەينەپخان ئابدۇللا، لى
سۇنىيەن، چې يۇپىڭ، لى بىن، تيەن
خەيجۇ، چېڭ جېشەن، ئۆتكۈر ئالىم،
ئابدۇقادىر توختى، ياڭ گۇاڭياۋ، لى
شىڭجېڭ، ھەمدۇللا مامۇت، يالقۇن قا-
دىر، شۇ جيازېڭ، ۋاڭ شياۋۋېن، مە-
مەت ئەيسا، لۇ پىڭ، جاۋ شۇمىڭ،
ئەبەيدۇللا ھاشىم، تۇرسۇنتوختى بايسې-
يىت، زى شىلۇەن

باش تۈزگۈچى: سۇن بىن

## تەرجىمە قىلغۇچىلار

ئابدۇللا مۇھەممەت ئەلى
مۇختار ھوشۇر
نادىر سادىر
شېرىپجان قاسىم
ئەبەيدۇللا ئاقۇپ
ئابدۇۋاقى توختى
مەتسەيدى ھېلىمشاھ

## 翻译人员

阿布都拉·买买提艾力
穆合塔尔·吾守尔
纳迪尔·萨地尔
希力甫江·卡斯木
艾拜都拉·阿库部
阿布都瓦克·托呼提
买提塞迪·艾力木沙

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز (1) . . . . . . . . ۋاڭ جىڭچيەن ......... 1
كىرىش سۆز (2) . . . . . . . ئۆمەر ئابدۇللا......... 13

## بىرىنچى باب خوتەن تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

1 - بۆلۈم يىراق قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن ......... 1
2 - بۆلۈم چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى خوتەن ...... 4
3 - بۆلۈم ۋېي، جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خوتەن ............ 20
4 - بۆلۈم سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى خوتەن........................................ 36
5 - بۆلۈم ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى مەزگىلىدىكى خوتەن ........................... 41
6 - بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن ............ 47
7 - بۆلۈم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن........................................ 51
8 - بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن ...... 70

9 ـ بۆلۇم  مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن.................. 87
10ـ بۆلۇم  جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاند
دىن كېيىنكى خوتەن ................... 105

## ئىككىنچى باب  خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى ۋە ئۆزگىچە ئىگىلىكى

1 ـ بۆلۇم  يىراق قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن ...... 126
2 ـ بۆلۇم  چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋردىكى خوتەن
128 ..............................................
3 ـ بۆلۇم  ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلا-
لىلەر دەۋرىدىكى خوتەن .............. 138
4 ـ بۆلۇم  سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن
141 ..............................................
5 ـ بۆلۇم  تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى، سۇڭ سۇلا-
لىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى خوتەن···148
6 ـ بۆلۇم  سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە يۈەن،
مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن··· 171
7 ـ بۆلۇم  چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن ··· 179
8 ـ بۆلۇم  مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن ............ 189
9 ـ بۆلۇم  جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن
كېيىنكى خوتەن ........................ 196
10 ـ بۆلۇم  خوتەننىڭ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى

ئويمىچىلىقى كەسپى.................... 219
11 - بۆلۈم خوتەننىڭ پىلە-ئۈجمىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى ............................... 248

## ئۈچىنچى باب خوتەننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخى

1 - بۆلۈم تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىدىكى خوتەن ................................ 261
2 - بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى گۈللەنگەن دەۋرىدىكى خوتەن............................... 282
3 - بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى خوتەن ........................................ 302
4 - بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ تىپى ئۆزگەرگەن دەۋردىكى خوتەن ................................. 332
5 - بۆلۈم ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى خوتەن ................................. 353

## تۆتىنچى باب خوتەندىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى

1 - بۆلۈم قەدىمكى خوتەندىكى چاڭلار ........... 369
2 - بۆلۈم ساكلار خوتەندە......................... 379
3 - بۆلۈم تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرت ۋە خوتەندىكى ھەرىكەتلىرى ..................... 383
4 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ خوتەندىكى تەرەققىياتى··· 391

5 ـ بۆلۈم خەنزۇ مىللىتى........................ 400
6 ـ بۆلۈم باشقا مىللەتلەر........................ 408

## بەشىنچى باب خوتەننىڭ دىن تارىخى

1 ـ بۆلۈم ئىپتىدائىي دىنلار........................ 428
2 ـ بۆلۈم ئاتەش دىنى، مانى دىنى، نىستورى دىنى··· 444
3 ـ بۆلۈم بۇددا دىنى........................ 455
4 ـ بۆلۈم ئىسلام دىنى........................ 468

## ئالتىنچى باب خوتەننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى

1 ـ بۆلۈم ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن........................ 492
2 ـ بۆلۈم ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن........................ 493
3 ـ بۆلۈم ۋېي، جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن··· 500
4 ـ بۆلۈم سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن........................ 504
5 ـ بۆلۈم ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن ··· 513
6 ـ بۆلۈم يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن........................ 516

## يەتتىنچى باب خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى

1 ـ بۆلۈم ئىككى خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ......... 536
2 ـ بۆلۈم سۈي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىگىچە .................... 543
3 ـ بۆلۈم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە ................................... 549
4 ـ بۆلۈم، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى................. 554
5 ـ بۆلۈم مىنگو دەۋرى ........................... 564
6 ـ بۆلۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خوتەن .................... 573

## سەككىزىنچى باب خوتەننىڭ تىل ـ يېزىق تارىخى

1 ـ بۆلۈم خوتەندىكى قەدىمكى زاماندىكى تىل ـ يېزىقلىرى ............................... 595
2 ـ بۆلۈم خوتەندە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان تىل ـ يېزىقلار ................................. 660

## توققۇزىنچى باب  خوتەننىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

1 ـ بۆلۈم  يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ............... 679
2 ـ بۆلۈم  كىشىلىك تۇرمۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرى
713 ...........................................................

## قوشۇمچە

1. خوتەندە ئۆتكەن شەخسلەر ........................ 762
2. خوتەننىڭ چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ............... 796

# كىرىش سۆز (1)

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نەشر قىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك تارىخ كىتابىغا ئىگە بولدۇق. بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەھرىرلىرىنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ تاماملىغان مۇھىم بىر تارىخشۇناسلىق قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باش شۇجى جياڭ زېمىن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، «شىنجاڭ تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش» ۋەزىپىسىنى يىغىنچاق ۋە ئىخچام قىلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى، شۇنداقلا: «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈپ چىقىشىمىز ئۈچۈن نىشان ۋە ئومۇمىي پروگراممىنى كۆرسىتىپ بەردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى تەھرىرلەر بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشۈپ، تارىخنى يازغۇچىلار، تەھرىرلەر ۋە مۇھەررىرلەردىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ يوليورۇقنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، تارىخ بىلەن تەھلىل-

نى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل، پۇختا توپلاپ، تارىخنىڭ مۇساپىسىنى سىستېمىلىق تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ، خوتەن تارىخىدىكى، بولۇپمۇ مىللەتلەر تارىخى، دىن تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخى جەھەتلەردىكى بەزىبىر چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنى تۈپتىن ئېنىقلاپ، خوتەن تارىخىنى ئەينەن يېزىش ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئەسلىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى ھەم ئوبيېكتىپ، ئادىل تارىخىي ئەسەر، ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىزم تەربىيىسى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئوقۇشلۇق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يازغۇچىلار، تەھرىرلىگۈچىلەر ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «شىنجاڭ تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى.

بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىنسانىيەت پائالىيەت تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇزاق يىللارغا نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا قەدىمكى خوتەن خەلقى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغاندى. ھازىرقى نىيە، كېرىيە، گۇما ناھىيىلىرىدىن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان نۇرغۇن تاش قوراللار تېپىلدى، بۇلار ئاشۇ

دەۋردىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىدى. بۇنىڭدىن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا نەپىس، گۈزەل خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىغا كىرگۈزۈلگەن، يەنى يىپەك يولىدىن خېلى بۇرۇنلا قاشتېشى يولى بارلىققا كەلگەنىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅲ — Ⅳ ئەسىردىلا خوتەن (قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان) تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان، شۇنداقلا بۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان بوستانلىقلاردا يىپەك يولى بارلىققا كەلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. سودىگەرلەر ۋە ئەلچىلەر كۆپرەك جەنۇبىي يول بىلەن يۈرۈشەتتى. ئۇدۇن جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان مۇھىم بازار بولغاچقا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق ماللىرى توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جاي ئىدى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى، غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق ئۈچ چوڭ يىپەك يۇرتىنىڭ ۋە تۆت شەھەرنىڭ بىرى ئىدى.

خوتەن خەلقى ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىدە شانلىق قەدىمكى ۋە هازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ياراتقان. خوتەندە نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە كۈئىنلۈن ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ۋە رەڭگارەڭ ئەپسانە، رىۋايەتلەر، تارىخىي ھېكايىلەر بار. بۇ مۇقەددەس تاغ، قەدىمىي قەلئەلەر، قەدىمىي جەڭگاھلار، قەدىمىي تۇرالار، قەدىمىي ئىبادەتخانىلار، قەدىمىي قورۇ - جايلار، قەدىمىي مۆھۈر، قەدىمىي پۇل، قەدىمىي كىيىم - كېچەك، قەدىمىي بۇت ۋە ھەر خىل قەدىمىي سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىدە تارىخنىڭ ئىزنالىرى قالغان بولۇپ، بۇلاردا شانلىق تارىخنىڭ نۇرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

تىرىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، شەھەر بەگلىكى بولغان ئۇدۇن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر
دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
242 ـ يىلى قۇرۇلغان.

جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى «يۇ بىن خاتىرىسى»،
«مۇ تيەنزى تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇدۇن ۋە ئۇدۇن-
نىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇ-
رۇلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئۇدۇننىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەن-
گەن ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇ تىلىدىكى كىتاب «تارىخىي خاتىرىلەر»
بولۇپ، ئۇنى جياڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن
سىماچيەن يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدا جياڭ چيەننىڭ ئۇدۇن،
ئۇزۇنتات بەگلىكىگە يانداش ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر ئىشلار
ھەم ئۇدۇنغا ئائىت ئىشلار بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە توغرا خاتىرى-
لەنگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە، ئۇدۇننىڭ شەرقىدىكى را-
يونلاردا دەريا شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن.
ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغنى «كۇئېنلۇن تېغى» دەپ ئاتايدىكەن،
ئۇ يەردىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىكەن، دەپ يېزىلغان.

شىنجۈننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى)
غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى
قۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى خەن سۇلالىسىنىڭ
تېررىتورىيىسىگە ئېنىق كىرگۈزگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان.
ئەينى ۋاقىتتا خوتەندە نىيە بەگلىكى، روڭلۇ بەگلىكى، ئۇزۇنتات
بەگلىكى، كۈرلى بەگلىكى، ئۇدۇن بەگلىكى، گۇما بەگلىكىدىن
ئىبارەت ئالتە بەگلىك ئۆتكەن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىلىدە، كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان ئۇدۇن باشقا
بەش شەھەر بەگلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھازىرقى خوتەن
ۋىلايىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان تەۋەلىك دائىرىسىنى شە-

كىلىلەندۇرگەن.

ئۇدۇن خەن دەۋرىدىن باشلاپ ۋېي، جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي، تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە كەلگۈچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-تىكى سۇلالىلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەچكە، ۋەزىيەت بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەق-قىيات كونسېرى ئىلگىرى سۇرۇلگەن، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم، ئىناق تىرىكچىلىك قىلغان. خەن، تاڭ دەۋرلى-رىدە ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئۈچ بۇددا بەگلىكىنىڭ بىرى بولغان، بولۇپمۇ VIII ئەسىردىن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بىرگە غەربىي يۇرتتا 200 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، قەدىمكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان.

X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قارا خانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا 40 نەچچە يىل ئۇرۇش بولغان، XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسى شەر-قىي قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن خوتەندە جەڭ قىلغان، ئارقى-دىنلا چىڭگىزخان غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە لەشكەر تارتىپ، خوتەننى ئىشغال قىلغان، XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خوتەندىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش بولغان؛ XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چاغاتاي خان جەمەتى ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىل يېغىلىق بولغان. مانا بۇ خوتەن تارىخىدىكى ئەڭ ئەنسىز يىللار بولۇپ، بۇ يىللاردا جەمئىيەت تەرەققىياتى چېكىنگەن، ئىقتىساد خارابلاشقان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇن-چىلىققا ئۇچرىغان، خەلق يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ ئازاب ـ

ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان. جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەشهۇر ئەلچى ماركو پولو ۋە ئابراقا، رابو خوتەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا: «خوتەندە قاتناش ئۈزۈلۈپ قال-غان، نۇرغۇن كىشى ئاچلىقتىن ئۆلگەن» دەپ يازغان. مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەمەلدار چېن چېڭمۇ خوتەن توغرىسىدا: «بەگ-لىك ئاجىزلاشقان، قوشنا ئەللەر تاجاۋۇز قىلغان، خەلقى پەقەت 10 مىڭ بولۇپ، تاغلىق رايونلارغا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان» دەپ يازغان. تارىخىي دېئالېكتىكا كىشىلەرگە شۇنى قايتا - ئۇقتۇرىدۇكى، مالىمانچىلىق، بۆلگۈنچىلىك مىللەتكە، خەلققە ھېچقانداق پايدا ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، پەقەت ئېغىر ئاپەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۇ بۆلگۈنچىلىككە ۋە مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئاساسىي قوشۇندۇر.

تارىختا خوتەن غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئى-چىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن ئەڭ قويۇق مۇنا-سىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنلەرنىڭ بىرى. خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بى-رىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى) سۇترىشانا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، قايتىش يولىدا ئۇدۇن، ئۇزۇنتات بەگلىكىدىن ئۆتكەندە، ئۇزۇنتات پادى-شاھى شاھزادە لەيدەننى، ئۇدۇن خانى جىيەن ئوغلىنى لى گۇاڭ-لى بىلەن بىللە خەن ۋۇدىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ مۇلازىم بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى، پەن - تېخنىكىسى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئە-ۋەتكەن. بۇ تۈزۈم تاڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. بەنچاۋ، بەن يۇڭلار غەربىي يۇرتتا تۇرغان مەزگىلدە، ئۇدۇن ئۇلارنىڭ تۇر-لۇك ئاسىي كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىشىگە كۆپ قېتىم لەشكەر ۋە ئاشلىق، يەم - خەشەك، تۆگە، ئات قاتارلىقلار بىلەن ياردەم بەرگەن. بەن يۇڭ غەربىي يۇرتتىكى دورغاپ مەھكى-

مىسنى لۈكچۈندىن ئۈدۈنغا يۆتكىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۈدۈن شەر-
قىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى باشقۇرىدىغان سىياسىي مەر-
كەز بولۇپ قالغان. خەن جاڭدى بەنچاۋنى تۈنجى قېتىم قايتىپ
كېلىشكە بۇيرۇغاندا، بەنچاۋ سۇلى (قەشقەر) دىن ئۈدۈنغا كەل-
گەن. ئۈدۈن خانى ۋە پۇقرالىرى قاتتىق كۆز يېشى قىلىپ،
بەنچاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ شەرققە قايتى-
شىنى توسقان. بەنچاۋ خەن جاڭدىغا مەكتۇپ يازغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتا داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشىغا ئىجازەت بېرىل-
گەن. قەدىمكى ئۈدۈن خەلقى ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە
ئىتتىپاقلىشىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، ئورتاق تەرەققىي قىلغان
تارىخنى يېزىپ قالدۇرغان.
مىلادىيە 756 ـ يىلى ئۈدۈن خانى ۋايجرا سامپاۋا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ توپىلىڭى، يەنى ئۆڭلۈك ـ
سۈيگۈن توپىلىڭى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن خەۋەر تېپىپ، سىرتقى
جەھەتتە تۈبۈت ۋە تۈركلەر پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان، ئىچ-
كى قىسىمدا خان ئوردىسىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قارشى چىقى-
ۋاتقان ئەھۋالدا، دادىللىق بىلەن 5000 لەشكەر چىقىرىپ، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىدىغان ھەق-
قانىي ئۇرۇشقا قاتناشقان. بۇ كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ يابغۇ قوشۇنى جەڭگە ئەڭ ماھىر ئاز سانلىق مىللەت
قوشۇنلىرى ئىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گو زىيىنىڭ
قوماندانلىقىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چاڭئەن، لوياڭدىن ئىبارەت
ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىگە قاتنىشىپ زور تۆھپە
قوشۇپ، ئۈدۈندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە مالىمانچىلىققا قارشى تۇرىدىغان شان-
لىق تارىخنى يەنە بىر قېتىم يازغان.
مىلادىيە 1826 ـ يىلى خوتەن خەلقى بۆلگۈنچى
كۈچ — جاھانگىر خوجىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ

بارغان. جاھانگىر خوجا خوتەننى بىسىۋالغاندىن كېيىن، غالجىر-لارچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، مىڭلىغان خوتەن خەلقىنى ئۆل-تۈرگەن. مىلادىيە 1866 - يىلى خوتەن خەلقى زوراۋانلىقتىن قورقماي، ئەڭ ئەسەبىي تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگكە قارشى بىر ئايدىن كۆپرەك جەڭ قىلغان. ياقۇپ بەگ خوتەننى بىسىۋالغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 50 مىڭغا يېقىن ئادەمنى قىرغىن قىلغان. ھەر مىللەت خوتەن خەلقى بىردەك غەزەپكە كېلىپ، تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى جاسارەت بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە تارىخنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك ۋە تەسىرلىك تارىخىي سەھىپىسىنى يازغان.

1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پارتلىغان چىرا كەنتى ۋەقەسى چىرا خەلقى، شۇنداقلا خوتەن خەلقىنىڭ چاررۇ-سىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئې-لىپ بارغان بىر قېتىملىق جاھانگىرلىككە، تاجاۋۇزچىلىققا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى بولۇپ ھېسابلى-نىدۇ. ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى-نىڭ نەتىجىلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخىدىن ئورۇن ئالغان، ئۇ مەڭگۈ نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدۇ.

خوتەن قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراق-لاشقان رايون ئىدى. دەسلەپكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قە-دىمكى خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە كۆپەيگەن مىللەت 17 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار قوللانغان تىل - يېزىق سەككىز - توققۇز خىلدىن ئاشقان. ھازىر خوتەندە ياشاۋاتقان ئاساسىي مىللەت يەتتە، ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان تىل - يېزىق ئالتە خىل. خوتەن غەربتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشتىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىغا ئەڭ يېقىن بوستانلىق بولغاچقا، تارىختا خوتەننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ كەلگەن، بۇ

تارىخىي پاكىتلار خەنزۇ ۋە تىبەت يېزىقىدىكى نۇرغۇن كىتابتا خاتىرىلەنگەن. دېمەك، خوتەن غەربىي يۇرتتىكى جايلار ئىچىدە خەنزۇلار ئەڭ بۇرۇن كەلگەن ۋە ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ خەنزۇ تىل - يېزىقى ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمەت تىل - يېزىقىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇدۇندىكى شەرقىي ۋە غەربىي شەھەرلەردە تىلماچ بەگ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقى تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغان. قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىچىدە بىرمۇنچە خەنزۇچە كىتابلار تېپىلغان. نىيەدىن قېزىۋېلىنغان «ئاشلىق مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى» شەرقىي خەن دەۋرىدە ئەسكەرلەر بوز يەر ئاچقان ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تامغىسىدۇر. بۇ تارىخىي ماتېرىيال ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلار خوتەننىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان ۋە گۈللەندۇرگەن ماكان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ۋە ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. خوتەننىڭ بىر چىمدىم تۇپىسىغىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە باسقان قەدەملىرىنىڭ ئىزى چۈشكەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغان، ئورتاق ياراتقان تارىخىي تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن.

ئۇدۇن ئاھالىسى دەسلەپتە باخشىلىققا چوقۇنغان. راستتىنى ئېيتقاندا، باخشىلىق دىن ئەمەس، بەلكى بىر خىل «غەيرىي رەسمىي دىن» ھادىسىسى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە بۇددا دىنى ئۇدۇنغا كىرىپ، مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەڭ تارقالغان. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادىيە 1006 - يىلى ئۇدۇن خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇددا دىنى ئۇدۇندا 1000 يىلدەك تارقىلىپ يۈردى، ئىسلام دىنىنىڭمۇ خوتەندە تارقالغىنىغا 1000 يىلچە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، خوتەندە يەنە قىسمەن كىشىلەر نېستورى دىنى، زوروئاستېر دىنى، شامان

دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئىشەنگەن. دىئالېكتىك ماتې-رىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغان-دا، دىنمۇ باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش، پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. تارىخىي پاكىت قە-دىمدىن تارتىپ خوتەن خەلقىنىڭ پەقەت بىرلا خىل دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقىنى، ھەر قانداق دىنىنىڭ مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-رۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇنازىرىسىز دەلىللەپ بەردى.

يورۇتۇپ ئالەمنى تاڭ ئاتتى خوراز چىللاش بىلەن،
بارچە مىللەت چالدى ساز، يۇتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۇن 5 ـ شىسىنىڭ 15 ـ تۈەنى بىپايان چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ خوتەنگە كىرىپ، گومىنداڭدىن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈ-ۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خوتەن خەلقى تارىخىنىڭ خوجا-يىنلىرىغا ئايلىنىپ، خوتەن تارىخىدا ئەڭ يېڭى سەھىپە ئاچتى.

50 يىل تارىخ ئېقىمى ئۇچۇن ئېيتقاندا قىسقىغىنە بىر ۋاقىت. ئەمما، بۇ ۋاقىت ئىچىدە خوتەن زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىجتىمائىي ئىقتى-سادنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى مىسلىسىز بولدى. خوتەن خەلقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، تۈرلۈك ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋا-مىدا يېتىلدۈرگەن «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش» تىن ئىبارەت خوتەن روھى ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي بايلىق ھېسابلىنى-دۇ. خوتەن خەلقى مانا مۇشۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا تايى-نىپ، جاسارەتكە كېلىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆ-زىنىڭ ئىسسىق قان ـ تەرى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن خوتەن

تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى يېزىپ چىقتى.

تارىخنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى داۋامىدا، خوتەندە ۋاڭ ۋېيغا ئوخشاش تارىخ چاقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان سانسىزلىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق قەھرىمانلار بىزنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدھىيىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چەت چېگرىسىغا جايلاشقان خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ خوتەنگە قىلغان چەكسىز غەمخورلۇقى ۋە بەرگەن مەدىتىنى ئېسىدە مەڭگۈ ساقلايدۇ. پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن ليۇ شاۋ-چى، جۇ ئېنلەي، چېن يى، خې لۇڭ، لى شيەننيەن قاتارلىق رەھبەرلەر خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يې-تەكچىلىك قىلغان؛ جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، لى لەنچىڭ، چياۋ شى، ۋەن لى، سۇڭ پىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر-مۇ خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېتەكچى-لىك قىلغان. خوتەننىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەتنىڭ قول-لىشى ھەم ياردىمىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ.

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ نەشر قىلىنىش ھارپىسىدا بۇ كىتابنى ماقالە بىلەن تەمىنلىگۈچى، تەھرىرلىگۈچى، تەكشۈ-رۈپ بېكىتكۈچى خادىملارنىڭ ھەر مىللەت خوتەن خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىگە، ئىلگىرى خو-تەندە خىزمەت قىلغان، خوتەنگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت باغلىغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى-دىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ماقالىلەرنى ئەستايىدىل يېزىپ چىققانلىقى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ

لېچۈەنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، «خوتەن-نىڭ قىسقىچە تارىخى» غا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تەھرىرلەپ نەشر-دىن چىقىرىشىمىزغا، شۇنداقلا خوتەننىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان ئەڭ چوڭ مەدەت.

مەن بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. بۇ كىتابنىڭ خوتەننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق-نى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى داۋامىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى

ۋاڭ جىڭچيەن

2001 - يىلى 6 - ئاي

# كىرىش سۆز (2)

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نەشر قىلىندى. بۇ مۇھىم تارىخشۇناسلىق قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا 1 مىليون 680 مىڭ ھەر مىللەت خوتەن خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش.

باش شۇجى جياڭ زېمىن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن بىزگە «شىنجاڭ تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش» كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم ۋە چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى. ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى ۋە تۈزگۈچى، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، خوتەن تارىخىنى ئوبيېكتىپ ۋە ئادىللىق بىلەن بايان قىلىپ ۋە ئوبيېكتىپ، ئادىللىق بىلەن باھا بېرىپ، مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى چىن بۇ تارىخ كىتابىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن خوتەن تارىخى، ھەتتا يىپەك يولى تارىخىنى داۋاملىق ھالدا چوڭقۇر، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي تارىخىي پروگراممىسى بېكىتىلدى ھەم ھەر مىللەت ئاممىسىغا خوتەن تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي دەرسلىك تۈزۈلدى. شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەم نۆۋەتتىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى، ھەم

ئۆزاق مۇددەت سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ نەشر قىلىنىشى مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسى ئۈچۈن بولسۇن، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە پايدىلىق ئىش. بۇ كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇش، ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكە-مىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «شىنجاڭ تارىخىنى سىستې-مىلىق تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش كېرەك» دېگەن يولىيورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ۋە ئىزچىللاشتۇر-غانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنداقلا ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى ۋە تۈزگۈچى، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملارنىڭ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتى-جىسى.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، خوتەننىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خوتەن خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، بۆلۈنمە بولۇۋېلىشقا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەيدانىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل بۆلگۈنچى، تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن بەنچاۋ، بەن يۇڭ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن غەربىي يۇرت ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان دەۋردە، ئۇدۇن پادىشاھى ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىغا تۆت قېتىم ئەسكەر ۋە ئات ـ تۆگىلەر بىلەن ياردەم قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىغان؛ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۇدۇن بۇ سۇلالىلەرگە ماسلىشىپ، بۆل-گۈنچى كۈچلەرگە قارشى 15 قېتىم كۈرەش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ كۈرەش داۋامىدا ئۆز كۈچىنى زورايتقان، ھەتتا تاڭ سۇلالىسى-نىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا قۇربى يەتمەي قالغان ئەھۋالدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، تۇبۇت ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، غەر-

بىي يۈرتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە
بىرلىكىنى قوغداپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىسى بىلەن قويۇق
مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى،
مىلادىيە 756 ـ يىلى، ئۇدۇن خانى ۋايجرا سامپاۋا ئۈڭلۈك ـ
سۈيگۈن توپىلىڭىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجا-
ۋۇزىنى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 5000
لەشكەر بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ تاڭ سۇلالىسىگە
بېرىپ، چاڭئەن، لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىگە بىۋاستە
قاتناشقان. ئۈڭلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كې-
يىن، ۋايجرا سامپاۋا داۋاملىق هالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە هۆكۈ-
مەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، بۇنىڭغا ئىلگىرى ـ كې-
يىن بولۇپ 38 يىل ۋاقىت كەتكەن، ئۇ 63 يېشىدا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتە ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەمىنلىكى
ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن زور تۆهپىلەرنى قوشقان.

بۆلگۈنچى، ۋەتەن ساتقۇچ جاهانگىر خوجىغا قارشى كۈرەش
داۋامىدا، 10 مىڭغا يېقىن خوتەن خەلقى قىممەتلىك هاياتىدىن
ئايرىلغان، ئەڭ چوڭ تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگكە قارشى كۈرەش
داۋامىدا 50 مىڭغا يېقىن ئادەم قەهرىمانلارچە قۇربان بولغان؛
1912 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارتلىغان چار روسىيىنىڭ
تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا يۈز بەرگەن چىرا كەنتى
ۋەقەسىدە، چىرانى مەركەز قىلغان هەر مىللەت خوتەن خەلقى
ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىز-
غىنلىقىنى ئىپادىلەپ، يېقىنقى زاماندىكى جاهانگىرلىككە، تاجا-
ۋۇزچىلىققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى تا-
رىخىدا شانلىق سەهىپە يېزىپ قالدۇرغان. بىزنىڭ خوتەننىڭ
يەرلىك تارىخىنى تۈزۈشىمىزدىكى مەقسەت تاغنى تالقان، چۆلنى
بوستان قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىنى چوڭقۇر ئەسلەپ، هەر
مىللەت خوتەن خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە ۋەتەننىڭ

بىرلىكىنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

خوتەن قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ كەلگەن. ھەر مىللەت خوتەن خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولۇپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ ۋە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تارىخىي مەدەنىيەتنى ئورتاق يارىتىپ، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن بەشنى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 15 نى قالدۇردى. بۇلار تارىختىكىلەر قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزلاردۇر، شۇنداقلا ھەر مىللەت خوتەن خەلقىنىڭ زور تارىخىي تۆھپىسىدۇر. بىز بۇ تارىخىي بايلىقنى قەدىرلىشىمىز، شۇنداقلا خوتەن تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ بايلىقلارنى مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن تەڭ ئېچىپ، زامانىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

خوتەن يەنە كۆپ دىنلىق رايون. مىلادىيە I ئەسىردىن ئىلگىرى خوتەنلىكلەر باخشىلىققا ئىشەنگەن؛ مىلادىيە I ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان 1000 يىلدا خوتەنلىكلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان؛ مىلادىيە XI ئەسىردىن ھازىرغىچە خوتەندىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتەندە نېستورى دىنى، زورو ئاستېر دىنى، مانى دىنى، شامان دىنى قاتارلىق دىنلار تارقالغان. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، دىن بىر خىل ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭمۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش، يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. بىز خوتەن تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش پۇرسىتىدىن

پايدىلىنىپ، دىننى توغرا تونۇشىمىز، دىنغا توغرا باھا بېرىشـ
ـمىز ۋە ئۇنى توغرا تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. دىنىي ئەسەبىيـ
ـلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر
ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشىمىز
لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزـ
مەتچىلەر، ياشلار ئاتېئىزمدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، دىئالېكـ
ـتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا قەتئىي ئىشىنىشى
كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن «شىنجاڭ تارىخىنى سىستېمىلىق
تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش» نى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا
قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ مىللەت تارىخى، دىن
تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىمۇ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش ۋە
توغرا تەشۋىق قىلىشنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇڭا، شۇنى
قايتا تەكىتلەيمەنكى، «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يازغۇچى،
تەھرىرلىگۈچى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملار ناھايىتى زور
زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قەدىمكى خوتەندە ئۆتكەن ۋە
ھازىرقى دەۋردىكى خوتەندە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ شەكىللەـ
ـنىش، بىرلىشىش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىغا
دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ بايان قىلدى ۋە تەھلىل
قىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىـ
ـلىش، تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىش، ئورتاق گۈللىنىش، جۇڭـ
خۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمى
ۋە يۆنىلىشىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوتەندىكى
دىنلارنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ھەتتا
يوقىلىش جەريانىنى ئوبيېكتىپ، ئادىل بايان قىلىپ، دىندىن
ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى.
بۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ تۈرلۈك دىن ئىشلىرىنى توغرا
تونۇشىمىزغا، دىنغا توغرا باھا بېرىشىمىزگە ۋە توغرا مۇئامىلە

قىلىشمىزغا، دىننى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ، دىن ۋە دىنىي زاتلارنى ۋەتەننى، پارتىيىنى سۆيۈش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش-تىن ئىبارەت سوتسىيالىزم يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشىمىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» دا يەنە خوتەن مەدەنىيىتى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، روناق تېپىشى ياكى خاراب بولۇشى، بۇرۇلۇشى، ئالغا بېسىشى، گۈللىنىشىدىن ئىبارەت مۇكەممەل تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار كىشىگە ئېنىق تەسىرات ۋە ئوي - پىكىر بېغىشلايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ روناق تېپىشى ياكى خاراب بولۇشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى بىلەنلا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىتتىپاق بولۇشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ دىن، سىرت بىلەن بولغان ئالاقە، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» دا خوتەننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنى ئېچىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش، ئۇنى تەھلىل قىلىش جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىندى. بۇنىڭ ھازىرقى رېئاللىق ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خوتەنگە كىرىپ، خوتەن تارىخىدا ئەڭ يېڭى سەھىپە ئاچتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر مىللەت خوتەن خەلقى تارىخنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، خوتەن تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى، ۋاڭ ۋېينى ۋەكىل قىلغان

نۇرغۇن قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى. بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك تارىخىي بايلىقىمىز. بۇلار بىزنىڭ غايەت زور جاسارەت ۋە كۈچ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ چاقىنى تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىزغا، ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مەن بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە تارقىتىلغانلىقىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن، بۇ كىتابنىڭ رېئال سىياسىي كۈرەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«يورۇتۇپ ئالەمنى تاڭ ئاتتى خوراز چىللاش بىلەن، بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» خوتەننىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولغۇسى.

**خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى**

**ئۆمەر ئابدۇللا**

**2001 - يىلى 6 - ئاي**

# بىرىنچى باب

# خوتەن تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

## بىرىنچى بۆلۈم يىراق قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىنسانلار پائالىيەت تارىخىنى ئىنتايىن ئۇزاق يىللاردىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى قەدىمدىن ئۇدۇن دەپ ئاتالغان خوتەن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان. هازىرقى نىيە، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان نۇرغۇن تاش قوراللار تېپىلغان. بۇلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەن خەلقى ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قاشتېشى كىشىلەر تەرىپىدىن قېزىلىشقا باشلىغان ھەمدە قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە شەرققە ۋە غەربكە چىقىرىلىپ، يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى «قاشتېشى يولى» شەكىللەنگەنىدى. «قاشتېشى يولى» خوتەننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپكە ماڭغان تارمىقى چەرچەن، لوپنۇر، دۇنخۇاڭنى بېسىپ ئۆتكەن؛ يەنە بىر تارمىقى غەربتە قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن شەرققە بۇرۇلۇپ كۇچا، تۇرپان ۋە قۇمۇلنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى تارماق يول هازىرقى دۇنخۇاڭ، جيۇچۇەن ئەتراپىدا قوشۇلۇپ، ئاندىن

داۋاملىق تۇردە شەرققە سوزۇلۇپ، لەنجۇ، شىئەن، لوياڭ ئارقىلىق ئەنياڭغا بارغان. «قاشتېشى يولى» غەربتە كابۇل، ئىسپاھان، باغدات ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا يېتىپ بارغان. خوتەن قاشتېشى ئۆزىنىڭ ئەلا سۈپىتى بىلەن ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە داڭ چىقارغان.

«قاشتېشى يولى» نىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ، بۇنىڭدىن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خېلى كۆپ كىرگۈزۈلگەن. XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا لوپنۇر ئەتراپىدىن خوتەن قاشتېشى تېپىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشتىن قارىغاندا، ئۇ 4 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قاشتېشى بولۇپ، شۇ چاغدا شەرققە يۆتكەشتە بۇ جايدا قالغان. بۇ «قاشتېشى يولى» نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك دەلىل بىلەن تەمىنلىدى.

«ھۈنەر - كەسىپ خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا مەخسۇس قاشتېشى ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «قاشتېشى ئىشچىلىرى» ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى باشقۇرىدىغان «قاشتېشى مەھكىمىسى» بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگلار خېنەن ئەنياڭنىڭ شياۋتۇن كەنتىدىكى يىن بەگلىكى خارابىلىكىدىكى يىن خانلىقىنىڭ خانى ۋۇ دىڭنىڭ ئاغىچىسىنىڭ قەبرىسىدىن 1928 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى قېزىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى بۇيۇملار 756 گە يەتكەن. بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلىنىشى سىپتە، رەڭگى ئوچۇق بولۇپ، باھالاشتا «ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى شىنجاڭنىڭ خوتەن قاشتېشى» دەپ بېكىتىلىش بىلەن تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرنى ئىسپاتلىدى. خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنلا ئىچكى رايونلارغا بىر قەدەر كۆپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەردىن يەنە يېشىل قاشتېشىدىن ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر تەخسە تېپىلغاندى، ئارخېئولوگىيىلىك دەلىل-

لەش ئارقىلىق، ئۇنىڭمۇ خوتەن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەنلىكى
ئىسپاتلاندى. بۇ تەخسىنىڭ ياسالغان ۋاقتى بۇنىڭدىن 3500 يىل
ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئاشۇ دەۋردە خوتەندە
قاشتېشى قېزىش ۋە ئالماشتۇرۇش جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتلار-
نىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
خوتەن ۋىلايىتىدىكى گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە
غەربىي جەنۇبىدىكى كوئىنلۇن تېغى ئارىسىدا ئۈچ جايدا قىيا تاش
رەسىملىرى بايقالدى. ئۇلار بولسىمۇ سانجۇ قىيا تاش رەسىمى،
كېيىكتوز قىيا تاش رەسىمى ۋە كەڭەز قىيا تاش رەسىمىدۇر.
بۇ رەسىملەرنىڭ ئويۇلغان ۋاقتىغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرغان قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پۇراقلىرى ئىنتايىن يۇقىرى قىم-
مەتكە ئىگە. بۇ رەسىملەردە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق
قىلىۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدە سىزىلغانلارنىڭ پۈ-
تۈنلەي ئەر بولۇشى مۇشۇ مەزگىلدە ئەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا
ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ
سانجۇ قىيا تاش رەسىمىدە بەزىلەرنىڭ ئاتقا مىنىۋالغانلىقى، ئۇ-
نىڭ كەينىدىن بەزىلەرنىڭ پىيادە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقى-
دىن ئاز ـ تولا دەرىجە پەرقىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ. بۇ ئېھتىمال، ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ
تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ مۇتەخەسسىسلى-
رى سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى تەخمىنەن يېڭى تاش قورال
دەۋرىدە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.
تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: يى-
راق قەدىمكى دەۋردە خوتەندە دەريا، كۆللەر ناھايىتى كۆپ بو-
لۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر باراقسان ئۆسكەن، دەل ـ دەرەخلەر
سايە تاشلاپ تۇراتتى، مۇھىتى گۈزەل ئىدى. مۇناسىۋەتلىك
ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، يىراق قەدىمكى

دەۋرلەردە تەكلىماكان قۇملۇقى هازىرقىدىن كىچىك، تارىم ئويـ
مانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىق هازىرقىدىن چوڭ ئىدى. بۇنداق
پايدىلىق ئېكولوگىيىلىك شارائىت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۆ-
چۈشىگە بىر قەدەر قۇلايلىق بولغان، خوتەن بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپى-
دىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ بىر قەدەر
كۆپ بولغان. بولۇپمۇ خوتەندىكى قەدىمكى ئىنسانلار بىلەن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قە-
دەر كۆپ بولغان، بۇنى قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بىر
قەدەر بالدۇر ۋە بىر قەدەر كۆپ كىرگۈزۈلگەنلىكى①، يېڭى تاش
قوراللار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يېڭى تاش قورال مەدەنى-
يەت بەلۈغىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن
دەلىللەشكە بولىدۇ.

ئاپتورى: سۈن بىن

# ئىككىنچى بۆلۈم چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى خوتەن

يايلاق يىپەك يولى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI
ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا گۈللەنگەن. مىلادىيە-
دىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرگە كەلگەندە، بوستانلىق يىپەك يولى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربكە بارىدىغان ئاساسىي يولغا ئايلانغان-
دى. ئۇ چاغدا يىپەك يولى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ
ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ياڭگۇەن (كۇن قوۋۇق) قوۋۇقىدىن كىرو-
رەنگە، ئاندىن ئۇدۇنغا بارىدىغان يول جەنۇبىي يول ئىدى. جەنۇ-
بىي يول ئۇدۇندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى،

① خۇاڭ ۋېنبى: «غەربىي شىمال تارىخى، جۇغراپىيىسى توغرىسىدا مەجمۇئە. بۇددا دىنىنىڭ يىشامشانغا كىرىشى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 81 — 83 ـ بەتلەر.

گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئارقىلىق باراتتى. يەنە بىر
تارمىقى گۇمىنىڭ غەربىي شىمالىي ئارقىلىق يەكەن، سۇلى
(قەشقەر) گە بېرىپ، پامىردىن ئۆتۈپ توخرىلارغا باراتتى. سو-
دىگەرلەر كۆپرەك جەنۇبىي يول بىلەن يۈرۈشەتتى، ئۇدۇن جەنۇ-
بىي يولدىكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

ياپونىيىلىك مەشھۇر غەربىي يۇرت تەتقىقاتچىسى يۈشى لياۋ-
دى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى پروفېس-
سور خۇاڭ ۋېنبى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەش ئارقىلىق، ئۇ-
دۇننىڭ بەگلىك بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى ئاسۇكا دەۋرىگە، يەنى
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 242 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىگە،
يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ ھې-
سابلىغان.

ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخ، جۇغراپىيىسىگە ئائىت
كىتابى «يۇبېن خاتىرىسى» دە ئۇدۇن ۋە ئۇدۇننىڭ كوئىنلۇن
تېغى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب
يوقىلىپ كەتكەن. خـاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ كـىتابنى سى-
ماچيەن كۆرگەنىكەن. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە
تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: «يۇبېـن خاتىرىسى»
دە يېزىلىشىچە، دەريا كوئىنلۇن تېغىدىن باشلىنىدىكەن، كوئىن-
لۇن تېغى 2500 چاقىرىم ئېگىز ئىكەن، ئاپتاپ ۋە ئاي نۇرى
چۈشمىسىمۇ پارقىراپ تۇرىدىكەن. » «يۇبېـن خاتىرىسى» دە تىلغا
ئېلىنغان دەريا خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت.

خوتەننىڭ ئەھۋالى خاتىرىلىنىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قال-
غان ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇ تىلىدىكى تارىخ كىتابى «تارىخىي خاتى-
رىلەر» دۇر. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:
«ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى رايونلاردا سۇ غەربكە ئېقىپ غەربىي دې-

① غەربىي دېڭىز ( 西海 ) — پارس قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ — مۇھەررىردىن.

گىمزغا①، شەرقتىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە
قۇيۇلىدىكەن، لوپنۇرنىڭ سۈيى يەر تېگىدە يوشۇرۇن ئاقىدىكەن،
يوشۇرۇن ئېقىنىنىڭ ئايىغى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى ئى-
كەن. دەريادىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىكەن». «جاڭ چيەننىڭ
يانداش ئەلچىلىرى پەرغانە، سوغدىيانا، باكتېرىيە، توخارلار،
ئارساك، ئەنەتكەك، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق بەگلىكلەرگە
بارغان».

«تارىخىي خاتىرىلەر» دە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئەلچى-
لەر دەريا (خۇاڭخې) نىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇ مەنبە-
نىڭ ئۇدۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئۇنىڭ تاغلىرىدا قاشتېشى
كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئاز قېزىۋېلىپ
كەتكەن. پەغپۇر قەدىمكى كىتاب ۋە خەرىتىلەرنى كۆرۈپ، بۇ
مەشھۇر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى كۇئېنلۇن تېغى دەپ
ئاتىغان».

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابى جاڭ
چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ بارغاندىن كېيىن
يېزىلغان. ئېنىقكى، «تارىخىي خاتىرىلەر» دە جياڭ چيەن يار-
دەمچى ئەلچىنى ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرگە ئەۋەتىپ توپلىغان
بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن.

غەربىي خەن سۇلالىسى يۈەنشۇنىڭ 4 - يىلىدىن يۈەندىڭنىڭ
2 - يىلىغىچە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119-يىلىدىن 115 -
يىلىغىچە) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا 2 - قېتىم ئەلچى بولۇپ
كەلگەندە ياردەمچى ئەلچىنى ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق ئەللەرگە
ئەۋەتىپ، ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاقە قىلىش
تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر سەھىپە ئاچقان.

غەربىي خەن ھاكىمىيىتى تۇراقلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي،
غەربتىكى بەگلىكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھۇنلارغا ئورتاق
تاقابىل تۇرۇشنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا قارات-

قان تۈپ سىياسەتنى قىلغان. دەسلەپتە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگىنى ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ئىدى. ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرگە قەدەر يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىمۇ ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى مۇشۇ تەرەپكە قارىتىشقا باشلىغان.

خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى)، سۇترىشانا سانغۇنى لى گۇاڭلى لەشكەر تارتىپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بىرىش ۋاقتىدا ئىككى يول — جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يولغا بۆلۈنۈپ ماڭىدۇ. جەنۇبىي يولدىكىلەر ئۇزۇنتات، ئۇدۇندىن ئۆتۈشتە يول بويىدىكى ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تازىلاش رولىنى ئوينايدۇ. لى گۇاڭلىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇزۇنتاتتىن ئۆتۈشتە ئۇزۇنتات شاھزادىسى لەيدەننىڭ كۇسەندە تۇتقۇن قىلىنىۋېلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۇسەن شاھىنى: غەربىي يۇرتتىكى ئەمەلدارلار خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان تۇرسا، كۇسەنلىكلەر نېمىشقا ئۇزۇنتاتنىڭ ئادىمىنى تۇتقۇن قىلىۋالىسىلەر؟ دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە لەيدەننى خەن ۋۇدىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ خاس مۇلازىملىققا قويغان. لەيدەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت، پەن - بىلىملىرىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، كېيىن توپېيشى بولغان ھەمدە بوگۇرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. لەيدەننىڭ بۇ ئىشىدىن كېيىن، ئۇدۇن ۋە يەكەن خانلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوغۇللىرىنى خەن ئوردىسىغا مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن.

شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، جېڭ جىنى قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىن-

لىگەن، مەھكىمە ئورنى ئۆرلى (هازىرقى چىدىر — بۆگۆردىكى) دا بولغان. غەربىي يۆرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۆرۇلۇشى بىلەن غەربىي يۆرتتىكى 36 بەگلىك غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئېنىق كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي يۆرتتىكى ئەڭ ئالىي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ هوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. 36 بەگلىك قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك مەمۇرىي رايون ئىدى. ئۇزۇنتات، ئۇدۇن قاتارلىقلار 36 بەگلىك ئىچىدە ئىدى. هازىرقى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە بۇلاردىن ئالتە بەگلىك بولۇپ، بۇ ئالتە بەگلىكنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

1. نىيە بەگلىكى. خانلىق ئورنى نىيە قەلئەسىدە بولۇپ، چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. 480 تۈتۈن، 3360 نوپۇس ۋە خىللانغان 500 لەشكىرى بار. نىيىدە بىردىن كاھبەگ، ئوڭ قول، سول قول سانغۇن ۋە ئۆتەڭبېگى بار. شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبتا يول ئارىش بەگلىكىگە تۆت كۈندە بارغىلى بولىدۇ. يەر شەكلى تارچۇق بولۇپ، غەربتە ئۇزۇنتاتقا 460 چاقىرىم كېلىدۇ. نىيە بەگلىكىنىڭ ئورنى هازىرقى خوتەن ۋىلايىتى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

2. يولئارىش بەگلىكى. خانلىق ئورنى بىيپىن شەھىرىدە بولۇپ، چاڭئەنگە 8300 چاقىرىم كېلىدۇ. 240 تۈتۈن، 1610 نوپۇس، خىللانغان 300 لەشكىرى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2858 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرقتە ئەندىر بىلەن، جەنۇبتا چاقىلىق بىلەن، غەربتە چىرا بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى ئوچۇقچىلىق. يولئارىش بەگلىكىنىڭ ئورنى هازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا

كېلىدۇ.

3. ئۈزۈنتات بەگلىكى. خانلىق ئورنى ئۈزۈنتات شەھىرىدە بولۇپ، چاڭئەنگە 9280 چاقىرىم كېلىدۇ. 3340 تۈتۈن، 20040 نوپۇس ۋە خىللانغان 3540 لەشكىرى بار. بەگلىكتە بىردىن دۆلەت ئەركانى، سول قول، ئوڭ قول سانغۇن، سول قول، ئوڭ قول كاھبەگ، سول قول، ئوڭ قول چەۋەنداز، ئىككى ئۆتەڭبېگى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3353 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبتا چىرا بىلەن، شەرقىي شىمالدا كۈسەن بىلەن، غەربىي شىمالدا قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ) بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە ئۇدۇنغا 390 چاقىرىم كېلىدۇ. ھازىرقى نامى ئۈزۈن تېتىر («خەننامە» يېزىلغان يىللارنى كۆرسىتىدۇ). ئۈزۈنتات بەگلىكىنىڭ ئورنى ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

4. چىرا بەگلىكى. خانلىق ئورنى جىيەندۇ شەھىرى بولۇپ، چەڭئەنگە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ. 310 تۈتۈن، 2170 نوپۇس، خىللانغان 300 لەشكىرى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايغا 3852 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقتە يول ئارىش، غەربتە چاقىلىق، شىمالدا ئۈزۈنتات بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چىرا بەگلىكىنىڭ ئورنى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلارغا توغرا كېلىدۇ.

5. ئۇدۇن بەگلىكى. خانلىق ئورنى يوتقان (خوتەن) شەھىرىدە بولۇپ، چاڭئەنگە 9670 چاقىرىم كېلىدۇ. 3300 تۈتۈن، 19300 نوپۇس، خىللانغان 2400 لەشكىرى بار. بەگلىكتە بىردىن دۆلەت ئەركانى، سول قول، ئوڭ قول سانغۇن، سول قول، ئوڭ قول چەۋەنداز، شەرقىي شەھەر، غەربىي شەھەر باشلىقى ۋە ئۆتەڭبېگى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3947 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبتا چاقىلىق، شىمالدا توقسۇ

بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە گۇمىغا 380 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇدۇن بەگلىكى ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى ۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

6. گۇما بەگلىكى. خانلىق ئورنى گۇما شەھىرىدە بولۇپ، چاڭئەنگە 10050 چاقىرىم كېلىدۇ. 500 تۈتۈن، 3500 نوپۇس، خىللانغان 500 لەشكىرى بار. بەگلىكتە بىردىن دۆلەت ئەركانى، سول قول، ئوڭ قول سانغۇن، سول قول، ئوڭ قول كاھبەگ، چەۋەنداز، ئۆتەڭبېگى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4292 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبتا لاداق بەگلىكىگە 1340 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبتا ئەنەتكەك بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا قۇمغا 1450 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبتا كەشمىر ۋە ئالېكساندىرىيە تېغى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي شىمالدا يەكەنگە 380 چاقىرىم كېلىدۇ. گۇما بەگلىكىنىڭ ئورنى ھازىرقى گۇما ناھىيە تەۋەلىكىگە توغرا كېلىدۇ.

خوتەندىكى ئالتە بەگلىك ئىچىدە ئۇزۇنتات بىلەن ئۇدۇن چوڭ بەگلىك بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 49980، تۈتۈن سانى 8150، لەشكىرى 7540 ئىدى.

يۈەنشۈنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - يىلى) ئۇدۇن بەگلىكى خەن سۇلالىسىنىڭ تامغىسىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇدۇن بەگلىكى خەن سۇلالىسىنىڭ تامغىسىنى رەسمىي قوبۇل قىلغاندىن باشقا، دۆلەت ئەركانى، سول قول، ئوڭ قول سانغۇن، سول قول، ئوڭ قول چەۋەنداز، شەرقىي شەھەر ۋە غەربىي شەھەر باشلىقى، ئۆتەڭبېگى قاتارلىقلار بىردەك خەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. ئۇزۇنتات، نىيە، گۇما، چىرا، يولئارىش قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ تام-

غىسسنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسى-
نىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى مۇكەممەللەش-
كەن. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرغۇزغان لەشكەرلىرى
ۋە شۇ جايدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ لەشكەرلىرى خەن سۇلالى-
سىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جايلارنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم-
رانلىق ئاپپاراتى بولغان، خان، ئورۇنباسارخان، تارخانبەگ،
كاھبەگ، شۇنىڭدەك سانغۇن، ۋەزىر، چەۋەنداز، مىڭبېشى، يۈز
بېشى، ئۆتەڭبېگى قاتارلىقلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن.

غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قا-
تارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن بول-
غان سىياسىي ئالاقىسى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن، ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئۇدۇن قاتار-
لىق بەگلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاساسلىقى داڭلىق ئات،
قاشتېشى ۋە داڭلىق مېۋىلەرنى سوۋغا قىلغان. سودىگەرلەرمۇ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ — كېلىشتە كۆپرەك مۇشۇ نەرسى-
لەرنى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ جايدىن چىقىدىغان دورا ماتېرى-
ياللىرىنى يۆتكىگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇن ۋە ئۇزۇنتات-
قا يۆتكىلىدىغان نەرسىلەر كۆپىنچە چاي، يىپەك، مىس، تۆمۈر
سايمانلار، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بولغان.

تەخمىنەن يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇدۇن،
ئۇزۇنتات، نىيە، يولئارىش، چىرا، گۇما قاتارلىقلار ئىلگى-
رى - ئاخىر بولۇپ تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان،
شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغان. بولۇپمۇ، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات،
نىيە قاتارلىق بەگلىكلەر تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان
بولغاچقا، سۇغىرىشقا قۇلايلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخ-
شى، شارائىتى تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب ئىدى.
ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى جەھەتتە دېھقانچىلىق ئاساس، چار-

ۋېچىلىق قوشۇمچە ئىدى. «شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلاردا ئوت - چۆپلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، دول، ھاڭگىيا (ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ ئىككى يېزىسى) قاتارلىق جايلار ناھايىتى ياخشى چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. دول، ھاڭگىيا ناھايىتى قەدىمكى يەر نامى بولۇپ، بۇلار تۈركچىمۇ ئەمەس، تىبەتچە ياكى موڭغۇلچىمۇ ئەمەس، بەلكى قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى يەر ناملىرىدۇر، بۇ ناملار ئېھتىمال قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ۋە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، خەن دەۋرىگە كەلگەندە خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىكى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ھازىر بار ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى شۇ چاغدىمۇ تېرىلغان بولۇپ، بۇغداي ئەڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بولغان. بۇ جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن، ئۆستەڭ چېپىپ، توغان ياساپ، سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىشنى بىلگەن؛ ئۆكۈز، ئات قاتارلىقلارغا تايىنىپ يەر ئاغدۇرغان، مىس، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىشلەتكەن.

يولئارىش بىلەن چىرا بەگلىكى تاغلىق رايوندا بولغاچقا، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، مۇقىم چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بولغان. ئۇلارمۇ شەھەر بەگلىكىنى قۇرغان، سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەت مەركىزىي رايونلىرىنى بەرپا قىلغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھۇنلارغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە يارىشىش تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئوردىدا تالاش - تارتىش يۈز بەرگەن. خەن مىڭدى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن،

گېڭ بىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارلىرى خەن ۋۇدىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، ئۇرۇش ئارقىلىق هۇنلارنىڭ تەسىر كۈچىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى توسۇپ، غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىقىنى يېڭىۋاشتىن تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلغان. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئارىسىدا ساكارائۇل (يەكەن) بەگلىكى هۇنلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرگەنىدى. كېيىن ساكارائۇل بەگلىكى ئۇدۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن هۇنلار ئۇدۇننى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىشتىكى مۇهىم توسالغۇ دەپ قارىغان.

يۇڭپىڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 63 ـ يىلى) هۇنلار بەش نەپەر سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە 15 بەگلىكتىن ئۈچ تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر توپلاپ، ئۇدۇننى قورشىۋالغان. ئۇدۇن خانى گۇاڭدې ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، شاهزادىسىنى بارىمتايلىققا بەرگەن ھەمدە هۇن ئاقسۆڭەكلىرىگە هەر يىلى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە باشقا نەرسىلەرنى تارتۇق قىلىپ تۇرغان. يۇڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى ئۇرۇشۇش تەرەپدارى دۇگۇ ئەمىر لەشكەر بەنچاۋ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمى گو شۇننى 36 كىشىنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بېرىشقا ئەۋەتكەن. بەنچاۋ 36 كىشىنى باشلاپ پىشامشانغا كەلگەندە ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋېلىنغان. بەنچاۋ قاتارلىقلار ئۇدۇنغا كەلگەندە گۇاڭدې خان بۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان. بەنچاۋ بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي، ۋاقتىنچە دەڭدە قونۇپ، يوشۇرۇن كۆزىتىش ئارقىلىق هۇن ئەلچىلىرىنىڭ ئۇدۇندا ئىكەنلىكىنى بىلگەن. بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنلا ئۇدۇن هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەسلىدە گۇاڭدې خان خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالماسلىقىدىن، بەنچاۋ باشلاپ كەلگەن 36 كىشىنىڭ هۇنلارغا تاقابىل تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باخشىلار ئارىدا قۇتراتقۇلۇق قى-

لىپ، بەنچاۋنىڭ ئىتتىنى ئەۋلىيالارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشنى تەلەپ
قىلغانىدى. بەنچاۋ كۆرۈنۈشتە ماقۇل بولغان بولۇپ، باخشىلار
كېلىپ ئاتنى يېتىلىسۇن دېگەن. باخشىلار يېتىپ كەلگەن هامان
بەنچاۋ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئېلىپ گۇاڭدى خان بىلەن
كۆرۈشكىلى بارغان.
گۇاڭدى خان بۇ هالنى كۆرگەندىن كېيىن هۇن ئەلچىلىرى-
نى ئۆلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان هەمدە ئوغلىنى
خەن ئوردىسىغا خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتكەن. نەتىجىدە ئۇدۇن
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا بىر مەهەل ئۈزۈلۈپ قال-
غان مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەن ۋە بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ
تەرەققىي قىلغان.
يۇڭپىڭنىڭ 17 - يىلى خەن سۇلالىسى دۇگۇ بىلەن گېڭ
بىڭنى لەشكەر باشلاپ دۇنخۇاڭغا بېرىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار تەڭرى-
تېغىغا قەدەر بېرىپ، ئارقا قوشنى تىنچىتقان. دەل مۇشۇ يىلى
خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يېڭىۋاشتىن قورۇقچىبەگ مەهكى-
مىسى ۋە قۇرۇل چېرىكچىسى[1] تەسىس قىلىپ، چېن مۇنى قو-
رۇقچىبەگلىككە، گېڭ گۇڭنى چېرىكچىبەگلىككە تەيىنلىگەن،
مەهكىمە ئورنى ئارقا قوشنىڭ ئالتۇنبالىق شەهىرىگە ئورۇنلاش-
قان. گۇەنچۇڭ چېرىكچىبەگ بولۇپ ئالدى قاڭقىلنىڭ لۇكچۇن
شەهىرىگە ئورۇنلاشقان، لېكىن ئىككىنچى يىلى هۇن لەشكەرلى-
رى قاڭقىل لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئالتۇنبالىق ۋە لۇك-
چۇن شەهەرلىرىگە قورشاپ هۇجۇم قىلىپ، قورۇقچىبەگ چېن
مۇنى ئۆلتۈرگەن. بۇ چاغدا خەن مىڭدى ئۆلگەن بولۇپ، يېڭىدىن
خانلىق تەختكە ئولتۇرغان خەن جاڭدى غەربىي يۇرتتىن ۋاز
كەچكۈچىلەرنىڭ تەشەببۇسىغا قۇلاق سېلىپ، چېرىكچىبەگلەرنى
ۋە ئىمۇرغولدىكى بوز يەر ئاچقۇچى ئەمەلدارلارنى قايتۇرۇپ كې-

[1] خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق تېرىقچى لەشكەرلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەل-
دار — مۇهەررىردىن.

لىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە بەنچاۋغا قايتىپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن.

جيەنچۇنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 76 - يىلى) بەنچاۋ قاتارلىقلار سۇلىدىن ئۇدۇنغا قايتقان. ئۇدۇن خانى ۋە ئەمەلدار، پۇقرالار قاتتىق كۆز يېشى قىلىپ، بەنچاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، بەنچاۋنىڭ شەرققە قايتىشىنى توسقان. بەنچاۋ ئۇدۇن خانى ۋە ئەمەلدار، پۇقرالارنىڭ چىڭ تۇتۇشى بىلەن پادىشاھ خەن جاڭدىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتا قالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، خەن جاڭدىدىن يارلىق چۈشۈپ، بەنچاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا قېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان.

جاڭدى خانىنىڭ جيەنچۇ 3 - يىلى (مىلادىيە 78 - يىلى) قۇم (ئاقسۇ) ھۇنلارغا بويسۇنۇپ، خەن سۇلالىسىغا قارشى تۇرغان. بەنچاۋ سۇلىدىكى لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ قۇمغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇدۇن قاتارلىقلار بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر چىقىرىپ، بەنچاۋنىڭ قۇمنى ئېلىشىغا ياردەملەشكەن، شۇنىڭ بىلەن قۇم يەنە بىر قېتىم خەن ئوردىسىغا بەيئەت قىلغان.

خەن جاڭدىنىڭ يۈەنخې 4 - يىلى (مىلادىيە 87 - يىلى) يەكەن بەگلىكى بەنچاۋغا قارشى چىققان. ئۇدۇن لەشكەر چىقىرىپ بەنچاۋنىڭ يەكەننى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەملەشكەن.

خەن خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 7 - يىلى (مىلادىيە 89 - يىلى) يەكەن يەنە بىر قېتىم بەنچاۋغا قارشى چىققان. ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر 25 مىڭ لەشكەر چىقىرىپ، بەنچاۋنىڭ ھۇنلارغا بېقىندىغان يەكەن ۋە كۇسەن بەگلىكلىرىنى تارمار قىلىشىغا ياردەملەشكەن.

بەنچاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسلىق تەدبىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچىگە ۋە تۈرلۈك

بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ تەدبىر ھەر قايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ھەر خىل ئاسىي كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر ناھايىتى تېزلا تىنچىتىلغان. بۇ بىر قاتار چوڭ - چوڭ كۈرەشلەر داۋامىدا، ئۇدۇن باشتىن - ئاخىر خەن سۇلالىسى تەرەپتە تۇرغان، كۆپ قېتىم لەشكەر چىقىرىپ، بەنچاۋنىڭ ھەر خىل ئاسىي كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم قىلغان.

خەن خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيە 91 - يىلى) كۇسەن، قۇم، ئونسۇ قاتارلىق جايلار ئۆزلۈكىدىن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. بۇ بىر يىلدا خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بەنچاۋنى رەسمىي قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىگەن، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە تەسىس قىلىنغان؛ شۈي گەننى دورغاپ بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، دورغاپ بەگ مەھكىمىسىنى سۇلىغا تەسىس قىلغان. چېرىكچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، مەھكىمىنى قوش بىلەن قوچو ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان؛ سۇيۇرغاللىق بېگى تەسىس قىلىپ، كەينى قاڭقىلىنىڭ سۇيۇرغاللىق شەھىرىدە تۇرغۇزغان.[1] بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 6 - يىلى بەنچاۋ كۇسەن، پىشامشان قاتارلىق جايلارنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كىنگىتقا ھۇجۇم قىلىپ، خەن ئوردىسىدا خاس مۇلازىملىق قىلغان يۈەن مىڭنى كىنگىت خانى قىلىپ تەيىنلىگەن. لوپنۇر،

[1] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 55 - بەت.

سەپەرباي، قۇرۇقتاغ قاتارلىقلارنىڭ خانلىرىنىمۇ بەنچاۋ ئالماش-
تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى 50 تىن ئارتۇق بەگلىك
خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن،
خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشىدا ئەڭ ياخشى مەز-
گىل مەيدانغا كەلگەن.

ئەندىنىڭ يۇەنچۇ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 119 ـ يىلى) يەكەن
ئۇدۇندىن يۈز ئۆرۈپ سۇلىغا قارىغان. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا
پىشامشان، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەندىن ئىبارەت تۆت كۈچلۈك
بەگلىك قارىمۇقارشى بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن.

يەن گۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 123 ـ يىلى) خان ئەندى
بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپ بەگلىكىگە
تەيىنلىگەن، لۈكچۈنگە 500 كىشىلىك قوشۇن چىقارغان. شۇن-
دىنىڭ يۇڭجيەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 127 ـ يىلى) بەن يۇڭ
لەشكەر باشلاپ بىرىپ كىنگىتنى ئالغان. تارىم ئويمانلىقى ئەترا-
پىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىل-
غان. بۇ بىر يىلدا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا چېرىكچىبەگ
مەھكىمىسى، ئىئۇىرغول ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قاتارلىقلارنى
تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن.

بەن يۇڭنىڭ دورغاپ مەھكىمىسى ئەسلىدە لۈكچۈندە ئىدى،
كېيىن ئۇدۇنغا يۆتكەلگەن. ئۇدۇن بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتنىڭ
سىياسىي مەركىزىگە ئايلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقا غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىگە قارى-
غاندا قويۇق بولغان.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگى-
لىدىكى «دېھقانچىلىق مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى» ئەينى مەزگىل-
دىكى نىيە بەگلىكىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ
بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شەرقىي خەن دەۋرىدە، يىپەك يولى تېخىمۇ گۈللەنگەن.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە شۇ چاغدىكى ئەھۋال: «ئۇلاغلىق ۋە پىيادە يولۇچىلارنىڭ كېچە - كۈندۈز ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، سودىگەرلەر ئۆتەڭ، بازارلارغا تولۇپ كې-تەتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۇدۇن پەيدىنپەي غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ چوڭ يىپەك شەھە-رىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. غۇز سودىگەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سودىگەرلىرى مۇشۇ جايدا ئۇچرىشاتتى. شۇ چاغدا ئۇدۇندا دۇكانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى پۇلنىڭ تارقىلىشى ۋە ئوبوروتىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولغان. ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى زېمىنى ئىچىدىكى ئون نەچچە قەدىمىي يادىكارلىقتىن ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى پۇل ۋە خەن دەۋرىگە خاس «بەش جۇلۇق پۇل» تېپىلغان.

دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى 1929 - يىلى ھازىرقى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاق سېپىل خارابىلىكى-دىن بىر دانە ئات سۈرەتلىك ئۇدۇن مىس پۇلى تاپقان، پۇل ئۈستىگە خەنزۇچە يېزىق ۋە قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. ستەينمۇ خەنزۇچە ۋە قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بۇنداق ئات سۈرەتلىك مىس پۇلنى تاپقان. ئۇلارنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ مىس پۇل شەرقىي خەن دەۋرىدە قۇيۇلغان ۋە ئىشلىتىلگەن.

ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇ بولغانكى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى ئۇدۇندا تەرەققىي قىلغان ھەم بۇ جاي ئارقىلىق ئوت-تۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا بارلىققا كەلگەن. ساكيامونى ئالەمدىن ئۆتۈپ 200 نەچچە يىلدىن كېيىنكى ئاشۇكا دەۋرىدە (ئاشۇكا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 273 - يىلدىن

232 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ، ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە راھىبلارنى ئەۋەتىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقان. ياپونىيىلىك ئاتاق-لىق يىپەك يولى تەتقىقاتچىسى خانىدا تورو «غەربىي يۇرت بۇد-دىزمى» دېگەن كىتابىنىڭ 41 ـ بېتىدىن 43 ـ بېتىگىچە بولغان قىسمىدا: «ئاشوكا دەۋرىدە راھىبلار كەشمىرگە بېرىپ دىن تار-قاتقان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە راھىبلار ئۇدۇنغا كېلىپ دىن تارقاتقان» دەپ بايان قىلغان.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپتە ئۇدۇنغا كىرىش ئەھۋالى ھىكايە قىلىنغان. گەرچە بۇ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر تارىخىي پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: دەسلەپتە ئۇدۇنغا كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچى كەشمىرلىك پروجىنا ئىدى. لېكىن، تاكى بەنچاۋ ئۇدۇندا تۇرغان مەزگىلگە قەدەر ئۇدۇنلۇقلار يەنىلا باخشىلىققا ئىشىنەتتى.

بۇددا دىنىنى تارقىتىشتا ئەڭ كۈچ چىقارغۇچىلار توخرىلار-دۇر. كۇشان خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە توخرىلارنىڭ سىياسىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئومۇمىيۈزلۈك جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە كۇشان خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرگىچە يەتكەن. مى-لادىيە 90 ـ يىلى ۋە 120 ـ يىلى توخرىلار ئىككى قېتىم پامىردىن ئېشىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان.

مىلادىيە 132 ـ يىلىدىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى چىياڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇ-رۇشقا مادارى يەتمەي قالغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇدۇن ئىنتا-يىن كۈچەيگەن. تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك بەگلىكلەرنىڭ بەزىسى ئۇدۇنغا بويسۇنغان، بەزىسى ئۇدۇنغا قوشۇلۇپ كەتكەن. توخرىلار ئۇچۇن ئالغاندا، ئۇدۇن ئۇلارنىڭ شەرققە يۈرۈش قى-لىش ئىستراتېگىيىسىدىكى ئاساسىي نىشان ئىدى، شۇنداقلا ئۇ-

لارنىڭ ئاساسلىق رەقىبى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇدۇن
توخرىلارنىڭ بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بارغان-
سېرى چوڭقۇر ئۇچرىغان.

توخرىلاردىن كاشىرسىجا (مىلادىيە 78 - يىلىدىن 120 -
يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە سىياسىي تەسىرىنىڭ ئۇدۇن-
غا يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنىمۇ ئۇدۇنغا تارقالغان.
تەخمىنەن مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنى ئۇدۇن-
دا كەڭ تارقالغان.

ئاپتورى: سۇن بىن

## ئۈچىنچى بۆلۈم ۋېي، جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خوتەن

مىلادىيە II ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، گۇما ئۇدۇنغا
قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇزۇنتاتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولغان-
لىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۈندىن -
كۈنگە ئاجىزلىشىپ، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئۇدۇنغا
قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق چىرامۇ ئۇدۇنغا
قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشامشانغا
قوشۇلۇپ كەتكەن نىيە، رۇڭلۇلارمۇ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە
ئۇدۇنغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن ھازىرقى خوتەن
ۋىلايىتىگە تەۋە جايلارنى ئۆز تەۋەسىگە ئالغانىدى.

ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىدىكى چوڭ
بەگلىككە ئايلانغان. ئۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسا-
دى تەرەققىي قىلغان، بۇددا مەدەنىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم
قويغانىدى.

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كې-
يىن، ئۇدۇن كۆپ قېتىم باشقا ئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جىنجۈننىڭ 6 ـ يىلى
(مىلادىيە 445 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى تەيۋۇ-
دى گاۋلىياڭ خاننى تۇيغۇنلارنىڭ باشلىقى مۇليانغا جازا يۈرۈشى
قىلىشقا ئەۋەتكەن. گاۋلىياڭ خان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان مۇل-
يان ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كۆكنۇر كۆلىدىن يولغا چىقىپ،
قاقاسلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كەلگەن. ئۇ ئۇدۇندا ھەدەپ
ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن
شۇغۇللانغان، ھەتتا ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈرگەن. مۇليان ئۇدۇنغا
ئىككى يىلدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئەسلىي يۇرتىغا
قايتقان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇدۇندا ئاسايىشلىق ئەسلىگە كەل-
گەن.

جۇرجانلار سىيانپىلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. Ⅳ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدا بۇلارنىڭ سەركەردىسى سەللان ئۆزىنى خان دەپ جاكار-
لىغان. جۇرجانلار تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلاپ، جەنۇبقا يۈرۈش
قىلىپ ئۇدۇنغا كەلگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شيەن ۋېندى
خۇاڭشىڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 470 ـ يىلى) جۇرجانلار
ئۇدۇن پايتەختىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇدۇن خانى بىر تەرەپتىن
لەشكەر توپلاپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلچى-
سى سومودا قاتارلىقلارنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ،
ياردەم تەلەپ قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى شيەنۋېن-
دى ۋەزىرلىرىنى يىغىپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئۈستىدە
مەسلىھەتلەشكەن. نەتىجىدە، ئۇدۇننىڭ ئارىلىقى يىراق، جۇر-
جانلار بىلەن «دالا ئۇرۇشى قىلىشقا بولىدۇ، قەلئە ئۇرۇشى
قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ئۇدۇننىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن.
Ⅴ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرى

هۆكۈمرانلىقىنىڭ كرىزىسى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن. دولۇن
خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغان مەزگىلدە جۇرجان خانلىقى پارچىلى-
نىپ كەتكەن. قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جۇرجانلاردىن
يۈز ئۆرۈگەن ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ
جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازانغان. پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى
ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى قوچو ۋە پىچانغا قەدەر كېڭەيتكەن.
پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن كېيىن، قوزغىلىپ جۇرجانلارغا
قارشى تۇرغانلاردىن يەنە ئېفتالىتلار بار ئىدى. ئېفتالىتلار يەنە
خۇالار، ئاق ھۇنلار دەپمۇ ئاتالغان. V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
ئېفتالىتلارنىڭ كۈچى يەنىمۇ زورىيىپ، جۇرجانلارغا تاقابىل تۇ-
رالىغۇدەك ھالغا يېتىپ، جۇرجانلاردىن كۇسەن، قۇم، سۇلى،
كاۋانتا (تاشقورغان)، قاغىلىق، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى قايتۇ-
رۇۋالغان. ئۇدۇن ئېفتالىتلارنىڭ كونتروللۇقىدا قالغان.
VI ئەسىرنىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىدا، ئەسلىدە جۇر-
جانلارغا قاراشلىق بولغان تۈركلەر كۈچىيىشكە باشلىغان. تۈرك-
لەرنىڭ دەسلەپتە باش كۆتۈرگەن مەزگىلدىكى قەبىلە باشلىقىنىڭ
ئىسمى تۇمەن ئىدى. تۇمەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن رەس-
مىي مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، جۇرجان خانلىقىغا قارشى
كۈرەشنى كۈچەيتكەن ھەمدە ئۇلارغا قاراشلىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە
قوشۇۋالغان. مىلادىيە 556 - يىلى تۇمەن جۇرجان خانى ئاناغاينى
قاتتىق مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغان،
شۇنىڭ بىلەن جۇرجان خانلىقى يوقالغان. تۇمەننىڭ ئوغلى ئېلو-
ران بېگ (ئېركىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خانلىق تەختىگە چىققاندىن
كېيىن، غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالى پۈتۈنلەي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆت-
كەن. ئۇدۇنمۇ مۇشۇ مەزگىلدە تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
دا ئىدى. ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە غەربىي
تۈركلەر ئىدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى تاردۇش لەشكەر باشلاپ جىۋ-چۈەنگە پاراكەندىچىلىك سالغان مەزگىلدە، ئۈدۈن قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربىي تۈركلەرنى قوغلاپ چىقارغان. بۇ تـارىخىي ۋەقــە تــەخمىنەن VI ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن.

ئېفتالىتلار ۋە تۈركلەر ئۈدۈنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-گىلدە، ئۈدۈننىڭ ئۆزىنىڭ بەگلىكى ۋە ۋەزىرلىرى بار بولۇپ، خېلى مۇستەقىللىققا ئىگە ئىدى.

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىدە تولا ئۆزگىرىش بولغان بولسى-مۇ، لېكىن ئۈدۈننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسى يــەنىكــاڭ بىرىنچــى يىلى (مىلادى-يە 220 ـ يىلى) ساۋېي تېخى تەختكە ئولتۇرمىغان چاغلاردىلا ئۈدۈن خانى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى ئۈدۈننىڭ يەرلىك مەھسۇلات-لىرى بىلەن قوشۇپ ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۈدۈن ئەل-چىلىرى ئوردىغا يېتىپ بارغان چاغدا ساۋېي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققانىدى. ساۋېي ئۈدۈن ئەلچىلىرىنى قو-بۇل قىلغان.

مىلادىيە 221 ـ يىلى ساۋېي جاڭ گۇڭنى غەربىي يۇرتقا چېرىكچىبەگ قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۈدۈن چېرىكچىبەگنىڭ باشقۇ-رۇشىدا بولغان.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 222 ـ يىلى) ساۋېي يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۈدۈن بىلەن كۇسەننى «تار-تۇقلىغان»، تارىخىي كىتابلاردا «كۇسەن بىلەن ئۈدۈن خانلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك پادىشاھلىققا ئولپان ئەۋەتمەي قالمىدى. خۇد-دى ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسىگە ئولپان ئەۋەتكىنىگە ئوخشاش» دەپ ئېنىق خاتىرىلىگەن.

مىلادىيە 265 ـ يىلى سىمايەن ساۋ ۋېينىڭ ئورنىنى ئىگە-
لەپ، جىن سۇلالىسىنى قۇرغان. ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن،
كىنگىت قاتارلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى
ئەۋەتىپ، غەربىي جىن سۇلالىسىگە ئولپان يوللىغان. غەربىي
جىن سۇلالىسىمۇ ۋېي سۇلالىسىگە ئوخشاشلا غەربىي يۇرتنى باش-
قۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە غەربىي يۇرتتا چېرىكچى-
بەگ بىلەن غەربىي يۇرت دورغاپبېگىنى تۇرغۇزغان، چېرىكچى-
بەگ قوچودا، غەربىي يۇرت دورغاپبېگى قايدۇدا تۇرغان. قايدۇ
لوپنۇرنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى. ئۇدۇن غەربىي يۇرت دور-
غاپ بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
جىن سۇلالىسى تەيكاڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 285 ـ يىلى)
جىن سۇلالىسى پادىشاھى ياڭ خاۋنى پەرغانىگە ئەلچىلىككە ئەۋەت-
كەن. نىيىدىن قېزىۋېلىنغان جىن سۇلالىسىگە خاس ئىككى دانە
تارىشا پۈتۈكتىن قارىغاندا، مۇشۇ مەزگىلدە جىن سۇلالىسى ئۇ-
دۇن خانى، سۇلى خانى، كۇسەن خانى، كىنگىت خانى ۋە پىشام-
شان خانى قاتارلىقلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: «جىن سۇلالىسى-
گە پەرماندارلار ئوغلانى» ، «ئۇلۇغ كاھبەگ» ، «جىن سۇلالىسى-
گە سادىق بۈيۈك تارخان» ، «جىن سۇلالىسىگە كۆيۈنگۈچى» دەپ
نام بەرگەن.
غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىلىمىزنىڭ
غەربىي شىمالىي رايونىدا بىر كىچىك سۇلالە مەيدانغا كەلگەن.
بۇ جاڭ جۈن قۇرغان ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ئىدى. بۇ سۇلالى-
نىڭ گەرچە زېمىنى كىچىك، دۆلەت كۈچى ئاجىز بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ غەربىي رايوننى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. جاڭ
جۈن لەشكەر ئەۋەتىپ، غەربىي جىن سۇلالىسىگە قاراشلىق چې-
رىكچىبەگنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ غەر-
بىي يۇرتتىكى بارلىق ھاكىمىيەت ئاپپاراتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. ئۇ
يەنە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، چېرىكچىبېگى قاتارلىقلارنى

بىۋاستە شاجۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئالغان. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇدۇنمۇ شاجۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۇەن 12 - يىلى (مىلادىيە 376 - يىلى) جاڭ جۇننىڭ ئوغلى جاڭ تيەنشى ئالدىنقى لياڭغا تەسلىم بولغان. ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى يوقالغان. فۇجيەن لياڭ شىنى ياندىش كەپتاۋۇللۇققا تەيىنلىگەن. لياڭ شى يىپەك قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئارقىدىنلا پىشامشان، ئۇدۇن، پەرغانە، سوغدىيانا، ئالدى قوش قاتارلىقلار فۇجيەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چاڭئەنگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن.

ئالدىنقى چىننىڭ جيەنيۇەن 17 - يىلى ئۇدۇن خانى ئوردىغا ئەلچىلەر بىلەن ئولپان ئەۋەتكەن، ياندۇرقى يىلى فۇجيەن لۈي گۇاڭنى غەربىي يۇرت ھەربىي باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ياندۇرقى يىلى ئۇ كۇسەننى تىنچىتىپ، كۇسەنگە كىرىپ ئورۇنلاشقان. غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. ئۇدۇن لۈي گۇاڭ بىلەن كۆرۈشكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئالدىنقى چىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۇرگەن. لۈي گۇاڭ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشقا تۆھپە قوشقاچقا، فۇجيەن لۈي گۇاڭنى چەۋەنداز مەھرەم، يۇمېن قۇۋۇقىنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلار باشلىقى، ئەنشى سانغۇنى، غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن.

فۇجيەن شەرقىي جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ياۋ چاڭ كېيىنكى چىن سۇلالىسىنى قۇرغان. لۈي گۇاڭ لياڭجۇدا كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنى قۇرغان. كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنىڭ لىن جيا 6 - يىلى (مىلادىيە 394 - يىلى) لۈي گۇاڭ ئۆز ئوغلىنى غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي باشلىقى، يۇمېن

قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باشلىق، غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ قوچودا تۇرغان. ئۇدۇن كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 9 - يىلى (مىلادىيە 445 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنى ۋەندۇ گۈي لەشكەر باشلاپ كۇسەننى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇدۇن ئەلچىلەرنى تەيىنلەپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئولپان ئەۋەتكەن. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئۇدۇن گەرچە سىرتتىن كەلگەن تۇيغۇنلار، جۇرجان، ئېفتالىتلار ۋە تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ۋە شۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدىمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مۇئەييەن مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ھەمدە ئىچكى قىسمىدىمۇ جەمئىيەت بىر قەدەر مۇقىم بولغان. شۇڭا، ئۇدۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بەك چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ھۆكۈم سۈرگەن 100 نەچچە يىلدا، ئۇدۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەرەققىي قىلغان.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

تۆمۈر قوراللارنىڭ ئۇدۇندا ئىشلىتىلىشى تەخمىنەن شەرقىي خەن مەزگىلىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئومۇملىشىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە تۆمۈر ساپان ۋە ئۆكۈز قاتارلىقلار بىلەن يەر ئاغدۇرغانلىق ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نىيە، كروران، ئۇدۇن قاتارلىق

جايلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل سۇغۇرۇش سىستېمىسى بارلىقىا
كەلگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر ماتېرىيالدا مۇنداق خاتىرىلەن-
گەن: «بۇگۇن راھىب شيۇ ئەي: مىراپبەگ ئابنىيە سۇنى باشلاپ
كېلىپ، باشقىلارغا بەردى دەپ مەلۇمات سۇنغان. سىز بۇ تارىشا
پۇتۇكنىڭ پېچىتىنى ئاچقاندا، بۇ ئىشنى دەرھال ئىدىتلاپ كۆ-
رۈڭ. بۇ سۇنى ئابنىيە ئاچقان ھەم باشقىلارغا بەرگەنمۇيوق،
ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر سۇ باشلاش ئېغىزلىرىنى تەييارلىمىغان
بولسا، ئابنىيىگە زىياننى تۆلىتىشكە بولمايدۇ.»[1]بۇنىڭدىن مۇن-
داق ئىككى نۇقتىنى يەنى بىرىنچىدىن شۇ چاغدا سۇنىڭ ئۆلچەم
بويىچە بېرىلىدىغانلىقى، بىر قەدەر ئىلغار ئۆلچەم ۋاسىتىسى
بارلىقى، ئىككىنچىدىن، سۇ باشلاش ئېغىزلىرى ۋە مۇكەممەل
سۇغۇرۇش سىستېمىسى ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
قارۇشتى يېزىقىدىكى يەنە بىر ماتېرىيالدا، كەلكۈن كەلگەن مەز-
گىلدە، سۇ باشلايدىغان ئېغىز بېشىدا مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر -
چىراغ قىلىش تەلەپ قىلىنغانلىقى يېزىلغان.[2]بۇ شۇ مەزگىلدە
ئۇ جايلاردا مۇكەممەل سۇغىرىش سىستېمىسىلا بولۇپ قالماس-
تىن، بىر قەدەر ياخشى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرىنىڭمۇ بولغانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى يەنە بىر ھۆج-
جەتتە «جىمۇجا بىلەن سىكىلونى سۇ مەنبەسىنى ساقلاشقا قو-
يۇش، ئۇلارنىڭ باشقا بەگلىككە قېچىپ كېتىشىگە قەتئىي يول
قويماسلىق كېرەك» دەپ يېزىلغان. قۇرغاق رايون بولغان ئۇ-
دۇن، پىشامشان قاتارلىق جايلار يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتى
قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، سۇ مەنبە-
سىنى باشقۇرۇشتىمۇ قاتتىق بولغان. سۇ مەنبەسىنى ساقلاشقا
قويۇلغان ئىككى كىشىنىڭ باشقا بەگلىككە قېچىپ كېتىش ئېھ-

[1] لىن خەيسۇن: «شاخەي قەدىمكى قىسمى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1988 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 125 - بەت.
[2] لىن خەيسۇن: «شاخەي قەدىمكى قىسمى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1988 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 144 -، 282 -، 279 - بەتلەر.

تىمالى بولغاچقا، پادىشاھ بۇ ھەقتە مەخسۇس پەرمان چۈشۈر-
گەن.

قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ جايىدا يەنە جاڭ-
زىلارنىڭ پاسىلى، سۇ باشلاش، چارۋا بېقىش جەھەتتىكى ماجىرا
ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇ چاغدا
بۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە چارۋا باقىدىغان جايلارنى
باشقۇرۇشنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغانلىقىنى، ئېتىز - ئې-
رىق قۇرۇلۇشىنىڭمۇ بىر قەدەر پۇختا ئىكەنلىكىنى، تېرىيدىغان
يەر بىلەن چارۋا باقىدىغان يەرنى ئىنچىكە ئايرىپ باشقۇرغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ۋېينامە» دە ئۇدۇن توغرىسىدا: «زېمىنى ھەر خىل ئاشلىق
زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ، ئۈجمە، كەندىر ئۆستۈرۈل-
دۇ، تاغلىرىدىن سۇپەتلىك قاشتېشى چىقىدۇ. ياخشى ئات،
تۆگە، قېچىرلىرى بار» دەپ يېزىلغان. «لياڭنامە» دە ئۇدۇن
توغرىسىدا: «بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى كۆپ، قۇم - تاشلىرى
كۆپ، كىلىماتى مۆتىدىل، شال، بۇغداي تېرىشقا، شاپتۇل ئۆس-
تۇرۇشكە باب كېلىدۇ، دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ، بۇ دەريا
يۇرۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر مىستىن قۇيما
بۇيۇملارنى ياساشقا ماھىر... قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ۋە
كۆكتاتلىرى جۇڭگودىكى بىلەن ئوخشاش» دەپ خاتىرىلەنگەن.
ئۇدۇننىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتە تېخىچە تېرىلمىغان كېۋەز بۇ رايونلاردا تېرى-
لىشقا باشلىغانىدى. پىلە - ئۈجمىچىلىكمۇ ئۇدۇنغا كىرگۈزۈل-
گەن ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى. چارۋا مالىنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ
بولۇپ، ئات، تۆگە، قېچىر، قوي ئاساسلىق چارۋىلار ئىدى.
قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا: بېقىلىدىغان چارۋىنىڭ ناھا-
يىتى كۆپ ئىكەنلىكى، يايلاققا يۆتكەپ بېقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا
خاتىرە قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ خان جەمەتى ۋە ئايماق باشلىقلىرى

قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چارۋىلىرى كۆڭۆل قويۇپ بېقىلغان، ئۇلار يۇقىرىلارغا ئادەتتىكى ئوت - سامانىنىلا ئالۋاڭ سېلىپ قالماستىن، يەنە بىدە ۋە ھەر خىل يەم - بوغۇز ئاشلىقلىرىنىمۇ ئالۋاڭ سالغان. يەنە نەرسە - كېرەك توشۇيدىغان ھايۋان بىلەن مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھايۋاننى ئايرىش تۈزۈمى بار ئىدى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جازا بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، چارۋىلارنى باشقۇرۇشتىمۇ مۇئەييەن تۈزۈم بارلىققا كەلگەنىدى.

ئۇدۇننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بىر قەدەر داڭلىقراقلىرىدىن مىس بۇيۇملارنى ياساش، قاشتېشى قېزىش، توقۇمىچىلىق، تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈر بۇيۇملارنى ياساش، مەي - شاراب ئىشلەش، كىگىز بېسىش، گىلەم توقۇش قاتارلىق كەسپلەر بار ئىدى. قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا مەي - شاراب، سېرىق ماي، ماتا، گىلەم، يىپەك كىگىز ئالۋىڭى توغرىسىدىكى ماددىلار ناھايىتى كۆپ. بۇ ھال بۇ توقۇلمىلار ۋە مەي - شاراب، مايلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا ئىنتايىن ئومۇملاشقانلىقىنى، ئائىلىدە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا شەھەر ۋە سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇدۇن زېمىنى ئىچىدە چوڭ شەھەردىن بەشى، كىچىك شەھەردىن نەچچە ئونى بولغانىدى. فاشيەننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن خانى تۇرۇشلۇق شەھەردە «خەلق زىچ ئولتۇراقلاشقان» بولۇپ، «ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە رەستە - بازارلار بار ئىدى»، يەنە موچېڭ (فەرھاد

بەگ يايلىقى)①دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولۇپ، «ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى گۈل ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر لوياڭ شەھىرىدىكىگە
ئوخشايتتى، پەقەت كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىلا ئوخشى-
مايتتى». نىيە شەھىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، شەرقتىن
غەربكە ۋە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان شەھەر كوچىسى بار
ئىدى، يەنە مال - تاۋارلار توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان بازارلار
بار ئىدى. شەھەرلەرنىڭ گۈللەنگەنلىكى بۇددا دىنى جەھەتتىمۇ
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇدۇندا 10 مىڭ راھىب بار بولۇپ، بىر
چوڭ بۇتخانىدا 3000 راھىب بار ئىدى، غىزالىنىش ۋاقتىدا
دۇمباق چېلىش بىلەن يىغىلاتتى. داڭلىق بۇتخانا، بۇددا مۇنارلى-
رىدىن باشقا، «ھەممە ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىك بۇددا مۇنارى بار
ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ ئىككى گەز ئېگىز ئىدى. چاسا
شەكىللىك قىلىپ سېلىنغان راھىبخانىلار يولۇچى راھىبلارغا
قونالغۇ ئۇچۇن بېرىلەتتى».

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە ئۇ-
دۇننىڭ قاتناش ئالاقە ئىشلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان. نىيە
ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تېيىم دېگەن جايدىن تار-
تىپ چېرىيىنىڭ دامىكۇ دېگەن يېرىگىچە تۇرالار ئورنىتىلغان.
بۇ تۇرالار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا خەۋەر يەتكۈزىدىغان
قەدىمىي ئالاقە لىنىيىسى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شىمالدىن
ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختىگە لىنىيە بار ئىدى. ھازىر بايقالغى-
نى خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتى-
كى مازار تاغدىكى تۇرا بولدى. جىددىي ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدى-
غان تۇرالاردىن باشقا، يەنە ئۇدۇندىن شەرقتىكى پىشامشانغىچە
بولغان ئارىلىقتا ئۆتەڭلەر بولۇپ، خەۋەر يەتكۈزۈشكە مەخسۇس

---

① بۇ شەھەر قەدىمكى ئۇزۇنتات (چېرىيە) شەھىرىنىڭ يېنىدا — مۇھەررىردىن.

چاپارمەنلەر قويۇلغانىدى. چاپارمەنلەرنىڭ ئىش ھەققىگە ئاشلىق بېرىلەتتى. ئۇ چاغدا مەكتۇپ، ئالاقىلەرنى مەخسۇس چاپارمەنلەر ياغاچ قۇتا ئىچىگە سېلىپ ئاغزىنى پېچەتلەپ ئېلىپ ماڭاتتى. ئالاھىدە مۇھىم پەرمان، بۇيرۇقلارنى مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ باراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ۋېي - جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغانىدى.

شۇ ۋاقىتتا، سودىگەر، ساياھەتچىلەر ئاز دېگەندە نەچچە ئون كىشى، كۆپ بولغاندا مىڭلاپ كىشى بىر توپ بولۇپ ماڭاتتى. خەن - ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدە، شەرقىي رىم مۇشۇ يول ئارقىلىق «دائىم جۇڭگونىڭ يىپەكلىرىگە ئېرىشەتتى. ئۇلار بۇنى غۇزلار توقۇغان دەپ قارايتتى.» ئۇدۇن پايتەختى يىپەك يولىدىكى ناھايىتى مۇھىم ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش ئورنى ئىدى. بۇ ئەھۋاللار قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سودىگەر، ساياھەتچىلەرنى سەپەر ئۈستىدە يەرلىك ھۆكۈمەت قوغدايتتى. سودىگەر، ساياھەتچىلەر بەلگىلىك توساق ئورۇنلىرىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلەتتى. نىيە خارابىلىكىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكتە كۆرسىتىلىشىچە، نىيە شەھرىنىڭ يېنىدا بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى بولۇپ، سودىگەرلەر يول خېتىگە قاراپ ئۆتكۈزۈلەتتى. يول خېتىدە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى، ياش - قۇرامى، چىراي - شەكلى، كىيىم - كېچەكى، مىللەت ئايرىمىسى، بەلگىلىك ئايرىمىسى ۋە ئېلىپ ماڭغان مېلى، ئات، تۆگىسىنىڭ سانى يېزىلاتتى. بىر توپ سودىگەر بىر قېتىمدا ئېلىپ ماڭغان تاۋار - دۇردۇن 319 توپ، يەنە بىر تۈركۈم سودىگەر ئېلىپ ماڭغان تاۋار - دۇردۇن 4326 توپ بولغان. بۇنىڭدىن تاۋار - دۇردۇن سودىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ مىقداردا

ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سودىگەرلەر بىرەر
رايونغا كىرىپ ـ چىقىشتا مەلۇم باج تۆلەيتتى. باجغا بەزىلىرى
پۇل تاپشۇرسا، بەزىلىرى نەرسە ـ كېرەك تاپشۇراتتى، باجنىڭ
مەلۇم ئۆلچىمى بولۇپ، باجگىرلار باج مىقدارىنى خالىغانچە ئۆس-
تۈرەلمەيتتى.

ئۇدۇنغا كۆپلىگەن سودىگەرلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغاندىن
باشقا، ئۇدۇننىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن زور تۈركۈمدە
تاۋار سودىسى قىلاتتى. ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇ-
لىدىغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن قاشتېشى، بۆز رەخت، ئات،
كىگىز ـ گىلەم ۋە ياۋروپادىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەينەك قاتارلىق-
لار بار ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا ئاساسلىقى
تاۋار ـ دۇردۇن، دورا ماتېرىياللىرى، مىس، تۆمۈر جابدۇق،
چاي قاتارلىقلار كىرگۈزۈلەتتى. شۇ چاغدا ئۇدۇندىمۇ يىپەك
ئىشلەپچىقىرىلاتتى، سانى كۆپ بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇپ ساتقانلىق توغرىسىدا خاتىرە قالدۇ-
رۇلمىغان.

شۇ چاغدا، ئۇدۇندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ
پۇللىرى ۋە پېرسىيە قاتارلىق جايلارنىڭ پۇللىرى ئوبوروتقا قات-
ناشتۇرۇلغان.

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇدۇندا
بۇددا مەدەنىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇددا دىنى
جەھەتتىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن دا-
ۋاملىق تۈردە ئۇدۇن ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا
باراتتى، بەزى ئەلچىلەر ھەتتا ئۇدۇننى بۇددا دىنىدىن تەلىم
ئالىدىغان ئاخىرقى نىشان قىلاتتى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ گەنلۇ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 260 ـ يىلى)
راھىب جۇشىشىڭ يۇڭجۇدىن ئۇدۇنغا كېلىپ بۇددا دىنىدىن تەلىم
ئالغان. جۇشىشىڭ ئۇدۇنغا كەلگەندىن كېيىن توپلىغان «ئۇلۇغ

پرەجنا سۇترا» دېگەن سانسكرىت يېزىقىدىكى نوم 90 باب، 600 نەچچە مىڭ خەتلىك ئىدى. جىن سـۇلالىسـى ۋۇدىنىڭ تەيكاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 282 ـ يىلى) جۇ شىشىڭنىڭ شاگىرتى فۇ رۇتەن قاتارلىق ئون نەچچە كىشىدىن بۇ نومنى لوياڭغا ئەۋەتـ كەن. خۇيدى خانىنىڭ يۈەنكاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 291 ـ يىلى) جۇ شۇلەن، ۋۇ لۇچا قاتارلىق كىشىلەر نەنسى ئىبادەتخانىسىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «پراجنىيە پارەمىتا» دېگەن نوم 20 جىلد ئىدى. جۇشىشىڭ 80 يېشىدا ئۇدۇندا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ لۇڭئەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 399 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بىر تۇركۇم بۇددا دىنىدىن تەلىم ئالغۇچى ئەلچىلەر فاشيەننىڭ باشچىلىقىدا جەمئىي 11 كىشى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، مىلادىيە 401 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەن، ئۇدۇندا ئۇچ ئاي تۇرۇپ، داغدۇغىلىق پىل ئوينىتىش مۇراسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داۋاملىق غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

مىلادىيە 424 ـ يىلىدىن 453 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقـ تا، خېشىلىق شى تەنشۇ، ۋېي دې قاتارلىق سەككىز راھىب ئۇدۇنغا كېلىپ پەنچە پەرىشەد مۇراسىمىغا قاتناشقان.

شىمـالىي ۋېي سـۇلالىسىنـىڭ شىنچيۇ 1 ـ يىلى (مىلادىـ يە 518 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ باشچىلىقىدىـ كى يەنە بىر تۇركۇم بۇدداغا تەلپۈنگۈچىلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىـ سىنىڭ پايتەختى لوياڭدىن يولغا چىقىپ، بۇددا دىنىدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. پەقەت ئۇلارنىڭ مىلادىيە 519 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇدۇندىن داۋاملىق غەربكە قاراپ سەپەر قىلغانلىقى، مىلادىيە 522 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لوياڭغا قايتىپ بارغانلىقى ۋە ماھايانا سۇترادىن 170

قىسىم ئېلىپ كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ۋېي، جىن سۇلالىسى
ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، ئۇدۇنغا كېلىپ
بۇددا دىنىدىن تەلىم ئالغانلار ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن جۇشىشىڭ،
فاشيەن، سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. لېكىن،
ئۇدۇندىن ئۆتۈپ بۇددا دىنىدىن تەلىم ئېلىشقا ماڭغانلار مۇشۇ
كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا،
شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىگىچە بولغان 103 يىل ئىچىدە بۇددا دىنىدىن تەلىم ئېلىش
ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلغانلارنىڭ دەلىللەشكە بولىدىغانلىرى 46
كىشىدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يىپەك يولىنىڭ
جەنۇبىي يولى بىلەن مېڭىپ ئۇدۇندىن ئۆتكەنىدى. ئۇدۇن ھىن-
دىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
تارقىتىشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلانغانىدى.

ئۇدۇننىڭ ئۆزىدىكى بۇددا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ پى-
شىپ يېتىلگەنىدى. فاشيەن «بۇددا يۇرتى خاتىرىلىرى» دېگەن
ئەسىرىدە ئۇدۇننىڭ بۇددا مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە
قالدۇرغان. فاشيەن ئۇدۇنغا كەلگەندە، ئۇدۇن ماھايانا بۇددىزمى
تازا گۈللەنگەن جاي ئىدى. فاشيەن: «بۇ بەگلىك مەمۇرچىلىقتا
بولۇپ، پۇقرالىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بۇددا مۇزد-
كىسىنى ياخشى كۆرىدىكەن. راھىبلار نەچچە 10 مىڭ بولۇپ،
كۆپ قىسمى ماھايانا دىنىنىڭ راھىبلىرى ئىكەن»، «ھەممە
ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىك بۇددا مۇنارى بار ئىكەن··· چاسا شەكىل-
لىك قىلىپ سېلىنغان راھىبخانىلار يولۇچى راھىبلارغا قونالغۇ
قىلىپ بېرىلىدىكەن» دەپ يازغان.[1]

يەنە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: ئۇدۇن شەھىرىنىڭ غەربىدە

---

① «ۋېينامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى»، «مۇتىۋەر راھىب فاشيەن تەزكىرىسى»، «لياڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىقلارغا قاراڭ.

پومونو بۇتخانىسى بار بولۇپ، بۇنى ئۇچ ئەۋلاد ئۇدۇن خانى 80 يىلدا پۈتتۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كۆركەم ئىكەن، بۇتخانىنىڭ «لىم - تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئويۇلۇپ، ئالتۇن - كۆمۈشتىن ھەل بېرىلگەنىكەن، مۇنارلارنىڭ ئارقىسىدا بۇددا سەجدىگاھى بار بولۇپ، ئىنتايىن سۈرلۈك، كۆركەم ئىكەن، ئىشىك - دېرىزە ۋە پەنجىرىلىرى ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان ئىكەن. باشقا راھىبخانىلارمۇ چىرايلىق بېزەلگەنىكەن. بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن».

سۇڭ يۈن غەربكە سەپەر قىلىپ لوياڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، «سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسى» نى يېزىپ، مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن. ئۇدۇن پايتەختىگە بارىدىغان ئۆزۈنتات دېگەن بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ، ئادىمى كۆپ ئىكەن، شەھەرنىڭ جەنۇبىدا بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا 300 راھىب بار ئىكەن. سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ قاتارلىقلار مۇشۇ بۇتخانىدا قونغان. شەھەر ئىچىدە بۇددا مۇنارلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭغا رەڭلىك تۇغ - ئەلەملەر ئېسىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى كىشىلىرى ئېسىپ قويغان تۇغ - ئەلەملەر يېرىمىدىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ ۋاقىتتىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرىكى كېيىنكى چىن سۇلالىسى كىشىلىرى ئاسقان تۇغ - ئەلەملەرمۇ بار ئىكەن. سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىدە: ئۇدۇن غەربىي يۇرتتىكى چوڭ بەگلىك بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە 3000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىكەن. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىكەن، دەپ يازغان.

ئاپتورى: سۈن بىن

# تۆتىنچى بۆلۈم سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى خوتەن

سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭ جيەن تۈرك خانلىقىغا قارىتا ھەربىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش ۋە سىياسىي جەھەتتىن كۆڭلىنى ياساشنى بىرلەشتۈرۈش تەدبىرىنى قوللانغان. شۇ چاغدا تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت قاتمۇقات بولۇپ، كۈرەش كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشكەنىدى. تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەر قايسى قەبىلىلەر سۈي سۇلالىسى تۈرك خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. غەربىي تۈرك خاقانى تاردۇش جيۇچۇەنگە پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئۇدۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربىي تۈرك كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغان، مىلادىيە 604 - يىلى ئەتراپىدا سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلالىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇدۇن غەربىي يۇرتتا سۈي سۇلالىسىگە ئەڭ بالدۇر بەيئەت قىلغان جايلارنىڭ بىرىدۇر.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) سۈي سۇلالىسى لەشكەرلىرى تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەنە تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭ گۇاڭ تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆزى يولغا چىقىپ، خېشىغا كەلگەندە، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ پادىشاھلىرى ياكى پادىشاھ تەيىنلىگەن ئەلچىلەر خېشىغا ياڭ گۇاڭ پادىشاھنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغان.

تاڭ سۇلالىسى ۋۇدېنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 629 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، لى يۈەنىنىڭ ئوغلى لى شىمىن پادىشاھ بولۇپ، تارىختا تاڭ تەيزۇڭ دەپ ئاتالغان. تاڭ تەيزۇڭ خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا بىر قەدەر مۇستەھكەم سىياسىي ھاكىمىيەت ئورناتقان، ئىجتىمائىي ئىگىلىكمۇ ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇنداق ۋەزىيەتتە، تاڭ تەيزۇڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلغان. تاڭ تەيزۇڭنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى سۈي سۇلالىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يەنىلا خەيرخاھلىق قىلىش بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرگەن. تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئاساسلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى شەرقىي، غەربىي تۈركلەر ۋە تۇيغۇنلار بولغان، جېن گۇەن 6 - يىلى (مىلادىيە 632 - يىلى) ئۇدۇن پادىشاھى ئەلچىلەر ئارقىلىق قاشتېشى كەمەر ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

جېن گۇەن 9 - يىلى ئۇدۇن خانى ۋايجىرا قۇمى ئوغلىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتكەن ھەمدە تاڭ تەيزۇڭغا يەرلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان. دەل شۇ يىلى تۇيغۇنلارنىڭ جەڭدە يېڭىلگەن سانغۇنى فۇيۇن ئۇدۇنغا قېچىپ كەلگەن. ئۇدۇن خەلقى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ئۇنى قوغلاپ چىقارغان.

جېن گۇەن 14 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندا، ئۇدۇن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

جېن گۇەن 21 - يىلى لى شىمىن ئالىي باش بۇغ ئاشىناشىر ۋە چۇبەقالىنى غەربىي تۈرك ۋە كۇسەن لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، غەلىبە قازانغان ۋە يابغۇنى كۇسەن شاھى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئاشىناشىر ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ھال سورانقان. تاڭ لەشكەرلىرى كۇسەنگە ھۇجۇم قىل-

غان مەزگىلدە ئۇدۇن شاھى ۋايجىرا سىن 10 مىڭ 300 تۆگە ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىدىن ھال سورىغان.
جىن گۇەن 23 - يىلى ئۇدۇن خانى ۋايجىراسىن ئوردىغا بارغاندا، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا ئوتتۇغات نامى بەرگەن ھەمدە نۇرغۇن نەرسە ئىنئام قىلغان.
گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 5 - يىلى (600 - يىلى) تۈرك لەشكەرلىرى ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلغان، ئۇدۇن قايتىدىن تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان. ئىككىنچى يىلى ئۇدۇن كۇسەندە تۇرۇشلۇق تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تۈرك لەشكەرلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ چىقارغان.
گاۋزۇڭنىڭ لىندې 2 - يىلى (مىلادىيە 665 - يىلى) تۈبۈتلەر ئۇدۇننى ئىگىلىۋالغان. ئۇدۇن بۇنى دەرھال تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىگە مەلۇم قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى ساۋ جىشۇ، سۈي جىبيەن قاتارلىقلار ئۇدۇنغا لەشكەر باشلاپ بېرىپ، تۈبۈت لەشكەرلىرىنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقارغان.
گاۋزۇڭ شەنخېڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 670 - يىلى) تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى بېسىۋېلىپ، ئاقسۇغىچە كەلگەن، ئۇدۇن تۈبۈتلەرنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغان.
گاۋزۇڭ شەنخېڭ 2 - يىلى تاڭ سۇلالىسى پېي شىڭجيەن، ۋاڭ فاڭيىنى ئاشىنادۇق بىلەن لى جېڧۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتىپ، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغان، ئۇدۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.
گاۋزۇڭ شاڭيۇەن 1 - يىلى (مىلادىيە 674 - يىلى) كۈزدە ئۇدۇن خانى ۋايجىرا شيۇڭ چاڭئەنگە بېرىپ گاۋزۇڭ خان بىلەن كۆرۈشكەن.
گاۋزۇڭ شاڭيۇەن 2 - يىلى ئەتىيازدا گاۋزۇڭ خان لى جى ئۇدۇندا كىبرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە

دەسلەپ بەش ئايماق تەسىس قىلغان، كېيىن ئۇنى ئون ئايماق
قىلىپ ئايرىغان. ئۇدۇن خانى ۋايجىرا شىيۇڭ تۇتۇقبەگ بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ دەۋردە ئۇدۇن
چېگراسى ئىچىدە مەشھۇر شەھەرلەردىن گۇما شەھىرى، گۇچېڭ
بازىرى، جىلياڭ بازىرى، خۇنۇ بازىرى (كوئىنلۇننىڭ يەنە بىر
خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى)، كەنچېڭ بازىرى قاتارلىقلار بار ئىدى.
ئايماقلاردىن ئەنجۇن ئايمىقى، يىنجۇ ئايمىقى، لۇجۇ ئايمىقى،
مېيجۇ ئايمىقى، يۇجۇ ئايمىقى قاتارلىقلار بار ئىدى.

ۋۇ زېتيەن چۇيگۇڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 685 ـ يىلى)
تۇبۇتلەر يەنە ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت بازارنى بېسىۋال-
غان. ۋۇ زېتيەن ئالتۇن چىش قوشۇننى ئەنشىدىكى تۆت شەھەر-
نى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇغان. ئۇدۇن يەنە بىر قېتىم تۇبۇتلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان.

ۋۇ زېتيەن چاڭشۇ 1 ـ يىلى (692 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا،
ۋۇۋېينىڭ باش بۇغى ۋاڭ شياۋجيې بىلەن ۋۇۋېينىڭ باش سانغۇ-
نى ئاشىنا سادىقنى لەشكەر باشلاپ تۇبۇتلەرگە زەربە بېرىشكە
ئەۋەتكەن، مىلادىيە 690 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇبۇتلەر-
نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەنشىدىكى تۆت شەھەر يەنە قايتۇرۇ-
ۋېلىنغان.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 5ـيىلى (مىلادىيە717ـيىلى ) تۇبۇت-
لەر ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت شەھەرنى يەنە بىر قېتىم
قولغا چۈشۈرۈۋېلىشنى قەست قىلغان. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھ-
كىمىسىنىڭ ياردەمچى قورۇقچىبېگى تاڭ جياخۇي لەشكەر چىقى-
رىپ تۇبۇتلەرگە زەربە بېرىپ، تۇبۇتلەرنىڭ ئەنشىدىكى ئۇدۇن
قاتارلىق تۆت شەھەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويمىغان.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 25 ـ يىلى تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتى-
كى بەگلىكلەرگە يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلغان. ئۇدۇن يەنە
بىر قېتىم تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان.

شۇەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى) ئەنشىنىڭ ھىراۋۇلى گاۋ شيەنجى غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم تىنچىتىپ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان.

شۇ يىلى ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سامپاۋا داڭلىق ئات، خىل قاشتېشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ چاڭئەنگە ئولپان تاپشۇرۇشقا بارغان. شۇەنزۇڭ خان ئوردا كېنىزىكىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن ھەمدە ۋايجىرا سامپاۋاغا ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى، كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى دېگەن ئەمەلنى بەرگەن.

سۇزۇڭنىڭ جىدې 1 ـ يىلى (مىلادىيە 756 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋايجىرا سامپاۋا ئۆڭلۈك توپىلىڭىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزى 5000 ئۇدۇن لەشكىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توپىلاڭنى تىنچىتىشقا بارغان. شۇ چاغدا، ئۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن تاڭ سۇلالىسىنى قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئۆز ئىنىسى ۋايجىرا بۇخان ئىنچۇنى قالدۇرۇپ، ئۆزى يولغا چىققان.

ۋايجىرا سامپاۋا تاڭ ئوردىسىدا چەۋەنداز سانغۇن، سادىق تەپتىشبېگى، ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن دېگەن ئەمەللەرگە تەيىنلەنگەن.

جېن يۈەن 10 ـ يىلى (مىلادىيە 794 ـ يىلى) ۋايجىرا سامپاۋا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك ـ سۇيگۇن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەم بەرگەن ۋە كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر 38 يىل ۋاقىت ئۆتكەن (مىلادىيە 756 ـ يىلىدىن 794 ـ يىلىغىچە)، ئارىلىقتا سۇزۇڭ، دەيزۇڭ، دېزۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتكەن، ئۇ ئاخىر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن. ۋايجىرا سامپاۋا ۋە ئۇ باشلاپ بارغان ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوت-
تۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ ئەمىنلىكى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش
ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ
مۇناسىۋەت تارىخىدا شانلىق تۆھپە قالدۇرغان.

ۋايجرا سامپاۋا ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى دې زۇڭ (لى شى)
خان ئۇنىڭغا لياڭ جۇنىڭ ۋالىيسى دەپ نام بەرگەن ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى ۋايجرا قىرتىنىڭ ۋالىيلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىش
توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن.

دې زۇڭ خاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى گەرچە 120 نەچچە
يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى
تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا قۇربى يەت-
مەي قالغان. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر پەيدىنپەي تۇبۇتلەرنىڭ
تەسىر دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

ئاپتورى: سۇن بىن

## بەشىنچى بۆلۈم ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى مەزگىلىدىكى خوتەن

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ۋايجرا تەڭرىخان ھۆكۈم
سۈرگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا مىلادىيە 912 ـ يىلىدىن
مىلادىيە 1006 ـ يىلىغىچە جەمئىي 94 يىل داۋام قىلغان.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى 56 ـ ئەۋلاد ۋايجرا خان
جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى، شۇنداقلا ئەڭ
روناق تاپقان مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. «ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن توپى-
لىڭى» دىن كېيىن تۇبۇتلەر يەنە بىر قېتىم تارىم ئويمانلىقىغا
ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر بەگ-

لىكلىرىنى كونترول قىلغان، ئۇدۇنمۇ تۇبۇتلەرنىڭ قول ئاستىدا
75 يىل تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى جېنيۇەن 6 ـ يىلى ( مىلادىيە
790 ـ يىلى) تۇبۇتلەر بەشبالىقنى بېسىۋالغان. ياندۇرقى يىلى
ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. تۇبۇتلەر ئۇدۇننى
بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۇدۇننى ئىدارە قىلىشنى شۇ جايدى-
كى يەرلىك ئەمەلدارلارغا هاۋالە قىلغان، ۋايجىراخان جەمەتى
ئۈزۈلۈپ قالمىغان. تۇبۇتلەر ئاز ساندا لەشكەر ئەۋەتىپ ئىلاهى
تاغ، ئالتە شەهەر رايونلىرىدا ۋە هازىرقى ئەندىر دەرياسى بويىدى-
كى قورغان ـ قەلئەلەردە تۇرغۇزۇپ، چېگرىنى قوغدىغان هەمدە
چوڭ ـ چوڭ هۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغان.
تاڭ سۇلالىسى ۋۇزۇڭ خانىنىڭ خۇيچاڭ 2 ـ يىلى ( مىلادى-
يە 842 ـ يىلى) زانپۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ ئىچكى
قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، تۇبۇتلەر ئاجىزلىشىشقا
باشلىغان. شۇەنزۇڭنىڭ داجۇڭ 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 849 ـ
يىلى) تاڭ سۇلالىسى تۇبۇتلەر ئىگىلىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋې-
لىپ «مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئەهۋالنى ياخشىلىغان»①. شەر-
قىي شىمالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان تۇبۇتلەر
مەركىزىي رايونلىرىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن غەربىي شىمالىي
تەرەپتىن چېكىنىشكە باشلىغان. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا ئىككى چوڭ ئىش يۈز بېرىپ،
غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۆزگەرگەن.
تاڭ سۇلالىسى يىزۇڭ خانىنىڭ شيەنتۇڭ 7 ـ يىلى ( مىلا-
دىيە 866 ـ يىلى) شاجۇدىكى جاڭ يىچاۋ تۇبۇتلەر توپىلىڭىدىن
پايدىلىنىپ 11 ئايماقنى ئىگىلەپ، تۇبۇتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن
قۇتۇلۇپ، خەنزۇلار هاكىمىيىتى قۇرغان.
مىلادىيە 850 ـ يىلى قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي،
115 ـ بەت.

مىلادىيە 866 ـ يىلى تۈبۈتلەر بىلەن بەشبالىقتا ئۇرۇش قىلغان، تۈبۈتلەر سەركەردىسى لۇن شاگىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن. قوچو ئۇيغۇرلىرى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، بەشبالىق، قۇچو (ھازىرقى تۇرپان)، چېدىر (ھازىرقى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى) قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاقەت قىلالمىغان ئۇدۇن خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قوزغىلىپ، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغان. مىلادىيە 866 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈبۈتلەر ئۇدۇندىن قوغلىنىۋېتىلگەن.

مىلادىيە 866 ـ يىلى ۋايىجرا ۋاھانا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئۇدۇن پادىشاھى ئىدى (ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىل مىلادىيە 851 ـ يىلىدىن 912 ـ يىلىغىچە جەمئىي 61 يىل بولغان). ئۇ تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇدۇندا چېگرا مۇداپىئە تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، يەنى ئۇدۇننىڭ زېمىنىنى تۆت ـ بەش ھەسسىدىن كۆپرەك كېڭەيتكەن. ئۇدۇننىڭ زېمىنى شەرقتە چەرچەندىن تارتىپ غەربىي شىمالدا يەكەنگىچە، غەرب تەرەپتىكى چېگراسى پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ، ھىندىقۇش تېغى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى پەنجى دەرياسى ئەتراپىغىچە، جەنۇبىي چېگراسى كوئېنلۇن تېغىغىچە بارغان بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ چوڭ بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، يەنى قوچو ئۇيغۇرخانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن تەڭ 100 يىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىدى. مىلادىيە 912 ـ يىلى ۋايىجرا تەگىرىخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چېگرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغان.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىلىدىكى تۈپ سىياسىتى تۈبۈتلەرنىڭ قايتا بېسىپ كېلىشىدىن

ساقلىنىش ئۇچۇن قوشنا بەگلىكلەر بىلەن ئىناق ئۆتۇپ، تۇبۇت-لەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشتىن بولغان. كېيىنكى جىن سۇلا-لىسىنىڭ تيەنفۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 938 ـ يىلى) كېيىنكى جىن سۇلالىسى جاڭ كۇاڭيې بىلەن گاۋجۇيخەيىنى ئەلچى قىلىپ، ئۇدۇنغا ۋايجىرا تەڭرىخان بىلەن كۆرۇشۇشكە ئەۋەتكەن. ۋايجىرا تەڭرىخان ئۇلارغا كېيىنكى جىن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۇپ، تۇبۇتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. بۇ چاغ-دا، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شىمالدىكى قوچو ئۇيغۇر-لىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇلار تۇبۇتلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆزئارا ياردەملەشكەن، ئۇدۇننىڭ تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقىرىشقا جۇرئەت قىلغانلىقىنى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇبۇتلەرنىڭ ئاساسىي كۇچىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ۋايجىرا تەڭرىخان يەنە شاجۇدىكى ساۋ جەمەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ساۋ جەمەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئۆزئارا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتـ-قان. ساۋ يىجىننىڭ تۆت خوتۇنىنىڭ ئىككىنچىسى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، يۇەندې ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە ئىككى قىزى بار ئىدى. ساۋ يىجىن بىر قىزىنى ۋايجىرا تەڭرىخانغا خوتۇنلۇققا بەرگەن، كېيىن ۋايجىرا تەڭرىخان ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قىزىنى ساۋ يىجىن-نىڭ نەۋرىسى ساۋ يەنلۇغا ياتلىق قىلغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالە-سىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 5 ـ يىلى (مىلادىيە 980 ـ يىلى) سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇ ساۋ يەنلۇنىڭ ئايالى، يەنى ۋايجىرا تەڭرىخان-نىڭ ئۈچىنچى قىزىغا «لوڭشى ۋالىيسىنىڭ خانىمى» دەپ نام بەرگەن.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى ئوتتۇ-را تۇزلەڭلىكتىكى ئاخىرقى تاڭ سۇلالىسى ۋە بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق مەزگىلىگە توغرا كېلەتتى، ئۇ چاغ ئىچكىرى ـ پەس ئۇرۇشلار بولۇۋاتقان، ھاكىمىيەت ھەدەپ ئالمىشىۋاتقان چاغلار

ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى
بارلىق چارە ـ ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
سۇلالىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ياخشى مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ
كەلگەن.
ۋايجرا تەڭرىخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ 26 يىلدىن
كېيىن، يەنى شى جىڭتاڭنىڭ كېيىنكى جىن سۇلالىسى قۇرۇل-
غىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغان مەزگىلدە، ئۇ مۇپەتتىش ئەمەلدا-
رى ما جىرۇڭدىن كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان
ئەۋەتكەن. كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ پادشاھى ۋايجرا تەڭرى-
خاننىڭ ئەلچىسىنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋالغان ھەمدە تەمىراتچى
ئەمەلدارلىرى جاڭ كۇڭيې ۋە ھەربىي باش سوراقچى گاۋ جۇخۇي-
نى ئەلچى قىلىپ ما جىرۇڭغا قوشۇپ ئۇدۇنغا ئەۋەتىپ، ۋايجرا
تەڭرىخانغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پادشاھى، ما جى-
رۇڭغا ئەلنى تىنچىتقۇچى چوڭ سانغۇن دەپ نام بەرگەن. كې-
يىنكى جىن سۇلالىسى ئۇدۇن دۆلىتىگە ناھايىتى ئەدەپ بىلەن
مۇئامىلە قىلغان. جاڭ كۇاڭيې قاتارلىقلار ئۇدۇندا تۆت يىلدەك
تۇرۇپ، تيەنفۇنىڭ 7 ـ يىلى كەيفېڭغا قايتقان. جاڭ كۇاڭيى
ئۆز خاتىرىسىدە، ئۇ ئۇدۇنغا بارغاندا، ئۇدۇن دۆلىتى يەنىلا تاڭ
سۇلالىسى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بويىچە ئون ئايماققا بۆلۈپ
باشقۇرۇلغانلىقىنى، ئۇدۇن خانى ئەنجۇن ئايمىقىدا تۇرىدىغانلىقى-
نى يازغان ھەمدە: «تەڭرىخاننىڭ كىيىنىشى جۇڭگو خانلىرىنىڭ-
كىگە ئوخشايدىكەن. ئوردىسى شەرققە قارىتىپ سېلىنغانىكەن.
جىنسېدىيەن دەيدىغان ساراي، چىقېڭلۇ دەپ ئاتىلىدىغان راۋاق
بار ئىكەن» دەپ يازغان، ۋايجرا تەڭرىخاننىڭ ئۆزىگە قىزغىن
مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى، كېيىنكى جىن سۇلالىسى بىلەن ھەم-
كارلىشىپ، تۈبۈتلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلى-
قى» نى قەيت قىلغان.
سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ياندۇرقى يىلى ۋايجرا تەڭرىخان

ئەلچى ۋە مانى دىنى ئۆلىمالىرىنى ئىككى قېتىم سۈڭ ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن ئەلچىلەرمۇ كۆپ قېتىم ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى پادىشاھىنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ كېلىپ، سۈڭ سۇلالىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

مىلادىيە 960 - يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مۇسا ئارسلانخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، 960 - يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. 962 - يىلى مۇسا ئارسلانخان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، نەتىجىدە ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئارقىدىنلا يەنە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوچو ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىنمۇ مەغلۇپ قىلىنغان. بۇ دەل ۋايجرا تەڭرىخان ھاكىمىيەت بېشىغا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمىگەن چاغ ئىدى. ۋايجرا تەڭرىخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان سىياسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشنى جىددىي تەلەپ قىلغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلغان. كېيىنكى تارىخ ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ بۇ خىل تەدبىرىنىڭ تامامەن توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن نەچچە ئون يىل تىركىشىپ تۇرالىشىنى ئۇنىڭ سىرتقا قاراتقان بۇنداق توغرا سىياسىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تارىختا خاتىرىلەنگەن ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش 962 - يىلى يۈز بەرگەن①. مۇسا ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ قادىرخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن 24 يىل جەڭ قىلغان.

مىلادىيە 1006 - يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى يۇسۇپ قادىرخان ئۆزى بىۋاستە ئۇدۇنغا قوشۇن تارتىپ كەلگەن. شۇ يىلى قىش پەسلىدە ئۇدۇن سەركەردىلىرىدىن چوقتى رېشىت بىلەن نۇقتى رېشىت بىر نەچچە يۈز قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونىدا جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن قوشۇن گۇمران بولغان. 1006 - يىلىدىن كېيىن، ئۇدۇن ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان.

ئاپتورى: سۇن بىن

## ئالتىنچى بۆلۈم قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە قاراقىتان دەۋرىدىكى خوتەن

مىلادىيە 1006 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى يوقاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ناھايىتى قاتتىق بولغان. ئادەتتە پۇقرالارنىڭ بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، بۇنداق قىلمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغان. ئېھتىمال، بۇددا دىنىدا چىڭ تۇرغان ئۇدۇنلۇقلار ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر تۈركۈم بۇددا دىنىدا چىڭ تۇرغان ئۇدۇنلۇقلار

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 147 - بەت.

چىڭخەي ۋە شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن. «سۇڭ سۇلالىسى قاتارلىق ئون سۇلالىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 16 - جىلدىدە: ۋاڭ يەن پىشامشانغا بارغاندا، قورچاق كۆسەن مەلىكىسى چىڭ يىجىيمۇ بىلەن قەبىلە ئاقساقىلى لى ئاۋىن ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇدۇن قەبىلىلىرىنى باشلاپ قوۋۇقنى ئېچىپ تەسلىم بولغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. لى ئاۋىن ئۇدۇن خان جەمەتى ئەزالىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. XI ئەسىردە چىڭخەي رايونىدا تۇبۇتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئىچىدە ئالقۇن ئىسىملىك ئۇدۇنلۇق بىر ھۆكۈمران بار ئىكەن. ئېھتىمال، ئۇ چىڭخەيگە قېچىپ بارغان ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان «ھەسەن» خان جەمەتى ئەزاسى ئىدى. ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئىسىم - فامىلىسى توغرىسىدا تارىختا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولغاچقا، دەلىللەشكە ئامال يوق. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن گويا مۇئەييەن ھالدىكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ئەمما، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىدە چوقۇم «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دېگەن نامنى قوللىنىشى شەرت ئىدى.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى بويسۇندۇرغان ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى، شۇنداقلا ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى.

مىلادىيە 1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇرا سۇلايمان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارسلانخان دەپ ئاتالغان.

مىلادىيە 1057 - يىلى، سۇلايماننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان ئاكىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولغان ۋە ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

مۇھەممەد بۇغراخان تەختتە 15 ئاي ئولتۇرۇپ، 1058 - يىلى تەختنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

ھۇسەيىن تەختتە ئۇزاق ئولتۇرمىغان، ئۇنىڭ كىچىك خانىشى ئوغلى ئىبراھىمنى خانلىق تەختىگە چىقارغان.

ئىبراھىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىمۇ ناھايىتى قىسقا بولغان، ئۇ ئىنارتىل تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۇچىنچى تاغىسى ماخمۇت توغرۇل خان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى پەرغانە رايونىغىچە كېڭەيتكەن.

ماخمۇت توغرۇل خان مىلادىيە 1075 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى توغرۇل تىلتۇمار تەختكە چىققان.

ئۇ تەختتە ئىككى ئايلا ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئورنىنى بۇغراخان ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئىگىلىگەن. ئۇ 1102 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد تەختكە چىققان ۋە ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتىغان. ئەھمەد ئارسلانخان 1128 - يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئىبراھىم تەختكە چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى تەدرىجىي ھالدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى باشتىن - ئاخىر ئۇدۇن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى مەركەز قىلغان، بەزىدە تەسىر كۆچىنى بالاساغۇن ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتكەن.

ئىبراھىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىيە 1205 - يىلى يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد قەشقەردە ئۆلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىرى لەشكەر توپلاپ قاراقىتان سۇلالىسىدىكى گۇرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. گۇرخان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خا-

سۇلالىسىنىڭ خاقانىنى ئەسىر ئېلىپ تۇرمىگە تاشلىغان. كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانىنى تۇرمىدىن چىقىرىپ قويۇپ بېرىدۇ. بۇ خاقان يۈسۈپ ئىبنى مۇھەممەد ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋاتقاندا، شەھەر دەرۋازىسى يېنىدا شۇ جايدىكى ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان، تارىخچىلار بۇ ۋاقىتنى مىلادىيە 1211 - يىلى دەپ بېكىتكەن.

يۈسۈپ قادىر خاندىن تارتىپ يۈسۈپ ئىبنى مۇھەممەدكىچە شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدا 13 خاقان 205 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىيە 1006 - يىلىدىن 1211 - يىلىغىچە).

مىلادىيە 1134 - يىلى يوللىغ تاشىن قاراقىتان سۇلالىسىنى قۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇدۇن قاراقىتاننىڭ تەسىر كۈچى ئاستىدا بولغان. بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسى نامدا تېخى مەۋجۇت ئىدى. ئۇدۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە قاراقىتان سۇلالىسىگە ئولپان يوللىغاندا، يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نامى بىلەن يوللىغان. ئۇدۇن بىر چاغلاردا قاراقىتان سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن قاراقىتان سۇلالىسى ئەۋەتكەن سەردار ئارسلان خان تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

مىلادىيە 1212 - يىلى كۈچلۈك قاراقىتان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان (جى گۇلۇ كۈچلۈكنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىدى). كۈچلۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇدۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلار بىۋاسىتە قاراقىتاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. كۈچلۈك ئۇدۇن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا قايتىشقا مەجبۇرلىغان. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان، بويسۇنمىغانلارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇدۇن، قەشقەر، يەكەن

قاتارلىق جايلار قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، باستۇرۇۋېتىلگەن.
شىمالدا باش كۆتۈرگەن تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) مىلادىيە 1218 ـ يىلى شەرق ۋە غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە لەشكەر چىقارغان، جەبەنويان باشچىلىق قىلغان غەربىي يول قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇدۇن، قەشقەر ۋە يەكەن خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلغان. جەبەنويان قوشۇنىنىڭ ئەزىمەتلىرىدىن كېسمەل سارىكۆل (تاشقورغان) دا كۈچلۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن، قەشقەر، يەكەن، ئۇدۇنلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخانغا بويسۇنغان.

ئاپتورى: سۇن بىن

# يەتتىنچى بۆلۈم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن

(مىلادىيە 1218 ـ يىلدىن 1644 ـ يىلغىچە)

مىلادىيە 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان جەبەنويان قوشۇنىنى ئەۋەتىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوقىتىپ خوتەننى ئىگىلىگەن، خوتەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بەيئەت قىلغانىدى. جىيۈەن 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1271 ـ يىلى) قۇبلاي خان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ چاغدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خوتەننى بويسۇندۇرغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بولغانىدى. مىلادىيە 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقىـ

غا جايلاشقان مۇھىم شەھەر — خوتەنمۇ خېلى بۇرۇنلا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى. مىڭ سۇلالىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەت كۈچى قۇدرەتلىك بولغان بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. مىڭ سۇلا-لىسى 1644 - يىلى لى زىچېڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغى-لىڭى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. بۇ ۋاقىتتىكى خوتەن يەنىلا يەكەن خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تاكى 1678 - يىلىغا قەدەر، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خاننى يېڭىدىن گۈللەنگەن ئويرات موڭغۇللىرى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى غالدان ئەسىرگە ئالغانغا قەدەر يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. خوتەن تارىخىنىڭ مۇشۇ بىر ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇت-قاندا، ئاخىرقى جەڭ ۋاقتىنى 1678 - يىلى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ (ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشقان).

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن دېگەن بۇ ئىسىم ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە كۆپ خىل ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوللىغ چۇساي يازغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە «ۋۇدۇەن» (吾端) دەپ يېزىلغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخ-پىي تارىخى» دېگەن كىتابتا «ۋۇدەن» (无丹) دەپ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «ۋودۇەن» (斡端)، «خوتەن» (忽炭) دەپ يېزىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا دەسلەپتە «ئادۇەن» (阿端)، «ئۇدۇن» (于阗) دەپ يېزىلغان.

## 1. موڭغۇل — يۈەن خاقانلىقىنىڭ بىۋاستە باشقۇ-رۇشىدىكى خوتەن

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە موڭغۇل بۆرەتېكىن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۆمۈرچىن كۆپ يىل ئۇرۇش قىلىش ئار-قىلىق، موڭغۇل يايلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى. X

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ كۈچلۈك سىياسىي كۈچنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۆلۈ- نۈپ تۇرۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نىسپىي بىر- لىككە كەلگەن سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. يۈەن سۇلالى- سىنىڭ تەيزۇ 4 - يىلى (مىلادىيە 1209 - يىلى) قوچو ئۇيغۇر- لىرىنىڭ قورۇقچىبېگى بارچۇق ئارت تېكىن ئالدى بىلەن موڭ- غۇل ئىمپېرىيىسىگە بەيئەت قىلىدۇ ھەمدە قوشۇن باشلاپ موڭ- غۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ. تەيزۇنىڭ 13 - يىلى چىڭگىزخان پامىر تاغلىرىدا ئۇرۇش قىلىپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ خانى نايمان كۈچلۈكنى ئۆلتۈرىدۇ. خوتەن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلار بىلەن تەڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

خوتەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يېڭى تارىخ مەزگىلىگە قەدەم قويىدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ 18 - يىلى موڭغۇل قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جاي- لارنى تىنچىتىدۇ، چىڭگىزخان دارغاچ تەسىس قىلىپ («دار- غاچ» موڭغۇل تىلىدا ساقلىغۇچى، ھۆكۈمران، مۆھۈر باسقۇ- چى، يەرلىك ئەمەلدار دېگەن مەنىدە)، غەربىي رايونلارنىڭ ئىش- لىرىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەر مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنى موڭغۇل دارغاچلىرى بىلەن بىرگە خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانچىلىق رايونلى- رىنى ساقلاشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: نوپۇس باشقۇرۇش، باج يىغىش ۋە چېرىك قوبۇل قىلىش پەرمانى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئوغ- لى چاغاتاينىڭ سۈيۈرغال يېرىگە ئايلىنىدۇ. چاغاتاي خاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرىدىلا پەرمان چۈشۈرەلەيتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى شە-

ھەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. خانلىق تەختى بوش قال-
غان ۋاقىتتا خاقان چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى خانلاردىن
تەخت ۋارىسىنى تاللاپ بېكىتەتتى. موڭغۇل خاقانى كونا خانلارنى
خالىغانچە بىكار قىلىپ، يېڭى خان تىكلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئە-
دى. ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىدىكى خاقان
مەمۇرىي سىستېمىسى بىلەن چاغاتاينىڭ ھەربىي ئاپپارات سىستې-
مىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان
تۈزۈلمە ئىدى. موڭغۇللار بىلەن غەربىي شىمالىي خانلار كۆچلە-
رى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلارنىڭ تەكرار يۈز بېرىشى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەرلىرىگە چوڭقۇر
تارىخىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرنىڭ
تارىخىي تەقدىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

شيەنزۇڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1251 - يىلى) مۆڭكۈخان
ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،
بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس
قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇرغان. خوتەن
بەشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بو-
لۇپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكىرى رايونى ھېسابلىناتتى.
شيەنزۇڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1259 - يىلى)، مۆڭكۈخاننىڭ
ئۆلۈمى قۇبلاي بىلەن قۇبلاينىڭ ئىنىسى ئارىبۇغا ئوتتۇرىسىدىكى
خانلىق تالىشىش كۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۈەن سۇلالىسى
شىزۇ جۇڭتۇڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1260 - يىلى) قۇبلاي
خانلىقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىبۇغا قارا قۇرۇمدا ئۆزىنى
خاقان دەپ ئېلان قىلدى، قۇبلايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئارى-
بۇغا چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئارغۇغا چاغاتاينىڭ خانلىق ئورنىنى
بېرىپ، ئىلگىرىكى خاقاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
شەھەر، سەھرالىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئارغۇغا بەردى. ئارغۇ چاغاتاي
خانىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مەسئۇد ئۇنىڭغا

تەسلىم بولدى، بەشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى يوقىلىپ، موڭغۇل خاقانىنىڭ خوتەننى بىۋاستە كونترول قىلىش هوقۇقى ۋاقىتىنچە يوقالدى. ئارغۇ خانلىق تەختىگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي-لا، ئارىبۇغاغا بويسۇنماي، ئارىبۇغا ئەۋەتكەن هەربىي تەمىنات يىغىدىغان ئەلچىلەرنى تۇتۇپ قالدى ھەمدە يىغىلغان مال - مۈلۈك، پۇل، قورال - جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىبۇغا بىلەن ئارغۇ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىدى. ئارغۇ قۇبلايغا ئەل بولدى. يۈەن سۇلالىسى جۇڭتۇڭنىڭ 2 - يىلى قۇبلاينىڭ ئەمىرلەشكىرى بۇقا تۆمۈرنى خوتەن قاتارلىق جايلارنى ساقلاشقا ئەۋەتىشى قۇبلاي بىلەن ئارىبۇغانىڭ خانلىق تەختنى تالىشىش كۈرىشىنىڭ داۋامىغا ئايلىنىپ ئارىبۇغانى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئارغۇ خوتەندە تۇردى. شۇڭلاشقا، تارىختا «خوتەن خانى ئارغۇ» دېگەن ئاتاشلارمۇ بار.

يۈەن سۇلالىسى شىزۇ جىيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 1265 - يىلى) ئارغۇ ئۆلگەن. قۇبلاي بۇراق (چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى) نى خانلىق هوقۇقنى قولىغا ئېلىشقا ئەۋەتكەن. بۇراق قۇبلاينى خاقان دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنى ۋاسسال خان دەپ ئاتىغان. قۇبلاي بۇراقنى بىر تەرەپنى ساقلايدىغان خان دەپ قاراپ، باشقا خانلار بىلەن قوشۇپ ئۇنى تارتۇقلىغان. لېكىن، بۇنداق مۇناسىۋەت مۇقىم بولمىغان، كېيىنچە بۇراق خاقان بىلەن قارشىلىشىپ، خوتەننى تارتىۋالغان. ئەمما، خوتەن تەرەپلەردىكى توقۇنۇشلار ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان، قۇبلاي بىلەن بۇراق ئوتتۇرىسىدا يەنىلا خاقان بىلەن ۋەزىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ساقلىنىپ تۇرغان. خوتەن يەنىلا خاقانىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان دائىرىسى ئىچىدە بولغان. جىيۈەننىڭ 3 - يىلى قۇبلاي خوتەن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، خوتەن مەھكىمىسىگە ئەلچىدىن بىر-

نى قويۇپ 7 - دەرىجىلىك ئەمەل مۇھىرىنى بەرگەن. «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»دا خاتىرىلىنىشىچە، جيۇەننىڭ 5 - يىلى خاقان بۇراققا نۇرغۇن ئىنئام بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بوستانلىق رايونلىرى خاقاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

مىلادىيە 1271 - يىلى قۇبلاي دۆلەت نامىنى يۇەن دەپ بېكىتىپ، ئېلىمىز تارىخىدىكى يۇەن سۇلالىسىنى قۇرغان ھەمدە خېشى، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنى بويسۇنۇشقا دالالەت قىلغان. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن خوتەننىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، يۇەن سۇلالىسى جيۇەننىڭ 11 - يىلى 1 - ئايدا خوتەن ۋە يەكەندە 13 ئورۇندا دەريا راباتلىرى قۇرغان ھەمدە قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ ھاشار ئەمگىكىنى كەچۈرۈم قىلغان. جيۇەن 19 - يىلى 9 - ئايدا، يەنە چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا رابات قۇرۇپ، شاجۇ (تۇرپان)، قاشقوۋۇق، دۇنخۇاڭ، جيۇچۇەن، جاڭيې، شەندەن قاتارلىق جايلاردىكى راباتلار بىلەن تۇتاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن خوتەندىن سۇ يولى ئارقىلىق كۇچا، تۇرپانلارغا، ھەتتا ئىچكى رايونلارغا بارغىلى بولىدىغان لىنىيە بارلىققا كەلگەن. قۇرۇقلۇق راباتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قۇملۇق، چۆللەردە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خوتەندىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارىدىغان ئاساسىي غول لىنىيە ئىدى.

جيۇەن 13 - يىلى قايدۇ (ئوگدىداي خاننىڭ نەۋرىسى، قاشىنىڭ ئوغلى) دۇۋا (چاغاتاينىڭ 4 - ئەۋلاد نەۋرىسى، بۇراقنىڭ ئوغلى)نى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قۇبلاينىڭ خاقانلىق ئورنىنى تالىشىشقا قۇتراتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەربىي رايوننىڭ قاتنىشى ئۇزۇلۇپ قالدى. قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، يۇەن سۇلالىسى ئۇزلۇكسىز قوشۇن ئەۋەتىپ، خوتەننىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. جيۇەن 13 - يىلى

بوستان، قۇبلاي، باتۇر قاتارلىقلارنى 2000 نەپەر موڭغۇل ئەس-كەر، 10 مىڭ كىشىلىك خېشى قوشۇننى باشلاپ بېرىپ خوتەن-نى ساقلاشقا بۇيرۇدى. جىيۇەن 15 - يىلى 1 - ئايدا، ئالا - ۋۇدۇن لەشكەر باشلاپ كېلىپ خوتەننى تۇتۇپ تۇردى. يۇەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 3000 دەن گۇرۇچ، 30 دانە يامبۇ بەردى، ياندۇرقى يىلى 6 - ئايدا خوتەننى ساقلاۋاتقان موڭغۇل، خەنزۇ قوشۇنلىرى ۋە يېڭى ياللانما قوشۇنلارنىڭ ھەربىي لازىمەت-لىرى ئۆكسۈپ قالغاچقا، يۇەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى سىچۇەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كالا، ئات، قوي، ئېشەك ۋە پۇل، ئوقيا، ئىگەر، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى جىددىي يۆتكەپ بەردى. جىيۇەن 15 - يىلى 9 - ئايدا يۇەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي هۆكۈمىتى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ هۇدەيچىسى، يانداش باش ئەمىرلەشكەر لىيۇ ئېن بىلەن باش ئەمىرلەشكەر يېخەنتىكىن-نى موڭغۇل، خەنزۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ قايدۇ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. قايدۇمۇ بارىانى خوتەنگە هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لىيۇ ئېن ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالماي، قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرققە چېكىندى، خوتەن قايدۇ-نىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەن يەنە بىر قېتىم يۇەن سۇلالىسى تەرىپىدىن كونترول قى-لىندى. جىيۇەننىڭ 19 - يىلى، قۇبلاي ئەمىرلەشكەر ماڭگۇنى زور قوشۇن بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇپ، قايدۇنى يەنە بىر قېتىم يېڭىپ خوتەننى قايتۇرۇۋالدى. بەش يىللىق قايتا - قايتا تالىشىش ئارقىلىق خوتەننىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملى-شىشقا قاراپ يۈزلەندى.

يۇەن سۇلالىسى مەركىزىي هاكىمىيىتى جىيۇەننىڭ 19 - يىلى «خوتەن قاتارلىق جايلاردا يەنىلا ئايناقچى مەھكىمىسى، باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان» . لىيۇ ئېن 1279 - يىلى سەپەر ئۈستىدە باش ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلى-

نىپ، ئايغاقچى بەگلىكنى قوشۇمچە ئۆتىگەچكە، «يېڭى يۈەن
سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا خوتەندە ئايغاقچى ۋە باش ئەمىرلەشكەر
مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى دېيىلگەن. خوتەن ئايغاقچى مەھكە-
مىسى، باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى 1279 - يىلى تەسىس
قىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، مىلادىيە 1282 - يىلى «يەنىلا
تەسىس قىلىندى» دەپ ئاتالغان. جېيۈەن 20 - يىلى 3 - ئايدا،
يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇتلۇق مىشنى گەنجۇلۇق يېڭى بېقىن-
دى قوشۇنلارنى باشلاپ خوتەننى ساقلاشقا ئەۋەتكەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن، خوتەن ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىشىشىغا
ئەگىشىپ، سىرتقا قېچىپ كەتكەن خەلق يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.
ئىگىلىك ئەسلىگە كەلدى. يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيە-
تى شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىما-
لىدا ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش
تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئالدى بىلەن ئۇ جايلاردا ئاشلىق بىلەن
تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇزاق مۇساپىلىق توشۇش سې-
لىقىنى يېنىكلىتىپ، بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويدى. ئاۋۋال
شىمالىي شىنجاڭدا، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىيلەرنىڭ،
خەلقنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى تېز كېڭەيدى. جېيۈەننىڭ
25 - يىلى 7 - ئايدا خوتەننى ساقلاۋاتقان قوشۇندىن 310 ئادەم
بۇيرۇقتا ئاساسەن بوز يەر ئېچىش بىلەن شوغۇللاندى. شۇ يىلى
11 - ئايدا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھېسامىددىننى شەنشى،
گەنسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ بوز يەر ئېچىش دارغۇچى قىلىپ
تەيىنلەپ، خوتەن، قەشقەردىن 1500 ئۆيلۈك ھۈنەرۋەننى ئېلىپ
بوز يەر ئېچىشقا بۇيرۇدى. بۇ خىلدىكى بوز يەر ئېچىشقا ھۆكۈ-
مەت تەرەپ كالا، ئۇرۇغ قاتارلىقلارنى بېرىپ، ئاچارچىلىقتا
قالغان خەلقنى قۇتقۇزغان. جېيۈەننىڭ 24 - يىلى 1 - ئايدا،
خوتەن ئالدىنقى يىلى مول - ھوسۇل ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن،
يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 10 مىڭ دانە يامبۇ ئاجرىتىپ، نامرات

خەلققە قوشۇلغۇزۇش بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەندە تۇتۇقۇشچىلىق، بۇياقچىلىق جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى يىپەك، تاۋار - دۇردۇن تـوقـۇمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. توقۇلغان تاۋار - دۇردۇنلىرى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا داڭ چىقارغان. جىيۈەن 24 - يىلى 2 - ئايدا، شاھزادە بىيىپىڭ ۋاڭى نامخان باش بۇغ مەھكىمىسىنىڭ كاتىنۋىشى بولۇپ، خوتەندىكى «چوڭ - كىچىك سودىگەرلەر» نى باشقۇرغان. بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خوتەننى ئىچىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جىيۈەننىڭ 26 - يىلى 9 - ئايدا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەن ئايغاقچى باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا تارىختا ھەر خىل گەپلەر بولۇپ، يەكۈن چىقىرىلمىغان. يۈەنجېن 1 - يىلى (مىلادىيە 1295 - يىلى) 1 - ئايدا يۈەن سۇلالىسى بەشبالىق باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە)، كۇسەن باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىدە) تەسىس قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 5 - يىلى (مىلادىيە 1301 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى قايدۇ، دۇۋالار بىلەن ئالتايدا ئۇرۇش قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشكەن. دادې 8 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى غەربىي شىمالدىكى ۋاڭلار بىلەن يارىشىپ، چاغاتاي خانلىقىنى قوللاپ، ئوگىداي خانلىقىغا زەربە بېرىش سىياسىتىنى قوللانغان، خوتەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

## 2. چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەن

غەربىي شىمالدىكى خانلىقلارنىڭ 40 يىل داۋاملاشقان ئىسيانى ئاخىرىدا قايدۇنىڭ يارىلىنىپ ئۆلۈشى، دۇۋانىڭ ئوقيا

تېگىپ پالەچ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. يۈەن سۇلالىسى دادې 10 - يىلى قايدۇنىڭ ئوغلى چاپار يۈەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئوگىداي خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى ماۋەرا ئۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاغاتاي تېررىتورىيىسىگىچە يېتىپ باردى. دادې 12 - يىلى، چاغاتاي جەمەتىدىن كۆنجەك خان (دۇۋانىڭ 3 - ئوغلى) چىڭگىزخان دەۋرىدە ئىشلەنگەن سەمەرقەند، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ نوپۇس تىزىملىكىنى يۈەن سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسىگە بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۈەن سۇلالىسى خۇاڭچىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1312 - يىلى) چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئېسەن بۇقاخان ئەلچى ئەۋەتىپ يۈەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئارقىلىق تۆگە، يەرلىك مەھسۇلات قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاش - تارتىشى ئاخىرلىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش - كېلىش بولغان دەۋر بارلىققا كەلگەن.

يۈەن سۇلالىسى ئەنيۇ 7 - يىلى (مىلادىيە 1320 - يىلى) ئېسەن بۇقاخان ۋاپات بولغان (مىلادىيە 1318 - يىلى ئۆلگەن دېگۈچىلەرمۇ، مىلادىيە 1330 - يىلى ئۆلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار)، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق ئورنى كۆپ ئالمىشىش دەۋرىگە كىرىپ، خانىنىڭ ھوقۇقى يوقاپ، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقى ھوقۇقدار ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئاق سۆڭەكلەر ئۆز ئالدىغا يەر بۆلۈۋېلىشقان. XVI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىسى ئاقسۇ رايونىدا تۇرۇشلۇق دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئىدى. مىلادىيە 1347 — 1348 - يىللىرى چاغاتاي جەمەتىدىن تۇغلۇق تۆمۈر (ئېسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى) دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بورا-

جىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاقسۇدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. تارىختا بۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. غەربىي قىسمى سەمەرقەندنى مەركەز قىلىپ تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ياكى تۆمۈر ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتالدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماۋەرا ئۇننەھرگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ، خانلىقنىڭ چېگراسىنى شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سەمەرقەند، شىمالدا ئويراتلار، جەنۇبتا خوتەنگىچە كېڭەيتتى. دوغلات جەمەتى يېڭى خاننى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇشقا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى خوتەن، يەكەن، يېڭىسا، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق ئالتە شەھەر رايونىنى ۋە پامىر تېغىنىڭ غەربىدىكى فەرغانە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار دوغلات جەمەتىنىڭ سۇيۇرغال يېرىگە ئايلىنىپ قالدى.

تۇغلۇق تۆمۈر خانلىق ئورۇنغا چىققاندىن كېيىنكى مەزگىل چاغاتاي جەمەتىدىكىلەرنىڭ «ئىسلاملىشىش» جەريانىدىكى مۇھىم مەزگىل بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر «خان» نى «سۇلتان» غا ئۆزگەرتىپ، 160 مىڭ موڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىللە، ئۇيغۇرچە سۆزنى ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىشنى يولغا قويدى. بۇ تارىختا «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ جەريان يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە (XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە) ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دوغلات قەبىلىسى ئەسلىدە چاغاتايغا تەۋە بىر كىچىك قەبىلە ئىكەن، كېيىن ئۇلار چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا يەتتە خىل ياكى توققۇز خىل ئىمتىياز بەرگەن دېيىشكەن، يەنە چاغاتاي كۆز يۇمۇش ئالدىدا تارىم ئويمانلىقىنى دوغلات جەمەتىگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن دېيىشكەن. ئەمما، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي سۇيۇرغال يېرى تەڭرىتېغىنىڭ ئوتلاق رايونلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ تۇراتتى. تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ خانلىق

ئورنىغا چىقىرىشقا تۆھپە قوشقاچقا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ تەسىر
كۆچى ئېكىنزارلىق شەھەر رايونلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. شۇنىڭ-
دىن باشلاپ، 185 يىل ئىچىدە خوتەن دوغلات جەمەتىنىڭ سۇيۇر-
غاللىق يېرى بولۇپ، ئىزچىل تۇردە دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن.

تۇغلۇق تۆمۈر مىلادىيە 1362 — 1363 - يىللىرى ئارىلى-
قىدا ئۆلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن خانلىق قالايمىقانچىلىققا پېتىپ
قالغان. تەخمىنەن مىلادىيە 1389 - يىلى، دوغلات قەبىلىسىنىڭ
باشلىقى خۇدايدات (بۇراجىنىڭ ئوغلى) نىڭ قوللىشى بىلەن تۇغ-
لۇق تۆمۈر خاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، بەشبالىق بەگلىكىنى قۇردى. خىزىر خوجا خۇدايداتنىڭ
ئەسلىدىكى توققۇز خىل ئىمتىيازىدىن باشقا يەنە ئۈچ خىل ئىمتى-
ياز قوشۇپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، خانلىقنىڭ
چوڭ ھوقۇقىنى قانۇنىي شەكىل بىلەن خۇدايداتقا مەنسۇپ قىلدى
ۋە بۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇردى. خوتەنمۇ شۇنىڭ-
دىن ئېتىبارەن دوغلات جەمەتىنىڭ تېخىمۇ بىۋاستە كونتروللۇ-
قىدا بولۇپ كەلدى.

بەشبالىق بەگلىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسى-
ۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ 24 - يىلى
(مىلادىيە 1391 - يىلى) خىزىر خوجا ئەلچى ئەۋەتىپ مىڭ
سۇلالىسىگە ئات ۋە بۇركۈت سوۋغا قىلغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا
مىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن
باشلاپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇر-
سىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي بېرىپ - كېلىپ تۇرغان.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق ئورنى گەرچە بەشبالىق خانلىقى-
نىڭ تىكلىنىشى بىلەن داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا نۇرغۇنلىغان ئۆز

ئالدىغا ئايرىۋېلىنغان، بىر تۇتاش تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان فېئوداللىق يەرلىك بەگلىكلەر ۋە رايونلار بارلىققا كەلدى. بۇ فېئودالىق يەرلىك بەگلىكلەر ئىچىدە چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان خىزىر خوجا قۇرغان بەشبالىق خانلىقى بىلەن دوغلات جەمەتى كونتروللۇقىدىكى خوتەننىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىدى. چىن چېڭ يازغان «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇننىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئاز ئەمەس ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەننىڭ ئەمەلىي يەر دائىرىسى دوغلات قەبىلىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆلىمىدىن خېلىلا زور ئىدى. يۇڭلې يىللىرى (مىلادىيە 1403 — 1424 - يىللىرى) مىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا قارىتا ئېچىش سىياسىتىنى قوللانغاچقا، خوتەن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاقىسى كۆپەيگەنىدى. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې 4 - يىلى (مىلادىيە 1406 - يىلى) 7 - ئايدا خوتەننىڭ ئەلچىسى موللاھىسامىدىن بىلەن جامائەت ئىشلىرى بېگى لۇنجىبا ئولپان تاپشۇرۇشقا مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەن. مىڭ سۇلالىسمۇ ئۇلارغا ئاق ئالتۇن، پۇل قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا، ئەلچى موللاھىسامىدىن ئوردا بىلەن خوشلىشىپ قايتقاندا، مىڭ سۇلالىسى شېنىمۇ سەننى ئۇلارغا قوشۇپ، خوتەندىكى يۇرت بەگلىرىگە ئوردىغا ئەۋەتكەن تارتۇقنى تاپشۇرۇۋالغانلىق توغرىسىدا مۆھۈر باسقان مەكتۇپ ئەۋەتكەن. يۇڭلې 6 - يىلى، خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى دارغاچ بۇراق خان موللاھىسامىدىن قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىگە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن. مىڭ سۇلالىسى شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ پەنسادى شياڭ خېڭ قاتارلىقلارنى مۆھۈر باسقان مەكتۇپ بىلەن ئەۋە-

تىپ ھال سورىغان ھەمدە ئاق ئالتۇن، پۇل قاتارلىقلار بىلەن تارتۇقلىغان.

خۇدايدات شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن مەز- گىلدە ئىستىبداتلىق ھوقۇق يۈرگۈزۈپ خىزىر خوجا، شاھمەي جاھان، ماخمۇت، شىر مۇھەممەت، نەخشىجاھان، ئۇۋەيسخان قاتارلىق ئالتە خاننى بىكار قىلغان. ئۇۋەيسخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە (مىلادىيە 1428 ـ يىلىدىن 1434 ـ يىلىغىچە) ئويى- رات كۆچلىرى باش كۆتۈرگەچكە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى ئىلى دەرياسى ۋادىسى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىغا يۆتكەلدى، پايتەختى بەشبالىقتىن ئىلىبالىققا كۆچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇۋەيسخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ خانلىق ئورنىنى تالىشىشى بىلەن ئىچكى كۈرەش يۈز بېرىپ، دوغلات جەمەتى يەنە بىر قېتىم پارچىلاندى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىش ۋەزىيىتىگە چۈ- شۈپ قالدى.

كۆپ يىللىق يېغىلىق ۋە ئۇرۇش خوتەننىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى، شەھەر ۋەيران بولۇپ خارابى- لىككە ئايلاندى. XV ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى خوتەن زېمىنىنى چىن چېڭ مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: «لۈكچۈن، قوچو، تۇر- پان، قەشقەر، ئاسمار قاتارلىق جايلاردىلا ئاز ـ تولا شەھەر ئاھالىسى قالغان. ئېتىز ـ ئېرىق، كوچا ـ كويلار چۆلدەرەپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى».

خوتەن گەرچە شۇ دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسى- مۇ، لېكىن XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دا 1448 ـ يىلى ئۇدۇننىڭ يەرلىك خانى بورانلاي ئوردىغا كېلىپ، ئات ـ تۆگە ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئولپان تاپشۇرغان، دەپ خاتىرىلەن-

گەن.

دوغلات جەمەتىنىڭ چاغاتاي خانلىقى ئىچىدىكى ئىمتىيازى تەبىئىي ھالدا خاقان بىلەن خانلىق ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان كۆرەشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، دوست مۇھەممەد تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگە نەچچە قېتىم يۈرۈش قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دوغلات جەمەتىنىڭ ئىچكى كۈرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن. مىلادىيە 1480 ـ يىلىدىن ئىلگىرى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئابابەكرى قوشۇن باشلاپ كېلىپ تاغىسى ماخمۇت ھەيدەر مىرزا ئىگىلەپ تۇرغان خوتەن، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئابابەكرى خوتەنگە 30 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

## 3. يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەن

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەھمەد خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سەئىد 1511 ـ يىلى ئىمپېراتور بابۇرشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن لەشكەر باشلاپ فەرغانە ئويمانلىقىغا كەلدى. مىلادىيە 1514 ـ يىلى ئەتىيازدا يەنە ئىستراتېگىيىلىك ھالدا ئاتۇشقا يۆتكىلىپ بىر نەچچە ئاي جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىلىق، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ھۆكۈمران ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خانلىق ئورنىغا چىقىپ، يەكەننى پايتەخت قىلدى، بۇ تارىختا «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالدى. خوتەن يەنىلا دوغلات جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇردى. مىلادىيە 1517 ـ يىلى سەئىدخان كاپىرلار بىلەن غازات قىلىشنى باھانە قىلىپ، لەشكەر تارتىپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ساقسىز بولۇپ قېلىپ، يەكەنگە قايتىپ، ئەمىرلىرىگە خوتەننى ئىككى ئاي تالان ـ تاراج قىلغان-

دىن كېيىن قايتىشنى بۇيرۇق قىلدى. مىلادىيە 1533 ـ يىلى سەئىدخان كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىك بىلەن دوغلات جەمەتىنىڭ ھەرقايىسى تارماق كۈچلىرىنى يوقاتتى. جىم ياتمايدىغان بىر قىسىم ئەمىرلەر سەئىدخاننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىدى. ئابدۇرەشىدخان ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى، خوتەن خەلقى ئەمىرلەرنى باغلاپ، شەھەردىن قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئابدۇرەشىد خان بۇ بىر نەچچە ئەمىرنى چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىپ، دوغلات جەمەتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بولغان كونتروللۇقىنى يوقاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ 7 ـ ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننى خوتەننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەۋەتتى.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «دۆلەت — پۈتۈن خان جەمەتىنىڭ مۈلكى» دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە، سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى بىر قانچە رايونغا ئايرىپ، خان جەمەتىدىكىلەرگە ھەدىيە قىلدى. ھەدىيىگە ئېرىشكۈچىلەر ئاساسلىقى خاننىڭ ئوغلى، قېرىنداشلىرى ۋە نەۋرىلىرى بولۇپ، ئۇلار باش ۋالىي دەپ ئاتالدى. باش ۋالىي ئۆزى ئىگە بولغان يەرگە قارىتا تولۇق ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، لېكىن ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. خان ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگەرتەلەيتتى. ئابدۇرەشىد خاننىڭ يەتتىنچى ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننىڭ خوتەنگە باش ۋالىي بولۇشى دوغلات جەمەتىنىڭ خوتەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خوتەننىڭ قايتىدىن چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ھىجرىيە 967 ـ يىلى (1559 — 1560 ـ يىللىرى) ئابدۇرەشىدخان ئۈچىنچى قېتىم خوتەنگە كەلدى. قاشتېشى قې-

زىش ئورنىغا بېرىش ئۈچۈن جامە يېزىسىغا بارغاندا كېسەل
بولۇپ 52 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇكې-
رىم خان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇكېرىم خان
تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ماۋەرا ئۇننەھر رايونىدىكى ئىسلام
دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد
ئىمامى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق يەكەن خانلىقىغا
كەلدى. خوتەنلىك موللا ئىبنى يۇسۇپ ئۆز مۇرىتلىرىنى ئەگەش-
تۈرۈپ خوجا ئىسھاققا باش ئۇرۇپ، ئۇنىڭ خەلىپىسى (ئىزباسا-
رى) بولدى. خوجا ئىسھاق يەكەندە قارشى ئېلىنمىغانلىقتىن
خوتەنگە كەلدى. خوتەننىڭ باش ۋالىيسى قۇرەيش سۇلتان ئۇنى
قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئوغلىنى ئەۋەتتى. خوجا ئىسھاق خوتەندە
ئۈچ يىل دىن تارقىتىپ، خوتەننى خوجا ئىسھاق باشچىلىقىدىكى
قاراتاغلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. تەخمىنەن
XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى خوجا ئىسھاقنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى-
نىڭ ئىككى ئوغلى يۇسۇپ بىلەن ئاپاق خوجا قەشقەرگە يېتىپ
كېلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىق-
لارنى شەكىللەندۈردى. ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز كۈ-
چىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن، ھەدەپ يەكەن خانلىقىدىكى ئەمەلىي
كۈچى بار گۇرۇھلارغا بېقىندى ھەمدە ئۇلارنىڭ جەڭلىرىگە قاتنى-
شىپ مۇھىم رول ئوينىدى.

خوتەننىڭ باش ۋالىيسى قۇرەيش سۇلتان ئابدۇكېرىم خان-
نىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا نارازى بولۇپ،
لەشكەر توپلاپ قارشى تۇرۇپ، تۇرپان رايونىغا كىردى. ئابدۇ-
كېرىم خان ئاقسۇنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان بەشىنچى
ئىنىسى، قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان تۆتىنچى ئىنى-
سى سوپى ۋە ئىبراھىمنى، يېڭىدىن خوتەننىڭ باش ۋالىيلىقىغا
قويۇلغان ئالتىنچى ئىنىسى ئەبۇ سەئىدنى ئۇلارنى باستۇرۇشقا
ئەۋەتتى. قۇرەيش سۇلتان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا

سۇرگۇن قىلىندى. ئابدۇكېرىم خان خانلىق ئورنىنى مۇستەھ-
كەملەش ئۈچۈن، يەنە خوتەننىڭ ھاكىمى مىرزا ئەھمەد پارساق
قاتارلىقلارنىمۇ قوغلاپ چىقاردى، بەزى كىچىك قەبىلىلەرنىڭ
ئەمىرلىرىنى خانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. شۇنداق قى-
لىپ، ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىۋېلىشىدىن ساقلاندى ھەم ھۆ-
كۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى جۇملىدىن قۇمۇل ۋە تۇرپانلارنىڭ
مىلادىيە 1594 - يىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن مىڭ
سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن بۇيانقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى بەگلىكلەر تەپرىقىچىلىك قىلىپ كەلگەن ۋەزىيەتكە خاتىمە
بېرىلدى، بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ روناق تاپقانلىقىنىڭ بەلگىسى
ئىدى. ھىجرىيە 1000 - يىلى (مىلادىيە 1591 — 1592 -
يىللىرى) ئابدۇكېرىم خاننىڭ تەخت ۋارىسى بولغان مۇھەممەد
خان بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ يارىتقۇچىسىدۇر. مۇھەممەد
خان ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئوغلى ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننى خو-
تەننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، مىرزا يۇسۇپ دوغلات ئۇنىڭ-
غا مەسلىھەتچى بەگ (ئۇستاز) بولۇپ، مۇھەممەد سۇلتاننىڭ
خوتەننى ئىدارە قىلىشىغا ھەمكارلاشتى. مۇھەممەدخان ۋاپات بول-
غاندىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادىيە 1610 - يىلى)، ئەھمەدخان
خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇھەممەد سۇلتاننى ماۋەرا
ئۇننەھر رايونىغا سۇرگۇن قىلدى. خانلىق يەنە ھوقۇق تالىشىش
كۈرىشى قاينىمىغا كىرىپ قالدى. خوجا جەمەتى بىلەن ھوقۇقدار
ۋەزىرلەرنىڭ كۈچى تېز ئۆلغىيىپ، خانلىق ھوقۇقى كۈندىن -
كۈنگە ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ھىجرىيە 1048-يىلى(1638—
1639 - يىللىرى) ئابدۇللاخان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئويراتلار يەكەن خانلىقىدىكى مالىمانچىلىقتىن
پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، خوتەن رايونىغا قەدەر
ئىچكىرىلەپ كىردى. خوتەن بېگى مۇھەممەد مەنسۇر لەشكەر

باشلاپ قارشى تۇرۇپ، جەڭ مەيدانىدا ۋاپات بولدى. خوتەننىڭ
باش ۋالىيلىق مەنسىپىنى ئۆتەۋاتقان ئىبراھىم لەشكەر تارتىپ،
ئويراتلار قوشۇنىنى چېكىندۈردى. مىلادىيە 1655 ـ يىلى ئويرات-
لار يەنە كېرىيە چېگرىسىنىڭ ئىچكىرىسىگىچە تاجاۋۇز قىلىپ
كىردى. ئابدۇللا خان لەشكەر ئەۋەتىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ،
ئويراتلارنى چېكىندۈردى. شۇ يىلى ئابدۇللا خان چىڭ سۇلالىسى-
غا ئەلچى ئەۋەتتى.
يەكەن خانلىقىدا ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن خانلىق
بىلەن يەرلىك فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىز-
چىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. خان تەرەققىي كۈچلەرنى
ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلارغا مەمۇرىي مەن-
سەپدارلىققا باش ۋالىي ئەۋەتىش بىلەن بىرگە يەنە جايلارغا بىۋا-
سىتە مەسلىھەتچى بەگ ئەۋەتىپ، لەشكەر ھوقۇقىنى چاڭگىلىدا
تۇتتى، بۇنىڭ بىلەن باش ۋالىي يېڭىكلىك قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمايدىغان بولدى. لېكىن، يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەز-
گىللىرىدە، تاشقى جەھەتتە ئويرات ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرى ئۈز-
لۈكسىز كۈچىيىۋاتقان يامان نىيىتىدىن يانمىدى، ئىچكى جەھەتتە
تەرەققىي كۈچلەرنىڭ خانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشى كۈچە-
يىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار
ئۆز كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتىن ھو-
قۇقدار ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ، خانلىق تالىشىش ئۈستىدىكى
كەسكىن كۆرەشكە قوشۇلۇۋالدى، تاشقى جەھەتتىن ئويرات ئاق
سۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، بۇنىڭ بىلەن خانلىق ناھا-
يىتى تېزلىكتە گۇمران بولۇشقا يۈزلەندى. مىلادىيە 1678 ـ
يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپاق خوجا جۇڭغارلىق ئاق سۆ-
ڭەك غالدانىنى لەشكەر تارتىپ جەنۇبقا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.
خانلىقنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى،
شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولدى. خوتەنمۇ ئاق تاغ-

لىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ كۆرىشىنى بېشىدىن كەچۈردى، ئۇيراتلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، تەپرىقىچى كۈچلەرنىڭ يېغىلىق-لىرىدىن كېيىن، ئۇ يەكەن خانلىقىدىكى تارىخىي مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي دەۋر — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

**ئاپتورى: ياڭ جۇڭدۇڭ**

# سەككىزىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى يەكەن خانلىقىنىڭ (مىلادىيە 1514 - يىلىدىن 1680 - يىلىغىچە) ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئاساسلىق رايونلار «كۇنگەي تەرەپ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ ۋە خوتەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خوتەننىڭ ئالتە شەھىرى خانلىقنىڭ مەركىزىي رايونى ھېسابلىناتتى؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى جۇڭغار خانلىقىنىڭ (تەخمىنەن مىلادىيە 1635 - يىلىدىن 1755 - يىلىغىچە) ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان مۇھەممەد خان تەخمىنەن مىلادىيە1609— 1610-يىللىرى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى شىجائىددىن ئەخمەت خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خانلىق زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاغىسى بىلەن جىيەن، ئاكا بىلەن ئۇكىلارنىڭ خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشلىرى خانلىقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولدى. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلار مەزھىپىدىكى «خوجە-

لار» ۋە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەيدىغان گۇرۇھ كۈچلە-
رىنىڭ راۋاجلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن
دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى بىلەن خانلىقنىڭ ئىچكى قالايمىقانچى-
لىقى ئارىلىشىپ كېتىپ، كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلە-
شەتتى - دە، ئاخىر خانلىقنى پارچىلىنىش، يىمىرىلىش دەۋرىگە
ئېلىپ كىردى. خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ خانلىقنىڭ زاۋاللىققا
يۈزلىنىش، يىمىرىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. قىرغىز قوراللىق
گۇرۇھىمۇ تاج - تەخت ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالى-
شىش كۈرىشىگە ئارىلاشتى، قىرغىز قەبىلە باشلىقلىرى جايلار-
نىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. مەسىلەن، خوتەندىكى ھاكىمبەگ
ئاللايار بىننى ساتىم بېك قاتارلىقلار. كېيىن ئاق تاغلىقلار
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا قىرغىزلار بىلەن
قارا تاغلىقلارنى قوغلاپ چىقاردى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تاجاۋۇز
قىلىپ كىرىشى يەكەن خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ بىۋاستە
سەۋەبى بولدى. جۇڭغار چوڭ قوشۇنى كېرىيىگە ھۇجۇم قىلغان-
دا، كېرىيە ھاكىمبېگى خۇبەيبىر يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن ياردەم سورىدى. خوتەننىڭ باش ۋالىيسى ئۇ بەيلادەن
قاتارلىقلار 20 مىڭ لەشكەر بىلەن ياردەم بەردى. ئاخىرىدا ئىك-
كى تەرەپ سۈلھ قىلدى، غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانلىق
تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، 1680 - يىلى 100 مىڭ
كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىردى.
شۇنىڭدىن باشلاپ، خوتەن قاتارلىق جايلارغا جۇڭغار ئاق سۆڭەك-
لىرى 80 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭ-
شى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھى 70 يىلغا يېقىن
كۈرەش قىلىش ئارقىلىق جۇڭغارلارنى تىنچىتتى.

خوتەن ئەسلىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسى
ئارىلىقىدىكى رايوننى كۆرسىتەتتى، كېيىن ۋىلايەت نامى بولۇپ

قالدى. چىلڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە خوتەن ئالتە شەھە-
رىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭدىن ئىلچى شەھىرى (بۇگۇنكى خوتەن
شەھىرى) ئالدىنقى ئورۇنغا تىزىلاتتى، ئىلچى شەھىرىنىڭ ئايلان-
ما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3.7 چاقىرىم بولۇپ، شەرق، غەرب،
جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىدە تۆت دەرۋازا بار ئىدى. شەھەرنىڭ
كۇن چىقىش تەرەپتىكى كوچىسىغا ئېچىلغان دەرۋازىدا ھۆكۇمەت
ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، قالغان ئۇچ تەرەپتە پۇتۇنلەي
ئۇيغۇرلار تۇراتتى. قاراقاش شەھىرىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى
2.9 چاقىرىم بولۇپ، شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئۇچ
دەرۋازا بار ئىدى، دەرياسىدىن قارا قاش تېشى كۆپ چىقىش
بىلەن نام ئالغان. يۇرۇڭقاش شەھىرىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى
2.5 چاقىرىم بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى دەرۋازا
بار ئىدى. كېرىيە شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 2.9 چاقى-
رىم بولۇپ، شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە تۆت
دەرۋازا بار ئىدى. چىرا شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم-
دىن ئارتۇقراق بولۇپ، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىدە ئىككى دەر-
ۋازا بار ئىدى. تاغ (نۇرى) شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن
بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، غەربىي شىمالىي، غەربىي جەنۇ-
بىي تەرەپلىرىدە ئىككى دەرۋازا بار ئىدى. كېيىنچە نامى نۇرىغا
ئۆزگەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 1761 ـ يىلى)
چىلڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 31 شەھەرنى ئۇچ دەرىجىگە
ئايرىغان. خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق تۆت شەھەر
چوڭ شەھەر دەپ ئايرىلغان؛ ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق تۆت
شەھەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر دەپ ئايرىلغان؛ قاراقاش،
كېرىيە، چىرا قاتارلىق 23 شەھەر كىچىك شەھەر دەپ ئايرىل-
غان. چىلڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەن-
دە، يۇرۇڭقاش، چىرا، تاغ شەھەرلىرى بىكار قىلىنىپ، كەنتكە
ئۆزگەرتىلگەن.

خوتەن ئالتە شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپى كېرىيىگە تەۋە سىرمانغىچە 2830 چاقىرىم، جەنۇبىي تەرىپى چاقماق چۇشتى قاتارلىق تاغقىچە 580 چاقىرىم كېلەتتى، شىمالىي تەرىپى تاغ سىلغىچە 600 چاقىرىم بولۇپ، ئاقسۇ بىلەن چېگرىلىناتتى. غەربىي تەرىپى باكوسقىچە 110 چاقىرىم بولۇپ، يەكەن بىلەن چېگرىلىناتتى.

خوتەننىڭ ئالتە شەھىرىدىكى پۇقرالار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (مىلادىيە 1759 - يىلى) چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، مەسلىھەتچى ئامبال فۇلۇ خوتەندە قوشۇن تۇرغۇزدى. يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتتا، خوتەندىكى ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرى جەمئىي 13 مىڭ 143 تۈتۈن، 41 مىڭ 286 نوپۇس بولۇپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قارىغاندا، 5457 تۈتۈن، 31 مىڭ 257 ئادەم باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەن، دەپ مەلۇم قىلغان. ياندۇرقى يىلى خوتەن ئالتە شەھىرىنىڭ نوپۇسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق ئىستاتىستىكا قىلغان: ئىلچى شەھىرى ۋە يېزىلىرىدا 4308 تۈتۈن، 18 مىڭ 661 نوپۇس؛ قاراقاش شەھەر - يېزىلىرىدا 4272 تۈتۈن، 12 مىڭ 967 ئادەم؛ كېرىيە شەھەر - يېزىسىدا 2229 تۈتۈن، 6224 ئادەم؛ يۇرۇڭقاش شەھەر - يېزىسىدا جەمئىي 1852 تۈتۈن، 6318 نوپۇس؛ چىرا شەھەر - يېزىسىدا 938 تۈتۈن، 2616 نوپۇس؛ تاغ شەھەر - يېزىسىدا 239 تۈتۈن، 716 ئادەم بار ئىكەن. يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا خوتەن ئالتە شەھەردە جەمئىي 13 مىڭ 642 تۈتۈن، 44 مىڭ 603 نوپۇس بار ئىكەن. ئىلىغا بوز يەر ئېچىشقا كۆچۈرگەن دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 1762 - يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «خوتەن ئالتە شەھىرىدە 13 مىڭ 642 تۈتۈن، 44 مىڭ 603 ئادەم بار ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۈچ يىلغا

يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، خوتەن ئالتە شەھىرىنىڭ نوپۇسىغا 3317 ئادەم قوشۇلۇپ، سەككىز پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشقان، بۇ نوپۇسنىڭ نورمال كۆپىيىش نىسبىتىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىدىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى خوتەن ئامبىلى ئىلچى شەھىرىدە تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولدى ھەمدە ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ھوقۇقى يەنىلا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، خانغا مەلۇمات يوللاش قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامبال، زەنگى، پۈتۈكچى بەگنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىرى، پۈتۈكچىدىن بەشى ۋە ياردەمچى پۈتۈكچىدىن تۆتى قويۇلدى. يېشىل تۇغلۇق قوشۇندا باش دىۋان تەسىس قىلىپ، مىڭبېشى، بوتۇڭدىن بىردىن قويۇلدى. چېگرا قوغدايدىغان يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكىرىدىن 223 ئادىمى بار ئىدى. مىلادىيە 1828 - يىلى (داۋگۇاڭ خاننىڭ 8 - يىلى) خان ئامبال ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 500 ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندە ۋەزىپىدە تۇرغان خان ئامباللارنىڭ ئىسمىلىكى مىلادىيە 1765 - يىلىدىن 1864 - يىلىغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل خاتىرىلەنگەن.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار. شىنجاڭدىكى خان ئامباللارنىڭ يىللىق تىزىملىك جەدۋىلى 10» دا ئېيتىلىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (مىلادىيە 1765 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) خوتەن خان ئامبىلى چۇدا ئەسلىدە كۇلۇت (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتۇر شەھە-

رى) نىڭ خان ئامبىلى بولۇپ، شۇ يىلى 2 ـ ئايدا يەكەننىڭ
خان ئامباللىقىغا يۆتكەلگەن، يەكەننىڭ ئىلگىرىكى خان ئامبىلى
ئىرگىنىر يەنىلا شۇ ۋەزىپىدە بولغاچقا، شۇ يىلى چۇدا يەنە
يۆتكىۋېتىلگەن. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە
خاتىرىلىنىشىچە، خوتەننىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى خان ئامبىلى خې
چىڭ بولۇپ، ئەسلىدە باش بۇغ ئىدى، كېيىن خوتەننىڭ خان
ئامبىلىغا تەيىنلەنگەن. مىلادىيە 1765 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىرگە-
نىر چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا: «خې چىڭ ئالدىنقى يىلى قىشتا
خوتەننىڭ ھاكىم بېگى ئەخمەد، باش پۇتۇكچى سۇڭ كېچىن
قاتارلىقلارنى تەكشۇرۇش نامى بىلەن خوتەن ئالتە شەھىرىگە ئەۋە-
تىپ، ئالتۇن، پۇل ـ پۇچەك ۋە كىيىم ـ كېچەك قاقتى ـ
سوقتى قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى خې چىڭ خۇپىيانە ھالدا
قاراڭغۇ تاغنىڭ قاشتېشىنى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويدى» دەپ
مەلۇمات يوللىدى. چيەنلۇڭ خان خې چىڭنى ۋەزىپىسىدىن ئې-
لىپ تاشلاپ تەكشۇرۇش ھەمدە بارلىق گۇناھكارلارنى ئىلى جياڭ-
جۇنى مىڭرۇينىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا
يارلىق چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە، خې چىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەل-
دارلار بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلى-
شىغا يول قويۇپلا قالماي، ئۆزىمۇ پۇقرالارنى ئېزىپ، باج يىغقاند-
دا باج پۇلى ئورنىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ يېنىنى تومىلىغان.
چيەنلۇڭ خان خې چىڭنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە — خوتەن ئالتە
شەھىرىدە سازايى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. بۇ بىر
يىلدا ئۆچتۇرپان قوزغىلىڭىدا خان ئامبال سۇ چېڭ قاتارلىق
كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چيەنلۇڭ خان خەلقنى
ئەزگەن ئەمەلدارنى قاتتىق جازالىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
9 ـ كۈنى (8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) ئوردىغا بىۋاسىتە قارايدى-
غان شۇەنخۇا بازىرىنىڭ باش بۇغى فۇلېخېنى خوتەننىڭ خان
ئامباللىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ئانىسى ياشىنىپ قالغان بولغاچ-

قا، ئۇنى بېيجىڭدا قالدۇرۇپ، ياندىش باش بۇغلۇققا تەيىنلىدى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى (9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) شەنشى داتۇڭ بازىرىنىڭ باش بۇغى بايىنبۇياننى خوتەننىڭ خان ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. چيەنلۇڭ خان چېگرا رايونغا ئەۋەتىلگەن بەزى ئەمەل-دارلارنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلماي، زورلۇق - زومبۇلۇق قى-لىش، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، بايىنبۇياننى بېيجىڭگە كېلىپ يۈز تۇرانە مەلۇمات يوللاپ، سۇ چېڭ، خې چېڭلاردىن ئىبرەت ئېلىش، قول ئاستىدىكىلەرنى چەكلەپ، سالماقلىق بىلەن ئىش بېجىرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. بايىنبۇياننىڭ خوتەندىكى خان ئامباللىق ۋەزىپىسىگە ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى (مىلادىيە 1768 - يىلى) 11 - ئايدا بېيجىڭگە قايتتى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭدىن تارتىپ تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە خوتەننىڭ خان ئامباللىقىنى ئۆتىگەنلەر ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، پەقەت ئاي - كۈنىدىلا پەرق بار. بىر قېتىم خوتەن لەشكەر بېشى ئامبىلىدىن ئىككىسى باشقىدىن قويۇلغان بولۇپ، يەكەندىكى خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، خوتەن خان ئامبىلى يەنىلا ئوردا تەرەپتىن تەيىنلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدى-كى ھەر قايسى جايلاردا ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى تەسىس قىلىپ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئاقسۆڭەك ياكى ئەمەل نامى بولغان «بەگ» سۆزىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ۋە مەزمۇ-نى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە تېخى يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-قان رايونلاردا بەگلىك تۈزۈمنى يۈرگۈزدى ھەمدە ئۇنى ئۈچ دەرىجىدىن يەتتە دەرىجىگە ئايرىدى. دەسلەپتە جەنۇبىي شىنجاڭ-نىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ھەر دەرىجىلىك بەگلەردىن 304 نى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەگلىكنىڭ

مىراسخورلۇق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بەگلىك بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا دىن بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئايرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى ۋە دىنىي ئىشلاردا ۋەزىپىدىكى بەگلەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىش يولغا قويۇلدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دېگەن تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، خوتەن ئالتە شەھىرىدە دەسلەپتە ھەر دەرىجىلىك بەگدىن 50 ى تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ، داۋگۇاڭ دەۋرلىرىدە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەپ، 49 بەگ قويغان.

تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بەگلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان. شىنجاڭدا ھەر خىل بەگلەرنىڭ ئاتىلىشى 35 خىلدىن كۆپرەككە يەتكەن. خوتەن ئالتە شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندە قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

ھاكىمبەگ شەھەر ـ يېزىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇراتتى، ۋەزىپىسى ئېغىر، ھوقۇقى چوڭ ئىدى. شۇڭا، ئالدىنقى قاتارغا تىزىلاتتى. ئىسھاقبەگ ھاكىمبەگنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، ئۇنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئېغىرراق، ھوقۇقى چوڭراق ئىدى، ئۇ ھاكىمبەگنىڭ كەينىگىلا تىزىلاتتى. خەزىنىچىبەگ يەر ـ زېمىن ۋە ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ساڭ بېگى ئاشلىق يىغىش ۋە يۆتكەش ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇراتتى. قازىبەگ بارلىق ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مىراپبەگ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. نائىپبەگ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى، پاششاپبەگ ئامانلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مۇتەسىپ بەگ دىنىي ئىشلارنى باشقۇراتتى، مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. مۇتىۋەللىبەگ يەر ۋە ئۆي ـ زېمىن سېتىش

ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئادىل باھا چىقىرىپ، مۇشۇ جەھەت-
تىكى ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، شۇ جەھەتتىكى
باجنى قوشۇمچە يىغاتتى. ئۆتەڭبېگى پۇقرالارنىڭ ھەربىي راۋات-
لارغا ھاشارغا چىقىش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇراتتى. دورغاپ-
بەگ جايلارنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈش، خاتىرىلەش
ۋە ھۆكۈمەت خىراجىتىنى يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. قارا
دورغا بەگ ھەربىي راباتلارنى قۇرۇش، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى
رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. دورغاپبەگ 2000 ئائى-
لىنىڭ ئاشلىق ۋەزىپىسىنى يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى.
مىڭبەگنىڭ ۋەزىپىسى مىڭبېشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇر
ئاھالىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، بۇ مىڭ تۈتۈن باشلىقى دەپمۇ ئاتى-
لاتتى. شىرغاۋۇلبەگ راباتلارنىڭ ئاشلىق، يېمەك - ئىچمەك
ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. كاسىپبەگ قاشتېشى ئېلىش ئىشلىرى-
غا مەسئۇل ئىدى. كۆنتۈۋالبەگ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرات-
تى. ئالتۇنبەگ ئالتۇن چايقاش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادىيە 1759 - يىلى) 6 -
ئايدا خۇڭلى خان خوجەشنى خوتەن ئالتە شەھىرىنى باشقۇرىدىغان
بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى تۇنجى ۋەزىپىگە
تەيىنلىگەن ھاكىمبەگ ئىدى. خوجەش ھەربىي گازارمىدا خىز-
مەت قىلغان بولغاچقا، ئەسلىدىكى ئىلچى شەھىرىنىڭ بېگى ئەخ-
مەتنى خوتەن ئالتە شەھىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىن-
لەپ، تەرتىپ ساقلىغۇچى پەخرىي ۋەزىر دەپ نام بېرىپ، 3 -
دەرىجىلىك توز پەيلىك ئەمەل تاجى بەرگەن. چوڭ - كىچىك
خوجىلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، خوجەشكە ئى-
نانچىخان دەرىجىلىك دولو بېسلى مەنسىپىنى بېرىپ، چوڭ
ئوغلى مۇزەپپەر، 2 - ئوغلى خۇدابەرى، 4 - ئوغلى قادىر
قاتارلىقلارنى پايتەختتە تۇرغۇزۇپ، 3 - ئوغلى توختى سوپىنى

ئاقسۇدىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە قاراشقا قويدى. ئەخمەت خوتەن ئالتە شەھىرىنىڭ دورغاپبەگلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، نىياز، كويەسلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن خەلقنى ئېغىر دەرىجىدە قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، مىلادىيە 1766 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پايتەختكە چاقىرتىلىپ سوراققا تارتىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىلگىرى ھەربىي گازارمىدا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ يۇقىرى تەبىقە ئۇنۋانى بېرىپ، پايتەختكە ئورۇنلاشتۇرغان. سېتىۋالدى خوتەننىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن.

يېقىنقى زاماندا، خوتەن پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىگە كىردى. مىلادىيە 1864 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ بۈيۈك قوزغىلىڭىنىڭ يانغۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تۇتاشتى. باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمبېگى قەزناچ (تۆمۈر خەز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلىي يۇرتى خوتەنگە قېچىپ كېلىپ، ھەجدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى (9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) خوتەننىڭ خان ئامبىلى چىڭ يىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى ئىشغال قىلدى. ھەبىبۇللا ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدا مەۋجۇت بولغان بەش چوڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. قالايمىقان ئۇرۇشلار جەريانىدا ھەبىبۇللا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىيە 1865 - يىلى يازدا چوڭ ئوغلى جامال خاننى قوقەن، ھىندىستانلاردىن ياردەم تىلەشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. مىلادىيە 1866 - يىلى قوقەنلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ خوتەندە قانلىق قىرغىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتەننى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستى-

دىكى ئون ئايماقنىڭ بىرى قىلىپ، 12 يىل زۇلمەتلىك ھۆكۈمـ
رانلىقىنى يۈرگۈزدى.
مىلادىيە 1876 ـ يىلى زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش
قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي شىمالدىكى قولدىن كەتـ
كەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالدى. دۇڭ فۇشياڭ بۇيرۇققا بىنائەن
خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، گۇاڭشۈنىڭ 3 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ
2 ـ كۈنى (مىلادىيە 1878 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى)
دىكى ئاخىرقى قېتىملىق بىرلەشمە جەڭ ئارقىلىق خوتەننى پۈتۈنـ
لەي قايتۇرۇۋالدى. بۇ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى گۇرۇھىنى قوغلاپ
چىقىرىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىنى غەلىبىلىك قايتۇرۇـ
ۋالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جەڭ بولۇپ قالدى. «ئۇزۇنغىچە
تىنچ ـ ئامان بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1884 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلدى. كونا تۈزۈملەرنىڭ بىكار قىـ
لىنغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى بىلەن
بەگلىك تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىق ئەمەلدىن قالدۇـ
رۇلۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. گۇاڭشۈينىڭ
8 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (مىلادىيە 1882 ـ يىلى
8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) لىيۇ جىنتاڭ «يارلىققا بىنائەن جەنۇبىي
يولدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى مەلۇمات»
تىدا خوتەن بىۋاستە ئايمىقىنى تەسىس قىلغان ھەمدە خوتەن
بىۋاستە ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا قاراقاش شەھىرىدە كېرىيە
ناھىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، خوتەن بىۋاستە ئايمىقى
قەشقەر ھەربىي ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قاراقاش شەـ
ھىرى خوتەن بىۋاستە ئايمىقىغا بىر قەدەر يېقىن بولغاچقا،
خوتەننىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى كەڭ رايونلارنى باشقۇرۇشقا
قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ
26 ـ كۈنى كېرىيە ناھىيە مەھكىمىسى قاراقاش شەھىرىدىن

كېرىيە شەھىرىگە يۆتكەلدى. گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى (مىلادىيە 1884 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) ليۇ جىنتاڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇمات يوللاپ، ليۇ شىنەننى خوتەن بىۋاستە ئايمىقىنىڭ ئامباللىقىغا، شۇ ماۋگۇاڭنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى، ئارقىدىنلا ئامبالغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، ئايماق پۈتۈكچىسى، پاششاپبەگ قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. خوتەندىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەيلى خەنزۇلار شەھىرى بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلار شەھىرى بولسۇن، ئېغىر ۋەيران بولغانىدى. ئۇرۇش ئاياغلىشىش بىلەنلا، جايلار خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قالدۇق ئىشلار جۇجۇقىنى قۇردى. مىلادىيە 1878 ـ يىلىدىن باشلاپ خوتەن شەھەر سېپىلى رېمونت قىلىنىپ، ئاشلىق ساڭلىرى كۆپەيتىپ سېلىندى. گۇاڭشۈنىڭ 9 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، خوتەن كونا شەھىرىنىڭ شەرقىگە ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان جايدا يېڭى شەھەر قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامبال مەھكىمىسى سېلىنىپ، گۇاڭشۈنىڭ 13 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پۈتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خىش پىشۇرۇش ياكى تاش بىلەن شەھەر سېپىلى ياساشقا پەرمان چۈشۈردى، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان خوتەن شەھەر سېپىلى توپا سېپىل. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەھەر سېپىلى خىراجەت يېتىشمىگەچكە كېچىكتۈرۈلۈپ، پەقەت ناھىيە يامۇلىلا سېلىنغان.

خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا 11 مىڭلىق (بەگلىك) (يېزا) بولۇپ، ھەر بىر مىڭلىقتا شاڭيۈ، مىراپتىن بىردىن قويۇلغان. ھەر بىر مىڭنىڭ قارىمىقىدىكى كەنتلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. كەنتنىڭ

چوڭ ـ كىچىكـلىكى ۋە يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ، شاگىيۇغا ياردەملىشىپ ئىش بېجىرىدىغان «يۈز بېشى» قويۇلغان. توساللا مىڭلىقىدا 17 كەنت بولۇپ، ئوتتۇرا رايون دەپ ئاتالغان. شەرق. تىكى ئىلچى مىڭلىقى ئايماق شەھىرىگە بەش چاقىرىم بولۇپ، يەتتە كەنتى بار ئىدى. غەربىي يېزا پارساڭ مىڭلىقى ئايماق شەھىرىگە 20 چاقىرىم بولۇپ، 25 كەنتى بار ئىدى. جەنۇبىي يېزا قاراگغۇتاغ مىڭلىقى شەھەرگە 225 چاقىرىم يىراقلىقتا بو. لۇپ، توققۇز كەنتى بار ئىدى. شىمالىي يېزا سوپا مىڭلىقى شەھەرگە 40 چاقىرىم بولۇپ، 14 كەنتى بار ئىدى. غەربىي شىمالىي يېزا بالىماس مىڭلىقى شەھەرگە 70 چاقىرىم بولۇپ، توققۇز كەنتى بار ئىدى. ئۈنىگدىن باشقا قاياش مىڭلىقى شەھەر. دىن 95 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، يەتتە كەنتى بار ئىدى. ماكۇيا مىڭلىقى شەھەرگە 90 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، 12 كەنتى بار ئىدى. كۇيا مىڭلىقى شەھەرگە 70 چاقىرىم بولۇپ، 15 كەنتى بار ئىدى. بۇغا مىڭلىقى شەھەرگە 115 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، تۆت كەنتى بار ئىدى. قاراساي مىڭلىقى شەھەرگە 70 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، ئىككى كەنتى بار ئىدى. يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا جەمئىي 97 كەنت بار ئىدى. مىلادىيە 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە خوتەن بىۋاسىتە ئايمىقىدا كەنت جەمئىي 149 غا يەتكەن.

كېرىيە ناھىيىسىدە جەمئىي ئۈچ مىڭلىق بار ئىدى. كېرىيە مىڭلىقىغا ناھىيە باشقۇرىدىغان شەھەر قوۋۇقى ۋە شەرق، شىمال تەرەپلىرىدىكى ھەر قايسى يېزىلار قارايتتى، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 2400 چاقىرىم كېلەتتى، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ جەمئىي 40 كەنتنى باشقۇراتتى. چىرا مىڭلىقى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 230 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، 12 كەنت. نى باشقۇراتتى. تاغ (نۇرى) مىڭلىقى ناھىيە بازىرىغا 400

چاقىرىم بولۇپ، يەتتە كەنتنى باشقۇراتتى. 1911 ـ يىلىغا كەل-
گەندە، ناھىيە بويىچە كەنت جەمئىي 79 غا يەتكەن.

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مەھكىمە، نازارەت، ئايماق، ناھى-
يىلەرنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، نوپۇس يىلدىن ـ يىلغا كۆپەي-
دى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن، بەزى
مەھكىمە، نازارەت، ئايماق، ناھىيىلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قى-
لىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. گۇاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
2 ـ كۈنى (مىلادىيە 1902 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)
شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى راۋ يىڭچى بىلەن شەنشى ـ گەنسۇ-
نىڭ باش ۋالىيسى سۇڭ فەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىرلىكتە
مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۈچ مەھكىمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش،
بىۋاستە باشقۇرۇلىدىغان ئايماقتىن بىرنى ئۆزگەرتىپ تەسىس
قىلىش، بىر ئايماقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىر نازارەتنى كۆ-
پەيتىپ، توققۇز ناھىيە، ئىككى تارماق ناھىيىنى كۆپەيتىپ تە-
سىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە «خوتەن ئايمىقى-
دا لوپ ناھىيىسى تەسىس قىلىش» ئوتتۇرىغا قويۇلغان-
دى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى (9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)
چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى «شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن» دەپ
ئىجازەت بەردى. بۇ لوپ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۇ-
رۇپ بېرىدۇ. «لوپ ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ قىشلاق تەزكىرىسى»
دە ئېيتىلىشىچە، گۇاڭشۇنىڭ 29 ـ يىلى لوپ ناھىيىسى قۇرۇل-
غان. خوتەن ئايمىقى بىلەن كېرىيە ناھىيىسى گازۇن ئۆستىڭىنى
چېگرا قىلىپ، خوتەن ئايمىقىغا ئاتلاڭ مىڭلىقىدىن 14 كەنتنى،
تەۋەككۇل مىڭلىقىدىن بىر چوڭ كەنت ۋە تۆت كىچىك كەنتنى،
كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سامپۇل مىڭلىقىدىن 23 كەنتنى ئايرىپ
(1911 ـ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 44 كەنت بار ئىدى)،
لوپ كەنتىنى (ئىلگىرىكى نامى «بوي») ناھىيە مەھكىمىسى

تۇرۇشلۇق جاي قىلىپ، لوپ ناھىيىسىنى قۇردى. ياندۇرقى يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ھاكىمى تاۋجېن مەھكىمىنىڭ ئالدىنى جەنۇبقا قاراپ تۇرىدىغان يامۇل قىلىپ ئۆزگەرتىپ سالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خوتەن بىۋاستە ئايمىقى تەۋەسىدە كېرىيە ناھىيىسى بىلەن لوپ ناھىيىسى بار ئىدى.

شىنجاڭدا مىلادىيە 1864 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئون نەچچە يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى نەتىجىسىدە، نوپۇس زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، 20 نەچچە يىل خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش نەتىجىسىدە، نوپۇس تېزدىن كۆپەيدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسىدە ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 940 مىڭدىن كۆپرەك (بۈگۈنكى ئالتاي ۋىلايىتى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، مىلادىيە 1820 ـ يىلىدىكى 350 مىڭ نوپۇسقا قارىغاندا (ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) تەخمىنەن 5.5 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. مىلادىيە 1908 ـ يىلى شيې ۋېيشىڭ يوللىغان «خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ يېزا ـ قىشلاق تەزكىرىسى» (1910 ـ يىلى يى رۇڭدىڭ تۈزەتكەن «خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ يېزا ـ قىشلاق تەزكىرىسى» مىللەت، نوپۇس، دىن قىسمى) دە: خوتەن ئايمىقى (بۈگۈنكى خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى) دا ئۇيغۇرلاردىن 69 مىڭ 693 ئەر، 67 مىڭ 298 ئايال؛ خەنزۇلاردىن 812 ئەر، 38 ئايال بار، دەپ خاتىرىلەنگەن. «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ قىشلاق تەزكىرىسى» دە: مىلادىيە 1906 ـ يىلى كېرىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا 41 مىڭ 585 ئەر، 44 مىڭ 852 ئايال، جەمئىي 86 مىڭ 437 ئادەم بار،

دەپ خاتىرىلەنگەن. 1907 ـ يىلى يېزىلغان «لوپ ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ قىشلاق تەزكىرىسى» دە: ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 567 ئەر، 29 مىڭ 771 ئايال، جەمئىي 63 مىڭ 338 ئادەم بار دەپ خاتىرىلەنگەن، مىللەت ئايرىلمىغان. يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا خوتەن ئايمىقى، كېرىيە ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسىدە جەمئىي 287 مىڭ 616 نوپۇس بولغان بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 1909 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، شىنجاڭدا نوپۇس تەكشۈرۈش مەھكە-مىسى قۇرۇلدى. مىلادىيە 1911 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىن-جاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. خەلق ئىشلار 5 ـ جىلدى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: خوتەن ئايمىقىدا يەرلىك نوپۇستىن 41 مىڭ 570 ئائىلە، 202 مىڭ 876 ئادەم، ئۆز ئۆلكىمىزدىن بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلار 1064 ئائىلە، 1232 ئادەم، باشقا ئۆل-كىلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 771 ئائىلە، 1071 ئادەم، جەمئىي 43 مىڭ 401 ئائىلە، 205 مىڭ 179 ئادەم بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئايماق شەھىرى ئىچىدە 2412 ئائىلە، 9140 ئادەم، يېزا ـ قىشلاقلاردا 40 مىڭ 989 ئائىلە، 196 مىڭ 39 ئادەم بار. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللىك مۇھاجىرلار 155 ئائىلە، 566 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-غانلىرى 209 كىشى. كېرىيە ناھىيىسى (بۈگۈنكى كېرىيە، چىرا، نىيە، چەرچەن ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە يەر-لىك نوپۇس 23 مىڭ 766 ئائىلە، 98 مىڭ 172 ئادەم بولۇپ، ئۆز ئۆلكىمىزدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 201 ئائىلە، 442 نوپۇس، باشقا ئۆلكىلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 151 ئائى-لە، 365 ئادەم، جەمئىي 24 مىڭ 118 ئائىلە، 98 مىڭ 979 ئادەم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرىدىغانلىرى 2987 ئائىلە، 4981 ئادەم، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇرىدىغانلىرى 21

مىڭ 131 ئائىلە، 93 مىڭ 998 ئادەم. بۇلاردىن باشقا چەت
ئەللىك مۇھاجىر 64 ئائىلە، 325 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭدىن
سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى 182 ئادەم. لوپ ناھىيىسىدە
يەرلىك ئاھالىدىن 11 مىڭ 684 ئائىلە، 72 مىڭ 671 ئادەم
بولۇپ، ئۆز ئۆلكىمىزدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 19 ئائىلە،
47 ئادەم، باشقا ئۆلكىلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 37 ئائى-
لە، 54 ئادەم، جەمئىي 11 مىڭ 740 ئائىلە، 72 مىڭ 27
ئادەم. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەھەردە ئولتۇرىدىغانلىرى 314
ئائىلە، 967 ئادەم، يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇرىدىغانلىرى 11
مىڭ 421 ئائىلە، 71 مىڭ 796 ئادەم. خوتەن ئايمىقى بىلەن
كېرىيە، لوپ ئىككى ناھىيىنىڭ نوپۇسىنى قوشقاندا 79 مىڭ
259 ئائىلە، 376 مىڭ 930 ئادەم بولىدۇ، بۇنى يۇقىرىقى ئۈچ
جاينىڭ يېزا - قىشلاق تەزكىرىسىدە خاتىرىلەنگەن نوپۇس سانىغا
سېلىشتۇرغاندا 89 مىڭ 314 ئادەم ساپ كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچى-
دە خوتەن ئايمىقى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئالاھىدە تېز بولۇپ،
نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئېشىپ، تەخمىنەن
ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا 64 مىڭ 338 ئادەم كۆپەيگەن،
بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. خوتەن ئايمىقىنىڭ ئومۇمىي ئائىلە
سانى بىلەن ئومۇمىي نوپۇسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن ھەر ئائىلىگە 4.73 ئادەم توغرا كەلگەن بولۇپ، كېرىيە
ناھىيىسىدە ھەر ئائىلىگە 4.1 دىن توغرا كەلگەن نىسبەتتىن
يۇقىرى، لوپ ناھىيىسىدە ھەر بىر ئائىلىگە 6.2 دىن توغرا
كەلگەن نىسبەتتىن تۆۋەن بولغان، بۇ ھال ئۇششاق يېزا ئىگىلىك
جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، نوپۇس ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئاپتورى: ۋېي چاڭخۇڭ

# توققۇزىنچى بۆلۈم مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن

مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى بىلەن ئەمەل نامىدا ئۆزگىرىش بولدى. 1913 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاقىتلىق چوڭ زۇڭتۇڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەسىس قىلىنغان مەھكىمە، نازارەت، ئايماق دېگەن يەرلىك «ناملارنى بىردەك ناھىيىگە ئۆزگەرتىش» ، ئۇنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارىنى ھاكىم دەپ ئاتاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى شۇ يىلى 4 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن نامىنى خوتەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتتى. 1919 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياڭ زېڭشىن خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق قاراقاشتا قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىش، قاراقاش دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، دەريانىڭ شەرقى خوتەن ناھىيىسىگە، دەريانىڭ غەربى قاراقاش ناھىيىسىگە تەۋە بولۇش تەكلىپىنى بەردى. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چىرا شۆبە ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، چىرا كەنتى بىلەن نۇرى كەنتى كېرىيە ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىلدى. 1929 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن چىرا كەنتىنى ناھىيە دەرىجىسىگە ئۆستۈردى. 1929 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سەيدۇللا مازىرى جايلاشقان يەردە سەيدۇللا شۆبە ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. بۇ جاي ھىندىستان سودا يولىغا تۇتىشىدىغان مۇھىم بازار بولۇپ، 3269 ئائىلە، 18 مىڭ 30 نوپۇسقا ئىگە ئىدى. ياندۇرقى يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سەيدۇللا شۆبە ناھىيىسى سەيدۇللا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مۇھەممەت ئىمىن، ماخۇسەن يېغىلىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 1943 - يىلى سەيدۇللا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كېرىيە

ناھىيىسىنىڭ 7 ـ رايونى بولغان نىيىنىڭ لەنپە كەنتىگە يۆتكە-
لىپ، نىيە مەمۇرىي ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1944 ـ يىلى 4 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيە دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 1942 ـ
يىلى يېڭىدىن يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدى ۋە
قاغىلىق ناھىيىسى ئايرىپ چىقىلىپ، يەكەن ۋىلايىتىگە قارايدى-
غان بولدى، مىنگونىڭ دەسلىپىدە، ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق ئە-
مەلدارلىرىنىڭ نامى ئامبال، ناھىيە ئامبىلى دېگەن نامدىن ھاكىم
دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى.
مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا دوتەي يامۇلى تەسىس قىلىش جە-
ھەتلەردىمۇ بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ياڭ زېڭشىن مىلا-
دىيە 1919 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خوتەن دوتەي يامۇلى
بىلەن قارا شەھەر دوتەي يامۇلىنى تەسىس قىلىش تەكلىپىنى
بەرگەن. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى خوتەن، قارا شەھەر دوتەي يامۇلىنى قۇرۇشنى تەس-
تىقلىغان. دوتەي بەش يىلدىن كېيىن ئاندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەن-
گەن. 1925 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ماشاۋۇ خوتەننىڭ
دوتەيلىكىگە تەيىنلەندى.
شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن،
نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت قۇرۇش پروگ-
راممىسىدا يەرلىك ھاكىمىيەتتە ئۆلكە، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك
تۈزۈلمە يولغا قويۇلىدۇ، دەپ بېكىتىلدى. جىن شۇرېن شىنجاڭ-
نىڭ زېمىنى كەڭ بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا
دوتەي يامۇلىنى ساقلاپ قېلىش تەكلىپىنى بەردى. 1925 ـ يىلى
5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەركىزىي سىياسىي يىغىننىڭ 181 ـ قې-
تىملىق يىغىنىدا شىنجاڭدا دوتەي يامۇلى دەرىجىلىك مەمۇرىي
ئاپپاراتنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە دوتەي يامۇلىنى مەمۇرىي رايونغا
ئۆزگەرتىش، دوتەينى مەمۇرىي ئەمەلدار دەپ ئاتاش توغرىسىدا
قارار چىقىرىلدى. خوتەن مەمۇرىي رايونى 7 ـ مەمۇرىي رايون

دەپ ئاتالدى. 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ما شاۋۋۇ 1930 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەرگە يۆتكىلىپ، مەمۇرىي باشلىقلىقتا قويۇلدى. ياڭ چۈنجياڭ، تەن فېڭيى قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەننىڭ مەمۇرىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، تەن فېڭيى مۇھەممەت ئىمىن توپىلىڭدا تەسلىم بولۇپ، كېيىن ئەسلىي يۇرتى گەنسۇغا قايتىپ كەتتى. مۇھەممەت ئىمىن مالىك ھەزرەت، مەتنىياز ئەلەم قاتارلىقلارنى خوتەننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئارقىدىنلا «شېڭ شىسەي — ماجۇڭيى ئۇرۇشى» پارتلىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە ما جۇڭيىڭنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. كېلىشىم ئارقىلىق ماجۇڭيىڭ سوۋېتقا كېتىدىغان، 36 ـ دېۋىزىيىنى توققۇز لۈي قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان، بۇ 12 مىڭ 500 ئادەمگە ماجۇڭيىڭنىڭ يېزنىسى (ئاچىسىنىڭ ئېرى) ماخۇسەن مۇۋەققەت دېۋىزىيە باشلىقى، ماشىشۈن، ياڭ جىڭجۇڭ مۇئاۋىن دېۋىزىيە باشلىقى بولىدىغان بولىدۇ. مۇھەممەت ئىمىننىڭ قوشۇنى قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا 36 ـ دېۋىزىيە بىلەن تۇتۇشۇپ، مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قېچىپ كېلىۋالدى. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، 36 ـ دېۋىزىيىنىڭ ئالدىنقى قوشۇنى قاراقاشتىكى زاۋىغا يېتىپ كەلدى. مۇھەممەت ئىمىن ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ، ئاخىرقى قېتىم تىركەشمەكچى بولغاندا، ماخۇسەن قوشۇننىڭ قوغلىشى بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ماخۇسەن قوشۇنى خوتەن، قاغىلىق، قاراقاش، گۇما، لوپ، چىرا، كېرىيە، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق توققۇز ناھىيىنى ئىگىلىدى ۋە بۇ جايلارنى ئۆزىنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىپ، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك داۋام

قىلغان يېرىم بۆلۈنمە شەكىلدىكى ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى.
ماخۇسەننىڭ خوتەن خەلقى ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى
خوتەن خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بول-
دى. ما خۇسەن مەتنىياز ئەلەمنى خوتەننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلى-
قىغا كۆرسەتتى. مەتنىياز ئەلەم ما خۇسەننىڭ قانلىق باستۇرۇش
سىياسىتىنى ئاستىرتىن قوللاپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى ساقلاپ قال-
دى. بۇ ۋاقىتتا ما خۇسەن 36 - دىۋىزىيىنىڭ سەنمۇسى سۇ
جىشەننى خوتەن رايونىنىڭ مۇئاۋىن مەمۇرىي باشلىقلىقىغا كۆر-
سەتتى، سۇ جىشەن ما خۇسەننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 36 -
دىۋىزىيە ھەربىي تەمىرات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ مېڭجيۇ
بىلەن ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ھەرىكەت
ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى يۇ جېنگو ئۆتىدى.

1935 - يىلى ما جۇڭيىڭ موسكۋادىن ۋۇ يىڭچى قاتارلىق
كىشىلەرنى خوتەنگە ئەۋەتتى. ئۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ ما شىشۇن
36 - دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولۇش، ما خۇسەن سو-
ۋېتكە ئۆگىنىشكە بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. ما
خۇسەن ما شىشۇن 36 - دىۋىزىيىنى كونترول قىلالمايدۇ دەپ
قارىدى. ما جۇڭيىڭ ۋۇ يىڭچىنى مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقلىقى-
غا تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ما خۇسەن يەنىلا ئىجرا
قىلمىدى. 1936 - يىلى 8 - ئايدا ما جۇڭيىڭ ماخۇسەننى شىڭ
شىسەي بىلەن ئىككى تەرەپ ھەربىي جەھەتتە يەنىلا پوسكام دەريا-
سىنى چېگرا قىلىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، 36 -
دىۋىزىيىنى تۆت لۈي قىلىپ تەرتىپكە سېلىپ تەشكىللەش، پۈ-
تۈن دىۋىزىيىنىڭ ئادىمىنى 4000 دىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، مۇدا-
پىئە رايونى ئۆزگەرمەسلىك، ئاشلىق، تەمىنات قاتارلىقلارنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىنلەش، خوتەننىڭ مەمۇرىي باشلىقى ۋە
ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە تەيىن-
لەپ ئەۋەتىش قاتارلىق مەزمۇنلاردا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش

توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كېلىشىمنى ئىمزالاشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇددىئاسى بار ئىدى. ھەر ئىككىسى تىنچلىق كېلىشىمى ئارقىلىق ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتەمەكچىدى، شۇڭا ما خۇسەن ئەسكىرىدىن بىرنىمۇ قىسقارتمىدى. 1937 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى مامۇت ئەنگلىيىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى چىققاندا، ما خۇسەنمۇ ئەنگلىيىنىڭ ئاستىرتىن قوللىشى ئاستىدا لوپ ناھىيىسىدە ھەربىي يىغىن ئېچىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى نۇتۇق سۆزلىدى. ما خۇسەن يەكەندە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى، ما فۇيۈەن خوتەندە ئارقا سەپ قوماندانى بولۇپ، مامۇت بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇغا قىستاپ كېلىپ، كۇچانى قورشىۋالدى. شېڭ شىسەي قوشۇنى قۇمۇلدىكى يولۋاس كۈچلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ما خۇسەنگە تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا كۈچىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى كونىستانتىنوف باش قوماندانلىقىدىكى ماشىنىلاشقان پولك، 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماسلىشىشى ئاستىدا شىنجاڭغا كىرىپ، ئۈلۈغچاتتا تۇرۇشلۇق ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بىلەن بىرلەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى 36 - دىۋىزىيىنىڭ لۈيجاڭى ما شېڭگۇينى سېتىۋېلىپ، ئارقىدىنلا ما خۇسەن - مامۇت بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ماخۇسەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە خوتەننىڭ ئالتۇنلىرىنى بۇلاپ ھىندىستانغا ئۆتكەندە، ئالتۇنلار تۇتۇپ قېلىندى. ئۇ دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، ما بۇفاڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەچكە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ما شېڭگۇي خوتەندە 36 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولدى. 1937 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ شىسەيگە تېلېگراما

يوللاپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت ئارمىيىسى ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە ھەربىي خىراجەت ئەكىلمىز دېگەن نام بىلەن ما شېڭگۈي، ماشىشۈن، يۈي جېنگو قاتارلىقلارنى ئايروپە-لانغا چىقىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار چە-قىپ بولۇشىغىلا ئايروپىلان دەرھال كۆتۈرۈلۈپ، ئايروپىلان ئۈستىدە ماشېڭگۈي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ ئې-تىپ ئۆلتۈرۈلدى. ما فۇيۈەن، ياڭ جېڭجۇڭ قاتارلىقلار دۇن-خۇاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى. سوۋېت ئارمىيىسىد-نىڭ ئايروپىلانى 36 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى بوم-باردىمان قىلدى. 36 - دىۋىزىيە شۇنىڭ بىلەن پارچىلاندى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىپ ما خۇسەن قاتار-لىق ئۇچ چوڭ دۈشمىنىنى يوقاتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوتەن ۋىلايىتىنى يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇردى.

شېڭ شىسەي ما خۇسەن بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالى-غاندىن كېيىن، 1936 - يىلى 8 - ئايدا مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جېڭ يىجۇننى ئالاھىدە ۋەكىل قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ ئايالى جاۋ يۇنزۇڭ ۋە ئىككى نەپەر خۇيزۇ كاتىپ، مۇھاپىزەتچى ۋە تېلېگ-راف ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى ئېلىپ 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ كەتمىنىنى چاپتى. جېڭ يىجۇن قارشى ئېلىش يىغىنىدا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش، يېڭى شىنجاڭ قۇ-رۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا سۆز قىلدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكى-لىك ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، جېڭ يىجۇن باشقارما باشلىقى بولدى. ما خۇسەن ئۇنىڭغا «تىنچ-لىق ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ جۇڭگونى قۇتقۇزايلى» دېگەن لەۋھە-نى تەقدىم قىلدى. جېڭ يىجۇن قاتارلىق كىشىلەر دىخۇاغا قايت-

ماقچى بولغاندا، 1937 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ما خۇسەن جېڭ يىجۇننى خوتەننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا كۆرسىتىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارنىڭ تامغىسىنىلا بەردى. مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسى-نىڭ خادىملىرى ۋە ناھىيىلەرنىڭ خادىملىرىدىن بىرسىمۇ ئۆز-گەرتىلمىدى. ما خۇسەن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، جېڭ يىجۈن خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ما خۇسەننىڭ مۇھاپىزەتچى قى-سىم كوماندىرى قوشۇننى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ ما خۇسەننىڭ خوتۈننى ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا ما شېڭگۇي قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ما شېڭگۇي قىسمى بىلەن ما فۇيۈەن قىسمى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا تالىشىپ تۇتۇ-شۇپ قالدى. جېڭ يىجۈن قاتارلىقلار خوتەن شەھەر ئەتراپىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. 36 ـ دىۋىزىيە پارچىلانغاندىن كېيىن، جېڭ يىجۈەن ئالدىراشلىق بىلەن خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىۋاتقاندا، ۋاڭ مىڭ تەرىپىدىن تروتىسكچى دەپ قارا چاپلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باس-قۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تۈزدى. جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىلگى-رى ـ كېيىن بولۇپ 100 دىن كۆپرەك كادىرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭنى ياپونغا قارشى مۇستەھكەم كەڭ ئارقا سەپ ۋە خەلقئارادىن جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان بۇيۇملارنى توشۇيدىغان چوڭ ئېغىز قىلىپ قۇ-رۇپ چىقىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئە-زالىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئەۋەتىلدى. ئىل-گىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەنگە ئەۋەتىلگەن كومپارتىيە ئەزالىرى جەمئىي توققۇز نەپەر ئىدى. پەن بونەن (ئەسلىي ئىسمى پەن تۇڭ) 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە

خوتەن گارنىزۇننىڭ قوماندانى، قوشۇمچە خوتەن رايوننىڭ
مەمۇرىي باشلىقى بولدى. پەن بونەن خېبىينىڭ شاخې دېگەن
يېرىدىن (خېنەنلىك دەيدىغانلارمۇ بار) بولۇپ، خۋاڭپۇ ھەربىي
مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئىلگىرى فېڭ يۈيشياڭنىڭ قول ئاستىدا
ئىشلىگەن، 1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جياڭشىدىكى نىڭدۇ قوزغى-
لىڭىغا قاتنىشىپ، قايتا تەشكىل قىلىنغان قىزىل ئارمىيە 5 ـ
يۈنلىش ئارمىيىسىگە كىرگەن. ئۇزۇن سەپەردە غەربكە يۈرۈش
قىلىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ،
غەربىي يۈنلىش سول تارماق قىسىمى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ،
«يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» كادىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى
بولغان. 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەندىن قۇمۇل رايوننىڭ
مەمۇرىي باشلىقى، قوشۇمچە گارنىزوننىڭ قوماندانلىقىغا يۆتكەل-
گەن. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شېڭ شى-
سەي 1942 ـ يىلىدىكى «سۇيقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى
ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىن-
جاڭدىكى كادىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قولغا
ئالغان. پەن بونەن دەسلەپكى سوراقلاردا جەسۇرانە ھالدا دۇشمەن-
نىڭ ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىن
گومىنداڭ چوڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە خىزمەت ئىش-
لىشى نەتىجىسىدە، 1943 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى
ئاسىيلىق قىلىپ، جياڭ جيېشى ئىشپىيونلىرىنىڭ چوماقچىسىغا
ئايلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن لەنجۇدا باستۇرۇلغان.

«يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»دىن خوتەنگە كېلىپ خىزمەت
قىلىشقا ئاجرىتىلغان كادىرلاردىن يەنە تەن گۈيياۋ (ئەسلىي
ئىسمى تەن چىڭرۇڭ) خوتەن ئاتلىق ئەسكەر 38 ـ تۈەننىڭ
شاۋشاۋ دەرىجىلىك ليەنجاڭى بولغان. گۇ جيۈەن (ئەسلىي ئىس-
مى گو شيەنىەن) خوتەن گارنىزون سىلىڭبۇسى ھەربىي تەمىنات
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. تەن گۈيياۋ ۋەزىپە ئۆتىگەن

مەزگىلدە توسالغۇلارنى يېڭىپ كونا ئارمىيىنىڭ بەزى ناچار ئادەت-
لىرىنى ئۆزگەرتكەن. بۇ تۆۋەندىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ
كۆپىنچىسى ئەسلىدىكى شەرقىي شىمالىي پىدائىيلار قوشۇنىدىن
ئۆزگەرتىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خادىملار ئىدى، تۇەنجاڭ گېنې-
رال مايور سەي جىيۇەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار بىلىملىك
ھەربىي بولۇپ، سابىق پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ جۇڭشياۋ سەنمۇسى
ئىدى. ئۇ ئارمىيە ئىچىدىكى چىرىك ئىستىللارنى ئىسلاھ قىلىش-
نى قوللىغان، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ
تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن.
1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن 2 - تۈركۈم
كادىرلارنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار
دىخۇاغا كېلىپ بىر ئاي ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن، 1939 -
يىلى 2 - ئايدا خوتەندە خىزمەت قىلىشقا ئىلگىرى - كېيىن
جەمئىي ئالتە ئادەم كەلگەن. مارۇي (ئەسلىي ئىسمى ما جاۋ-
سۇڭ) خوتەن رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى، كې-
يىن مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولغان، 1941 - يىلى بورتالا
ناھىيىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈم باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن. چېن جيې-
شۇ (ئەسلىي ئىسمى چېن گۇاڭجۇ) خوتەن يەرلىك باج ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلى-
رىنىڭ باج خىزمىتىنى باشقۇرغان، 1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ
6 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى، ناھىيىلىك
مەمۇرىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 11 - ئاينىڭ
24 - كۈنى ۋەزىپىدە ئولتۇرغان. ماشۇ (ئەسلىي ئىسمى كاڭ
زۇڭچيۇ) «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خوتەن شۆبىسىنىڭ تەھ-
رىرى، باش مۇھەررىرى، مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولغان. شۆ
خەندىڭ (ئەسلىي ئىسمى شۆ جىگاڭ) قاغىلىق باج ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن مالىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى،

بۇگۇر ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. خۇاڭ يۇڭ-
چىڭ كېرىيە، چىرا يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
كېيىن مالىيە نازارىتىنىڭ تەكشۇرگۇچىسى، بۇگۇر ناھىيىلىك
باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. خۇاڭ يۇڭچىڭ كېرىيە، چىرا
يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن مالىيە نازا-
رىتىنىڭ تەكشۇرگۇچىسى، بۇگۇر ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى بولغان. چيەن پىڭ (ئەسلىي ئىسمى چيەن چۇنشىن)
1941 - يىلى 11 - ئايدىن 1942 - يىلى 8 - ئايغىچە كېرىيە،
چىرا باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى
يەكەن يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاقسۇ يەرلىك
باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇلار ئالاھىدە مۇ-
ھىتتا ئاجايىپ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ھەممە ئىشتا
باشلامچى بولۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ،
كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تارقاتقان. ماۋ زېمىننىڭ يولىيورۇقىغا
قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پۇل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن
يولغا قويۇپ، مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، مال باھاسىنى
مۇقىملاشتۇرغان، نامرات دېھقانلارنى ئېغىر باج - سېلىقلار-
دىن ئازاد قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىشنى
ئىلتىماس قىلغان، گىلەم، يىپەك توقۇمىچىلىق قاتارلىق يەر-
لىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ پەقەت خوتەن گىلەم كارخانىسىغىلا 15
مىڭ يۈەن قەرز ئىلتىماسى سۇنغان؛ سودا ئىشلىرىنى راۋاجلان-
دۇرۇپ، مەككار سودىگەرلەر ۋە ئەتكەسچىلەرگە زەربە بەرگەن.
خوتەندە يېڭىچە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ،
ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىيەت ئا-
قارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
قۇرۇپ، كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇتۇق
سۆزلەش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-

شى تەشۋىق پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرغان. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا خوتەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، بىر ناھىيە بىردىن (كىچىك ناھىيىلەر ئىككى ناھىيە بىردىن) كۆرەشچى ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، «شىنجاڭ ماركىلىق» دەپ نام بەرگەن.

1943 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭغا كىردى، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خوتەن مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 7 ـ رايون ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا گۇما، خوتەن، قاراقاش، لوپ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق ئالتە ناھىيە قارىدى ۋە نىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىنى ئالاھىدە دەرىجىلىك، بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككىنچى دەرىجىلىك، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ناھىيە ۋە دەرىجىگە ئايرىلمىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى دېگەن دەرىجىلەرگە ئايرىدى. ناھىيىلەر نوپۇسى، تېرىلغۇ يېرى، ئىقتىساد، قاتناش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىكى ئورنى قاتارلىقلارغا قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم دەرىجىگە ئايرىلدى. خوتەن، كېرىيە ناھىيىلىرى بىرىنچى دەرىجىلىك ناھىيە، قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرى ئىككىنچى دەرىجىلىك ناھىيە، لوپ، چىرا ناھىيىلىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ناھىيە قىلىندى. 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ، يېڭى بەلگىلىمە بويىچە ناھىيىلەرنى بەش دەرىجىگە ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئايرىدى، ئالاھىدە دەرىجىلىك ناھىيىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خوتەن ناھىيىسى بىرىنچى دەرىجىلىك ناھىيە، كېرىيە، قاراقاش ناھىيىلىرى ئىككىنچى دەرىجىلىك ناھىيە؛ لوپ، چىرا ناھىيىلىرى

ئۈچىنچى دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ ئايرىلدى. 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى نىيە ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، تۆتىنچى دەرىجىلىك ناھىيە قىلىندى.

1944 - يىلى 3 - ئايدا شىڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ تۇياق ئات يىغىش، بۇنىڭ ئىچىدىن 6300 تۇياقنى سېتىۋېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا شەھەردىن باشقا مەمۇرىي رايونلارغا ئاتنىڭ ھېسابىغا پۇل تۆلەش ۋەزىپىسى چۈشتى. خوتەن رايونىغا 700 تۇياق ئات ۋەزىپىسى چۈشكەن بولۇپ، ھەر بىر ئات ئۈچۈن 700 يۈەن تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ئات سېتىۋېلىش ھەيئىتى («ئات تەقدىم قىلىش ھەيئىتى» مۇ دېيىلگەن) قۇرۇلغان. خوتەن دېھقانچىلىق رايونى بولغاچقا، ياخشى ئاتلار ئاز تېپىلاتتى. شۇڭا، ئاتنىڭ ئورنىغا نەق پۇل يىغىۋېلىشقا توغرا كەلدى.

1943 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەسلىدە ھەر بىر ناھىيە بىردىن ئايروپىلان، ئۆلكە بويىچە 64 ئايروپىلان ئىئانە قىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 144 ئايروپىلان ئىئانە قىلىندى. خوتەن، قاراقاش، گۇما، كېرىيە ناھىيىلىرى ئىككىدىن، لوپ، چىرا ناھىيىلىرى بىردىن ئايروپىلان ئىئانە قىلدى، ھەر بىر ئايروپىلان 30 مىڭ 100 يۈەن ئىدى.

1943 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىتتىپاقداشلار غەلىبىسى زايومىدىن 50 مىليون يۈەن تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن رايونى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەننى ئورۇنداپ ھەر مىللەت خوتەن خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قوللاشتىكى غايەت زور قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى.

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋۇ جۇڭشىن

ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ھەر مىللەت زاتلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىندىجاڭدا ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەتنى زور كۈچ بىلەن يۈرگۈزۈپ، باۋ - جيا قانۇنىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئالدى بىلەن خوتەن ناھىيىسىدە بەش بازار، 48 باۋ، 495 جيا قۇرۇلدى، پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلىپ، رايون باشلىقىدىن سەككىزى سايلاپ چىقىلدى ھەمدە باۋ جاڭ - جياجاڭ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. قاراقاش، لوپ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، باۋ جاڭ - جياجاڭ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، گومىنداڭپەرەسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئاتالمىش پۇقرالار قەسەمياد قىلىش يىغىنى، تۇتۇن باشلىقلىرى يىغىنى، خەلق مۇداپىئە يىغىنى، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى قاتارلىقلارنى چاقىردى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946 - يىلىنىڭ بېشىغىچە خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ۋاقىتلىق كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ھاكىم باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىدىكىلەر نامزاتنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملارنى ئايرىپ، باۋ جاڭ - جياجاڭلارنى ماھارەت مەشىقى قىلدۇرۇپ، كېڭەش يىغىنى سايلىمىغا تەييارلىق قىلدى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خوتەن ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، كېڭەش ئەزاسى 37 كىشىدىن تەركىب تاپتى. كېڭەش باشلىقلىقىنى ئەمەت، مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى چېن شىيى ئۆتىدى. قاراقاش ناھىيىسى ناھىيىنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ، 1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇپ چىقتى. گويا

ناھىيىلىك ۋە چىرا ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىمۇ 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. لوپ ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش ھەيئىتى 1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، كېرىيە ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش ھەيئىتى 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قۇرۇلدى. خوتەن رايونىدىكى باشقا تۆت ناھىيىدە كېڭەش ھەيئىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغان ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 9 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە ھاكىم سايلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئون سايلام نازارەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش قارار قىلىندى. خوتەن رايونىنىڭ سايلام نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى 7 ـ گۇرۇپپا بولۇپ، لىۇ شىيالى گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۆتىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى خاۋ دېڭباڭ (نۇربەگ)، ھوشۇرنىيازئاخۇن، ئەنۋەر، قاسىمخانلاردىن تەركىب تاپتى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلام نازارەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەكشەپ، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەتنى خوتەن رايونى سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلدى. كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ھاكىملارنى سايلاش داۋامىدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن بولدى. خوتەن رايونى ئەسلىدە مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت، مەسئۇدلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. قەشقەر رايونى سايلام نازارەت گۇرۇپپىسى (ئۈچىنچى گۇرۇپپا) نىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن يەكەن ناھىيىلىك سايلام نازارەت گۇرۇپپىسى (10 ـ گۇرۇپپا) نىڭ باشلىقى بۇرھان شەئىدى مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خوتەندە ئېلىپ بارغان سايلىمىدىن نارازى بولۇپ، ئىختىلاپنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە خوتەنگە ئۆزلىرى كەلگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە سايلام مەيدانىغا ئوق ئېتىپ، تۆت ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدەك قانلىق دېلونى پەيدا قىلدى. بۇ ئىش قاراقاش ناھىيىسىدە ھاكىمنى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىنى ۋاقتىدا سايلاپ چىقىشقا تەسىر يەتكۈزگەچكە، 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن ئاندىن تولۇقلاپ سايلاندى. خوتەن رايونىنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدە سايلانغان ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭغا مايىل ئىدى. كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سايلامغا نازارەت قىلدى. خوتەن رايونىدا سايلىنىشقا تېگىشلىك 16 نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىدىن 12 سى سايلاندى. ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىگە پەقەت تۆتلا ئادەم قاتناشتى. شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى پارچىلانغاندا، خوتەن رايونىنىڭ بىر نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كەتتى. بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلغان شىنجاڭنىڭ ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى سايلىمى مۇشۇنىڭ بىلەن بەربات بولدى.

1916 ـ يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستاتىستىكا بۆلۈمى تۈزگەن شىنجاڭنىڭ نوپۇس جەدۋىلىدە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 278 مىڭ 727 دەپ كۆرسىتىلگەن. شىنجاڭنىڭ نوپۇس دىئاگراممىسىدا ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىدىكى خوتەن، كېرىيە، گۇما، لوپ تۆت ناھىيىنىڭ نوپۇسىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارمۇ كۆرسىتىلگەن، يەنى 1916 ـ يىلى تۆت ناھىيىدە جەمئىي 99 مىڭ 69 ئائىلە، 443 مىڭ 373 نوپۇس بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 233 مىڭ 74، ئايال 210 مىڭ 209؛ تۆت ناھىيىدە يەنە ئەنگلىيە، رۇسىيە مۇھاجىرلىرىدىن 1757 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە مۇھاجىرى 335 (ئەر 227، ئايال 108)، رۇسىيە مۇھاجىرى 1422 (ئەر 805، ئايال 617). ئەر ـ ئاياللار سانىدىكى پەرقتىن، ئەينى ۋاقىتتى-

كى ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**1916 ـ يىلىدىكى تۆت ناھىيىنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكا جەدۋىلى**

| ناھىيە | ئائىلە سانى (ئائىلە) | ئەر (ئادەم) | ئايال (ئادەم) | ئەر-ئايال ئومۇمىي سانى (ئادەم) |
|---|---|---|---|---|
| گۇما | 12870 | 32451 | 26477 | 58928 |
| خوتەن | 41197 | 100977 | 91636 | 192616 |
| لوپ | 20884 | 45516 | 43213 | 88729 |
| كېرىيە | 24118 | 54120 | 48980 | 103100 |

شىنجاڭنىڭ نوپۇس دىئاگراممىسىدا يەنە بىر ئالاھىدە ئىستاتىستىكا جەدۋىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا خولېرا، كېزىك، چېچەك، ئەسۋە قىزىتما كېسىلى، سكارلاتىنا، چۇما، بوغما، زەھەرلىك تولغاق قاتارلىق سەككىز خىل كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى كۆرسىتىلگەن. ئىستاتىستىكا دىئاگراممىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى 42 ناھىيىدە بۇ سەككىز خىل كېسەل تارقالغان بولۇپ، خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىدە مۇشۇ كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئەڭ كۆپ بولغان. 1916 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە 24190 ئادەم يۇقىرىقى سەككىز خىل كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن، 2011 ئادەم ئېنىق بولمىغان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، 3328 ئادەم باشقا كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەنلەر 2065 نەپەر، قېرىپ ئۆلگەنلەر 1373 نەپەر بولۇپ، باشقا ناھىيىلەردىكى مۇشۇنداق كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەن.

شۇ يىلى خوتەننىڭ پۈتۈن ناھىيىلىرىدە جەمئىي 32 مىڭ 969 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن قالسا، لوپ ناھىيىسىدە 12 مىڭ 848 ئادەم مۇشۇ سەككىز خىل كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، 107 ئادەم ئېنىق بولمىغان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، 17 ئادەمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى ئېنىق بولمىغان، 243 ئادەم قېرىلىقتىن ئۆلگەن، قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى ئىستاتىستىكا قىلىنمىغان، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 13 مىڭ 215 ئادەم ئۆلگەن. 1936 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مىنگو ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 904 مىڭ 64 ئائىلە، 4 مىليون 360 مىڭ 20 نوپۇس بارلىقىنى يوللىغان ھەمدە بۇ نوپۇسنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1931 - يىلى، 1933 - يىلى ئىككى يىلدا تەكشۈرگەن سان ئىكەنلىكى، ئائىلە سانىنىڭ 1928 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا مۆلچەرلەنگەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نوپۇس ۋە ئائىلىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىنىشى يۈزە بولۇپ قالغان. خوتەن ناھىيىسىدە 33 مىڭ 62 ئائىلە، 158 مىڭ 205 نوپۇس؛ كېرىيە ناھىيىسىدە 36 مىڭ 389 ئائىلە، 144 مىڭ 66 نوپۇس؛ لوپ ناھىيىسىدە 26 مىڭ 514 ئائىلە، 107 مىڭ 491 نوپۇس؛ قاراقاش ناھىيىسىدە 25 مىڭ 139 ئائىلە، 104 مىڭ 152 نوپۇس؛ گۇما ناھىيىسىدە 19 مىڭ 695 ئائىلە، 80 مىڭ 495 نوپۇس؛ چىرا ناھىيىسىدە 13 مىڭ 333 ئائىلە، 63 مىڭ 562 نوپۇس؛ قاغىلىق ناھىيىسىدە 24 مىڭ 540 ئائىلە، 180 مىڭ 275 نوپۇس؛ سەيدۇللا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەۋەسىدە 3269 ئائىلە، 18 مىڭ 30 نوپۇس بار ئىدى. خوتەن مەمۇرىي رايونىدا جەمئىي 211 مىڭ 941 ئائىلە، 856 مىڭ 546 نوپۇس بار ئىدى. ئەگەر ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەر بويىچە قاغىلىق ناھىيىسى-

نى چىقىرىۋېتىپ ھېسابلىغاندىمۇ 187 مىڭ 401 ئائىلە، 676
مىڭ 271 نوپۇس بولاتتى. بۇ نوپۇس سانى توغرا بولمىغاچقا،
ئون يىلدىن كېيىنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكى-
سىدىكى ساندىن نەچچە 10 مىڭ نوپۇس ئېشىپ كەتكەن.

1943 - يىلى ئېلان قىلىنغان خوتەن مەمۇرىي رايونىنىڭ
نوپۇس ساندىمۇ ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلگەن، «مىنگو ھۆكۈمە-
تى يىلنامىسى» دە 523 مىڭ 661 نوپۇس بار دېيىلگەن. شىنجاڭ
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خېڭشېڭ
يازغان «شىنجاڭنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق ئەھۋالى» دىكى
«شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىدىكى نوپۇس، بوستانلىق، تې-
رىلغۇ يەر كۆلىمى جەدۋىلى» دە خوتەن ۋىلايىتىدە 606 مىڭ 252
نوپۇس بار دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى سان ئوتتۇرىسىدا 70
مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس پەرقى بار. 1944 - يىلى ئىچكى مەمۇرىي
مىنىستىرلىق نوپۇس ئىدارىسى شىنجاڭدا 4 مىليون 11 مىڭ
330 نوپۇس بارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان.
بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ناھىيىسىدە 117 مىڭ 948 نوپۇس، قارا-
قاش ناھىيىسىدە 143 مىڭ 802 نوپۇس، لوپ ناھىيىسىدە 113
مىڭ 53 نوپۇس، گۇما ناھىيىسىدە 90 مىڭ 553 نوپۇس،
كېرىيە ناھىيىسىدە 87 مىڭ 7 نوپۇس، چىرا ناھىيىسىدە 61
مىڭ 800 نوپۇس بولۇپ، نىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى
تەۋەسىدىكى نوپۇس خاتىرىلەنمىگەن، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە
جەمئىي 614 مىڭ 169 نوپۇس بار دېيىلگەن. خوتەننىڭ ھەرقاي-
سى ناھىيىلىرىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ،
ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار،
موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى.

1946 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرى-
دە ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە ھاكىم سايلاش
مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ نوپۇ-

سى تەكشۈرۈلۈپ، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 4 مىليون 102 مىڭ 441 نوپۇس بارلىقى، خوتەن رايونى بويىچە جەمئىي 640 مىڭ 200 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ناھىيىسىدە 128 مىڭ 967، قاراقاش ناھىيىسىدە 146 مىڭ 543، لوپ ناھىيىسىدە 118 مىڭ 324، گۇما ناھىيىسىدە 96 مىڭ 216، چىرا ناھىيىسىدە 68 مىڭ 258، كېرىيە ناھىيىسىدە 72 مىڭ 821، نىيە ناھىيىسىدە 9071 نوپۇس بارلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلغان. خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى شەھەر - يېزا نوپۇسى ئاساسەن دېھقان - چارۋىچىلىق نوپۇسى ئىدى. خوتەن ناھىيە بازىرىدا 14 مىڭدىن ئارتۇقراق شەھەر بازار نوپۇسى بار بولۇپ، باشقا ناھىيىلەردە شەھەر نوپۇسى مىڭدىن ئارتۇق ياكى نەچچە مىڭ ئىدى.

ئاپتورى: ۋېي چاڭخۇڭ

# ئوننچى بۆلۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

## 1. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ باشلىنىش مەزگىلى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرى گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى شىنجاڭغا

ھەربىي يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى چىقاردى. 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ جۇن 5 ـ دىۋىزىيە 15 ـ تۇەن بۇيرۇققا بىنائەن خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۇەن باشلىقى جياڭ يۇخې، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى ليۇ يۆ باشچىلىقىدىكى 80 نەچچە كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئالدىن يۈرگۈچى قىسىم ئاقسۇدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 15 ـ تۇەننىڭ ئاساسىي كۈچ قىسمى سىياسىي كومىسسار خۇاڭ چېڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ گۇڭ زىيۇەن، شتاب باشلىقى بەي چۇنشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋات ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى پىيادە كېسىپ ئۆتۈپ، 790 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. داغدۇغىلىق ھالدا شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 40 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي، سىياسىي كومىسسارى شى جۇڭشۈن ئالاھىدە مۇكاپاتلاش بۇيرۇقى ئەۋەتىپ: «سىلەر خوتەنگە كىرىشتە، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، تالا ـ تۈزدە يېتىپ ـ قوپۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەربىي يۈرۈش تارىخىنى ياراتتىڭلار. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈش قىلغان شەرەپلىك جەڭچىلەرگە ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز» دېدى. 15 ـ تۇەننىڭ ھەر قايسى يىڭلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيىلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە قارا قۇرۇم تېغى ئېغىزىدىكى چېگرا چارىسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋىلايەت بويىچە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

خوتەن يەرلىك كومىتېتى 1 ـ ئايدا قۇرۇلدى. كاڭ جۇاڭ شۇجى-
لىققا تەيىنلەندى، قەشقەر رايونلۇق كومىتېتىگە قارىدى. 6 ـ
ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم نۇرىيوف ئەنۋەر قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئۇي-
غۇر كادىرلىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، بۇلار خوتەندىكى
تۇنجى تۇركۇم ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، نەبىجان
تۇنجى ۋالىي بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەرقايسى ناھىيىلەردە
ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ قۇرۇلدى.
1955 ـ يىلدىن باشلاپ خۇاڭ چېڭ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم-
نىڭ شۇجىلىقىنى، نۇرىيوف ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىق
ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ
تەشكىلات تارىخي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1950 ـ
يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت
ئەزالىرى 2 ـ قېتىم تەڭشەلگەن. خۇاڭ چېڭ 1955 ـ
يىلى 5 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومى-
تېتى، خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر
مىللەت، ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك
يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىجارە كېمەيتىپ، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىپ،
ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، باندىت ۋە ئىشپىيونلارنى تا-
زىلاپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى،
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇش،
ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىپ، شىزاڭنى ئازاد قىلىش قاتارلىق
تۆت تۈرلۈك قارار ماقۇللاندى. خوتەننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر
مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى مەسلىھەت كېڭىشى
كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، كاڭ جۇاڭ
مۇدىر ھەيئەتلىككە سايلاندى. 1952 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن

بولۇپ ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە «ئۆچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىسى 1945 نەپەر كادىرنى 45 يېزا ئىگىلىك رايونى، 307 يېزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە «ئۆچكە قارشى تۇرۇش» خىزمىتىنى ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلدى.

خوتەن ۋىلايىتىدە 1952 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلاندى. پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن 534 مىڭ 300 مو يەر، 9310 تۇياق مال - چارۋا، 104 چوڭ ھارۋا، 75 مىڭ دانە ئائىلە جابدۇقى، 66 مىڭ ئېغىز ئۆي، 858 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق مۇسادىرە قىلىندى. بۇ يەر ۋە مال - مۈلۈكلەر 102 مىڭ 405 ئائىلىلىك نامرات، يالانما دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. 1953 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1956 - يىلى خوتەن يېزىلىرىدا كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى باشلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىن 2450 ى قۇرۇلۇپ، كېيىن 250 نەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىلدى. چارۋىچىلىق رايون كوپېراتىپىدىن 68 ى قۇرۇلدى. 1958 - يىلىدىن باشلاپ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش يۇقىرى دولقۇنى قوزغالدى. 10 - ئايلاردا بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كوپېراتىپلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن خەلق گۇڭشېسىغا ئايلىنىپ بولدى. ۋىلايەت بويىچە 56 خەلق گۇڭشېسى، ئالتە دېھقان - چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر - بازارلاردا خۇسۇسىي سودا -

سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، 350 نەچچە ئائىلىلىك خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 255 ئائىلە ھەمكارلىق ماگېزىنى (گۇرۇپپىسى) ياكى ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسىغا ئۆزگەرتىلدى. يەككە ئەمگەكچىلەر 41 قول سانائەت ھەمكارلىق كوپىراتىپى بولۇپ ئۇيۇشتى. لېكىن، بۇ مەزگىلدە، «سولچىل» لۇشيەننىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتكە مۇخالىپ ھالدا ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، بەزى ياخشى كادىرلار خاتا ھالدا كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1954 ـ يىلى، ئۇلار شارائىت پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئىشانلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابلىمىت داموللا باشچىلىقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەر ئاستى «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇپ، «ھۆكۈمەت» ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقىپ، تەشكىلىي پروگراممىسى، ھەرىكەت پىلانى، ھاكىمىيەتنى يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قاراقاش، لوپ، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ توپىلاڭچى يىغىلىپ، تۆت قېتىم بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كومپارتىيە ئەزالىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىدىن 16 ئادەمنى ئۆلتۈردى. توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ تايانچىلىرىدىن 21ى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، 356 سى قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابلىمىت داموللا ئېتىپ تاشلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خوتەندە ھېچقانداق سانائەت يوق ئىدى، پەقەت بەزى كىچىك تىپتىكى كەتمەن سوقىدىغان، يىپەك تارتىدىغان، گىلەم توقۇيدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىلا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ XX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، خوتەن ئېلېكتر ئىستانسىسى، خوتەن گىلەم كارخانىسى، خوتەن قۇرۇلۇش بىناكارلىق شىركىتى، دۇۋا كۆمۈر كېنى، دۇۋا سېمونت زاۋۇتى، خوتەن ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى قاتارلىق غوللۇق كارخانىلار قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئېلېكتر قۇۋۇتى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى، چىگىت ئايرىش، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى قاتارلىق كارخانىلار قۇرۇلدى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 مىڭغا يەتتى. 50 - يىللىرى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا 24.3 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن ئىزچىل تۇردە ئېشىپ باردى. مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلىدىكى 261 مىڭ 900 يۈەندىن 1966 - يىلىغا بارغاندا 26 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17 يىلدا 100 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرى ئۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن خوتەننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 1958 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 120 مىڭ كىشىلىك «زور قوشۇن» پولات تاۋلاشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كېرىيىنىڭ پولو، گۇمىنىڭ دۇۋا، خوتەننىڭ قاشتاش دېگەن جايلىرىدا ئىككى پولات تاۋلاش دۈيزىيىسى، بىر مۇستەقىل تۇەن تەشكىل قىلىنغانىدى. تەدبىر بەلگىلەشتە قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈلگەنلىكتىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى كان - كارخانىلارنى قۇرىمىز دەپ، بايلىقنى ئىسراپ قىلىۋېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. سانائەت

ئىشلەپچىقىرىشى بىر مەھەل بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، 1965 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن نورمال تەرەققىيات سۈرئىتى ئەسلىگە كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-چىقىرىشى ئىپتىدائىي ھالەتتىكى يېرىك ئىشلەپچىقىرىش ئىدى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، خوتەندىكى ھازىرقى 58 سۇ ئامبىرى ئاساسەن دېگۈ-دەك 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ياسالغان، بۇ ئامبارلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 300 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالتە سۇ باشلاش ئۆستىڭى قۇرۇلۇپ، 1000 كىلومېتىر تاش ئۆستەڭ ياسالدى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى دەسلەپكى قەدەمدە كېڭەيتىلىپ، تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ئىشلىتىلىشكە باش-لىدى. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈر-دى. 1949 - يىلى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 603 مىڭ يۈەن ئىدى، XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 190 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئون يىلدا بىردىن ئارتۇق قاتلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەندىكى سودا تور نۇق-تىلىرى كىچىكلىكتىن زورىيىپ تەدرىجىي تەرەققىي قى-لىپ، XX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ۋىلايەتتىن ناھىيىلەرگىچە تەمىنات - سودا، ئاشلىق، تۇرلۇك ماللار، يېمەكلىكنى ئاساس قىلغان شەھەر - يېزىلارغا تارقالغان سودا تورى نۇقتىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلى-نىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئاساسەن قاندۇرۇلدى.

خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو ئىستراخوۋانىيە

شىركىتىنىڭ خوتەندىكى ئالاھىدە ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە يېزا
ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.
1966 ـ يىلى خەلق پۇلىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 1 مىليون
358 مىڭ يۈەنگە، ئامانەت قويغان پۇل سوممىسى 5 مىليون 700
مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پەقەت
خوتەن، كېرىيىدىلا پوچتا ئىدارىسى، تېلېگراف ئىدارىسى قۇ-
رۇلغان بولۇپ، باشقا ناھىيىلەردە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش
ئورنى تەسىس قىلىنغان، پوچتا، تېلېگراف كەسپىنىڭ بىر يىل-
لىق يوللانمىسى 2000 پارچە ئەتراپىدا بولغان، 1966 ـ يىلىغا
كەلگەندە، خوتەننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا 55 ئورۇندا پوچتا ئىدا-
رىسى، پوچتا پونكىتى قۇرۇلدى، تۈرلۈك خەۋەرلىشىش ئۈسكۈ-
نىلىرى، خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بو-
لۇپ، تېلېفوننى كەنتلەرگىچە ئۇرغىلى بولىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ مەدەنىيەت،
مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خوتەندە 145 باشلانغۇچ
مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 25 مىڭ ئىدى.
1953 ـ يىلى خوتەندە تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، ئارقى-
دىنلا يەنە دارىلمۇئەللىمىن، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، تېببىي
مەكتەپ قۇرۇلدى، 1966 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەر خىل مەكتەپ-
لەرنىڭ سانى 1267 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 115 مىڭ
200 گە يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خوتەندە مەدە-
نىيەت ئاپپاراتى يوق ئىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن
ئارقا ـ ئارقىدىن 91 مەدەنىيەت پونكىتى، 153 كىنو قويۇش
ئورنى قۇرۇلدى ھەمدە ئالتە كۇتۇپخانا، بىر مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. سەھىيە ئىشلىرىمۇ تەرەق-
قىي قىلدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدا بىر دوخ-
تۇرخانا بولغان بولسا، XX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇر-

لىرىدا دوختۇرخانا ۋە شىپاخانىلار 136 گە يەتتى.

بۇ مەزگىلدە، خوتەننىڭ نوپۇسى 640 نەچچە مىڭدىن 800 مىڭغا كۆپەيدى. نوپۇس قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، 15 ـ تۇەننىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى خوتەندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئۇزلۇكسىز تۇردە شەندۇڭ، خۇنەن، خۇبېي، شاڭخەي، جياڭسۇ، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىن زور بىر تۇركۇم كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىدىغان ياشلار كېلىپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇچۇن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

## 2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى

1966 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئارقا ـ ئارقىدىن «16 ـ ماي» ئۇقتۇرۇشى ۋە «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى قارار» نى تارقاتتى. خوتەننىڭ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ باشلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئون يىلدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى روشەن تۆۋەنلەپ كەتتى. «16 ـ ماي» ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چېڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى ھەمدە «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قەسەمىيات يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ، دېڭ تو، ۋۇ خەن، لياۋ موشالاردىن ئىبارەت ئاتالمىش «ئۈچ كىشىلىك مەزھەپ» نى پىپەن قىلدى، ھەر قايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىغا ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدى-

غان خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتتى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 260 تىن ئارتۇق قىزىل قوغدىغۇچى ھەمدە ئۈچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ، كوللېكتىپ نۇتۇق سۆزلەپ، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، «تۆت كونىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۆت يېڭىنى تىكلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شۇنداقلا «جىن - ئالۋاستىلار» ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» نى پىپەن، كۈرەش قىلىش باشلاندى. 1967 - يىلى 1 - ئايدا شاڭخەيدىكى «يانۋار بورانى» نىڭ تەسىردە، قىزىل قوغدىغۇچىلار بىرلىشىپ جىم ئولتۇرۇۋېلىپ كۈچ كۆرسىتىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ «ۋىلايەتلىك پارتكومنى توپقا تۇتتى» ، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارغىچە كادىرلار ۋە ئامما بەس - بەستە ھەر خىل كۈرەشچى ئەترەت - گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

نورمال خىزمەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى، خوتەندە تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ئىككى تەرەپنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى 1967 - يىلى «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» نى قۇردى، كېيىن ئۇنىڭ نامىنى «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرىنچى سەپ قوماندانلىق شتابى» غا ئۆزگەرتتى، ئارقىدىن يەنە «خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى» غا ئۆزگەرتىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى، بۇنىڭغا شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. ھەرقايسى ناھىيەلەردىمۇ «قوراللىق قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى» قۇرۇلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شۆبە ھەربىي رايونى گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، جامائەت خەۋپ-

سىزلىكى ۋە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىلىرى، ترانسپورت ئىدارى-
سى قاتارلىق تارماقلارغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا
قويدى. بۇ مەزگىلدە، خوتەندە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇ-
لۇپ، سابىق ۋالىي نۇرىيوفنى قولغا ئېلىپ، «نۇرىيوف ۋەتەنگە
ئاسىيلىق قىلىش گۇرۇھى» دېگەن ناھەق دېلو ياساپ چىقىلدى
ھەمدە زور بىر تۈركۈم كادىر تارتىپ چىقىرىلدى.

خوتەندىكى ئاممىۋى تەشكىلات «سەنسۇ» (ئۈچىنى ئىلگىرى
سۈرۈش)، «سەنشىن» (ئۈچنى يېڭىلاش) دەپ ئىككى چوڭ گۇ-
رۇھقا بۆلۈندى. «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن
قوغدىنىش» شۇئارىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن 1967 ـ يىلى 9 ـ
ئايدا ئىككى گۇرۇھ ئۆز ئالدىغا ئورۇن ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ
تەشكىلاتىنى «پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنى» نىڭ ۋەكىلى
دەپ ئاتاشتى. ئۇلار ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا
قىسمىنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلىرىنى بۇلىدى، ئەلەم
كۈرىشى توختىمىدى، ئەلەم كۈرىشى داۋامىدا 400 گە يېقىن
ئادەم ئۆلدى.

1969 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇ-
رۇلۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يۈر-
گۈزدى. شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بو زىيىڭ ئىنقىلابىي
كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازاد
قىلىنغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىككى گۇرۇھ
ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى ئىنقىلابىي كومىتېتقا قاتناش-
تۇرۇلۇپ، ئاساسەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ھو-
قۇقىنى يۈرگۈزدى. 1973 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شياڭ
مىڭخۇا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بول-
دى. 1974 ـ يىلى لى شۇۋشەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى
بولدى.

## 3 . سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەزگىلى

1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىشى بىلەن ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ئاخىرلاشتى. خوتەن پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ئوخشاش، ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتىن قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، كادىرلار سىياسىتى، زىيالىيلار سىياسىتى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامىدا، خوتەن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيىتىنى يارىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز يېڭى سەۋىيىگە يۈكسەلدۈردى.

80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى ۋە مۇستەھكەملەندى. 1976 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە، لى شۆسەن، ۋاڭ بىن، شۆيى، زو شۇشېن، سۇن شيۇلەي، ياڭ جيەنجاڭ، ۋۇ دۇنفۇ، لى جيەنجۇڭ، ياڭ جاۋجى، ۋاڭ جىڭچيەن قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. 1978 ـ يىلى ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە، ئابدۇللا توختى، نۇرمەمەت خۇدابەردى، غوپۇر ئابدۇللا، جۇرئەت مەتىمىن، ئۆ-

مەر ئابدۇللا قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بولدى.

خوتەن XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خاتا پىپەن ۋە كۆرەش قىلىشقا ئۇچرىغان زور ناھەق، خاتا دېلولارنى تۈزەتتى. سابىق ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چېڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نۇرىيوفنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان «خۇاڭ چېڭ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى» ، «نۇرىيوف ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش گۇرۇھى» نى ئاقلاپ، ئەمەلىيەتكە مۇخالىپ سۆزلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى خاتا ئايرىلغان، خاتا بېكىتىلگەن «ئوڭچى ئۇنسۇر» ، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» لارنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئىلگىرىكى چارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۈزەتتى. «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش» ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يۈز بەرگەن 22 قېتىملىق چوڭ ۋەقەدىكى 62 نەپەر ئاساسىي جاۋابكار ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن خوتەن شەھەر رايونىنى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ بازارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خوتەن شەھىرى قۇرۇلدى. خوتەنگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە يەتتە ناھىيە بىر شەھەر قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەرقايسى ناھىيە ـ شەھەرلەر يەنە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاپ چىقتى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 58 خەلق گۇڭشېسى 86 يېزا ـ بازارغا ئۆزگەرتىلـ

دى. ئىلگىرىكى دادۇي كەنتكە، شياۋدۇي كەنت مەھەللە گۇرۇپ-
پىسىغا ئۆزگەرتىلدى. خوتەن شەھىرىدە تۆت كوچا ئىش بېجى-
رىش ئورنى كۆپەيتىلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە
توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن ۋىلايەت يې-
زىلىرىدا 1982 - يىلىدىن باشلاپ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ
ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.
كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈ-
مى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش
ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش يولغا قويۇلدى.

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگە-
شىپ، چېگرا ئىچىدىكى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر-
لار ۋە قانۇنسىز دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر چېگرا سىرتىدىكى دۈش-
مەن كۈچلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە،
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان بىر قاتار
ۋەقەلەرنى تۇغدۇردى. XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا خوتەن،
قاراقاش قاتارلىق جايلاردىكى ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدا ۋاھابى
مەزھىپى دەيدىغان «يېڭى مەزھەپ» ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەرلىك
ئەنئەنىۋى دىنىي مەزھەپ بىلەن مەسچىت ۋە ئىماملىق ھوقۇقىنى
تالىشىپ، بەزى توقۇنۇشلار يۈز بەردى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا
باشقا جايلارغا كېڭەيدى. 1985 - يىلى 12 - ئايدا خوتەن
پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇ-
غۇچىسى كوچىغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
نى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان خاتا شوئارلارنى توۋلى-
دى. 1989 - يىلى قاراقاشتا خەنزۇ يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ

دۆكىنىغا ئوت قويۇش ۋە بىگۇناھ خەنزۇلار ئاممىسىنى ئۇرۇش
ۋەقەسى يۈز بەردى. 1990 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە ناھىيە-
لىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك كومىتېتىغا ئوت قويۇش ۋەقە-
سى يۈز بەردى. 1993 ـ يىلى زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇر ئالىم
قانۇن بويىچە ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يۈز يامان
غەرەزلىك كىشىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى.
1995 ـ يىلى ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار
سىدى تۇۋى مەسچىتىدە 600 دىن ئارتۇق ھەقىقىي ئەھۋالنى
بىلمەيدىغان ئاممىنى قۇترىتىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي
مەھكىمە، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا بۆسۈپ كىرىپ،
خىزمەت بىناسىنى چېقىش، بۇلاش، ئۇرۇشتىن ئىبارەت «7 ـ
ئىيۇل» ۋەقەسىنى تۇغدۇردى. XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى
مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز جىد-
دىيلەشتى. ئۇلار قانۇنسىز يەر ئاستى تەشكىلات قۇردى؛ خۇسۇ-
سىي دىنىي مەكتەپ ئاچتى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋارىقى،
شوئار تارقاتتى ۋە چاپلىدى، قول بومبىسى، قورال ـ ياراغ،
ئوق ـ دورا ياسىدى، قانۇنسىز چامباشچىلىق نۇقتىسى تەشكىل-
لىدى، بىر قاتار زوراۋان تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ،
ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كادىر ۋە بىگۇناھ ئاممىنى
ئېچىنىشلىق ئۆلتۈردى. ھەر مىللەت ئاممىسى ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە زوراۋان،
تېررورچى ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋەكىللىرىنىڭ
جىنايىتىگە قارىتا بىردەك غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇردى ۋە ئۇلارنى
ئەيىبلىدى. 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ، خوتەندە «ئۈچ خىل
كىشى»گە زەربە بېرىش مەقسەت قىلىنغان مەركەزلىك تۈزەش
كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى
قوزغاش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم باش شۇجى جياڭ
زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىگە

ئاساسەن، ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ ماڭغان ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولغان «ئامما ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق» نى نەشر قىلىپ، خوتەندىكى ھەر بىر ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زوراۋان - تېررورچى ئۈنسۇرلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى، كۆرگەزمىسى ئاچتى. ھەر مىللەت خەلقى كۈرەش داۋامىدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىدى. 1993 - يىلىدىن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەندە كەينى - كەينىدىن 18 قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۈچ قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يەنە 1991 - يىلى ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خوتەننىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتى قوغدالدى.

جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشى خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. 1981 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە خوتەندە ئارقا - ئارقىدىن «6 - بەش يىللىق»، «7-بەش يىللىق»، «8 - بەش يىللىق»، «9 - بەش يىللىق» پىلانلار تۈزۈلۈپ ئورۇندالدى. 1999 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1969 - يىلىدىكى مەھسۇلات قىممىتىدىن 100 ھەسسە ئاشتى. ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى. 1999 - يىلى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 470 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا، خوتەننىڭ يېزا ـ بازار كارخا-
نىلىرى بىردىنلا جانلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 701
مىليون يۈەنگە، خىزمەتچى خادىم 61 مىڭغا يەتتى.
خوتەن يېزا ئىگىلىك ۋىلايىتى، يېزا نوپۇسى ئومۇمىي نو-
پۇسنىڭ 86.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكى
ئۇنۇمىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەت-
لىك. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىزچىل تۇردە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ تۇ-
تۇپ كەلدى. ئالدى بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى ئاسا-
سىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ، «ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئۆستەڭ،
ياخشى ئورمان بەلۋىغى، ياخشى يول، ياخشى ئاھالىلەر ئولتۇراق
نۇقتىسى» دىن ئىبارەت يېزىلاردىكى بەش ياخشى قۇرۇلۇشنى ئې-
لىپ باردى. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى دېھقانچى-
لىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قارا-
قاش، يۇرۇڭقاش قاتارلىق دەريالاردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇ-
لۇشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتكۈزۈلدى. ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى
تۈگۈنى قۇرۇلۇشى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قاتارى-
غا كىرگۈزۈلگەنىدى، بۇ قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ
1 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرى
پۈتۈپ، ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. ياسالغان تاش ئۆستەڭ 9245
كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن غول ۋە ئوق ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ
سىڭمەس نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقنى ئىگىلىدى.
1999 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3
مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلىدىكى بىلەن
سېلىشتۇرغاندا، 20 ھەسسە ئاشتى؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھ-
سۇلاتى 781 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، ئۈچ ھەسسە ئاشتى؛
پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 48 مىڭ 300 تونىنا
بولۇپ، سەككىز ھەسسە ئاشتى، چىرا ناھىيە چىرا بازىرىنىڭ

كىچىك كۆلەمدىكى پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 256.5 كى-
لوگرامغا يېتىپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. ۋىلايەت بويى-
چە چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 3 مىليون 908
تۇياق بولۇپ، بىر قاتلاندى. ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا
دۇنيا كۆز تىككۈدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. XX ئەسىرنىڭ
50 ـ، 60 ـ يىللىرى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان تەبىئىي توغراق-
لىق تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە
تەبىئىي توغراقلىق 60 ـ يىللاردىكى 270 مىڭ مودىن 1 مىليون
400 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. يۇلغۇنلۇق 290 مىڭ مودىن ئەس-
لىگە كەلتۈرۈپ، 640 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. «ئۈچ شىمالىي»
ئىھاتە ئورمانلىق قۇرۇلۇشىدا، خوتەن يىلىغا 100 مىڭ مودىن
ئورمان بىنا قىلدى، ناھىيە، شەھەرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، مەملىكەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن مەملى-
كەت بويىچە بەش ئىلغار تىپنىڭ بىرى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.
دۆلەت ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى 1984 ـ يىلى خوتەندە مەملى-
كەتلىك ئېتىز ئېرىق ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغى-
نى چاقىردى، خوتەن ناھىيىسىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
مۇھىت ـ پىلان مەھكىمىسى «دۇنيا بويىچە 500 ياخشى رايوننىڭ
بىرى» دەپ نام بەردى. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت
بويىچە ئورمانلىق كۆلىمى 2 مىليون مودىن ئېشىپ كەتتى.

خوتەن — شىنجاڭنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان ۋىلايەت،
ئۇنىڭ مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2000
كىلومېتىر بولۇپ، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىشقا
سەككىز كۈن ۋاقىت كېتەتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن خوتەن شەھەر رايونىدا بىر نەچچە كىلو-
مېتىرلا ئاسفالىت يول بولغاندىن باشقا، ھەممىسى تاشيول ئىدى،
XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، خوتەننىڭ قاتناش ئىش-

لىرى ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلدى. شەرقتىكى نىيىدىن غەربتىكى گۇمىغىچە بولغان 315 دۆلەت يولىنىڭ ھەممىسىگە ماي ياتقۇزۇلدى، كوئېنلۇن تېغىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيە، شەھەرلەرگە بارىدىغان ئاسفالىت يوللار ياسالدى. بەزى يېزا - بازارلار ئارىلىقىدىكى يوللارمۇ ئاسفالىتلاشتى. ۋىلايەت بويىچە ئاسفالىت يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2600 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يېزىغا بارىدىغان يول 1750 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1364 كەنتكە ماشىنا قاتنىدى. بولۇپمۇ قۇملۇق تاشيولىدا قاتناش باشلىنىش بىلەن خوتەندىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئارىلىق قىسقىراپ، تېز سۈرئەتلىك ماشىنىدا 24 سائەت ئىچىدىلا ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدىغان بولدى. پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، تۇراقلىق تېلېفون ئورناتقانلار 38 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 16 مىڭ 700 گە يەتتى.

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە رول ئوينىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن خوتەندە خوتەن پىداگوگىكا تېخنىكومى، خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تېخنىكومىدىن ئىبارەت ئىككى ئالىي مەكتەپ، خوتەن تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خوتەن ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭلار ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 131ى قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 90 مىڭ 800 گە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن 894ى قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 255 مىڭغا يەتتى، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن بەشى قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2969 غا يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96 پىرسەنتكە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. مەدەنىيەت ئىشلىرى مۇقىم تەرەق-

قىي قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىدىن يەتتىسى، مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن بىرى، مەدەنىيەت سارىيىدىن
توققۇزى، كۇتۇپخانىدىن يەتتىسى قۇرۇلدى. رادىئو نومۇرلىرىنى
كۆچەيتىپ تارقىتىش ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 79 ى
قۇرۇلۇپ، نوپۇسقا قاپلىنىش دائىرىسى 96.02% بولدى، تېلېـ
ۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىش ئىستانسىسى، ئۇلاپ تارقىتىش
ئىستانسىسى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 272 بولۇپ،
نوپۇسقا قاپلىنىش دائىرىسى 94.51% بولدى. تۇرلۇك سەھىيە
ئاپپاراتى 145، كېسەل كارۋىتى 4681 گە يەتتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن خوتەن خەلقىگە
ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى. خۇ ياۋباڭ، جياڭ زېمىن، جۇ-
رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، لى لەنچىڭ، سۇڭ پىڭ، ۋاڭ جېن،
تيەن جىيۈن، ۋېن جياباۋ، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەت،
ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئىلگىرى -
كېيىن خوتەنگە كېلىپ، خوتەن خەلقىگە زور مەدەت بەردى ۋە
غەمخورلۇق قىلدى. 1992 ـ يىلى ئىش باشلانغان خوتەن ئىچىمـ
لىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 1 مىليون 130 مىڭ يېزا
نوپۇسىنى تۇرۇبا سۇيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ،
ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆل سۇيى ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.
خوتەننى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم ئەمەلىي كۆچى بار 28 نازارەت، ئىدارىنى ئۆز
سىستېمىسى بويىچە خوتەنگە ياردەم بېرىشكە بېكىتتى. 1995 ـ
يىلىدىن باشلاپ خوتەنگە سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 282 مىليون
988 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
غەمخورلۇقىدا، يەنە بېيجىڭ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسى ئۆز
سىستېمىلىرى بويىچە خوتەنگە ياردەم بېرىشكە بېكىتىلدى.

1998 ـ يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئۇدا ئۈچ يىل ۋىلايەتلىك پارتكومـ

نىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىگە
ئاساسەن، خوتەننىڭ تەرەققىيات پىلانى ۋە «10 ـ بەش يىللىق»
پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، خوتەننىڭ تەرەققىيات پىكىر يولىنى
ئايدىڭلاشتۇردى. «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋى-
يىگە يۈزلىنىش قىلىش»نى نىشان قىلىپ، «تۆت 1 مىليون مو»
دىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك كەسپىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش-
نى يەنى: 1 مىليون مو بۇغداي تېرىش، 1 مىليون مو كېۋەز
تېرىش، 1 مىليون مو ئوت ـ چۆپ تېرىش، 1 مىليون مو
ئىقتىسادىي ئورمان تىكىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، بەش چوڭ كەسىپنى ئېچىشنى يەنى بىرىنچىدىن، ئانار
بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلغان ئانار ھارىقى كەسپىنى ئې-
چىش؛ ئىككىنچىدىن، خوتەن قويى بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئاساس
قىلغان خوتەن قويى يۇڭىدىن توقۇلغان گىلەم مەھسۇلاتلىرى
كەسپىنى ئېچىش؛ ئۈچىنچىدىن، پىلە ـ ئۈجمىچىلىك بازىسى
قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلغان يىپەك مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى ئې-
چىش؛ تۆتىنچىدىن، خوتەن تېبابەتچىلىك ساغلاملىق دورىلىرىنى
ئاساس قىلغان دورا مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى ئېچىش؛ بەشىنچىد-
ىن، خوتەن قەدىمىي يىپەك يولى قۇملۇق مەنزىرىسى، خوتەند-
ىكىلەرنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەت سىرىنى ئېچىشنى ئاساس
قىلغان ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئېچىشنى بېكىتتى.

ئاپتورى: ليۇ جىڭخۇا

# ئىككىنچى باب

# خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى ۋە ئۆزگىچە ئىگىلىكى

## بىرىنچى بۆلۈم يىراق قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن

خوتەن قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان. ئۇدۇننىڭ چىن سۇلا-
لىسىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلى ئۇدۇن تارىخىدىكى تارىختىن بۇ-
رۇنقى مەزگىل ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغ-
رىسىدا بىرەر يېزىقچە ماتېرىيال يوق، بۇنى پەقەت ئىنتايىن ئاز
ساندىكى قېزىلما ھۆججەتلەر ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولىدۇ. خو-
تەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى قارايانتاق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى
يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن ياپىلاق تاشتىن سۇر-
كەپ ياسالغان كېسىش سايمىنى تېپىلغان، بۇنىڭ تاشقى شەكلى
پالتىغا ئوخشايدۇ، ياپىلاق تاشنىڭ تۆۋەن قىسمى سايماننىڭ
سېپى بولۇپ، چۆرىسىگە ھەرە چىشى شەكلىدە بىس چىقىرىلغان،
بۇ ئېھتىمال كونا تاش قورال دەۋرىدىن قالغان بۇيۇم بولۇشى
مۇمكىن. نىيە ناھىيە ئەندىر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان تاش
ياپىلاق كونۇس شەكلىدە بولۇپ، قارا رەڭلىك كرېمنىي جىنسلى-
رىدىن سۇركەش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش
قورال دەۋرىدىن قالغان بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن. كېرىيە ناھىيە-

سىنىڭ جەنۇبىدىن 77 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ بويىدىكى باش كەڭ سۇلۇقنىڭ 3 ـ پەلەمپەيسىمان يېرىدىن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى سىپتا تاش قورال خارابىسى تېپىلغان. بۇ جايدىن ھەرخىل تاش ياپراق، تاشقا ئايلانغان جانلىقلار، قىرىش سايمىنى، تاش ئوقيا بېشى قاتارلىق 100 نەچچە خىل بۇيۇم قېزىۋېلىنغان. گۇما ناھىيىسىدىكى سا- غاندىن كېسىش سايمىنى، بىلەي تاش، داشقال، كوزا پارچىلىرى قاتارلىقلار تېپىلغان. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىزىل، كۈل رەڭ بولۇپ، كۆپ قىسمىدا بېزەك سىزىقچىلىرى يوق، ئاز ساندىكىلىرىدە دولقۇنسىمان سىزىق، تورسىمان سىزىق، چېكىت- سىمان سىزىق ۋە پېتىنقى، كۆپۈنكى سىزىقچىلار بار. گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىزىل تام خارابىسىدىن تاش ئورغاق تېپىلغان، ئۇ تاغ جىنسلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ھىلال ئاي شەكلىدە، تۆۋەن قىسمى كەم، يۈزى پارقىراق، بۇ مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋردىكى بۇيۇم- دىن ئىبارەت. قاراقاشنىڭ غەربىدىكى زاۋادىن بىر قىسىم تاش قوراللار ۋە ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن دەۋرى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن تاش يارغۇنچاق تېپىلغان. بۇ ئېھتىمال دەسلەپكى مەز- گىلدىكى بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن. نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيە خارابىلىكىدىن سۇركەپ ياسالغان ئالتە قىرلىق تاش توپچىلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇلار ئوق ئوۋلاشقا ئىشلى- تىلگەن. بۇ جايدىن يەنە بىر ـ بىرىگە سۇركەپ ئوت چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كىچىك ياغاچ تاختاي تېپىلغان، بۇ دەسلەپ- كى مەزگىلدىن قالغان بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن.

قېزىلغان ۋە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئار- قىلىق بىز خوتەننىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيە- تى توغرىسىدا ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. چىن، خەن

سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئۇلار كۆپ ھاللاردا سۇ، ئوت - چۆپلىرى ئەلۋەك دەريا بويلىرىدا ياكى سۇغا يېقىن بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان، بۇ مەزگىلدە ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يارغۇنچاق بىلەن بۇغداي، قوناقلارنى يۇمشىتىپ ئىستېمال قىلغان، ساپال بۇيۇملارنى خۇمداندا پىشۇرۇپ، قاچا - قۇچا ئورنىدا ئىشلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، تاش قورال ۋە ياغاچ جابدۇق - سايمان ھۇنەرۋەنچىلىكى بارلىققا كەلگەن. كۆندۇرۇلگەن ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئات، قوي، ئىت بار ئىدى. كىشىلەر ياغاچنى سۇركەپ ئوت چىقىرىپ، ئوزۇقلۇقلارنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغان، تاش توپچە، ياغاچ ئارا قاتارلىق سايمانلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇشىنى قامدىغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاغ بويلىرىدا بىر قىسىم كىشىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

# ئىككىنچى بۆلۈم چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خوتەن

## 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سۇ ئىشلىرى

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «چەرچەننىڭ ئەتراپىدا بەش خىل زىرائەت تېرىلىدۇ، يەرلىرىدە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ ئۆستۇرۇلىدۇ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە زىرائەتلىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ». ئۇ دۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا، كوئىنلۇن تاغلى-

رىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، بۇ يەرنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، يەرلىك خەلقى تاغدىكى قار ئېرىپ ھاسىل بولغان سۇدىن پايدىلىنىپ يەر سۇغۇرۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بۇ جايدا بۇغداي (ئارپا)، تېرىق، قوناق، ماش - پۇرچاق تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ، لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقى (يېغىلىق دەۋرىدىن ئۈچ دۆلەت دەۋرىگىچە) دىن بۇغداي، ئۈن يېمەكلىكى ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا ئۇرۇقچىسى ھەمدە قوي ئۇستىخىنى ۋە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئات قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسىدىن بۇغداي، ئارپا، تېرىق، چۈجگۈن قوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئامۇت، چىلان قاتارلىق مېۋىلەر ۋە چامغۇر، كاۋا - قاپاق قاتارلىقلار تېپىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا: نىيە بەگلىكىدىن ئانار چىقىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە پۈتۈكلەر ۋە قېزىلما بۇيۇملار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇدۇن بوستانلىقى سۇغىرىش تېپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، چارۋىچىلىقمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

نىيە خارابىلىكىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ «تېرىقچىلىق ئىشلىرى مەھكىمىسى مۆھۈرى» دېگەن مۆھۈر نۇسخىسى بايقالدى. بۇ خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جايدا بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە بۇنىڭغا مۇناسىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇدۇندا دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىر قەدەر ئاددىي ئىدى، نىيە خارابىلىكىدىن ياغاچتىن ياسالغان توپا كولاش، توپا ئۇسۇش سايمىنى ۋە تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ئورغاق قاتارلىقلار تېپىلدى ۋە قېزىۋېلىندى. تۆمۈر ئورغاق شەكىل جەھەتتىن ھازىرقى ئورغاققا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىش

سايمانلىرى، روشەنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

سۇغىرىش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، تارىخىي ۋەسىقىلەردىن گەرچە بۇ ھەقتە بىرەر خاتىرە ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەن دەۋرىگە خاس خارابىلەردىن ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نىيە قەدىمىي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا بىر قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 72 - نومۇرلۇق ماتېرىيالدا «... بۇغداي ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇغىرىلىدۇ، ھەر بىر ئېرىقتىكى سۇ بويىچە خاتىرە قالدۇرۇلىدۇ (تىزىملاش جەدۋىلى قىسقارتىلدى)» دەپ يېزىلغان.

502 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە مۇنداق ئىبارىلەر بار: «خان ئالىيلىرى قاتارلىقلارغا ... راھىب موجبول، چۇشياگيۇ قاتارلىقلارنىڭ دوكلات قىلىشىچە، سۇنى ئابنىيە باشلاپ كەلگەن، ئۇ سۇنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن باشقىلارغا بەرگەن دېگەن گەپلەر بار. بۇ ئالاقىنى ۋە مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەيسىز، سۇنى ئابنىيە باشلاپ كەلگەنمۇ - يوق، سۇنى باشقىلارغا بەرگەنمۇ - يوق، دېگەنلەر ئايدىڭ بولغاي. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر ئازما (apanya) تەييارلاپ قويۇلمىغان بولسا، ئابنىيەدىن زىياننى تۆلىتىش ھاجەتسىز...».

160 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «... ئۇ كارىۋانى بۇ جايدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەندە، سۇ ۋە ئۇرۇقلۇق مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ... خان ئالىيلىرىدىن ئۇققان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ

زېمىن ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا سۇ ۋە ئۇرۇقلۇق توغرىسىدا بىرەر ئالاقە ياكى تەپسىلىي پەرمان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ بۇ جايغا يەتكۈزۈپ بەرگەي، ئەگەر بۇنداق ئالاقە بولمىسا، سۇ ھەققى ۋە ئۇرۇقلۇقنى ئۇ يەتكۈزۈپ بەرسە، مۇشۇ جايدا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ...».

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن بىلىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۆل - يېغىن ئاز، قۇرغاق بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا سۇ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق بولۇپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، سۇ ئىشلىتىش توغرىسىدا بىر يۈرۈش قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان. دېھقانلار سۇ ئىشلىتىشتە سۇ ھەققى تاپشۇرغان، خاننىڭ تەستىقى بولمىسا، ھەر قانداق ئادەمنىڭ سۇ ھەققىنى تاپشۇرماسلىقىغا يول قويۇلمىغان. ھەر قېتىملىق سۇ تۇتۇشتا خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىلغان ھەمدە بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇ نۆۋىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان.

دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن تەڭ، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، تارىخىي ماتېرىياللار ۋە قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ جايدا ئات، كالا، قوي، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار بېقىلغان. لوپ ناھىيىسى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان زور مىقداردىكى قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇملىرى شۇ چاغدا قوي باقمىچىلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نىيە خارابىلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئېغىلى ۋە مېۋىلىك بېغى بولغان، بۇ ھال كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇدۇن يېزا ئىگىلىكىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

1. تۆمۈر تاۋلاش: چىن، خەن دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ تۆمۈر

تاۋلاش ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخنامىلەردە بىرەر خاتىرە بولمىسى-
مۇ، لېكىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مىلادىيە-
نىڭ ئالدى - كېيىندە ئۇدۇن رايونىدا كان قېزىش، تۆمۈر
تاۋلاش كەسپىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ھەمدە مۇئەييەن سەۋ-
ىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگلار ھازىر-
قى لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچچىق تاغلىق رايونىدىن
قەدىمكى زاماندا تۆمۈر تاۋلىغان چاغدا قالغان نۇرغۇن داشقال ۋە
ساپالدىن ياسالغان كۆرەكلەرنى بايقىغان، شۇنىڭغا يېقىن بىر
جايدىن ئېغىزى ئېتىۋېتىلگىنىگە ئۇزۇن بولغان كىچىك ئۆڭكۈر
ئىچىدىن ئۇچىدا تۆمۈر يۇقۇندىلىرى بار بىر دۆۋە تاش ئىسكىنە
ۋە تاش بولقا تېپىلغان. تاش قورالدىن پايدىلىنىپ تۆمۈر رۇدىسى
قېزىش جەھەتتە، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كېيىندىكى خارابىلەردىن
نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە خارابىسىدىن تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقى،
كىچىك تېگىلچە، ئېرىتىپ تۇتاشتۇرۇلغان تۆمۈر، رۇدا ۋە داش-
قال، ساپال ۋا (كورەك تۇرۇبىسى) قاتارلىقلار تېپىلغان، بۇ
ھال شۇ چاغدا تۆمۈر تاۋلاشتا شامالدۇرغۇچ (كورەك) ئىشلىتىل-
گەنلىكى ھەمدە مەخسۇس تۆمۈرچىلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ.

2. توقۇمىچىلىق: توقۇمىچىلىق ئۇدۇندا ئۇزاق تارىخقا ئە-
گە. نىيە خارابىلىكى ۋە لوپ سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن
تېپىلغان بۇيۇملاردىن قارىغاندا، بۇ كەسىپ شۇ چاغدا خېلى
يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. قەبرىستانلىقتىن ئەڭ كۆپ تېپىلغىنى
يۇڭ، يىپەك، پاختا خام ئەشيا قىلىنغان توقۇلما بۇيۇملاردىن
ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە ئاق شايى، تاۋاردىن باشقا يەنە رەڭدار
گۈللۈك تاۋار، ئۆز رەڭلىك گۈللۈك دارايى، تۈز تەگلىك شايى
ھەمدە ناھايىتى سىپتە توقۇلغان، يۇقىرى سۈپەتلىك يىپەك تو-
قۇلما بۇيۇملىرى بار. بۇلار ئېھتىمال، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن
كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغلاردا بۇ جايدا يۇڭ توقۇلما

بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، سۇپىتى يۇقىرى
يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارمۇ شۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەنىدى. نىيە-
دىكى قەبرىلەردىن تىۋىتلىك گىلەم، لوپنىڭ سامپۇل قەدىمىي
قەبرىستانلىقىدىن يۇڭدىن توقۇلغان تىۋىتلىك ئېگەر ياپقۇچىدىن
بىرى قېزىۋېلىنغان. يۇقىرىقى خارابىلەردىن توقۇلۇشى مۇرەك-
كەپ چەكمەن، كەشتە چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇم (بەزىلىرى
قىسمەن ئويۇپ تىكىپ گۈل چىقىرىپ توقۇلغان) لار بولۇپ،
قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك، قوڭۇر، قارا قاتارلىق ھەر
خىل رەڭدىكىسى بار، گۈل سىزىقچىلىرى جەھەتتە كاتەكچە سى-
زىق، تىك سىزىق، رومبا شەكىللىك سىزىقلاردىن تەشكىل
تاپقان، سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن كەشتە چۈشۈرۈلگەن يۇڭ تام-
بال تېپىلغان، تامبالغا گىرىك ئەپسانىلىرىدىكى ئات باشلىق ئادەم
(يېرىمى ئادەم، يېرىمى ئات) ۋە ئادەم بېشى رەسىمى كەشتىلەن-
گەن، رەڭگىنىڭ قېنىق، سۇسلۇقى ئوخشاش ئەمەس. بۇ قەدىم-
دە تارقالغان پېتىنقى، كۆپىنكى رەسىم ئۇسلۇبىغا ئوخشاش
بولۇپ، ئوچۇقلۇق، غۇۋالىق دەرىجىسى بويىچە سېلىشتۇرغاندا
كۈچلۈك ستېرېئولۇق ۋە ئەينەنلىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. نىيە
خارابىلىكىدىن يەنە ئىككى پارچە گۈل بېسىلغان پاختا رەخت
تېپىلغان (موملاشتۇرۇپ گۈل بېسىلغان بولۇپ، جۇڭگودا قە-
دىمدە «موم باسما» دەپ ئاتالغان). مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇھا-
كىمە قىلىشىچە، بۇ رەخت ۋە بىر قىسىم سۇپىتى يۇقىرى يۇڭ
توقۇلما بۇيۇملار ئېھتىمال ھىندىستان ياكى ئوتتۇرا، غەربىي
ئاسىيادىكى باشقا جايلاردىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق،
ئۇدۇندا توقۇلغان گىلەم شۇ چاغدا جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە مەشھۇر
بولۇپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە كۆپلەپ
خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇلار تاۋار ئوبوروتى داۋامىدا پۇل رولىنى
ئوينىغان.

3. ياغاچ جابدۇقچىلىق: ياغاچ جابدۇق ھۈنەرۋەنچىلىكى

ئۇدۇننىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائىتى. ياغاچ جابدۇقلار يەڭگىل، چىداملىق، ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، پىچاق بولسىلا قول بىلەن ياسىغىلى بولىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن ئاياق، چۆچەك، تارغاق، مۇكا، هاسا، ئوقيا قاتارلىق ياغاچ جابدۇقلار قېزىۋېلىنغان. ئىككى خەن دەۋرىدە خوتەن ۋىلايىتىدە ياغاچ جابدۇق ياساشتا تۆمۈر سايمان ئىشلىتىلگەن، قېزىۋېلىنغان ياغاچ جابدۇقلاردىن قارىغاندا، قىرغۇدا قىرىش ئارقىلىق تاماق سايمانلىرى ۋە باشقا كۈندىلىك بۇيۇملارنى ياساش بارلىققا كەل-گەن. قىرغۇدا قىرىش سايمىنى «قىرغۇ» دەپ ئاتالغان. تۆمۈر سايمان ئارقىلىق ياغاچ جابدۇقلارنى ياساشنىڭ بارلىققا كېلىشى، شۇ چاغدا ئاددىي «قىرىش ئىستانوكى» نىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئاددىي قىرىش ئىستانوكىنى يېقىنقى دەۋر-دە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى شەھەر، بازارلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ياغاچ جابدۇقلارنى قىرغۇدا قىرىپ ياسىغاندا، شەكلى ئۆلچەملىك، سىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت، كۈچ تېجىگىلى بولغاچقا ئىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈل-گەن. ئۇدۇننىڭ خەن دەۋرىدىكى ياغاچ جابدۇقلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۇقىرى هۈنەر سەنئەت تۇسىنى ئالغان ياغاچ ئويما بارلىققا كەلگەن. نىيە خارابىلىكىدىن بايقالغان ياغاچ نەقىش چىقىرىلغان ئورۇندۇقتىن قارىغاندا «نەقىش ئويۇلغان تۆت تال ياغاچنى تۇرۇم بىلەن ئورۇندۇق پۇتىغا چېتىش ئارقىلىق ئورۇندۇق بىر پۇتۇن هالەتكە كەلتۈرۈلگەن... تار تەرىپىدىكى تۇرۇم ياغاچ مىخ بىلەن چىگىتىلگەن. بۇ ئورۇندۇقنىڭ پۇتىغا ئۆرە هالەتتىكى بىر شىر نەقىش قىلىپ چىقىرىلغان. ئېنىقكى، بۇنىڭدا هىندىستاننىڭ شىر شەكىللىك ئورۇندۇقلىرى تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىدىكى بىر قىسىم قىزىل، قارا رەڭلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئورۇندۇقنىڭ قول يۆلەنچۈكىگە بىر جۈپ ئەركەك، چىشى غەلىتە مەخلۇق نەقىش قىلىپ ئويۇلغان بولۇپ،

باش ۋە كۆكرەك قىسمى ئادەمگە، بەلنىڭ تۆۋەن قىسمى ئۇچار
قۇشقا ئوخشايدۇ، پاچىقى ئات تۇيىقى شەكلىدە بولۇپ، كىشىگە
كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك تۇيغۇ بېرىدۇ» (ستەين قۇمغا كۆمۈلگەن
خوتەن خارابىسى» ) ، ياسىغان ھۈنەرنىڭ سەۋىيىسى شۇ زاماندى-
كى ياغاچ جابدۇق ھۈنىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4 . كۈلالچىلىق: كۈلالچىلىق بىر خىل قەدىمىي قول سانا-
ئەت ھۈنىرى بولۇپ، ئالدىنقى چىن دەۋرىدە ئۇدۇندا كۈلالچىلىق
تامامەن قول بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ناگان ـ ناگاندا چاق بىلەن
ئايلاندۇرۇپ ياسايدىغانلارمۇ بولۇپ، پەقەت ئېغىز قىسمىنىلا
شۇنداق ياساش بىلەن چەكلەنگەن.

قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملاردىن قارىغاندا، گەرچە قولدا
ياسالغانلىرى كۆپ بولسىمۇ، پۈتۈنلەي چاق بىلەن ئايلاندۇرۇپ
ياسالغان ساپال بۇيۇملارمۇ بار ئىدى. چاق بىلەن ياساش دېگىنى-
مىز ئوق ئۈستىگە ئىش تەخسىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چاقنى ئايلا-
ندۇرۇش ئارقىلىق ياساشنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈپ كۆزىتىش-
تىن قارىغاندا، كىچىكرەك ساپال بۇيۇملار بىر قېتىمدىلا پۈتكۈ-
زۈلگەن، چوڭراقلىرى بۆلەكلەرگە ئايرىپ (تۆۋەندىن ـ يۇقىرىغا
قارىتىپ) ياسىلىپ، كېيىن تۇتاشتۇرۇلغان، ساپال بۇيۇمنى
چاق بىلەن تەخسىنى ئايلاندۇرۇپ ياسىغاندا، سۈرئەت تېز بولۇپلا
قالماستىن، ساپالنىڭ شەكلى ئۆلچەملىك، ئوخشاش بىر بۆلەك
ئۇچۇن ئالغاندا قېلىن ـ نېپىزلىكى تەكشى بولۇپ، قول بىلەن
ياسىغانغا قارىغاندا زور ئىلگىرىلەش بولغان. ئىككى خەن دەۋرىدە
ئۇدۇن رايونىدا كۈلالچىلىق تەرەققىي قىلغان. چاق بىلەن ئايلان-
دۇرۇپ ياساش بارلىققا كەلگەندىن باشقا، يەنە تۇرمۇش بۇيۇملى-
رى ياساشتىن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بىلەن بەزى ئۇسكۇنى-
لەرنى ياساشقا تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىپ
ئۆتۈلگەن ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان كاھىش ۋە تۆمۈر تاۋلاش

ئوچىقىنىڭ يەل بېرىش تۈرۈبىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 3. سودا

ئۈدۈن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ،
خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇنلار شىمالىي يولىنىڭ
بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن، جەنۇبىي يول ئاۋاتلى-
شىپ، سودا گۈللەنگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «سو-
دىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، تاڭ سەھەردىن كەچكىچە ئۆتەڭ-
لەرگە ئادەملەر تولۇپ كېتەتتى» كەن. بۇ جاي غەرب بىلەن شەرق
ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى بولۇپ، نۇرغۇن
تاۋارلار ئۈدۈن بازارلىرىغا كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتە توقۇلغان يىپەك توقۇلما بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى رەڭگى
ھەر خىل، سىپتە توقۇلغان كۆركەم تاۋار - دۇردۇنلار، پار -
پۇر قاچىلار، تۈرلۈك مېتال بۇيۇملار بار ئىدى، يەنە پارس،
توخرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار-
دىن كەلتۈرۈلگەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، ئۈنچە - مەرۋايىت،
خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئەينەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىمۇ بار
ئىدى.

يىپەك يولى سودىسى گۈللىنىپ، سودىگەر ساياھەتچىلەرنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، مۇھىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى بولغان
ئۈدۈن شەھىرىدە نوپۇس تېز كۆپەيگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۈدۈندا 3300 تۈتۈن، 19 مىڭ 300 نوپۇس بار ئىدى.
ئارىدىن 100 يىل ئۆتمەي، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە
كەلگەندە ئۈدۈندا تۈتۈن سانى 32 مىڭغا، نوپۇس 83 مىڭغا
يېتىپ، تۈتۈن ئون ھەسسىگە يېقىن، نوپۇس تۆت ھەسسىدىن
ئارتۇق كۆپەيگەن. شەھەر، بازارلار تەرەققىياتى تېز بولغاچقا،
بازار سودىسىنى باشقۇرىدىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلار، شەھەر ئاق-
ساقاللىرىنى خەن سۇلالىسى يارلىق بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنىدى.

سودىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ئۇدۇن تەۋەسىدە كۆپ خىل پۇل بارلىققا كەلگەن: ھازىر خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خارابىلەردىن خەن دەۋرىگە خاس بەش جۇلۇق پۇل، ۋاڭ ماڭ مەزگىلىدىكى «خوچۇەن پۇلى» قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مىلادىيە II ئەسىردىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئۇدۇندا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇدۇن بەگلىكىدە خەنزۇچە - قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل ئىشلەنگەن ۋە تارقىتىلغان. بۇ ھازىرغىچە شىنجاڭدا مەلۇم بولغان، خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى قەلئە دۆلەتلىرىدە ئەڭ بالدۇر قۇيۇپ تارقىتىلغان پۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خەنزۇچە - قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل بىر خىل قىزىل مىستىن ياسالغان، تۆشۈكسىز پۇل بولۇپ، غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سوقۇپ ياسالغان. پۇلنىڭ بىر يۈزىدە ئات (تۆگە) سۈرىتى بولغاچقا، «ئات سۈرەتلىك خوتەن يارمىقى» دەپ ئاتالغان. ئات سۈرەتلىك خوتەن يارمىقى چوڭ، كىچىك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.9 گرام كېلىدۇ. ئوڭ يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ چەمبەر شەكلىدە جۇەنشۇ خەت شەكلىدىكى يېزىق چۈشۈرۈلگەن، بۇ «ئېغىرلىقى 24 جۇلۇق يارماق» دېگەن مەنىدە، ئوتتۇرىسىدا گۈللۈك سىزىقچىلار بار؛ ئارقا يۈزىگە ئات (تۆگە) سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئەتراپىدا قارۇشتى يېزىقى بار. بۇ جەمئىي 20 خەت بولۇپ، ئاساسى مەنىسى: «بۈيۈك خان، خانلارنىڭ خانى، ئۇلۇغ زات، جۇيجيالومۇ يېپو» دېگەنلەردىن ئىبارەت. دەلىللەشتىن قارىغاندا، «جۇيجيالو» دېگىنى خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئىكەن. كىچىك ئات سۈرەتلىك يارماقمۇ ئىككى خىل ياسالغان بولۇپ، ئېغىرلىقى چوڭ پۇلنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ، ئوڭ يۈزىگە جۇەنشۇ خەت شەكلىدە

«ئالتە جۇلۇق پۇل» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ ئارقا
يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئات ياكى تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تۆگە
سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىرىنىڭ چۆرىسىدە قارۇشتى يېزىقى بار.
خان ئىسىملىرىدىن: «جۇيجيالوموتو» ۋە «جۇيجيالوتومو» دې-
گەنلەر بار. ئات سۈرەتلىك خوتەن يارمىقىنىڭ ئىشلىتىلگەن
ۋاقتىنى، ئاۋرىل ستەين مىلادىيە 170 - يىلىدىن 200 -
يىلىغىچە دەپ قارىغان. ئېلىمىزدىن ئارخېئولوگ شيانەي ئەپەندى
مىلادىيە 73 - يىلى بەنچاۋ ئۇدۇنغا كەلگەندىن تارتىپ مىلادىيە
3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دەپ قارىغان. يەنە ئىنتايىن ئاز
ساندىكى مۇتەخەسسىلەر، ئات سۈرەتلىك خوتەن يارمىقى ئاز تار-
قىتىلغان ياكى ئوبوروتقا سېلىنماي، قائىدە - يوسۇن جەھەتتە
ھەدىيە بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن دەپ ھېسابلىغان.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## ئۇچىنچى بۆلۈم ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خوتەن

ئۇدۇننىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بولۇپ، ھەر خىل ئاشلىق
زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كەلگەچكە دېھقانچىلىق خەلق ئىگىلى-
كىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇغداي، تېرىق تېرىش،
ئۈزۈم تېلى ئۆستۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك بولغان. ئۈجمە ئۆستۈرۈپ
پىلە قۇرۇتى بېقىش بۇ جايدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە كەسىپ ئىدى.
ئۇدۇنلۇقلار سۇچىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھا-
زىرمۇ بەزى خارابىلەردىن سۇ ئىنشائاتى ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى
بولىدۇ. دېھقانچىلىقتىكى سايمانلار خەن دەۋرىدىكىگە ئوخشاش
بولۇپ، بىر قەدەر ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي ئىدى، كۆپ قىسمى

ياغاچتىن ياسالغانىدى. تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر پالتىمۇ ئۇچراپ قالاتتى.

«ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: ئۇدۇندا «يارام ئات، يارام تۆگە، يارام قېچىر بار» دەپ قەيت قىلىنغان، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، چارۋىچىلىق ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، چارۋىچىلىق بۇ رايوننىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولۇپ كەلگەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئۇدۇن بەگلىكىدە يۇڭ توقۇمىچىلىق بىر قەدەر مەشھۇر بولغاندىن باشقا، پاختا توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارادۆڭ خارابىلىكىدىكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان «خورجۇن» ۋە كۆك، ئاق رەڭلىك گۈل بېسىلغان بوز رەخت شۇ جاينىڭ مەھسۇلاتى دەپ قارىلىپ كەلگەن، بۇ بىر تەرەپتىن شۇ چاغدا كېرىيىدە كېۋەز تېرىلغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن پاختا توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خارابىدىن تېپىلغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس يىپەك توقۇلما بۇيۇم — قىزىل تەگلىك ئاق گۈللۈك شايى يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭمۇ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىدىن قارىغاندا بۇ مەزگىلدىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇڭ پالاستىن ئىبارەت ئىدى. ئۇدۇن گىلىمىنىڭ بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ داڭقى چىققان بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيا رايونى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن.

قول سانائىتى جەھەتتە ئۇدۇننىڭ مىسكەرچىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان، پۇل قۇيمىچىلىقىدىن باشقا يەنە ھەر خىل سايمان-

لار قويۇپ ياسالغان. بۇ سايمانلار سىپتە، چىرايلىق بولۇپ،
«لياڭنامە» دە «ئۇدۇنلۇقلار مىس جابدۇقلارنى ياساشقا ماھىر»
دەپ خاتىرىلەنگەن. خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى يې-
غىپ ساقلاۋاتقان ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگە
خاس بىر مىس چۆگۈننىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 40.5 سانتىمې-
تىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا بولۇپ، بوينى ئىنچىكە، قورساق قىسمى ئۇزۇن، جۇ-
غى قىسقا، تۇتقۇسى بار، بويۇن قىسمىغا جۇپ قۇش، جۇپ
ھايۋاننىڭ رەسىمى نېپىز قىلىپ ئويۇپ چىقىلغان، قورساق
قىسمىدا قارۇشتى يېزىقى بار، بۇ چۆگۈننىڭ ياسىلىشى ئۆزگى-
چە، ھۈنەر - سەنئىتى سەرخىل بولۇپ، شۇ چاغدىكى قويمى-
چىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارەتنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ.
يىپەك يولى سودىسى ئەسلىگە كېلىپ راۋاجلاشقاندىن كې-
يىن، ئۇدۇن ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا بولىد-
غان سودا كۆپەيگەن. «لوياڭدىكى ساڭراملار ھەققىدە زىيارەت
خاتىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
شېنگۇينىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 519 - يىلى) سۇڭ يۈن،
خۇيشېڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇزۇنتات شەھىرى (ھازىرقى خوتەن
ۋىلايىتى چىرا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)
گە كەلگەندە، «شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم كېلىدىغان
جايدا بىر چوڭ ئىبادەتخانا بار، يەنە 300 دىن ئارتۇق راھىب،
زەر يالىتىلغان بىر دانە بۇت... نۇرغۇن بۇددا مۇنارلىرى بولۇپ،
سان - ساناقسىز تۇغ - ئەلەملەر ئېسىلغان، ۋېي سۇلالىسىنىڭ
تۇغ - ئەلەملىرى يېرىمىدىن ئاشىدۇ. تۇغ - ئەلەم، لەۋھەلەر-
گە: تەيخېنىڭ 19 - يىلى (495 - يىلى)، جىڭمىڭنىڭ 2 -
يىلى (510 - يىلى)، يەنچاڭنىڭ 2 - يىلى (513 - يىلى)
دېگەن يىلنامىلەر يېزىلغان، پەقەت بىر لەۋھەگە يېزىلغان يىلنا-

مىدىن قارىغاندا، ياۋچىن دەۋرىگە خاس لەۋھەدەك قىلىدۇ» غانلىقىنى كۆرگەن. بۇ مەزگىلدە يىپەك يولى سودىسى ئەسلىگە كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇدۇننىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

سودىنىڭ روناق تېپىشى شەھەر تەرەققىياتىنى مۇقەررەر ئىلگىرى سۈرگەن. تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇدۇن تەۋەسىدە بەش چوڭ شەھەر، نەچچە ئون كىچىك شەھەر بار ئىكەن؛ ئۇدۇن خانى تۇرۇشلۇق شەھەردە «ئاۋام شالاڭ ئولتۇراقلاشقان»، «شەھەر ئىچىدە ئۆي - ئىمارەت ۋە رەستىلەر بار ئىكەن»، راھىب فاشيەن V ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇدۇندىن ئۆتكەندە، بۇ جايدا «دۆلەت باياشات، ئاۋام شاد - خۇرام ئىكەن» دەپ تەرىپلىگەن. دېمەك، بۇ جاينى گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى قاپلىغان.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## تۆتىنچى بۆلۈم سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

مىلادىيە 618 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يىپەك يولى ئاۋاتلىشىپ، جەمئىيەت ئەمىن تېپىپ، ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا شۈەنزاڭ نوم ئېلىپ قايتىش سەپىرىدە ئۇدۇندىن ئۆتكەندە «ئاۋام باياشات، خۇشال - خۇرام كەيپىياتقا چۆمگەن»، بۇ دەل ئۇدۇن ئىقتىسادىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى.

## 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇدۇننىڭ دېھقانچىلىقىدا بۇغداي، تېرىق ئاساس قىلىنغان. «سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «بۇ زېمىندا كەندىر، بۇغداي، تېرىق، شال كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ... مېۋىلىك دەرەخ، ئورمان كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىمۇ ئۇدۇندا «ئاشلىق زىرائەتى ئۆستۈرۈلىدۇ، مېۋە تۈرلىرى كۆپ» دەپ يازغان. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىلا تەرەققىي قىلىپ قالماستىن، ئۈزۈم، مېۋە - چېۋىلەرمۇ ناھايىتى مول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇدۇندا كېۋەز تېرىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. شۇڭلاشقا، كىشىلەر «قوپال، يۇڭ تېرە كىيىملەرنى ئاز كىيىپ، كۆپ ھاللاردا سىپتا توقۇلغان ئاق ماتا كىيىملەرنى كىيگەن». يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى مۇشۇ مەزگىلدە جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە شۆھرەت قازانغان.

تېرىقچىلىق ئومۇملاشقانلىقتىن، دېھقانچىلىق بېجى ئۇدۇن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىق مالىيە كىرىمىگە ئايلانغان. باج ئەمەلىي بۇيۇم بويىچە ھېسابلىنىپ، كىشى بېشىغا قاراپ ئېلىنغان. ئۇدۇن توغرىسىدىكى 3 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە مۇنداق مەزمۇن بار: خاننىڭ پەرمانى يېتىپ كەلدى، بۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە شەخسلەر تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىق 108kmea، بۇنىڭدىن 1kmea ئاشلىق ئىچكى قاراۋۇلخانىلارغا بېرىلىدۇ. شەخسلەر تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىقنى بىز قىيىن ئەھۋالدا تولۇق يىغىۋالدۇق، بۇ ئاشلىق ھەقىقەتەن دېھقانلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى» («ئۇدۇن خەت - چەكلەر توپلىمى» دىن ئېلىندى).

## 2. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى

ئۇدۇن بوستانلىقىدىكى سۇ باشلاپ سۇغىرىدىغان دېھقانچىـ

لىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇ-
رۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. قېزىۋېلىنغان خەت - چەكلەر-
دىن قارىغاندا، بۇ جايدا بىر يۇرۇش مۇكەممەل سۇغىرىشنى
باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان ھەمدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى
داۋاملىق ئېلىپ بېرىلغان، يەنە بىر يىللىق سۇغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۇچۇن دېھقانلار ئادەتتە قىش پەسلىدە ئېرىق - ئۆستەڭ،
ئازگاللارنى ياسىغان ۋە رېمونت قىلغان. 1908 - يىلى ستەين
مازار تاغدىن «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ ئەۋلىيا تاغدىكى مەلۇم
ئىبادەتخانىنىڭ چىقىم ھېساباتى» نى ئۇچراتقان، ئۇنىڭدا ئۇدۇند-
كى مەلۇم ئىبادەتخانىنىڭ پۇل چىقىرىپ مەي سېتىۋېلىپ ئۆس-
تەڭ قازغان ئاۋامنى كۈتۈۋالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە
بار: «... 100 يارماق چىقىرىپ چىن جۇاڭدىن ئۆستەڭ قېزىشقا
ئادەم تەكلىپ قىلىندى، مەي سېتىۋېلىپ ئىشلەمچىلەر كۈتۈۋې-
لىندى. شۇ جاينىڭ ئىشلىرىغا قارايدىغان راھىبلارغىمۇ گېلىنى
نەمدىۋالغۇدەك مەي بېرىلدى...» ، «180 يارماق چىقىرىپ ئادەم
تەكلىپ قىلىپ ئىككى ئورۇندا ئۆستەڭ قېزىلدى. ئىشلەمچىلەر
مەي بىلەن كۈتۈۋېلىندى. مەيدىن شۇ جايدىكى راھىبلارغىمۇ
ئاز-تولا بېرىلدى» .

ستەين «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان:
دەندەن ئۆيلۈك خارابىلىكىدە يەر شەكلىنى ئۆلچەۋاتقاندا، قۇم
ئاستىدىكى كۆمۈلۈپ قالغان ئۇزۇنتاتتىن دەندەن ئۆيلۈككە سۇ
كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ ئىزناسى بايقالدى. «ئورنى ئېگىزلىكتە
بولۇپ، ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا سۇ ئايرىش لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن... بۇ سۇ باش-
قۇرغۇچىلارنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ ئورنىنى ئەڭ مۇۋاپىق جايدىن
تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ... ئورنى يۇقىرى بولغاندا، بىر
ئۆستەڭ بىلەن بىر مۇنچە يەرنى سۇغارغىلى بولۇپلا قالماستىن،
يەنە تەبىئىي چۇشۇرگە ئۆستەڭلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىشى-

دىن ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كاشىلىدىن ئوڭاي ساقلانغىلى بولىدۇ» . ئورنى يۇقىرى جايدىن ئۈستەڭ ئېلىش ئەھۋالىنى بىز بۇگەي ئۆيلۈكتىمۇ ئۇچراتقان، بۇ ئۈستەڭ قازغۇچىلارنىڭ ناھايىتى مول تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا، سۇنى قاتتىق تىزگىنلەپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەن. دېھقانلار يەر سۇغۇرماقچى بولغاندا ئەمەلدارلار تەستىقلىغان، ئۇدۇن توغرىسىدىكى 11 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «غوجام، دورغاب، sndarrjam جانابلىرىغا شۇل توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلىمەنكى: مېنىڭ ئىسمىم mulaki، ماڭا رەھىم قىلىپ ئېرىقىمغا سۇ باشلاشقا ئىجازەت بېرىشكەيلا. ئەھۋال يەنىلا بۇرۇنقىدەك، مەن ئاشخانىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايمەن، يېرىم سۇغىرىلمىسا ئاشلىق ئالالمايمەن، ھازىر سۇ بولغان بىلەن ئازما ئېتىكلىك، ئەتراپتا ھېچكىم يېرىگە سۇ باشلىيالمايۋاتىدۇ، ھازىر مېنىڭ ئېرىقىمغا سۇ بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرگەيلا.

ئەمەلدار sudarrjam (تۆۋەن دەرىجىلىك) ئەمەلدار visa غا مۇنداق پەرمان قىلغان: mulaki نىڭ ئېرىقى ئاشخانىغا قاراشلىق، بۇ پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ئادەمنى باشلاپ بېرىپ ئېرىق ۋە سۇ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرگەيسىز.

«skarihvara ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇشبۇ پەرمان چىقىرىلغاندىن كېيىن ئېرىقنىڭ ئازمىسى ئېتىلمىگەي» («ئۇدۇن خەت - چەكلىرى» توپلىمى) دىن ئېلىندى.

## 3 . قول سانائىتى

شۆەنزاڭ: ئۇدۇنلۇقلار «ھۈنەرگە ھېرىسمەن، ماھارىتى

كامالەتكە يەتكەن» . «بۇ جايدىن زىلچا، يۇڭ پالاس چىقىدۇ، دۇكانلىرىدا يىرىك تاۋار توقۇلۇپ توپلاپ قويۇلغان» دېگەن. بۇ قول سانائىتىنىڭ، بولۇپمۇ يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا يىپەك توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سانى ئالدىنقى دەۋرلەردىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، Ⅶ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ كۆپ قىسمى يىپەك كىيىملەرنى كىيگەن، باھاسىمۇ ئانچە يۇقىرى بولمىغان. بۇ ئۇدۇندا پىلە - ئۈجمىچىلىكنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن بولغان. ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولىدىكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا، ئۇدۇندا ھەر بىر توپ يىپەك مالنىڭ باھاسى 170 يارماق بولۇپ، قوچو (ھازىرقى تۇرپان) ئايمىقىدىكى باھانىڭ يېرىمىغا يەتمەيتتى. «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇدۇنلۇقلار «كۆپ ھاللاردا سىپتە توقۇلغان ماتا كىيىملەرنى كىيگەن» دېيىلگەن. كىيىم تېرىش بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىقتىن، پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ راۋاج تاپقان. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە: تاڭ دەۋرىدىن بۇيان، ئۇدۇننىڭ پاختا رەختلىرىنىڭ سۈپىتى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى، «رەختنىڭ رەڭگى ئاپئاق، سىپتا، ئەن كەڭلىكى مۇۋاپىق ئىدى» دەپ يېزىلىشىنىڭ تارىخىي ئاساسى بار. ئۇدۇندا توقۇمىچىلىق كەسپىدىن باشقا، كىگىزچىلىك، ئېچىتىش كەسىپمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. شۇڭلاشقا، خەت - چەكلەردە مەي، ئاچچىقسۇ دېگەن سۆزلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. زاڭزۇ يېزىقىدىكى «ئۇدۇن تارىخى» دا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ جايدا مىمارچىلىقمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. مىلادى 779 - يىلى شىزاڭدا تۇنجى ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىسى ساڭ يې (bsamyas) ئىبادەتخانىسىنى ياساشتا ئۇدۇنلۇق ئۇستىلار لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا قاتناشقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇدۇندا جىنسىي سارىيى، چىنفېڭلۇ راۋىقى قاتارلىق ھەي-

ۋەتلىك ئىمارەتلەر بار ئىدى، بۇ ئۇدۇندا مىمارچىلىق ھۈنىرىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 4 . سودا

سۈي، تاغ سۇلالىلىرى مەزگىلىدىكى ئۇدۇندا جەمئىيەت مۇقىم بولغانلىقتىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەت مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، مەھسۇلات تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇن «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي يولىدا بولغاچقا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ماللارنى ئالماشتۇرىدىغان، توپلايدىغان، تارقىتىدىغان يەرگە ئايلانغان، قاتنىشىمۇ قولايلىق بولغان. تاڭ سۇلالىسى جايلاردىكى قاتناش نۇقتىلىرىدا نۇرغۇن ساراي، ئۆتەڭ-لەرنى قۇرغان. مەسىلەن، قەشقەردىن ئۇدۇنغىچە بولغان يول ئۈستىدە ساراي، ئاشپۇزۇللارنى قۇرۇپ، لەشكەرلەر، ئەمەلدار-لار ۋە پۇقرالارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن. يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ئۇدۇندا سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجى-دە تۈرتكە بولغان. مۇشۇ مەزگىلدىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەق-قىيات دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز تاڭ شۆەنزۇڭ لى لۇڭجىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەردىن سودا بېجى ئېلىپ لەشكەرلەرنىڭ ۋە ھا-كىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتىدىكى كەم تەرەپلەرنى تولۇقلى-غانلىقى، تاڭ سۇلالىسى پۇلى، كۇسەن پۇلى قاتارلىق ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىدىن بۇ مەزگىلدىكى سودا پايدىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇدۇندا، ھەتتا «ئايال دۇكاندارلار قويۇلۇپ پۇل يىغىلغان» دېگەن خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئېلىنغان باج پۇلى مەركەزگە تاپشۇرۇلماي، يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ تەسەررۇپ قىلى-شىغا بېرىلگەن.

تاڭ دەۋرىدە ئۇدۇن يەنىلا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇ-
ھىم سودا شەھىرى ئىدى. مىلادىيە 644 - يىلى شۈەنزاڭ
ھەزرەت ئۆز يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە، ئۇدۇندا قىسقا مۇددەت
تۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن
ھەمدە «قوچولۇق ماشۇەنجى دېگەن كىشىنى سودىگەرلەر بىلەن
ھەمسەپەر قىلىپ قولىغا مەلۇماتنامە تۇتقۇزۇپ چاڭئەنگە ئەۋە-
تىپ، بۇ جاينىڭ ئەھۋالىدىن ئوردىغا مەلۇمات بەرگەن» . ئۇدۇن
بازارلىرىدىكى تۈرلۈك سودا - سېتىق ئىشلىرىدا پۇل ئىشلىتىل-
گەن بولۇپ، «يارماق» بويىچە ھېسابلانغان. بۇ ھال بازارنىڭ
جانلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنلىكى-
نى، پۇل ئوبوروت دائىرىسىنىڭ خېلى كەڭ بولغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تاڭ دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ ئەۋلىياتاغ ئىبادەتخانىسىنىڭ
چىقىم ئەۋالى» دا خاتىرىلىنىشىچە: ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شىمالىي
رايونىغا جايلاشقان بىر ئىبادەتخانىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش چىقى-
مى تامامەن دېگۈدەك پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ جەھەتتە مۇن-
داق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2160 يارماق سەرپ قىلىپ ماي
كەندىرى سېتىۋېلىندى:

ئىككى دەن تۆت كۈرەنىڭ ھەر كۈرەسى 90 يارماقتىن
ھېسابلىنىپ، 520 يارماققا چىلان سېتىۋېلىندى:

بىردەن ئىككى كۈرەنىڭ ھەر بىر كۈرەسى 30 يارماقتىن
بولۇپ، ئاۋامغا ئىشلىتىلدى.

13 - كۈنى 3910 يارماق چىقىرىپ گۈللۈك كىمخابتىن
23 توپ سېتىۋېلىندى، ھەر بىر توپى 170 يارماقتىن بولدى.

ئەمەلدارلارنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن يەم - بوغوز سېتىۋېلىنىپ
ئەۋەتىپ بېرىلدى...60 يارماققا بىر توپ قەغەز سېتىۋېلىنىپ،
ئالاقە پۈتۈك ئىشلىرى ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلىندى.

ستەين قاتارلىقلار دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن تاپقان خەنزۇ
يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ۋە دامىكودىن تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدى-
كى ماتېرىياللاردىمۇ مىس پۇل ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا مەز-
مۇنلار بار.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

## بەشىنچى بۆلۈم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى-دىكى خوتەن

مىلادىيە VIII ئەسىردىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئىقتىسادىي ئىشلىرى گۈللىنىش دەۋرىدە تۇردى. ۋەتىنىمىزنىڭ
غەربىي چېگراسىغا جايلاشقان ئۇدۇن بوستانلىقىدا جەمئىيەت ئە-
مىن تېپىپ ئىگىلىك گۈللىنىپ، دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلىپ،
خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن؛ ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىر -
بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، بۇغداي، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر
كەڭ تېرىلغاندىن باشقا، شال، ئۇجمە، كېۋەز ئېتىز - داللاردا
باراقسان ئۆسۈشكە باشلىغان. قول سانائىتى جەھەتتە، تۆمۈر
تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، ئېچىتما نەرسىلەرنى ياساش، بولۇپمۇ
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تاۋار - دۇردۇن، زىلچا توقۇش،
كىگىز بېسىش ھەمدە قاشتېشى قېزىش، ئويمىچىلىق قاتارلىقلار
جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي
ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ھەمدە مەر-
كەز ئوردىسىغا سۇنۇلىدىغان ئولپان بۇيۇملىرى تىزىملىكىگە
كىرگۈزۈلگەن. دېھقانچىلىق، قول سانائەت تەرەققىي قىلغانلىق-
تىن تاۋار ئالماشتۇرۇشمۇ ئىنتايىن جانلانغان.

## 1. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۇدۇنىڭ تۇبۇتلەر ئىگىلىۋالغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى

مىلادىيە 755 ـ يىلى ئۆگلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭى يۈز بېرىدۇ. جىدېنىڭ بېشىدا (756 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋايجراسامپاۋا ئۆزى شەخسەن 5000 نەپەر لەشكەرنى باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى ۋايجراياۋ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئەھۋالى ناچار، قوغدىنىش كۈچلىرى ئاجىز بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى كەنجۇ (خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسى ئەتراپىدىكى جايلار) دائىم تۇبۇتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ۋەزىيەت تۇراقسىز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى 3ـيىلى (768ـيىلى) 3 ـ ئايدىكى تارىخىي خاتىرىلەر» دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا بۇ رايوندىكى پۇقرالار غەم ـ ئەندىشىدە قالغان بولۇپ، «دائىم ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش» تەك قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. لېكىن، ۋايجراياۋ قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلغاچقا، بەگلىك ئەمىن تاپتى، ئىقتىسادىي ئىشلار ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشتى. بۇ ئەھۋال يېقىنقى زاماندا بايقالغان ئۇدۇن خەت ـ چەكلىرىدە ئوخشاش بولمىغان تەرتىپ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

ھېدىن (Hedin) 26

(ئۇدۇن خانى ۋايجراياۋ) تەختكە ئولتۇرۇپ، 7 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى دالى 8ـيىلى، يەنى مىلادىيە 773 ـ يىلى) كۈزنىڭ 2 ـ ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى ssau ئەمەل تۇتقان مەزگىلدە، بۇ ھۆججەت شۇ سەۋەبتىن چىقىرىلدىكى،

مەزكۇر مەھەللىنىڭ پۇتۇكچىسى Daduei ۋە باشقا Gayaata كەنتلىك hyacai si'sina دېگەن كىشى كىيىم - كېچەككە كېرەكلىك پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. 150 قۇر كىيىم - كې-چەك ماتېرىيالى ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئومۇمىي كىيىم - كېچەك 7500 قۇر. قىش پەسلىنىڭ 2 - ئېيىدا ئۇ 50 تۇركۇمنى بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن 10 كۇرە كۇنجۇتنى بىردەن بويىچە ھېسابلاپ، ئۇلار 2500 مورا پۇلغا ئېرىش-تى. قىش پەسلىنىڭ 1 - ئېيىدا ئۇلار كۇنجۇتنى تاپشۇ-رۇپ بېرىپ، بۇ پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ئاش - ئوزۇق قاتارىغا ھېسابلاندى، ئۇلار بۇ پۇلغا ئىسپات يېزىپ بېرىش-نى تەلەپ قىلدى، ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن دەرھال كۈچ-كە ئىگە.

بارماق ئىزى......

ھېدىن (Hedin) 4

(ئۇدۇن خانى ۋايجراياۋ) تەختكە ئولتۇرۇپ 21 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جيەنجۇڭ 8 - يىلى يەنى مىلادىيە 787 - يىلى)

Raruya ئېيىنىڭ 18 - كۈنى، يەنى ساڭ ساۋ ssacu ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن يىلى، ئۇشبۇ تىلخەت بىر قېتىملىق قەرزدارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن يېزىلدى ... Budasamga قايتۇرۇلغان قەرزدىن 14dramma (؟) نى تاپشۇرۇۋالدى ... ئايدا مەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ دەن ئۇلچەم بىرلىكى بو-يىچە بۇغداي ۋە ئارپا تاپشۇرىدىغان بولدۇم، ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، پۇلغا سۇندۇرۇپ باھاسى ھېسابلىنىدىغان بول-دى. (بۇغداي ۋە) ئارپىنىڭ باھاسى ناھايىتى يۇقىرى.

گۇۋاھچى......بارماق ئىزى...

هېدىن (Hedin)1

(ئۇدۇن خانى ۋايجىراياۋ) تەختكە چىقىپ 35 ـ يىلى
(تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەن 17ـيىلى، يەنى مىلادىيە 801ـ
يىلى) 44 نەپەر مۇلكىي ئەمەلدارغا بىر كىيىملىكتىن يۇڭ
رەخت بېرىلدى، ھەر بىرى 23 چىدىن بولدى، ئادەم سانى
بويىچە جەمئىي 25 توپ 12 چى (ھەر توپى 40 چى) بېرىش
پىلانلاندى. پۇتۇكچىلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ كىيىم ـ كې-
چىكى ئۈچۈن جەمئىي يەتتە توپ 30 چى رەخت بېرىلدى-
غان بولدى. بېرىشكە تېگىشلىك جەمئىي يۇڭ رەخت 33
توپ ئىككى چى، ھازىر تىلخەتكە ئاساسەن 23 توپ 11
چى بېرىلدى. دورغاب ۋە چىپەرچى ئەمەلدار Sudarryam
لارغا بېرىشكە تېگىشلىكى ئۈچ توپ، چىپەرچى ئەمەلدار
yamaniri غا 40 چى، ئەدلىيە ئەمەلدارى samadini غا 20
چى. Sanirki غا 20 چى، Budarmn غا 23 چى، Hvivti ۋە
visariyam غا ئالتە چى ھەم ئىككى توپ رەخت بېرىلدى.
پۇتۇكچى رەختنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىسكىلاتتىكى thinittiki
نى چىپەرچى semaki ئومۇمىي سان بويىچە تاپشۇرۇۋالدى.
تىلخەت ھازىرغىچە ئېلىنمىدى، پۇتۇكچىنىڭ يېنىدىن
مورا (پۇل) ئېلىپ قېلىندى. yaadana لارنىڭ بۇ بىر ئۆلۈ-
شى 1640، Suradatti نىڭ ئۆلۈشى 2250، Pasuda'tti نىڭ
ئۆلۈشى 1640 بولدىلەر.

يۇقىرىقى ئۇدۇن خەت ـ چەكلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
مۇشۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاساسلىق
زىرائەتلەردىن بۇغداي، ئارپا، كۇنجۇت (زىغىر) قاتارلىقلار تې-
رىلاتتى. ھوسۇلمۇ ياخشى ئىدى. كىشىلەر ئۆزلىرى ئىستېمال
قىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى بازارغا سېلىنىپ ئالماشتۇرۇلات-

تى. خەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىغىرلىق ئۆلچەملە-
رى ئاساس قىلىنغانىدى. توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىيات سەۋىيە-
سى خېلى يۇقىرى بولۇپ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى كىشىلەرنىڭ
ئاساسلىق كىيىم - كېچىكى قىلىنغانىدى؛ تاۋار ئالماشتۇرۇشتا
پۇل (مورا) ۋاستە قىلىنغانىدى. پۇل كەڭ قوللىنىلغانىدى.
بۇ هال شۇ چاغلاردا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ جانلانغانلىقىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 18 - يىلى (مىلادىيە
802 - يىلى) تۈبۈتلەر ئۇدۇننى ۋە ئۇنىڭ قوشنا رايونلىرىنى
تامامەن كونترول قىلغاندىن كېيىن، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىق-
تىسادىي ئەهۋالىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز
بەردى. شۇ چاغدا تۈبۈتلەرنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرى جەنۇب بىلەن
شىمال ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ مۇهىم تۈگىنى بولغان مازار
تاغدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار-
نى تىزگىنلىگەنىدى. نۇرغۇنلىغان لەشكەر چېگراغا بېسىپ كەل-
گەن، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئەهۋالدا
ئۇدۇن تەسلىم بولۇپ، تۈبۈتلەرنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىنى
قوبۇل قىلدى. ھالبۇكى، تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇدۇننى
تىزگىنلەش ئۇسۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە بېقىندۇرۇش تۈ-
زۈمىگە ئوخشاش ئىدى. ۋايجىرا خان جەمەتىنىڭ خانلىق ئورنى
ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، ئۇدۇن بەگلىكى-
نىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى داۋاملاشتۇرۇلغان، دەۋا -
دەستۇر، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلى-
دىكى قائىدە - بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغانىدى ،
ۋايجىراخان جەمەتى يەنىلا بوستانلىقلاردىكى ئىشلارنى ئۇنۇملۇك
باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇدۇن تۈبۈت ئەمەلدارلىرىغا ئولپان
تاپشۇراتتى. تۈبۈت لەشكەرلىرى جايلاردىكى مۇهىم نۇقتىلارغا
كىرىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇدۇن خانى نۇرغۇنلىغان چوڭ -

چوڭ مەسىلىلەردە تۇبۇتلەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي جەھەتتە، يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەرياسىنى مەركەز قىلغان بوستانلىقلاردا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس ئىدى، ئۇدۇننىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى ۋە باشقۇرۇش شەكلى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلغانىدى. لېكىن، خەلق ئاممىسى تۇبۇت ئىستىبداتچىلىرىنىڭ ئېغىر ھاشار ئەمگەكلىرى ۋە ئالۋان ـ ياساقلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقىدا يەر ئىجارە تۈزۈمى كەڭ يولغا قويۇلغان، ھەدەپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىۋاتقان ئەھۋالدا، ھەربىي ئىستىبداتچى بولغان تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرى بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلاردا يەر باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىنى قويۇپ، يەر ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارغا مائاش يېرى سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بەردى ياكى خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدار، جانبازلارغا مۇكاپات سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىپ بەردى. يەر ئىگىلىرى ئىجارىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئۆز يەرلىرىنى ئىجارىگەش قۇللارنىڭ تېرىشىغا بەردى. ئۇلار بىلەن ئىگىدارلىق ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە باشقۇرۇش ـ بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى بولۇپ، باشقا ھاشارلارنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

يەر ئىجارىگە بېرىلگەندىن باشقا، ھۆكۈمەت يەنە يەر بېجى ئالغان، «ئاۋام پۇقرالارنىڭ يەردىن ئالىدىغان ھوسۇلى ناچار ئىدى، پۇقرى مەرتىۋىلىك دېھقانلار بىر (تۈ) يەر ئۈچۈن ئاران بەش شېڭ ئارپا، بەش شېڭ بۇغداي تاپشۇراتتى، نوپۇس بېجى ئۈچۈن «ھەر ئائىلىدىن بەش شېڭ (ئارپا) ئېلىناتتى». بۇ باج ئۆلچىمى ئۇدۇندا يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. تۇبۇت ھۆكۈمرانلىرىغا كېتەرلىك بىر قەدەر ئالىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، زىبۇ زىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەر خەنزۇلار رايونىدىن

ياكى ئۇدۇندىن سېتىۋېلىناتتى. «تاپشۇرۇلغان سىدام كىيىملەر تىزىملىكى: خەنزۇلار رايونىدا تەييارلانغان پىلاش بىر دانە، ئاق ئۆچكە تېرىسىدىن تەييارلانغان پىلاش بىر دانە، بۆكەن تېرىسىدىن تەييارلانغان قىسقا پىنجەك ئىككى دانە، تاۋار يەكتەك بىر دانە، بۆكەن تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋا بىر دانە، دۇردۇن كۆڭ-لەك بىر دانە، يېڭى، كونا رومال ئىككى دانە، يىپەك بەلۋاغ، قاشتېشى··· قاتارلىقلار» . يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئال-ماشتۇرۇلغان، بەزىلىرى زورلاپ تارتىۋېلىش يولى بىلەن ئېرى-شىلگەن. يەنە تىبەت يېزىقىدىكى پۇتۈكلەردە: «شايى 1000 توپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇدۇننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئولپان ئېلىنغان نەرسىلەر بولۇپ، تۇبۇت بەگزادە ـ ئاقسۆڭەك-لىرىگە ھەدىيە قىلىنغان «تاڭ سۇلالىسى ماللىرى» بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇدۇننىڭ ئەتىۋار تەبىئىي بايلىقى — قاشتېشى تۇبۇت خانى زانبۇ ھەمدە بەگزادە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئېگىز تاغدىكى قارلىق شەھەرگە تۇركۇملەپ توشۇلغان. «تۇبۇت خانى لاڭ رىلو زانبۇ خەنزۇلار ۋە تۇركلەرنى بويسۇندۇردىلەر··· ئاتلاشلارغا قارىغاندا، 18 خې-چىرغا يۈكلەنگەن قاشتېشى تۇبۇتكە توشۇلدىلەر» ، تۇبۇت لەش-كەرلىرى تارىم ئويمانلىقىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، بوستانلىق-تىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر بۇ لەشكەرلەرگە ئاشلىق، گەزمال، ھەتتا مېۋە ـ چېۋىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇدۇنلۇقلار لەشكە-رىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارغا پايلاقچى، چېبەرچى بولۇش، ئاشلىق توشۇش قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىش-قا، ۋەزىپىنى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئادا قىلىشقا مەجبۇر بولغان، بۇنداق قىلالمىغانلار قاتتىق جازاغا تارتىلغان. تۇبۇتلەر-نىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئۇدۇن خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئاخىر IX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىل-لىرىدا تۇبۇتلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆ-

كۆمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن.

## 2. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى گۈللەنگەندىن كېيىنكى جەنۇبىي يولدىكى قاشتېشى سودىسى

مىلادىيە IX ئەسىردىن كېيىن، تۈبۈتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشتى. تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ خانىنىڭ داجۇڭ 2 ـ يىلى (848 ـ يىلى) شاجۇ ئايمىقىدىن جاڭ يىچاۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ھەمدە ئۇيغۇل ئايمىقىنى قايتۇرۇۋالدى، مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇدۇن ۋايجىرا ھاكىمىيىتى كەڭ لەشكەرلەر ۋە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۈبۈت لەشكىرىي ۋە مۈلكىي كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاساسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىدىن ئىبارەت شانلىق دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۆز تەۋەسىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇرت قۇرۇلمىسى بويىچە يەنىلا «10 ـ ئايماق قۇرۇلدى». ھازىرقى كېرىيە، چىرا قاتارلىق جايلار كانجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالدى، غەرب تەرىپى ئەنجۈن ئايمىقى، يەنى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى بولۇپ، ئۇدۇننىڭ ئاستانىسى مۇشۇ جايدا ئىدى. شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى يىنجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالدى. جەنۇبتىن 300 چاقىرىم كېلىدىغان جاي يۇجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالدى. X ئەسىردىكى مەشھۇر پارس جۇغراپىيە ئەسىرى «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇدۇن ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان… خەلقلىرى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەشۇتتىن ئىبارەت. ئۇدۇن خانى ئەيش ـ ئىشرەتتە ياشايتتى، ئۆزىنى تۈركلەر ۋە تۈبۈتلەرنىڭ خوجىسى دەپ ئاتىۋالغانىدى… بۇ مەملىكەتتە 70 مىڭ سەرخىل لەشكەر بار، ئۇدۇندىكى دەريالاردىن قاشتېشى چىقىدۇ.» يۇقىرىقىلاردا ئېھتىمال ئۇدۇن خانى

ۋىسارا تەڭرىخان (مىلادىيە 912 ـ يىلىدىن 966 ـ يىلىغىچە خان بولغان) دەۋرىدىكى ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. خاننىڭ ئىسمى ۋايجىرا سامپاۋا (VisaSambhava) ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 نەچچە يىل داۋامىدا ئۇدۇن گۈللىنىش مەزگىلىدە تۇرغانىدى، سىرتتا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغۇدەك كۈچلۈك قوشنىسى يوق ئىدى، مەملىكەت ئىچىدە جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، دۆلەت كۈچى زور، ئاش ـ ئوزۇقلىرى كەڭتاشا بولغانىدى، يىپەك، يۇڭ، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى. شۇ مەزگىلدە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن ئۆتكەن لەسىر ئىسمىلىك ئەرەب تونۇشتۇرغاندەك: ئۇدۇننىڭ «تۇزۇمى ياخشى» ئىدى. خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇدۇننىڭ شاجۇ ئايمىقىدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان قويۇق سودا ئالاقىسىدىكى «غەربىي چېگرانى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان» بوستانلىقتىكى قەدىمىي بەگلىكنىڭ روناق تاپقان ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، X ئەسىردىن كېيىنكى يىپەك يولى سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئالاھىدە بايان قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇدۇندىن قېزىۋېلىنغان قاشتېشى كۆپلەپ بازارغا سېلىنىپ، يىپەك يولى سودىسىدىكى ئالاھىدە تاۋارغا ئايلىنىپ، مۇشۇ بىر مەزگىللىك تارىخقا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن.

ئۇدۇندىن ئېسىل قاشتېشى چىقىدىغانلىقى قەدىمدىن تارتىپ جاھانغا مەشھۇر ئىدى. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈبۈتلەر ئۇدۇندىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرقىدە تاش قەلئەنى مەركەز قىلغان كىرورەن تەرەپلەردە نۇرغۇن قەبىلىلەر تارقاق جايلاشقان بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا باتۇر، ئۇرۇشخۇمار توخرىلار، تۈيغۇنلار، تۈبۈتلەر، تۈركلەردىن تەشكىل تاپقان سەنۋېي، جوڭيۈن ھاكىمىيىتى بار ئىدى. ئۇلار بەزىدە توپلىشىپ، بەزىدە

تارقاق ياشايتتى، بەزىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنى بۇلاپ، سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. ئۇدۇنلۇقلار بىلەنمۇ پات - پات توقۇنۇشۇپ قالاتتى. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاڭ يىچاۋ بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شاجۇ ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، زورىيىپ - كۈچىيىپ، ئۈزلۈكسىز سىرتقا كېڭەيگەن. داجۇڭ 10 - يىلى (856 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، لوپنۇر رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، تۇيغۇنلارنى چېكىندۇرۇپ، تاش قەلئە ئەتراپىدىكى سەنۋېيلار بىلەن ئۇچراشقان. گۇاڭ مىڭنىڭ 2 - يىلى (881 - يىلى) دىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەدرىجىي كۈچەيگەن. گەن، لياڭ رايونى تەدرىجىي ھالدا بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىدىن ئايرىلغان. كۈچلۈك قوشنىلار تەھدىت سېلىۋاتقان، تەدرىجىي يېتىم قىلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ شاجۇ ئايماق ھاكىمىيىتى غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇدۇن بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەن. بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى جاڭ لياڭجېنىڭ پىشامشاندا سەنۋېيلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى يۇقىرىقى ۋەزىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گۇاڭخۇانىڭ 4-يىلى (901-يىلى) ئۇدۇن ئەلچىسى لياڭ مىڭمىڭ قاتارلىقلار شاجۇ ئايمىقىغا بارىدۇ. بەيئەتچىلەر قوشۇنىدىن جاڭ لياڭجېن ئۇدۇنغا ئەلچى بولۇپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەن. بۇ ھال مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چيەننىڭنىڭ 3 - يىلى (896 - يىلى) دىن باشلاپ جاڭ چېڭيېڭ بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇدۇن بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. قاتناش جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 906 - يىلى ئەتراپىدا جاڭ

چېڭفېڭ بەگلىك ۋەزىرى لوتۇڭدانى سەرخىل لەشكەرلەرنى باشلاپ
پىشامشاننى ئىگىلەپ تۇرغان سەنۋېي قەبىلىسىگە قارىتا جازا يۇ-
رۇش ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغان. ئۇدۇنغا نەچچە قېتىم ئەلچى
بولۇپ كەلگەن جاڭ لياڭجېنمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان
ھەمدە لوتۇڭدا تاش قەلئەنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن،
داۋاملىق يۇرۇش قىلىپ، ساپى قەلئەسىنى (ھازىرقى چەرچەن
ئەتراپىدا) ئىگىلەپ، شاجۇ ئايمىقى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرغان. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بى-
لەن شاجۇ ئايمىقى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلى ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىپ ياخشى ئىتتىپاقداشلاردىن بو-
لۇپ قېلىشى سىياسىي جەھەتتىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ
قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ مەنپەئەت جەھەتتە بىر-
بىرىنى تولۇقلاپ ھەر ئىككى تەرەپ نەپكە ئېرىشكەن. ئۇدۇننىڭ
ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان قاشتېشى، يىپەكلىرى، يۇڭ توقۇلما
بۇيۇملىرى شاجۇ ئايمىقى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى كەڭ جايلار-
نىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
بارىدىغان يولنى ئېچىپ، خەنزۇلار رايونىنىڭ تاۋار - دۇردۇن
قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئېرىشىش ئارزۇسىمۇ شاجۇ ئايمىقىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەن.

شاجۇ ئايمىقىدا كەندىر كۆپ بولسىمۇ يىپەك ئاز ئىدى.
ئۇدۇننىڭ يىپەك مەنبەسى مول بولۇپ، توقۇمىچى ئائىلىلىرىدە
دەستىگاھلار توختىمايتتى، شايى - ئەتلەس مەھسۇلاتى كۆپ
ئىدى. غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئولپان قىلىپ
تاپشۇرۇلىدىغان ھەيۋەتلىك ئارغىماقلار، پارقىراپ تۇرىدىغان
قاشتېشىدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلاردىن شاجۇ قەبىلىسىدىكىلەر
تازا ھۇزۇرلىناتتى ۋە بۇلارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايت-
تى. بۇ مەزگىلدە شاجۇ قەبىلىسىدىكى بەيئەتچى قوشۇن ھاكىمى-
يىتى ئۇدۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن

قىزغىن پوزىتسىيە تۇتقانىدى. ئۇدۇن ئەلچىلىرى شاجۇ ئايمىقىغا بارغاندا، ئۇلار يول بويى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىنغان ھەمدە بۇ ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا مەخسۇس ئادەم تەيىنلەنگەن. يول راۋان، بىخەتەر بولغاچقا ئۇدۇننىڭ قاشتېشى سودىسى تېز تەرەققىي قىلغان، مەيلى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ياكى پۇقرالار ئۆزى يولغا قويغان سودا بولسۇن، ئۇدۇننىڭ سەرخىل قاشتېشى شاجۇ ئايمىقى، گەنجۇ ئايمىقى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزۈلـ دۈرمەي توشۇلۇپ تۇرغان. بىز ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان مال تىزىملىكىدىن، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە — ئوردىغا يەتـ كۈزۈلگەن ئولپان ماللاردىن بۇ ئەھۋاللارنى ھېس قىلدۇق. جيەندېنىڭ 8 - يىلى (970 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋايجرا سورانىڭ دۇنخۇاڭ شاھى ساۋيۈەنجۇڭغا يوللىغان مەكتۇبىدا مۇنـ داق بىر ئابزاس سۆز بار: «ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى بەزى كۆ- ڭۈلسىزلىكلەر مۇۋاپىق سوۋغاتقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن بولغانمۇ قانداق... بىز ئۆزلىرىگە تۆۋەندىكىچە سوۋغاتلارنى يوللىدۇق: بىـ رىنچى دەرىجىلىك ئوتتۇرا تىپتىكى قاشتېشى بىر دانە، 42 جىڭ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ساپ قاشتېشى بىر دانە، 10 جىڭ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك قاشتېتشى بىر دانە، سەككىز يېرىم جىڭ، ئۈچ خىل قاشتېشى جەمئىي 60 يېرىم جىڭ...».

دۇنخۇاڭ خانى ساۋيۈەنجۇڭغا بۇنچە كۆپ ئۇدۇن قاشتېشىـ نىڭ زۆرۈر بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئاساسەن يىپەك يولى سودىسىدىكى ئەتىۋارلىق بۇيۇمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھ ئوردىسىغا ئولپان سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خان ئوردىسىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىنئام ۋە ئەمەلگە ئېرىشمەكچى بولغاـ نىدى. تۇرلۇك خەت - چەكلەردە، تارىخىي كىتابلاردا شاجۇ ئايمىقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاشتېشى ئولپان تاپشۇرغان مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. يالغۇزلا ساۋ يىجىننىڭ كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قاشتېشىدىن ئولپان تاپشۇر-

غانلىقىنى ئالساق، تۆگگۈلۈك 2 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈچ پارچە
قاشتېشى ئولپان تاپشۇرۇلغان، تۆگگۈلۈك 4 ـ يىلى 2 ـ ئايدا
يەنە خانىشقا ئاق قاشتېشى تۇمار، شىر شەكىللىك قاشتېشى
ئۈزۈك ھەدىيە قىلىنغان، چاڭشىڭ 3 ـ يىلى شۈبھىسىزكى،
شاجۇ ئايمىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خان ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇر-
غان قاشتېشىنىڭ ھەممىسى ئۇدۇندىن يۆتكەپ كېلىنگەن.
كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنفۇ 3 ـ يىلى مەشھۇر ئۇدۇن
شاھى ۋايجىراسامپاۋا (visasambhava) يەنى ۋىسارا تەڭرىخان مۇ-
پەتتىش لەشكەر بېگى ما جىرۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ ئالاھىدە
مەھسۇلاتى بولغان قاشتېشى، قىزىل تۇز، كۆركۇم، قوتاز قۇيى-
رۇقى، يۇڭ رەخت ئېلىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەيفېڭغا
ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن؛ بۇ كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ
يۇكسەك دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ما جىرۇڭغا كاتتا ئىنئام بەرگەن-
دىن باشقا، ئۇنى باسقاق چوڭ سانغۇنلۇققا تەيىنلىگەن ھەمدە
ئوردا كەسىپ بېگى جاڭ كۇاڭيې قاتارلىقلارنى ئۇدۇنغا ئەۋەتىپ،
ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭرىخانغا بۈيۈك ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ
خانى دەپ ئۇنۋان بەرگەن. بۇ قېتىمقى بىۋاسىتە ئالاقە ئارقىلىق
ئۇدۇن خانى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ
ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۇدۇن قاشتېشىغا ئەڭ قىزىقىدىغانلى-
قىنى ۋە ئۇنىڭغا تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، جاڭ
كۇاڭيې قاتارلىقلار قايتقاندىن كېيىن، «تەڭرىخان يەنە تۇتۇق
بېگى ليۇزەيشېڭدىن 5000 جىڭ قاشتېشى، مۆھۈر ۋە جىن -
شاياتۇنلارنى بەند قىلىش توقمىقى ئەۋەتكەن».
چيەنلۇڭ 2 ـ يىلى (961 ـ يىلى) ۋىسارا تەڭرىخان ئەلچى
ئەۋەتىپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قاشتېشى باستۇر-
غۇچ، ياستۇقسىمان قاشتېشى قاتارلىق قىممەت باھالىق قاشتېشى
بۇيۇملىرىنى ھەمدە ئۇدۇندا توققۇلغان غۆزتاۋرىنى سوۋغا قىلى-
غان. بۇ قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئولپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن

ئەلچى ئەۋەتىش، بىر تەرەپتىن، تەۋەلىك يۈزىسىدىن قىلىنغان ھۆرمەت بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈش ئىدى. ئەمما، ھەقىقىي كەڭ كۆلەمدىكى سودا - سېتىق مۇناسىۋىتى چيەندېنىڭ 3 - يىلى (965 - يىلى) دىكى ئولپان تاپشۇرۇش بىلەن باشلانغان. «5 - يىلى گەنجۇ ئايمىقى ئۇيغۇر خاقانى، ئۇدۇن خانى قاتارلىقلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، 1000 تۇياق ئات، 500 تۇياق نارتۆگە، 500 دانە قاشتېشى، 50 مىڭ جىڭ كەھرىۋا ئولپان تاپشۇرغان» . ئولپان بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن. ئولپان تاپشۇرغانلار ئۇدۇن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بولسىمۇ، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇلار ئارىسىدا شاجۇ ئايمىقى، گۇاجۇ ئايمىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن. لېكىن، 500 پارچە قاشتېشىنىڭ ئۇدۇندىن ئەۋەتىلگەنلىكى ئېنىق، بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق كۆپ سان بولۇپ، ئېغىرلىقى تۈمەن جىڭدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن بۇيۇك ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قايتا ئەۋەتمىگەن. چۈنكى، بۇ چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش تۇمانلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى قاپلىغانىدى.

## 3. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئولپان، سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى

تەخمىنەن مىلادىيە 961 - يىلىدىن 1006 - يىلىغىچە بۇددا ئېلى ئۇدۇن بىلەن ئىسلام دىنى يولغا قويۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئارقا - ئارقىدىن نەچچە ئون يىل ئۇرۇش بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتىپ، سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

«داجۇڭنىڭ شياڭفۇ 2 ـ يىلى (1009 ـ يىلى) بۇ بەگلىك-
نىڭ خانى بويلاساغۇن ئىسىملىك ئۇيغۇر كىشىسى قاتارلىقلاردىن
ئوردىغا ئولپان ئۇچۇن يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەۋەتتىلەر، بوي-
لاساغۇن ئوردىغا كېلىپ مۇنداق بايان قىلدىلەر: «پېقىر تۇمەن
چاقىرىم مەنزىلنى بېسىپ ئوردىغا كېلىپ، ئالىيلىرى بىلەن
دىدارلىشىپ قۇياشنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئالىيلىرىغا ئۇزۇن
ئۆمۈر تىلەيمەن، ياقا يۇرت خەلقىگە ئاتىدارچىلىق قىلغايلا».
نەچچە كۈن سەپەر قىلغانلىقى، ئارىلىقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى
سورالغاندا، بويلاساغۇن مۇنداق جاۋاب بەردىلەر: «بىر يىلدەك
يول ئۈستىدە بولدۇق، كۈندۈزى يول يۈرۈپ ئاخشىمى ھاردۇق
ئالدۇق، مەنزىلنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، ئىلگى-
رى يوللاردا بۇلاڭچىلار كۆپ ئىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە، گۇاڭ-
جۇ، شاجۇ ئايمىقى ئارقىلىق ئۇدۇنغا بارغىلى بولىدۇ، يوللار
راۋان، سەپەر بىخەتەر، يۇرتىمىزغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەلقنى
خاتىرجەم قىلغايلا، بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئالىيلىرى مۇنداق دېدى-
لەر: «مۇساپە ئۇزۇن، ئەلچى ئەۋەتسەم سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ
قويىمەن، ھازىر قولىڭىزغا يارلىق بېرەي، شۇنى ئېلىپ قايتقاي-
سىز، بۇمۇ ئەلچى ئەۋەتكەنگە ئوخشاش بولۇر».
ياۋلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، سۇڭ سۇلالىسىنى پاراكەندە قىلىپ
تۇرغاچقا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا قۇربى
يەتمىگەندى، بۇ مەزگىلدە «يوللار راۋان، سەپەر بىخەتەر» بو-
لۇپ، ئۇدۇن ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرى-
شىش ئۈچۈن «خەلقنى خاتىرجەم قىلىش» قا ئەلچى ئەۋەتىشنى
تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئىشقا ئاشمىدى. لېكىن، ئولپان تاپشۇ-
رۇش ۋە ئىنئام قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى جاينىڭ سودىسى
ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. تۆۋەندە ئات ۋە قاشتېشى سودىسى
ئارقىلىق بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

### 1) ئات

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى سىرتتىن كېلىدىغان ئاپەت كۆپ بولغان، جەڭ ـ يېغىلىقلار توختىمىغان دەۋر بولدى. 1032 ـ يىلى تاڭغۇتلاردىن جاۋ يۈەنخاۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن تېزدىن كېڭىيىپ خېشى كارىدورىنى ئىگىلەپ، سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇزلۇكسىز توقۇنۇشۇپ تۇردى. مۇشۇ ۋەجىدىن سۇڭ سۇلالىسى تۇبۇتلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئېلىدىن ئات سېتىۋېلىپ، ئۆزىنى قورالاندۇرۇشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئۇدۇن قۇملۇق بويىدىكى دېھقانچىلىق رايونى بولغاچقا، كەڭ كەتكەن يايلاقلىرى يوق ئىدى، كۆپلەپ ئات بېقىشقا شارائىتمۇ يوق ئىدى. لېكىن، بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئۆزىنىڭ يارام ئاتلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇدۇن باشقا جايدىن ئات سېتىۋېلىپ ئولپان تاپشۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دائىم مېڭىشى تېز، ئۇستىخىنى ياخشى ئاتلارنى دېگۇدەك ئولپان قىلىپ تاپشۇراتتى. «شۈەنخې رەسىملىرى دەستۇرى» دا «تۇلپار، چاپقۇر ئاتلار بېقىلىدىغان ئاتخانىدىكى مىنىدىغان ئاتلارنىڭ ياخشىلىرى ئۇدۇندىن كەلتۇرۇلگەن بولۇپ، ئۆزى تامدەك چوڭ، تۇكلىرى مەخمەلدەك پارقىراپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام لى گۇڭلىن يۈەنيۇنىڭ 1 ـ يىلى (1086 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنى ئۇدۇندىن كەلتۇرۇلگەن تۇگۇنەك باش (5 چى 10 سۇڭ، 8 ياش)، يەلتاپان (4 چى 6 سۇڭ 8 ياش) ھەمدە قىزىل قاشقا، ئاق چولپان، ئالا چىپار تۆت ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشىغا بەرگەن. ئۇدۇندىن مىنىك ئات كىرگۇزۇش بىر قېتىم بىلەنلا توختاپ قالمىغان. يۈەنيۇنىڭ 4-يىلى (1089-يىلى) ۋە جېڭخې يىللىرىدا بۇ جەھەتتە خاتىرە قالدۇرۇلغان. كېيىنكى قېتىمدا ئولپان تاپشۇرۇلغان تۆت تۇلپارنىڭ بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6 چى 5 سۇڭ، يەنە بىرىنىڭ 6 چى 2 سۇڭ ئىدى.

قالغان ئىككىسىنىڭ 5 چى 9 سۆلۈڭ كېلەتتى. شۇ چاغدىكى جەڭ
ئاتلىرىنىڭ باھاسىغا كەلسەك: «دەرىجىسىگە قاراپ باھا قويۇلات-
تى.» 4 چى 7 سۆلۈڭدىن 5 چى 2 سۆلۈڭگىچە كېلىدىغان ئات ئالتە
دەرىجىگە بۆلۈنەتتى؛ ئۇدۇندىن كىرگۈزۈلگەن ئاتلار ئادەتتىكى
ئاتلاردىن خېلىلا ئېگىز ئىدى.
ئۇدۇننىڭ ئات ئولپان تاپشۇرۇشى ھۆكۈمەت سودىسى خا-
راكتېرىنى ئالغان بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئات سودىسىغا ئوخشى-
مايتتى. ئۇدۇن ئولپان ئات تاپشۇرسا نۇرغۇن ھەق بېرىلەتتى.
ئادەتتىكى بازار باھاسىدىن كۆپ ئېشىپ كېتەتتى. بۇ يەردە
چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاتنىڭ باھاسى يارماق
بويىچە ھېسابلىناتتى. ئەمەلىي سودىدا شايى، چاي پۇل ئورنىدا
بېرىلەتتى، نەق پۇل بېرىشكە توغرا كەلگەندىمۇ ئېھتىياجلىق
ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتىش تەلەپ قىلىناتتى.
پۇلنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۇنى ئېرىتىپ باشقا نەر-
سىلەرنى قۇيۇپ ياساش تۇپەيلىدىن سۆلۈڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى-
نىڭ ئازىيىپ كېتىپ، نورمال ئوبوروتقا تەسىر يېتىشىنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش ئۈچۈن، پۇلنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويۇلمايتتى.
يۈەنيۇ 3 ـ يىلى (1088 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
سۆلۈڭ سۇلالىسى پادىشاھى: خۇاڭخې، مىنجياڭ دەريا ساھىللى-
رى، لەنجۇ ئەتراپىدا بۇنىڭدىن كېيىن ۋاسساللار خەنزۇلار رايو-
نىغا كېلىپ سودا ـ سېتىق قىلسا، قايتىشتىن ئىلگىرى تۇرۇش-
لۇق بازار، ئۆتەڭلەردە تەكشۈرۈلسۇن، ۋاسسالغا پۇل ئېلىپ
كېتىشكە يول قويۇلمىسۇن، خەنزۇلار رايونىنىڭ چېگرىسىدا
بولسا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈر-
گەن.
2) قاشتېشى
سۆلۈڭ سۇلالىسى كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۇسۇلىغا ۋا-
رىسلىق قىلىپ، قاشتېشى توغرىسىدىكى چەكلىمىلەرنى كەڭ

قويۇۋەتتى، بۇ خان ئوردىسىغا قاشتېشى ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقتىن ئىدى. سۇلۇ سۇلالىسى خانى شېنزۇڭ لى شىيەنگە قاشتېشى ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان خەنزۇ، ۋاسسال سودى-گەرلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ، چېگرىدا ياشايدىغان، ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان خەلق ئارقىلىق يۇقىرى باھادا قاشتېشى سې-تىۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. سۇلۇ سۇلالىسى خانى ۋېيزۇڭ قاشتېشىدا مۆھۈر ياسىتىش ئۈچۈن ئۇدۇنغا ياخشى قاش-تېشى ئەۋەتىش توغرىسىدا مەكتۇپ يازغان.

ئۇدۇن ياخشى قاشتېشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ھەم مۇنداق مەكتۇپ يوللىغان: «ئۆزلىرى ئۆتكەندە تاپىلىغان قاشتېشىغا مۇھىم ئىش قاتارىدا قارىدۇق، ئۆز خەزىنىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىدەك قاشتېشى بولمىغاچقا، ئىككى دەريادىن ئىزدەشتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە لايىق كېلىدىغىنىنى يوللىدۇق».

قارا خانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇدۇننىڭ سۇڭ سۇلالى-سى ئوردىسىغا قاشتېشى ئولپان تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرە قالدۇرۇلغان. «سۇڭنامە. تەمىرات مۇلازىمەت تەزكىرى-سى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: جېڭخېنىڭ 7 - يىلى ئۇدۇندىن چوڭ قاشتېشى كەلتۈرۈلدى، ئىككى چىدەك كېلىدۇ، رەڭگى قوي يېغىدەك ئىدى، خۇيزۇڭ خان يەنە بىرنى كەلتۈرگەن، رەڭگى قىزىل... بۇ 9 سۇڭ... بۇنىڭغا جان قۇتقۇزغۇچ ئەنگۈشتەر دەپ نام بېرىلدى. ئالدىنقى سەككىز ئەڭگۈشتەر بىلەن قوشقاندا جەمئىي توققۇز بولۇپ، توققۇز ئەڭگۈشتەر دەپ ئاتالدى ھەمدە جان قۇتقازغۇچ ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ سەرخىلى قىلىندى».

يۇقىرىقىلاردىن شۇ چاغلاردا ئۇدۇن قاشتېشىنىڭ تولىمۇ ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك ياخ-شى قاشتېشىغا ئېرىشكەن سۇڭ سۇلالىسى پادشاھى خۇيزۇڭ زىيادە خۇشاللىققا چۆمۈپ، نۇرغۇن ئىنئاملارنى بەرگەنلىكى تۇر-

غانلا گەپ، ئۇدۇن خانى ۋە خان ئولپان ئەۋەتىشكە تەيىنلىگەن
ئەلچىلەر چوقۇم كاتتا ئىنئامغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.
تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە قاشتېشى ئېلىپ
بارغانلارنىڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا
ياردىمى بار. XVII ئەسىردە پورتۇگالىيىلىك مىسسىئونېر نېنو-
ئىت دېگويس ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە قاشتېشى ئېلىپ بېرىپ تىجا-
رەت قىلغان. ئۇ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «كىدانلار (خەنزۇ-
لار) زۇمرەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن، قاشتېشى دېگەن مەرمەر-
گە ئوخشاش جۇلالاپ پارقىراپ تۇرىدۇ، ئۇ كىدان بازارلىرىغا
ئېلىپ بېرىلسا ھەسسىلەپ پايدا چىقىدۇ. قاشتېشىنىڭ سەرخىل-
لىرى پادىشاھقا سوۋغات قىلىنىدىكەن، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھەق
ئەسلىي باھاسىدىن 100 ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن، شۇڭلاشقا
سودىگەرلەر قاشتېشى سودىسىغا قىزىقىدىكەن. پادىشاھقا ئەرزى-
مىگەنلىرى بازارغا سېلىنسا، بۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولى-
دىكەن، مۇساپە ئۇزۇن، مۇشكۇلاتلار كۆپ، چىقىم تولا بولىدى-
مۇ، لېكىن ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەر ھەسسىلەپ پايدا ئالىدىغان
بولغاچقا، سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى». بېنوئىت دېگو-
يىسنىڭ دېگەنلىرى گەرچە كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئىشلار بولسىمۇ،
لېكىن ئاساسىي ئەھۋالى ئوخشاش ئىدى. بۇ ئۇدۇننىڭ قىممەت-
لىك تەبىئىي بايلىقى — قاشتېشىنى قېزىش ئىشلىرىنىڭ بوستان-
لىقتىكى قەلئە بەگلىكىگە غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ
كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇ چاغلاردا ئۇدۇندا قاشتې-
شى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگزادە، ئاقسۆڭەكلەر ۋە قاشتېشى
سودىگەرلىرى ئېرىشىدىغان پايدىنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى ھەيران
قالدۇراتتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوتتۇرا
تۇزلەڭلىككە كېلىپ تىجارەت قىلغان ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا
پۇل ئېلىپ كېتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن

ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇدۇنلۇق سودىگەرلەرنى غەربىي يۇرتقا چاي ئېلىپ كېتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن ياكى ساتقان مىلدىنىڭ پۇلىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ چاي بەرگەنىدى ھەمدە چاي سودىسىدا باج كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇدۇنلۇق سودىگەرلەرگە ئېتىبار قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدى:

يۈەنفېڭ 1 ـ يىلى (1078 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى: «چاي بازىرىدا ئۇدۇندىن سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەر چاي سېتىۋالسا باج كەچۈرۈم قىلىنسۇن، بۇ يىللىق ياساق پۇلى ئىچىدىن كۆتۈرۈۋېتىلسۇن».

سۇڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى چاينى مەخسۇس سېتىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتكەن، غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى جايلار، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرى چاي سېتىلىدىغان نۇقتىلىق جايلار ئىدى. «چاينىڭ پايدىسى ئازلا بولسىمۇ، غەربىي شىمالغا ئېلىپ بېرىپ سېتىلسا، پايدىسى يۇقىرى بولاتتى». ئۇدۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمەت سودىسىدا، ئەمەلىيەتتە ھەرئىككى تەرەپنىڭ كۆزلىگەن پايدىسى بار ئىدى.

### 3) مەستىكى رۇمى

سۇڭ سۇلالىسى پۇراقلىق دورىلارنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. جاھان ئەمىن تېپىپ دۆلەت گۈللەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاستانىدا بۇ ئىشنى باشقۇرىدىغان سودا مونوپول مەھكىمىسى قۇرۇلغانىدى، بۇ مال مونوپول قىلىش ئىشلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ قارىمىقىدا پۇراقلىق دورىلار ئامبىرى قۇرۇلغانىدى. دۆلەت ئامبىرىدىن چىقىرىلمىغان ماللارنى خۇسۇسىلارنىڭ ئېلىپ ـ سېتىشىغا يول قويۇلمايتتى. مونوپۇل قىلىپ باشقۇرۇلغان ئەتىۋارلىق ماللاردىن ئۈنچە ـ

مەرۋايىت، كارتىچكا، كەركىدان مۈڭگۈزى، پىل چىشى، قۇ-
يۇچ، مارجان، تاشپاقا قېپى، ھېقىق، مەستىكى رۇمى قاتارلىق-
لار بار ئىدى. غەربىي يۇرتتىن ئولپان تاپشۇرۇلغان پۇراقلىق
ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى مونوپول قىلىپ باشقۇرۇش قاتارىغا
كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەستىكى رومىنىڭ مىقدارى
كۆپ ئىدى. ئۇ سەندەل ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ،
ئاساسلىقى ئافرىقىنىڭ قىزىل دېڭىز بويلىرىدىكى جايلاردىن ھەم-
دە ئىران، ئەرەب قاتارلىق جايلاردىن چىقاتتى. ئۇنىڭ غول
قوۋزىقىدىن يىلىمسىمان سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ. قاتقاندىن
كېيىن ئاق رەڭلىك يىلىم شەكلىگە كېلىدۇ، بۇ مەستىكى رۇمى
ياكى شۈنلۇشاڭ دەپ ئاتىلاتتى. بۇنى بەگزادە، ئاقسۆڭەكلەر
خۇش پۇراق ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە دو-
را، تېتىتقۇ ياساشقا ئىشلىتەتتى.

شىنىڭ 5 - يىلى (1072 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 3 -
كۈنىدىكى مېھمان ئەلچىلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتتا «ئۇدۇن دۆ-
لىتىنىڭ تارتۇقچى ئەلچىسى رۇئاسىنا سۇۋىن قاتارلىقلار ئېلىپ
كەلگەن مەستىكى رۇمى 31 مىڭ جىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ پۇلى
44 مىڭ تىزىقتىن ئارتۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەت ئامبىرىغا
سېتىۋېلىنغىنى ئۈچۈن 3000 تىزىق تۇتۇپ قېلىنىدى، مەلۇم
بولغاي» دېيىلگەن.

يۈەنفېڭ 1 - يىلى (1078 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 25 -
كۈنى «شىخې يولىدىكى باسقاق مەھكىمىسىگە يارلىق: ئۇدۇندىن
كەلگەن ئولپان تاپشۇرغۇچىلار ۋە ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملىرى
پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ، ئادەم سانى 50تىن ئېشىپ
كەتمىگەي، ئات - ئۇلاغلىرىمۇ شۇنچىلىك بولغاي، ئارتۇق ئادەم
ۋە نەرسىلەر شۇ جايدا قالدۇرۇلسۇن، شىجۇ، چىجۇ ئايمىقىغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئادەم ئاجرىتىلىپ سودا سېتىقىغا ياردەم

بېرىلسۇن، نەرخ - باھاسى يارماق بويىچە ھېسابلانسۇن. مەستكى
رۇمىدىن باشقا تازا زۆرۈرىيىتى يوق نەرسىلەر ئاستانىگە ئېلىپ
كېلىنمەي، جايلاردا بىر ياقلىق قىلىنسۇن، قالغان نەرسىلەر
ئولپان ھېسابىدا سېتىۋېلىنسۇن».

يۈەنفېڭ 3 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «يارلىق:
ئۇدۇن ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن مەستىكى رۇمىغا نەق پۇل
بېرىلسۇن، تەكشۈرۈشتە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكنى تەكشۈرگۈچ ئە-
مەلدارلار ئۈستىگە ئالسۇن».

يۈەنفېڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1080 - يىلى) 10 - ئاينىڭ
9 - كۈنى «شىجۇدىن مەلۇمات: ئۇدۇندىن نەنچۈەنۈەيگە مەستىكى
رۇمى قاتارلىق 100 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق نەرسە - كېرەك
كەلتۈرۈلگەنىكەن، ئوردىنىڭ نىزامىغا خىلاپ دەپ قارىلىپ تۇ-
تۇپ قېلىندى. يارلىق: مەستىكى رۇمى قايتۇرۇپ بېرىلسۇن»
يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئۇدۇن ئارقىلىق يۆتكەلگەن مەستىكى
رۇمىنىڭ سانى غايەت زور بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ جىڭ، ھەتتا
100 نەچچە مىڭ جىڭلاپ توشۇلغان، «مۇساپە ئارىلىقى نەچچە
ئون مىڭ چاقىرىم بولۇپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ يىراق يەرگە
يۆتكەش ئوڭاي ئەمەس ئىدى، بۇ ئىشقا نۇرغۇن سودىگەر قاتناش-
مىسا بولمايتتى، بۇ ئىشنىڭ پايدىسى كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر-
نىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىدى. يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلە-
كىدىكى خەلقئارالىق سودا بىر مەھەل تازا گۈللەنگەنىدى ئەلۋەت-
تە، نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ ئاستانىگە مەستىكى
رۇمى يۆتكىگەندە، باھاسى بەكمۇ يۇقىرى بولۇپ، ھەر بىر جىڭ-
نىڭ باھاسى 1400 نەچچە يارماققا توختايتتى، بۇ بىر توپ
تاۋارنىڭ باھاسىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇدۇندىن مەستىكى رۇمى چىقمايتتى، غەرب ئەللىرىدىن
يۆتكەپ كېلىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمە-

ـتى بۇ ئالاھىدە تاۋارنى مەخسۇس سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇل-
لانغان، بۇ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىشتە
غايەت زور رول ئوينىغانىدى. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت
خىراجىتى چاي، تۇز، زەمچىدىن كېلەتتى. مەستىكى رۇمىدىن
قالىدىغان پايدا ئاز بولغاچقا، بۇ سودىنى ھۆكۇمەت مونوپول
قىلغانىدى» . شۇنىڭدىن كېيىن كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەچكە، پۇ-
راقلىق دورا ماتېرىياللىرى كۆپلەپ بېسىلىپ قېلىپ، سېتىش
قىيىنغا چۈشكەنىدى. يۈەنفېڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە كىرگۈ-
زۈشنى چەكلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشكەنىدى، لېكىن خەلق
ئىچىدىكى سودىنى پەرمانغا تايىنىپ توختاتقىلى بولمايتتى. يۈەن-
فېڭ 3 ـ يىلى ئۇدۇن ئەلچىلىرى ئوردىغا مەستىكى رۇمى سوۋغا
قىلغاندا، ئۇردا بىر تەرەپتىن، ئۇدۇن سودىگەرلىرىنى زىيانغا
ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن مالغا نەق پۇل بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن
«تەكشۈرۈشتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئەمەلدار» نىڭ جاۋابكارلىقى-
نى سۈرۈشتە قىلغان. ئومۇمەن ئالغاندا، شۇ چاغدا سۇڭ سۇلالى-
سى ئوردىسى غەربىي شىمالدىكى چېگرا خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلىشىغا ئىلھام بەرگەن، ئۇدۇن
قاتارلىق بەگلىكلەردىن ئەلچى نامى بىلەن بارغان سودىگەرلەرگە
ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، بېرىدىغان ھەدىيىمۇ ناھايىتى كاتتا
بولغان. مەستىكى رۇمى ھۆكۇمەت باشقۇرۇشىدىكى زور مىقدار-
لىق ئىستېمال بۇيۇمى ئىدى، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى بازىرىمۇ
ئىنتايىن ئىتتىك ئىدى.

ئاپتورى: يىن خۇڭمېي

# ئالتىنچى بۆلۈم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرى ۋە يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋردىكى خوتەن

مىلادىيە 1212 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي لياۋ (كىدان)نىڭ ھۇجۇمى بىلەن مۇنقەرز بولدى. ئۇدۇن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىلادىيە 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان جەبەنويان قەبىلىسىنىڭ ئەزىمەتلىرىدىن كېسەلگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، غەربىي لياۋ پادشاھى كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار چىڭگىزخاننىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. مىلادىيە 1217 ـ يىلى قۇبلەيخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇدۇن چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاينىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇدۇننىڭ ئىقتىسادىدا چېكىنىش يۈز بەردى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇنداق:

1. پۈتكۈل بوستانلىق يىپەك يولى سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن خارابىلىشىشكە باشلىدى. بوستانلىق يىپەك يولىنىڭ مۇھىم مەركىزىگە جايلاشقان ئۇدۇن بۇنداق چېكىنىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن خالىي بولالمىدى. بوستانلىق يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىدا تاسادىپىي سەۋەبمۇ، مۇقەررەر سەۋەبمۇ بار ئىدى. تاسادىپىي سەۋەبكە كەلسەك، چىڭگىزخان ئىنسانىيەت تارىخىدا زېمىنى ئەڭ چوڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئۇنىڭ نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا 1 مىليوندىن ئارتۇق موڭغۇل ئاتلىق لەشكەرلىرى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن سىرتقا يۈرۈش قىلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچ قىسمى يايلاق يىپەك يولى ئارقىلىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي شىمالدا نۇرغۇن بەگ-

لىك دۆلەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى بالتىق دېڭىزى بويلىرىغىچە كېڭەيتتى؛ غەربىي جەنۇبىي تەرەپتە قارا دېڭىز، ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپلىرىغىچە باردى. ھەيۋەتلىك زور قوشۇن ۋە بۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان بېھىساپ ئارقا سەپ خادىملىرى خارابلاشقان يايلاق يىپەك يولىنىڭ بىر مەھەل گۈللىنىشىگە سەۋەب بولدى. مۇقەررەر سەۋەبكە كەلسەك، ئىنسانىيەت تارىخى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، بىخەتەرلىك كاپالەتلىك نىسبىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە دېڭىز يىپەك يولى خېلىلا تەرەققىي قىلدى. دېڭىز قاتنىشى قۇلايلىق بولغانلىقتىن، دېڭىز بويىغا جايلاشقان دۆلەت ۋە رايونلار دېڭىز قاتنىشىنى يولغا قويدى. مۇشۇ سەۋەبتىن سەپەر مۇشكۈل، توشۇلىدىغان مال مىقدارى ئاز بولغان بوستانلىق يىپەك يولى مۇقەررەر ھالدا خارابلاشتى.

2. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنى ئات ئۈستىدىكى دۆلەت دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى قەيەرگە بېسىپ بارسا شۇ جايلارنى ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنى دەپ ھېسابلىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەزگىلىدە ئىدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى گۇرۇھى بۇنداق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەتنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان قۇبلەينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش، ئاستانىنى بېيجىڭغا يۆتكىشىگە بىردەك قارشى چىقتى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تەرەققىي تاپقان تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ۋە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا بارلىققا كەلگەن تاۋار بازار ئىگىلىكى، شەھەر ئىگىلىكىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ نابۇت قىلدى، شۇنداقلا مۇقەررەر ھالدا ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا

ئۇچراتتى. قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئىگىلىك ھالىتى ئارقىلىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئىگىلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ باش ئارقا كۆرۈنۈشى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر خارابلىشىدىغانلىقىنى تارىخىي يوسۇندا بەلگىلىگەن.

3. ئۇرۇش ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ مۇھىم ئامىلغا زىيان سالدى. بۇ ئۇدۇن ئىگىلىكىنىڭ خارابلىشىپ كېتىشىدىكى ئەڭ ئاساسى، ئەڭ بىۋاسىتە سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۈيۈك ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن 40 نەچچە يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە قەدىمدىن تارتىپ گۈللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇن ئىگىلىكى چېكىندى، كېيىنكى قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ۋەزىيەت 200 يىل نىسپىي تۇراقلىق بولۇپ، ئۇدۇن ئىگىلىكى گۈللىنىپ، ئوتتۇراھال دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىدەك گۈللىنىش سەۋىيىسىگە يېتەلمىدى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، خوتەن بەش قالايمىقانچىلىق دەۋرىنى، شۇنداقلا بىر قەدەر تىنچ بولغان بەش ھاكىمىيەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى، خوتەن ئىقتىسادىدا روشەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، ئەسلىگە كېلىش، يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، يەنە ئەسلىگە كېلىشتەك قانۇنىيەت بارلىققا كەلدى.

1) مىلادىيە 1212 ـ يىلىدىن 1218 ـ يىلىغىچە غەربىي لياۋ خاراقانىيلار سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ جەبەنويان قەبىلىسى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتتى. يەتتە ـ سەككىز يىلدەك داۋام قىلغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن

ئۇدۇننىڭ ئىقتىسادى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. لېكىن، 1220 ـ يىلدىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۇراقلىنىشىپ، يېرىم ئەسىردەك مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئۇدۇننىڭ ئىقتىسادىمۇ مۇئەييەن ئەسلىگە كەلدى.

2) مىلادىيە 1271 ـ يىلى قۇبلەي يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇنىڭ ئالدىدا، يەنى 1268 ـ يىلى موڭغۇل جەمەتىدىكى پادىشاھلارنىڭ قۇبلەيگە قارشى ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ ئۇرۇش ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ 40 نەچچە يىل داۋام قىلدى، ئالدىنقى 15 يىلدا خوتەن، كۇسەن (كۇچا) نى مەركەز قىلغان ھالدا تارتىشما جەڭ ئېلىپ بېرىلدى، ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ئىككى تەرەپ نەچچە تۈمەندىن لەشكەرنى ئىشقا سالدى. بۇ خوتەن ئىگىلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلدى. 1272 ـ يىلدىن 1273 ـ يىلىغىچە ماركوپولو ۋە كاتولىك دىن مىسسىئونېرى ئىبراھىم رابو خوتەنگە كەلگەن مەزگىلدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: بۇ يەردە «نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپتۇ»، «قاتناش توسۇلۇپ قاپتۇ»، «تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ قاپتۇ»، «نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ». بۇلاردىن ئىقتىسادنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ ئادەتتىكىچە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1283 ـ يىلدىن كېيىن، موڭغۇل جەمەتىدىكى پادىشاھلاردىن چاغاتاي، ئوگىدايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قۇبلەي بىلەن ئۇرۇش قىلدى، جەڭ مەيدانى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىغا يۆتكەلدى. ئۇدۇندا 80 يىلدىن كۆپرەك نىسپىي مۇقىملىق مەزگىلى بارلىققا كەلدى. يۈەن سۇلالىسى خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن «ئاھالە كۆچۈرۈپ، چېگرانى كۈچەيتىش» ۋە «بوز يەر ئېچىش» تەدبىرىنى يولغا قويدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ «بوز يەر ئېچىش» تىكى مەقسىتى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ ئاش ـ ئوزۇ-

قىنى ھەل قىلىش ئىدى. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن نۇرغۇن خەنزۇ لەشكەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئىچكىرىدىن چېگرا رايونغا كېلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ مەزگىلدە يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا كۆپ قېتىم خاتىرە قالدۇرۇلغان. خەنزۇ لەشكەرلىرى، خېشى لەشكەرلىرى، شىنفۇ لەشكەرلىرى ۋە سىچۈەن لەشكەرلىرى خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە بىر قىسىم لەشكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەت «بوز يەر ئاچقان» . گەنجۇ ئايمىقىدىكى دېھقانلار خوتەن قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈلۈپ، «بوز يەر ئېچىش» بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، خوتەن، قەشقەردىكى ھۈنەرۋەنلەرمۇ بوز يەر ئاچقان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇق، ئۆكۈز، نەق پۇل، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئەۋەتىپ، ئۇزۇن يىل ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنىڭ دەردىنى تارتقان خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ قول سانائىتىگە قارىتا يۆلەش تەدبىرىنى قوللانغان. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق جۇجۇقى قۇرغان، قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ ھاشار ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ۋەھاكازالار. بۇنىڭدىن باشقا ئۆتەڭ قۇرۇلغان، خوتەندىن يەكەنگىچە بولغان ئارىلىقتا 13 ئورۇندا سۇ يولى ئۆتەڭ ـ لەڭگەرلىرى بار ئىدى. ئۆتەڭلەر قاتناش ئاپپاراتى رولىنى ئوينايتتى، ئۇ ھەم لەشكىري ئاخباراتلار تېز يوللىنىدىغان، ھەم بىر خىل تەۋەلىكنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئىدى. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە خوتەننىڭ ئىگىلىكى بىر قەدەر ياخشى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

3) مىلادىيە 1363 ـ يىلى، يەنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (مىلادىيە 1368 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان) دە، چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن 20 يىللىق

قالايمىقان ئۇرۇشنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، خوتەن ئىگىلىكى يەنە بىر قېتىم ئېچىنىشلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. XV ئەسىرنىڭ بېشىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئەلچىسى چېن چېڭ مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان: «خوتەننىڭ شارائىتى نا-چار» ، «دۆلەت كۈچى ئاجىز» بولۇپ، «قوشنا ئەللەر ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان» لىقى ئۈچۈن، «خەلق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ، تاغ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغان» ، «شەھەر سې-پىللىرى يېقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان» . دېمەك، خو-تەن 4 - قېتىملىق يىغىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان.

4) مىلادىيە 1408 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەردى. خوتەن بىلەن قەشقەر يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆپ يىل داۋام قىلغان قالايمىقان ئۇرۇش دەستىدىن تېخى ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان خوتەن ئىگىلىكى يەنە بىر نۆۋەت ئۇرۇش بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئىش بولدى.

مىلادىيە 1410 - يىلدىن كېيىن، خوتەن رايونىدا 60 نەچچە يىل نىسپىي مۇقىملىق ھالىتى شەكىللەندى. مىڭ سۇلا-لىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە خوتەن ئىگىلىكى يەنە بىرنۆۋەت بىر قەدەر ياخشى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا خوتەندە «ئۈجمە ھەممە يەرنى قاپلىغان، زىرائەتلەر بولۇق ئۆسكەن» ، «خەلق خاتىرجەم ياشى-غان» ئىدى، ھەممە يەردە «ئۈزۈمزارلىق» ، «گۈللۈك» كۆزگە چېلىقاتتى. ئېرىق - ئۆستەڭلەر ياخشى ئېلىنغانىدى.

5) مىلادىيە 1477 - يىلى ئابابەكرى خوتەنگە ھۇجۇم قىل-غان بىر مەيدان ئۇرۇش پارتلىدى، ئۇرۇش بىر يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. 1478 - يىلى ئابابەكرى خوتەن ھۆكۈمرانى خان نەزەرمىرزا ئاكا - ئۇكىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى ئىگىلىۋالدى ھەمدە خوتەنگە 30 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق

قىلدى. ئابابەكرى خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل گەرچە نىسپىي مۇقىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغانلىقتىن، ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئاستا بولدى. 1514 ـ يىلدىن كېيىن، خوتەن يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى يەنىلا دوغلاتلار جەمەتى ئىدى، سەئىدىيەلەر بىلەن ئابدۇرەشىت خان ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. 1533 ـ يىلى ئابدۇرەشىت خان دوغلاتلار جەمەتىنى يوقىتىپ، 7 ـ ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننى خوتەننىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. 20 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئۇرۇش خوتەن ئىگىلىكىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن يەنىلا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغانىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئارىلىقتىكى 430 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت خوتەندە ئۇرۇش ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان، ۋەزىيەت تۇراقسىز بولغان، ئىگىلىك ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، خەلق ئېغىر زۇلۇم چەككەن بولۇپ، خوتەن تارىختا ئېغىر خارابلاشقان مەزگىل بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى مۇشۇ 430 نەچچە يىل ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، ئىگىلىك بىر قەدەر ياخشى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

بۇ مەزگىلدە خوتەننىڭ قول سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى. «يەرلىك ئاھالىلەر ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى». خوتەننىڭ تۆمۈرچىلىك كەسپى ۋە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەغەز، سىماب ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلى-

غان. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. غۇز تاۋىرى، گۈللۈك رەختلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ سېتىلاتتى. بۇ ھال خوتەننىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەندە توقۇمىچىلىق جوجۇقى قۇرۇپ، ئوردىدىكى بەگزادە، ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن يىپەك رەخت توقۇيتتى. يەنە خوتەن ھۈنەرۋەنلىرىنى ئاستانىگە بېرىپ توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدا خوتەندە قاشتېشى قېزىش ئىشلىرى تازا گۈللەنگەنىدى. «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» دا: «ئۇدۇندا ئىككى دەريا بار. بۇ دەريالار قاراقاش دەرياسى ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئىككى دەريادىن دۇنياغا مەشھۇر قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ قاشتېشى قېزىش ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان: «يەرلىك كىشىلەر كېچىدە ئاي شولىسى ئوبدان پارلىغان جايىنى تاللاپ سۇغا كىرىپ قاشتېشى ئىزدەيدۇ، بۇنداق جايدىن جەزمەن ياخشى قاشتېشى تاپالايدۇ». يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر مەھەل قاشتېشى قازىدىغانلارنىڭ ھاشار - سېلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان.

بۇ مەزگىلدە خوتەندە سودا ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇدۇن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. خوتەندە غەربكە، شەرققە بويلاپ ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان، يەكەنگە بېرىشتا 13 ئورۇندا سۇ يولى ئۆتەڭ - لەڭگەرلىرى بار ئىدى. بۇلار خوتەننىڭ سودا تەرەققىياتىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن بولغان ئولپان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قويۇقلاشتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلگىچە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئاھالىلەر تۆت دەر-

جىگە ئايرىلغان. بىرىنچى دەرىجىلىكلەر، قازى - ئەلەملەر ھەمـ
ـدە مەسچىتلەردە ناماز سورۇنلىرىنى باشقۇرغۇچىلار بولۇپ،
ئۇلار فېئوداللىق دۆلەتنىڭ مۇشۇ جايلاردىكى ۋەكىللىرى ئىدى.
ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران دوغلات جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى «خاقانلار»
ئىدى. ئىككىنچى دەرىجىلىكلەر، «ئايماق» دەپ ئاتىلىپ، پۇقـ
ـرالارنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار
ئىدى. ئۇلار چوقۇم دوغلات جەمەتىگە بويسۇنۇشى زۆرۈر بولۇپ،
بۇنىڭ بەدىلىگە مەلۇم ساندا ئاشلىق، پۇل - پۇچەك ۋە
كىيىم - كېچەككە ئىگە بولاتتى. ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر، «قوـ
شۇن»، يەنى لەشكەرلەر ئىدى. تۆتىنچى دەرىجىلىكلەر، «تۇـ
مەن» بولۇپ، دېھقان دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ
ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ، دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتـ
ـسىيىگە ئۇچرايتتى، فېئوداللىق دۆلەتكە، يەر ئىگىلىرىگە، دىـ
ـنىي ئاقساقاللارغا تۈرلۈك باج، ئالۋان - ياساقلارنى تاپشۇراتتى،
ھاشار ئەمگىكىگە ئىشلەيتتى.

بۇ دەرىجە تۈزۈمىدە دېھقانلار ئېغىر دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىـ
ـيە قىلىنىدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئاكتىپلىقى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىسـ
ـپىي مۇقىم مەزگىلدىمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە
تەرەققىي قىلىشى ئىنتايىن ئاستا بولدى.

ئاپتورى: سۇن بىن

# يەتتىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خوتەن ئىگىلىكى سۇڭ سۇلالىسىـ
ـنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى چېكىنىش، تۆۋەنلەپ كېتىش ھالىـ

تىدىن تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ، ئۆرلەش ۋە تەرەققىي قىلىشقا
باشلىدى. بۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى،
ئوتتۇرا مەزگىلى، ئاخىرقى مەزگىلى دەپ ئۈچ مەزگىلگە
ئايرىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 1644 - يىلى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شىزۇ
بېيجىڭنى ئىگىلەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 267 يىللىق ھۆكۈمران-
لىقىنى باشلىدى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ يەنىلا تۈرلۈك تەپرىقىچى
كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. خوتەن يەنىلا يەكەن خانلىقىغا
قارام ئىدى (مىلادىيە 1514 - يىلىدىن 1680 - يىلغىچە).
يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوت-
تۇرىسىدا خانلىقنى تالىشىپ ئېلىپ بېرىلغان قانلىق ئۇرۇشلار
توختىمىدى، ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپ كۈرىشىمۇ بارغانسېرى
كەسكىنلەشتى. مىلادىيە 1680 - يىلى غالدان 100 مىڭ كىشى-
لىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالدى،
خوتەن جۇڭغارلارنىڭ 80 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىدى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يوڭجېڭ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ
ئەۋلاد پادىشاھ لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدا ھەربىي كۈچگە تايىنىپ، بۆلۈنمە بولۇۋالغان
تەپرىقىچى كۈچلەر ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. چيەن-
لۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) غا كەلگەندە جۇڭغارلار
توپىلىڭى تىنچىتىلىپ، شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، شىن-
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمە-
تىگە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. مىلادىيە
1759 - يىلى خوتەندە خان ئامباللىقى تەسىس قىلىنىپ،
يەكەن خان ئامباللىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مىلادىيە
1644 - يىلدىن 1760 - يىلغىچە بولغان 116 يىل چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى بولۇپ، بۇ خوتەن ئىگىلىكى
ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلگەن باسقۇچ بولدى. بۇ باسقۇچتا

جەمئىيەت نىسپىي مۇقىم بولغاندا، ئىگىلىك ئەسلىگە كەلدى. جەمئىيەت قالايمىقان بولغان مەزگىلدە ئىگىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 80 يىلدا، گەرچە تىزگىنلەش قاتتىق، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئېغىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت نىسپىي مۇقىم بولغانلىقتىن ئىگىلىك ئاز - تولا ئەسلىگە كەلدى.

مىلادىيە 1720 - يىلدىن شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغان 1884 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 124 يىلدا چىڭ سۇلالىسى قوقەن توپىلىڭى، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى، ۋەلىخان توپىلىڭى، ياقۇپبەگ توپىلىڭى قاتارلىقلارنى تىنچىتتى. بۇ تۆت قېتىملىق توپىلاڭ ئىچىدە جاھانگىر خوجا توپىلىڭى بىلەن ياقۇپبەگ توپىلىڭىنىڭ خوتەن ئىگىلىكىگە بولغان ۋەيرانچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولدى. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ خوتەنگە ئاپەت كەلتۈرگەن ۋاقتى بىر يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، 10 مىڭغا يېقىن خوتەنلىك قىرىپ تاشلاندى؛ ياقۇپبەگ توپىلىڭى خوتەنگە 12 يىل بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، 50 مىڭدىن ئارتۇق خوتەن خەلقى قىرغىن قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە خوتەندە گەرچە تۆت قېتىم ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن نىسپىي مۇقىم بولغان ۋاقىت بىر قەدەر ئۇزۇن بولدى. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 12 يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. چىڭ سۇلالىسى «بوز يەر ئېچىش»، «سىلىقنى ئازايتىش»، «چېگرانى كۆچەيتىش» قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، خوتەن ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى يوقالغۇچە، يەنى 1884 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە بولغان 27 يىل چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى بولۇپ، بۇ خوتەن ئىگى-

لىكى تېز تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەندىمۇ نىسپىي مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، خەلق دەسلەپكى قەدەمدە ئەمىنلىككە ئېرىشىپ، ئىگىلىك تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا پىلە - ئۈجمىچىلىك جۇجۇقى قۇردى. جياڭسۇ، جېجياڭلىق ئۇستىلارنى پىلە - ئۈجمىچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلدى.

گۇاڭشۈي يىللىرىغا كەلگەندە خوتەندە پىلە - ئۈجمىچىلىك، يىپەكچىلىك ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، «بېشىدا رەڭدار رومال قول - قولدا سېۋەت، ئۈزىدۇ يوپۇرماق دەريا بويىدا. دەستىگاھ ئالدىدا ئالدىراش ئۇستا، سەرشايى توقۇلار چېۋەر قولىدا» دېگەندەك گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەزگىلدە خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردا شايى - ئەتلەس توقۇيدىغان ئۇستىكارلارلا 1200 ئائىلىدىن ئاشاتتى، توقۇلما شايى - تاۋارلار «يۇمشاق، سىلىق بولۇپ، جياڭسۇ، جېجياڭنىڭ ماللىرىدىن قېلىشمايتتى.» گۇمىنىڭ سانجۇ، مۇجى قاتارلىق جايلىرىدا: «ھەممە ئائىلىدە بەس - بەس بىلەن پىلە بېقىلاتتى، ھەممە جاي بۆك - باراقسان ئۈجمە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىدى.» 1845 - يىلى لىن زېشۈي خوتەنگە بوزيەر ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەندە خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «يول بويىدا دەل - دەرەخ ناھايىتى كۆپ، ئۈجمە يوپۇرماقلىرى باراقسان ئىكەن، بۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار پىلە بېقىشقا ماھىر ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇدۇن يىپىكى بارلىققا كەلگەن».

گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (مىلادىيە 1907 - يىلى) شىنجاڭنىڭ پەرمان بېگى ۋاڭ سۇينەن شىنجاڭغا ئەمەلىي تۆۋەنلىتىپ ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار جاۋ گۇيخۇانى پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى-

نى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىشقا خوتەنگە ئەۋەتكەن. ئۇ ئىچ-
كىرىدىن ئىلگىرى كەلگەن تۆت نەپەر ئۇستا، يەرلىك كامالەتكە
يەتكەن تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئۇستا بىلەن كۆرۈشۈپ، پىلە ـ ئۈجمە-
چىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تايانچىلىرىنى تەشكىل قىلغان
ھەمدە قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر تۈركۈم سايمانلارنى
تەقلىد قىلىپ ياساپ، خوتەننىڭ پىلە ـ ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنى
يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە
مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما قاتار-
لىق جايلاردا دېھقانلار ئارىسىدا دەستىگاھ بىلەن رەخت توقۇيدىغان
1200 ئائىلىدىن ئاشىدۇ». 1910 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا
قارىغاندا، خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى تەۋەسىدە 5 مىليون
تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىدىن ئىبارەت
ئىككى دۆلەتكە 135 مىڭ كىلوگىرام پىلە سېتىلغان. شۇ چاغدا
شىنجاڭ بويىچە يىللىق مەھسۇلاتى 250 مىڭ كىلوگىرام
بولۇپ، خوتەندىن چىقىدىغان مەشۇت شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي
مەشۇتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. سۈپەتلىك
خوتەن مەشۇتىنى ئەنگلىيە، رۇسىيە قاتارلىق چەت دۆلەتلەر تالى-
شىپ سېتىۋالغان. خوتەندە يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يىپەك
رەخت 30 مىڭ توپتىن ئاشاتتى، بولۇپمۇ خوتەندە توقۇلغان
ئەتلەسنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە چەت ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى
تالىشىپ سېتىۋالغان. خوتەننىڭ پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ
يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. يىلىغا 150 مىڭ توپتىن 200 مىڭ
توپقىچە ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. ماتالىرى شىمالىي شىنجاڭغا سې-
تىلغاندىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تۈركۈملەپ
سېتىلاتتى. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ
يېزىلغان: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا
خەلق رەخت توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن،
لوپ، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا توقۇلغان رەختلەرنىڭ رەڭگى

ئاپئاق، سپته، ئىنى مۇۋاپىق بولۇپ، ئىچكىرى رايونلار ۋە
رۇسىيىگە قاراشلىق ئەنجانغا سېتىلىپ، بىھېساپ پايدا قولغا
كېلەتتى» . لىن زېشۇي خوتەن ئۇيغۇرلىرى «رەخت توقۇشقا
ماھىر، ئەمەلدارلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىلىدىكى ئامبارلاردا
ساقلىنىۋاتقان رەختلەر خوتەندىن ئېلىپ بېرىلغان» دەپ ماختىغان.
سودا ـ تىجارەت بىر قەدەر زور تەرەققىي قىلغان. زو
زۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ باشلاپ بارغان خۇنەن قوشۇنلىرى شىن-
جاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە جايلاشقان، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى
كېيىن سودىگەر بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرى
خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللانغان. شيې بىننىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»
دېگەن ئەسىرىدە: يۇرۇڭقاشتىن ئىبارەت بۇ كىچىك بازاردا 18
ئائىلىلىك خۇنەنلىك بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سودىگەرچىلىك
قىلىدۇ دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»
دە: «ئىچكىرىنىڭ تاۋار ـ دۇردۇن، چاي، قەغەز، فارفۇر،
سىر، بامبۇك سايمان» قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى «تۇرپان ئارقى-
لىق قەشقەر ۋە خوتەنگە ئېلىپ كېلىنەتتى» دەپ يېزىلغان.
يىپەك، قاشتېشى ۋە گىلەم خوتەننىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەنئەن-
ۋى ئالاھىدە مەھسۇلاتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللە-
رىدە ئىچكىرىگە يۆتكەپ سېتىلغان قاشتېشى يىلدىن ـ يىلغا
كۆپەيگەن، قاشتېشى قازمىچىلىقى زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپ-
قان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىدا خوتەندە
قاشتېشىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ قېزىش يولغا قويۇلغان. ھەر
يىلى نەچچە مىڭ دانە قاشتېشى ئۇلپان تاپشۇرۇلاتتى. ھەر بىرى-
نىڭ ئېغىرلىقى نەچچە 10 جىڭ كېلەتتى. چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ
يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئېغىرلىقى 47 كىلوگرام كېلىدىغان
بىر پارچە ئاق قاشتېشى تېپىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە لوپ ناھىيىسىدە تۇرغان پۇتوكچى ياڭ پىجۇن ئۆزد-

نىڭ «لوپ ناھىيىسىنىڭ سەھرا تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە
لوپلۇق ئاممىنىڭ كىچىك قۇماتتا قاشتېشى قېزىش ئەھۋالىنى
ئوبرازلىق، ھەقىقىي خاتىرىلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە كېرىيە ناھىيە بازىرىغا 80 نەچچە كىلومېتىر كې-
لىدىغان كوئېنلۈن تاغلىق رايونىدىن قاشتېشى كېنى تېپىلغان.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدە خو-
تەندە توقۇلغان گىلەم مەھسۇلاتىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. سىرتقا
سېتىلىدىغان خوتەن گىلەملىرى ھەر يىلىغا نەچچە ئون مىڭ
كۋادرات مېتىرغا يەتكەن، ھۈنەر تېخنىكىسىمۇ يېڭى يۇكسە-
لىشكە ئىگە بولغان. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە خاتى-
رىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن گىلەملىرى چىڭ
سۇلالىسى ئوردىسىغا يوللىنىدىغان ئاساسلىق ئولپان بۇيۇمى بو-
لۇپ قالغان. ھازىرقى خان سارىيى مۇزېيىغا شۇ چاغدا ئولپان
تاپشۇرۇلغان «ئانار گۇل» ، «چاچما» نۇسخىلىق خوتەن گىلەم-
لىرى قويۇقلۇق.
شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمىتى يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلد-
دۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن سىياسەت، تۈزۈلمە جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ
باردى، شىنجاڭدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا نەچچە يۈز يىل
داۋام قىلغان بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. گۇاڭشۈي-
نىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1885 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا ليۇ
جىنتاڭ مۇنداق دەپ يازغان: «شىنجاڭدىكى ئاۋامنىڭ ئىشىنى
باشقۇرۇش ئىلگىرى ھاكىمبەگلەرگە تاپشۇرۇلغان، ئەسلىدە ئام-
مىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئەمما، بۇ مۇ-
سۇلمان كاتتىۋاشلار ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنى ئەزدى، قىلمىغان
ئەسكىلىكى قالمىدى، قىلچىمۇ تەپتارتمىدى» ، يەنە «تىل ـ
يېزىق جەھەتتىكى توسالغۇ تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ دەردى يۇقىرىغا

يەتكۈزۈلمىدى» . بەگلەرنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم ھۆججەتنامىلەر چۈشۈرۈلدى، 1888 ـ يىلىغا كەلگەندە ھاكىم بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى، پەقەت تۇرپان، قۇمۇل، كۇچادىن ئىبارەت ئۈچ جايدىلا ساقلاپ قېلىندى. ھاكىمبەگدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئايماق، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويماي، ۋەزىپىسىدىن ۋاقتىنچە قالدۇرماي، ئورنىغا يېڭىلارنى تەيىنلىمەي، ئۇلارنىڭ تەبىئىي يوسۇندا تۈگىتىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بېقىش يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدا ئاستا ـ ئاستا ئىش كۆرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بىكار قىلىنغان، تىڭ، ئايماق، ناھىيە، يېزىلارغا يېڭى ئەمەلدار تەيىنلىنىپ، چىرىك بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. بۇ ئىسلاھات دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى مۇناسىپ يەڭگىللىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ھاكىمىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىڭ، ئايماق، ناھىيىلەرنى تۆۋەنگە بېرىپ بوز يەر ئېچىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش، ئازما ياساش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، خوتەن بىۋاسىتە ئايمىقى ۋە كېرىيە، لوپ قاتارلىق جايلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە نەچچە يۈز مىڭ مو بوز يەر ئېچىلغان، 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭ قېزىلغان. مىلادىيە 1853 ـ يىلى لىن زېشۈي خوتەنگە كېلىپ 15 كۈن تۇرۇپ، تەۋەككۇل قاتارلىق جايلاردا بوز يەر، دەريا، سۇ باشلاش ئېغىزى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، 10 مىڭ مو بوز يەر ئېچىشنى پىلانلىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يەنە شىمالىي شىنجاڭدا «لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىشى» ۋە «جىنايەتچىلەرنى بوز يەر ئېچىشى» يولغا قويۇلغان. خوتەندە بۇ ئىش توغرۇلۇق خاتىرە يوق. خوتەن ياقۇپبەگنىڭ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى، 12 يىل ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، خوتەندىن سىرتقا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئايماق، ناھىيە ئەمەلدارلىرى سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ تېرىقچىلىق قىلىشى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يېڭىدىن بوز يەر ئاچقۇچىلارغا قارىتا باجنى كەچۈرۈم قىلىش، باجنى كېمەيتىش تەدبىرىنى قوللانغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە جايلاردىكى ئەمەلدارلاردىن سورتلۇق ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ھايۋىنى كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەدبىرلەرنىڭ خوتەنگە پايدىسى زور بولدى. ياقۇپبەگنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان خوتەن ئىقتىسادى تېز ئەسلىگە كەلدى ھەمدە تېز تەرەققىي قىلدى. ئاشلىق، پاختا، پىلە - ئۈجمىچىلىك، چارۋىچىلىق قاتارلىق ھەر قايسى كەسىپلەر كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە خوتەندە نوپۇس تېز كۆپەيگەن. بۇ خوتەن ئىقتىسادىنىڭ تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، نوپۇس سانى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، دەسلەپكى مەزگىللىرى ھەتتا يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىشەنچلىك ستاتىستىكا مەلۇماتى قالدۇرۇلمىغاچقا، سېلىشتۇرما قىلغۇدەك ماتېرىيال يوق. مىلادىيە 1759 - يىلى خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئاھالە سانى 13143 تۈتۈن، 41286 ئادەم ئىدى. بۇ سانغا ئىلچى، قاراقاش، يۇرۇڭقاش، چىرا، تاغ، كېرىيە قاتارلىق

ئالته بازار تۇتۇن نوپۇس سانى ئېنىق يېزىلغان. بۇنىڭ خوتەندىكى
بارلىق ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقى نامەلۇم.
خوتەن ئايمىقى ۋە ناھىيىلەرنىڭ مىلادىيە 1908 - يىلىدىكى
ئومۇمىي نوپۇسى 287 مىڭ 616 نەپەر، مىلادىيە 1910 -
يىلىدىكىسى 376 مىڭ 930 نەپەر بولۇپ، ئىككى يىلدا 89314
ئادەم كۆپەيگەن، نوپۇسنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشى ئادەتتىكى
قائىدىدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ يەردە چۈشەندۇرۇپ ئۆتۈشكە تې-
گىشلىكى 1908 - يىلىدىكى نوپۇس سانى بولۇپ، بۇ «خوتەن
بىۋاسىتە ئايمىقى سەھرا تەزكىرىسى» ، «كېرىيە سەھرا تەزكىرى-
سى» ، «لوپ سەھرا تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان. ھازىرقى تەز-
كىرە تۈزۈش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، نوپۇس سانى تەزكىرە كىتابى
پۈتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇنقى مەلۇم بىر يىلنى ئۆلچەم قىلىدۇ.
«لوپ سەھرا تەزكىرىسى» نى ئالساق، ئۇ 1906 - يىلى پۈتكۈ-
زۈلگەن، بۇنىڭدا ستاتىستىكا قىلىنغان نوپۇس ناھىيە قۇرۇلۇپ
ياندۇرقى يىلدىكى، يەنى 1904 - يىلىدىكى سان ئاساس قىلىن-
غان. بۇ ئۈچ تەزكىرىدىكى نوپۇس سانى ئېھتىمال، 1904 -
يىلى ئەتراپىدىكى سان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا كىتاب پۈتكۈزۈل-
گەن چاغدىكى ساننى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ بويىچە
قارىغاندا، بەش - ئالته يىل ئىچىدە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم
كۆپەيگەن بولۇپ، ئادەتته قائىدىدىكىدىن تېز كۆپەيگەن. بۇ خو-
تەن ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەنگلىيە، ھىن-
دىستان سودىگەرلىرى شەيدۇللا ئارقىلىق خوتەنگە كىرىپ سودى-
گەرچىلىك قىلىپ، ئەنگلىيە، ھىندىستانماللىرىنى كۆپلەپ
ئېلىپ كەلگەن، خوتەن «پەرەڭ ماللىرى» بىر قەدەر كۆپ جايغا
ئايلانغان. مانا بۇ خوتەن سودىسىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك.

ئاپتورى: سۇن بىن

# سەككىزىنچى بۆلۈم مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن

مىنگو دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، خوتەندە بىر قېتىم ئېغىر تارقىلىشچان كېسەللىك تارقالدى، كېسەللىك ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. خوتەندە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئىگىلىك تېز خارابلاشتى.

بۇ يۇقۇملۇق كېسەل مىلادىيە 1912 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بوغازلەڭگەر كەنتىدە يۈز بېرىپ، ناھايىتى تېزلا كېرىيە، لوپ، خوتەن ناھىيىلىرىگە كېڭەيدى. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەتتا دىخۇا (ئۈرۈمچى)، ئىلى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى. 1917 ـ يىلى شىيبىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە مۇنداق بايان قىلغان: ئۇ چاغدا ۋابا كېسىلى ئالتە ـ يەتتە يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ يەنىلا توختىمىغان، يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىدە 100 مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. لوپ ناھىيىسىدىلا 30 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، كېرىيە ناھىيىسىدە 30 — 40 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. خوتەن ناھىيىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم سانى بەك كۆپ بولغاچقا، ئون ئائىلىنىڭ توققۇزى ئادەمسىز قالغان. تېرىغىلى ئادەم يوق، يەرلەر ئاق قالغان، يەر يېرىم باھاغا چۈشكەن بولسىمۇ سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقمىغان.

بۇ قېتىملىق ۋابا كېسىلى 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن پەيدىنپەي ئاخىرلاشقان. ياڭ زېڭشىنىڭ «گۇناھىغا توۋا قىلىش ئەسلىمىلىرى» دە خاتىرىلەنگەن ئۆلگەن ئادەم سانى شىيبىننىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دىكىگە قارىغاندا مۇجمەل بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن خوتەن تەۋەسىدە 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن دېگەن ساندىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. مىلادىيە 1910 ـ يىلى خوتەن

بويىچە بار نوپۇس 376 مىڭ 930 نەپەر ئىدى، مۇشۇ سان بويىچە
قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ۋابا كېسىلىدە %27 گە يېقىن ئادەم
ئۆلۈپ كەتكەن.

مىنگو دەۋرىدە 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن
1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ
خوتەندە توپىلاڭچىلار ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشى بىلەن قالايمىقانچى-
لىق يۈز بەردى. ماخۇسەن 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 -
كۈنىدىن 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە خوتەندە
بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. بۇلار
خوتەن ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

مىنگو دەۋرىدە خوتەندە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بىر قەدەر نىس-
پىي مۇقىم بولغان ئەھۋال ئىككى قېتىم كۆرۈلدى. بىرىنچى
قېتىمقىسى، ۋابا كېسىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنى
1918 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە بولدى؛ ئىككىنچى
قېتىمقىسى، 1938 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان 12
يىل بولدى. بۇ مەزگىللەردە خوتەن ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلى-
شى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىر قەدەر تېز بولدى.

ياڭ زېڭشىن ۋە شېڭ شىسەيلەر گەرچە ئەكسىيەتچى سىيا-
سەتۋازلار بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى خېلى چىڭ
تۇتقانىدى، بولۇپمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئىلغار نىقابقا ئورۇنۇۋېلىش
ئۈچۈن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويۇشى ئوبيېكتىپ
جەھەتتە تەرەققىياتقا پايدىلىق بولدى. ئۇلار شىنجاڭ بويىچە ئىگى-
لىكنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان تۆۋەندىكىدەك سىياسەتلەر-
نى يولغا قويدى:

1. مالىيىنى، باج - سېلىقنى تەرتىپكە سېلىپ، يەرنى
ئېنىقلاپ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالىدى. ياڭ زېڭشىن ھو-
قۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدىلا خوتەندە بەش نەپەر خىيانەتچى
ئەمەلدار جازاغا تارتىلغان. شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان

مەزگىلدە 1938 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا
يولداش ماۋ زېمىن مەسئۇل بولغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە پۇل
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، سەر بىرلە-
كىنى يۇەنگە ئۆزگەرتكەن، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، مال
باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ گەدى-
نىدىكى باج - سېلىقلارنى كۆتۈرۈۋەتكەن، باج ئېلىش داۋامىدا ئۆز
چۆنتىكىنى تومىلىغان پومېشچىك، ئەمەلدارلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن.
ئىشنى ئىككىنى تەرتىپكە سېلىش، بىرنى ئېنىقلاش، بىرگە
زەربە بېرىشتىن باشلاپ، مالىيە كىرىمنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ،
مالىيە كىرىم - چىقىمىدا تەڭپۇڭ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان،
دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلاپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئا-
شۇرغان، بۇ ئارقىلىق يەرلىكنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مۇئەي-
يەن كۈچ ئاجرىتىپ قوللىغان. بۇ مەزگىلدە خوتەندە قۇرۇلغان
بىر تۈركۈم كىچىك زاۋۇت، كانلار ئۆلكە مالىيىسىنىڭ مۇئەييەن
دەرىجىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن.

2. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، يېڭىدىن ئې-
رىق - ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئاچقان. ياڭ زېڭشىن ھوقۇق
تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە (1912 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە)
شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلغان.
1916 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدىكى قاراساي، ئىسلامئاۋاتتىن
ئىبارەت ئىككى جايدىلا 6000 مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىلغان.
خوتەن قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدە بۇ مەزگىلدە 20 دىن ئارتۇق
ئۆستەڭ قېزىلغان (غول ئۆستەڭ بولۇشى مۇمكىن)، 80 مىڭ
مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىلغان. شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتۇپ
تۇرغان مەزگىل (1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن
1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە) نىڭ ئالدىنقى
دەۋردە (1937 - يىلىدىن ئىلگىرى) خوتەن مۇھەممەدئىمىن،

ماخوسەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. 1938 - يىلىدىن كې-
يىن شىڭ شىسەينىڭ تەسىر كۈچى ئاندىن خوتەنگە يېتىپ كەل-
دى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىڭ شىسەي روشەن ھالدا ئوڭغا
بورالدى. 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە
خوتەن ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشى تېز بول-
دى. بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق
ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى؛ خوتەندىكى بەش چوڭ دەريانىڭ قېشى
ئوڭشاپ ياسالدى؛ 1939 - يىلى خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلە-
رىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن قەرز پۇل
تارقىتىلدى. بۇ مەزگىلدە خوتەن تەۋەسىدە يەنە يېڭىدىن 80 مىڭ
مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورمان بىنا
قىلىندى. گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا «نەتىجە زور» بولسى-
مۇ، لېكىن ستاتىستىكا سانى تولۇق بولمىغان. ھۆكۈمەت يەنە
«يېزىلارغا قۇتقۇزۇش بېرىش»، «ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئومۇ-
مىي سەپەرۋەر قىلىش»، «مەبلەغ، ئۇرۇقلۇق، ئۆكۈز، ئات
سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرز بېرىش» قاتارلىقلارنى يولغا قويغان.
قالاق تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۆمۈر ساپان
بىلەن يەر ئاغدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، دېھقانچىلىق تەجرىبە
مەيدانلىرىنى قۇرغان، بۇنىڭ بىلەن خوتەن ئىگىلىكى تېز ئەسلى-
گە كېلىپ تەرەققىي قىلغان.

3. خوتەن شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق پىلە ئىشلەپچىقىرىدى-
غان رايون ئىدى. 1941 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە ئەنخۇي يېزا
ئىگىلىك ئىنستىتوتىنىڭ ئاتاقلىق پروفېسسورى جاڭ خۇڭجى
ئىككى قېتىم خوتەنگە كېلىپ، پىلە ئۈجمىچىلىككە يېتەكچىلىك
قىلدى. لوپ ناھىيىسىدە ئىككى ئورۇندا پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدا-
نى قۇرۇلدى، قاراقاش ۋە خوتەن ناھىيىلىرىدە ئىككى ئورۇندا
پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، قاراقاش ۋە خوتەن ناھىيە-
لىرىدە بىردىن پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. شۇنىڭ

بىلەن قالاق پىلە ئۇرۇق سورتى ئىلاجىنىڭ بارىچە شاللىۋېتىلدى. كۆپرەك خوجو سورتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سورتى كىرگۈزۈلدى. ئاق ئۈجمە كۆپرەك سېلىندى. خوساڭ ئۈجمىسى كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى (كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە بار، ئەمما ئۈستۈرۈپ ئۈنۈم قازانغانلىق توغرىسىدا خاتىرە يوق). 1942 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۈجمە دەرىخى 9 مىليون تۈپكە يەتكەن. پىلە هوسۇلى 1600 توننا بولۇپ، تارىختىي يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

4. ئۆلكىلىك هۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. خوتەندە 1938 - يىلى چارۋامال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋا ماللاردا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش قاتارلىق ئۈچ خىزمەت ئاساسلىق تۇتۇلدى. 1942 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالىدىغان چارۋا 2 مىليون 200 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ، بۇنىڭدىمۇ تارىختىي يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

5. كىچىك زاۋۇت، كان، شىركەتلەرنى قۇرۇپ، يەرلىك ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1938 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئۆلكىلىك مالىيىسى خوتەننىڭ سانائىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە قوللىدى. 1938 - يىلى خوتەن گىلەم كارخانىسىغا 15 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، خوتەننىڭ گىلەمچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللىدى. 1938 - يىلى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خوتەن شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئاساسەن تۈرلۈك قەرز پۇل تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانەت كەسپىنى باشقۇردى. 1938 - يىلى يەنە خوتەن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى قۇرۇپ، ئاساسەن خوتەننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار سودىسىغا مەسئۇل بولدى. بۇ مەزگىلدە

خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە تۆت پاختا رەخت توقۇش كارخانىسى، سەككىز يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا قوغۇشۇن زاۋۇتى، قەغەز زاۋۇتى قۇردى، بىر قانچە جايدا كىچىك كۆمۈر كانلىرىنى ئاچتى.

6. ماخوسەن خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە خوتەندىن گۇمىغا ئاددىي تاشيول ياسىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ماخوسەنگە ياردەم بەرگەن ئاپتوموبىللار ۋە كېيىن ماخوسەنگە جازا يۈرۈش قىلىنغاندا ئىشلىتىلگەن برونېۋىك، ئاپتوموبىل، تانكىلار قەشقەردىن خوتەنگە بىمالال يېتىپ كېلەلىگەن. 1939 - يىلى خوتەندىن قاراقاشنىڭ زاۋىغىچە تاشيول ياسىدى (ئاددىي تاشيولدىن سەل ياخشى)؛ 1940 - يىلى زاۋىدىن گۇمىغا بارىدىغان تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى؛ 1941 - يىلى خوتەندىن چىرىغا تاشيول ياسىدى؛ 1942 - يىلى چىرىدىن كېرىيىگە بارىدىغان تاشيولنى ياسىدى. خوتەننىڭ دوتيىي پەن بونەن، جېڭ يىجۇن (بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كوممۇنىست بولۇپ، پەن بونەن 1945 - يىلى ئاسىيلىق قىلغان) لارنىڭ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن دېھقانلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، بايلار پۇل چىقىرىپ يېزا - كەنت يوللىرىنى ياسىدى. بۇ مەزگىلدە خوتەننىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى.

7. 1938 - يىلى خوتەن ھاۋارايى ئىستانسىسى، ھاۋارايى ئىدارىسى، خوتەن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، خوتەن دوختۇرخانىسى، خوتەن باج ئىدارىسى، خوتەن گېزىتخانىسى، خوتەن پوچتىخانىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقا ئىشلارمۇ تەدرىجىي يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلدى.

8. ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە دىنىي كۈچ ۋە دىنىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە مەلۇم چەك قويۇلدى.

ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي شارا-
ئىت يارىتىلدى. ئۇلار قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ
چىققان بىر قانچە بەلگىلىمە تۆۋەندىكىچە: (1) ئېتىقادچىلارنىڭ
مەسچىتنىڭ سىرتىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قوي-
ماسلىق، «خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش» قا يول قويماس-
لىق، «ئائىلىگە ئېتىقادچىلارنى توپلاپ زىكرى ـ سۆھبەت قى-
لىش» قا يول قويماسلىق؛ (2) ئېتىقادچىلارنىڭ «قۇرئان»،
«ھەدىس» نىلا ئوقۇشىغا يول قويۇلۇش، باشقا كىتابلارنى ئوقۇ-
شىغا يول قويماسلىق؛ (3) ئاخۇن، مولللارنىڭ رايون ئاتلاپ
دىن تارقىتىپ ۋەزخانلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق، چەت ئەل-
لىك ۋە ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن ئاخۇن، مولللارنىڭ دىن
تارقىتىپ، ۋەزخانلىق قىلىشىغا تېخىمۇ يول قويماسلىق؛ (4)
«ئايرىم مەزھەپ تىكلەپ»، مەزھەپ ماجىرالىرىنى پەيدا قىلىشقا
يول قويماسلىق؛ (5) مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدىغان ئادەم
سانىنى قاتتىق تىزگىنلەش؛ (6) خالىغانچە ئۆشرە پۇلى ۋە
ئاشلىق يىغىپ، ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە يول
قويماسلىق. بۇ بەلگىلىمىلەر جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش،
ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە خېلى ياخشى
رول ئوينىغان.

مىنگو دەۋرىدە خوتەندىن ئىبارەت بۇ ياقا يۇرتتا «پەرەڭ
ماللىرى» بىر قەدەر كۆپ ئىدى. ئاساسلىقى ئەنگلىيە، ھىندىس-
تان، چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماللىرى ئىدى. «پە-
رەڭ ماللىرى» سودىسى قىلىدىغانلاردىن يەرلىك باي سودىگەرلەر-
مۇ، ئىلى، چۆچەك تەرەپتىن كەلگەن باي سودىگەرلەرمۇ بار
ئىدى، كۆپرەكى ئەنگلىيە، ھىندىستاندىن كېلىپ ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان سودىگەرلەر ئىدى. خوتەن ۋىلايىتىدە ئەنگلىيە،
ھىندىستاندىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان داڭلىق مۇھاجىر
سودىگەردىن 12 ئائىلە بار ئىدى.

مىنگو مەزگىلىدە خوتەن گەرچە بىر قېتىملىق يۇقۇملۇق
كېسەل، ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى باشتىن كە-
چۈرگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىگىلىكنىڭ
ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى يەنىلا بىر قەدەر تېز
بولدى، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان
نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى. چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرىدا يەنى 1910 - يىلى خوتەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى
376 مىڭ 930 نەپەر ئىدى؛ مىنگونىڭ ئاخىرىغا، يەنى
1949 - يىلىغا كەلگەندە خوتەندە ئومۇمىي نوپۇسى 661 مىڭ
928 نەپەرگە يېتىپ، 39 يىلدا 285 مىڭ 8 ئادەم كۆپىيىپ،
75.6% ئاشقان.

ئاپتورى: سۇن بىن

## توققۇزىنچى بۆلۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خوتەن

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان-
دىن كېيىنكى 50 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چوڭ جەھەت-
تىن مۇنداق ئۈچ مەزگىلگە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) پۇختا قەدەم
بىلەن ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەزگىلى (1949 -
يىلى 10 - ئايدىن 1957 - يىلى 12 - ئايغىچە)؛ (2) ئاستا
تەرەققىي قىلىش مەزگىلى (1958 - يىلىدىن 1978 - يىلىغى-
چە)؛ (3) ئىگىلىك ئۇدا، تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىل
(1978 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ).

1. ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەزگىلى (1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە)

1) يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 2 ـ جۇن 5 ـ دىۋىزىيىنىڭ 15 ـ پولكى خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 4 ـ ئايدا 15 ـ پولك لوپ، كېرىيە، گۇما، قاراقاش ناھىيىلىرىگە قىسىمدىكىلەرنى ئەۋەتىپ بوز يەر ئېچىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىپ، ھەم ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىدى، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 5 ـ ئايدا رايون، يېزا دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

1949 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 661 مىڭ 900 نەپەر، تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 890 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 2.86 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن، ئومۇمىي ئاشلىق 117 مىڭ 870 توننا بولۇپ، كىشى بېشىدا 78 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن. كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاساسلىق تېرىلغۇ سايمانلىرى كەتمەن ۋە بۇقۇسا بولۇپ، كۆپ تېرىلىپ ئاز ھوسۇل ئېلىناتتى. سانائەت جەھەتتە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسىدىن بىر قانچىسى بار ئىدى. قاتناش ـ ترانسپورت جەھەتتە، شەرقتە كېرىيىگىچە، غەربتە گۇمىغىچە تۇتۇشىدىغان بىرلا ئاددىي تاشيول بار ئىدى. 1949 ـ يىلى 187 باشلانغۇچ مەكتەپ، 570 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى؛ ۋىلايەت بويىچە داۋالاش ئاپپاراتىدىن ئاران ئۈچى

بولۇپ، 21 نەپەر تېببىي خادىم بار ئىدى. ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلار ئىنتايىن قالاق ئىدى.

1951 - يىلى 7 - ئايدىن 1952 - يىلى 5 - ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە 45 رايون، 307 يېزىدا ئىجارە كېمەيتىش — زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، 343 نەپەر زومىگەر كۈرەش قىلىندى، ھەرىكەت داۋامىدا 9451 نەپەر دېھقان يېزا، كەنت كادىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 117 مىڭغا يەتتى. فېئودال - زومىگەر كۈچلەرگە زەربە بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ كۈچى زورايتىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1952 - يىلى 9 - ئايدىن 1953 - يىلى 7 - ئايىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 285 يېزا، 1333 كەنتتە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە 182 مىڭ 217 ئائىلە، 653 مىڭ 931 نەپەر دېھقان ئىچىدىن يېرى يوق ۋە يېرى ئاز 125 مىڭ 12 ئائىلە، 386 مىڭ 298 نەپەر دېھقانغا يەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ ئومۇمىي ئائىلە ۋە نوپۇسنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا %69 ى ۋە %58.8 ىنى تەشكىل قىلدى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1953 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا %40.18 ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا 13.7 ھەسسە ئاشتى؛ ئاشلىق 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا 49 مىڭ 400 توننا كۆپىيىپ، %41.9 ئاشتى؛ پاختا 1949 - يىلدىكىدىن 983.5 توننا كۆپىيىپ، 1.5 ھەسسە ئاشتى؛ پىلە

1949ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 274 تونىنا كۆپىيىپ، ئالتە ھەسسە ئاشتى؛ چارۋا 1949 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 370 مىڭ تۇياق كۆپىيىپ، 27.7% ئاشتى.

بۇ مەزگىلدە سودا سانائەتمۇ بىر ئاز تەرەققىي قىلدى. 1953 ـ يىلىنى 1952 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى سالمىقى 41.55% دىن 26.79% گە تۆۋەنلەپ، 14.79% ئازىيىپ كەتتى، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ 12.58% تىن 17.12% گە ئۆرلەپ، 4.54% ئاشتى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 46.24% تىن 54.9% كە ئۆرلەپ، 7.85% ئاشتى. بۇ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مۇشۇنداق بولغاچقا، 1953 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بېجىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى پىلاندىكىنىڭ 144.6% نى تەشكىل قىلدى.

2) سوتسىيالىستىك تۈزۈم قۇرۇلۇشى باسقۇچى

1951 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، يەر ئىسلاھاتى ئاساسىدا دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 41% نى تەشكىل قىلدى. 1955 ـ يىلى دېھقانلار يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش شەكلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى (باشلانغۇچ كوپىراتىپ) غا قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەندى، 194 باشلانغۇچ كوپىراتىپ سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئاشلىق ھوسۇلى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىگە قارىغاندا ئومۇميۈزلۈك ھالدا 10%، يەككە ئىشلىگەندىكىگە قارىغاندا 25%

ئاشتى.

1956 ـ يىلى باشلانغۇچ كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %90 نى تەشكىل قىلدى. باشلانغۇچ كوپىراتىپ سانى 2620 گە يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە باشلانغۇچ كوپىراتىپ قۇرۇش يېرىم يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. ئارقىدىنلا ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇش قىزغىنلىقى قوزغالدى. 1956 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە 420 ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇش ئاساسىدا، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالىي كوپىراتىپ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 1072 گە يېتىپ، باشلانغۇچ كوپىراتىپقا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ %90 ى بىراقلا ئالىي كوپىراتىپقا كىردى. بەر ھەققى پۇتۇنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمما، شۇ چاغدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ئالىي كوپىراتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر قەدەر ياخشى ئىلگىرى سۈرگەن.

1953 ـ يىلىدىن باشلاپ قول سانائەتچىلەر كوپىراتىپ قۇرۇشقا پائال تەشكىللەندى. 1954 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە موزدۇز، سەيپۇڭ، تۆمۈرچى، خارەت، كۆنچى قاتارلىقلاردىن 17 مىڭ 467 ئائىلە بولۇپ، 23 مىڭ 521 ئادەم قول سانائەت كوپىراتىپىغا قاتناشتى. ۋىلايەت بويىچە 362 كوپىراتىپ قۇرۇلدى. ناھىيىلەردە قول سانائەت بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى ياز پەسلىگە كەلگەندە قول سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كوپىراتىپقا كىردى، ۋىلايەت بويىچە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئەمەلگە ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە 3934 ئائىلە سودىگەرلەرگە قارىتا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلا شېرىكچىلىك تۈزۈمى يولىغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلا شېرىكچىلىكىدە 42 سودا دۇكىنى، 1684 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. خوتەندە كاپىتالىستىك سانائەت ئۇنچە تەرەققىي قىلمىغانىدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قانچە

زاۋۇت، كان سېتىۋېلىنىپ، ھۆكۈمەت ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈ-
لۈپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۆكۈمەت ئېھتىياجى بويىچە مەھسۇ-
لات ئىشلەپچىقىرىش ھاۋالە قىلىندى. 1956 - يىلى كۈز پەسلى-
گە كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كاپىتالىستىك سودا - سانا-
ئەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىي جەھەت-
تىن ئەمەلگە ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە كاپىتالىستىك سودا -
سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق،
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك (خۇسۇ-
سلار بىلەن ھۆكۈمەت شېرىكچىلىكىدىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
نىڭ تەركىبى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئەسلىدىكى 16.5%
تىن تېز سۈرئەتتە ئېشىپ 95.5% كە يەتتى، يەككە ئىگىلىك
ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىك 83.5% تىن تۆۋەنلەپ 45% كە
چۈشتى.

1 - بەش يىللىق پىلان (1953 - يىلدىن 1957 - يىلغى-
چە) مەزگىلدە، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1952 - يىلىدى-
كى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 675 مىڭ يۈەن بو-
لۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 120 مىليون 933 مىڭ يۈەن
بولغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئاران 0.5% نى
ئىگىلىگەنىدى، 1957 - يىلغا كەلگەندە بولسا، سانائەت ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 458 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،
سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان
157 مىليون 831 مىڭ يۈەن ئىچىدە 9.23% نى ئىگىلەپ، 20
ھەسسە كۆپەيدى. ھالبۇكى، 1952 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 258 مىڭ يۈەن بولۇپ
شۇ يىلقى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
ئىچىدە 99.44% نى تەشكىل قىلغانىدى. 1957 - يىلغا كەلگەن-

دە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 273 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىلقى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە %99.77 نى ئىگىلىگەن، ئۇدا %19.1 ئېشىش ئاساسىدا سالمىقى %9.33 ئازايغان.

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە خوتەندە ۋىلايەتلىك يېپەك زاۋۇتى، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، دۇۋا كۆمۈر كانى، باسما زاۋۇتى، هاراق زاۋۇتى، دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سەپلەش زاۋۇتى، يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك 17 زاۋۇت، كان قۇرۇلدى. ئەنئەنىۋى سانائەت دەسلەپكى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى.

يېزا ئىگىلىكى ماس قەدەم بىلەن يۇقىرى سۈرئەتتە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، 1952 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 153 مىڭ 837 توننا، بىرلىك مەھسۇلاتى 77 كىلوگرام بولغانىدى، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 160 مىڭ 5 . 963 توننا، بىرلىك مەھسۇلاتى 75 كىلوگرام بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا %4.6 ۋە %2.67 ئاشتى، چارۋىچىلىقمۇ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، 1952 ـ يىلى ئاران 1 مىليون 548 مىڭ تۇياق چارۋا بارئىدى، 1957 ـ يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان چارۋا 1 مىليون 739 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 181 مىڭ تۇياق كۆپىيىپ %12.34 ئاشقان.

بەش يىل ئىچىدە سانائەت هەر يىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن %84.8، يېزا ئىگىلىكى %2.17 ئاشتى، سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىدىمۇ بىر قەدەر زور ئۆسۈش بولدى.

بەش يىل ئىچىدە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1952 ـ يىلىدىكى 3 مىليون 930 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە 39 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9 هەسسە كۆپەيدى. بەش يىل ئىچىدە غول لىنىيىلىك تاشيولدىن 398 كىلومېتىر، ئاددىي تاشيولدىن 2368 كىلومېتىر،

چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكتىن 107 سى ياسالدى. 1957 - يىلىدى-
كى يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 129 مىڭ توننا بولۇپ،
1952 - يىلدىكىگە قارىغاندا 10 ھەسسە كۆپەيدى.

ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، باشلان-
غۇچ مەكتەپ كۆپەيتىلدى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپ-
كە كىرىش نىسبىتى 49٪ كە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىگە
قارىغاندا 30٪ كۆپەيدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلغان دوخ-
تۇرخانا بار ئىدى، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 47 گە
يېتىپ، 1952 - يىلدىكىگە قارىغاندا تۆت ھەسسە كۆپەيدى.

## 2. ئىقتىسادنىڭ ئاستا تەرەققىي قىلىش مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە)

بۇ 20 يىلنى يەنە تۆت مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1)
چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلى (1958 - يىلدىن
1960 - يىلغىچە)؛ (2) تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلا-
ش، يۇقىرى كۆتۈرۈش مەزگىلى (1961 - يىلدىن 1965 -
يىلغىچە)؛ (3) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى
(1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە)؛ (4) دەسلەپكى قەدەمدە
قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش مەزگىلى (1977 - يىلدىن
1978 - يىلغىچە).

### 1) چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە)

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل چوڭ
سەكرەپ ئىلگىرىلەش بولغان ئۈچ يىل. بۇ خوتەن ئىگىلىكىنىڭ
ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

1958 - يىلى 8 - ئايدا خوتەندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈ-
مەتلەر «يېزىلاردا خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرى-
سىدىكى قارار»نى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى. پەقەت بىر ئاي

ۋاقىت ئىچىدىلا ۋىلايەت بويىچە كوممۇنىلاشتۇرۇش ئاساسەن ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلدى، 1152 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىرا-
تىپى بىرلەشتۇرۇلۇپ، دەرىجىسى ئۆستۇرۇلۇپ، 120 خەلق
كوممۇنىسى بولۇپ قۇرۇلدى، كېيىن تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق
45 كە ئازايتىلدى (1983 - يىلى يەنە 60 قىلىپ ئايرىلدى)
«هۆكۇمەت بىلەن كوممۇنانى بىرلەشتۇرۇش»، «بىرىنچىدىن
چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.
خەلق كوممۇناسى قۇرۇش جەريانىدا هەدەپ «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ
قىلىش شامىلى» چىقىرىلدى، «تەشكىلدە هەربىيلىشىش، هەرى-
كەتتە جەڭگىۋارلىشىش، تۇرمۇشتا كوللېكتىپلىشىش» يولغا قو-
يۇلۇپ، «جامائەت ئاشخانىسى» زور كۈچ بىلەن قۇرۇلۇپ،
«بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» كەڭ يولغا
قويۇلدى.

1958 - يىلى 9 - ئايدا «پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن
كەڭ شۇغۇللىنىش» باشلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە 560 مىڭ ئەم-
گەك كۈچى پولات تاۋلاشقا سېلىندى، بۇ ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي
ئەمگەك كۈچىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى، 500
مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ چارۋا بۇ ئىشقا يۆتكەپ ئىشلىتىلدى،
نەتىجىدە 100 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەكى ئۆلۈپ تۈگىدى. خوتەن
چوڭ بوستانلىقىدىكى نەچچە مىليون تۈپ چوڭ دەرەخ كېسىۋېتى-
لىپ، بوستانلىق يېپىنچىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.
نەتىجىدە، ۋىلايەت بويىچە ئاران 19 توننا تۆمۈر ئېرىتىلدى، يەنە
كېلىپ بۇ «تۆمۈر» لەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەتكىلى بول-
مىدى. «پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش» نىڭ
مۇقەررەر ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئې-
غىر نابۇت قىلىندى، بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ناهايىتى زور
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1959 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ «قاقاسلىقتىن ئاشلىق

ئېلىش» ، «قۇملۇقتىن ئاشلىق ئېلىش» تىن ئىبارەت ئاممىۋى خاراكتېرلىك بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى قوزغالدى. ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 800 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى. بوز يەر ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى ئېچىلغان بوز يەرنىڭ 70% ىگە زىرائەت تېرىلمىدى. نەتىجىدە، خوتەننىڭ ئېكولوگىيىسى تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، «قۇم بېسىپ كىرىپ، ئادەم چېكىنىدىغان» ۋەزىيەت شەكىللەندى.

«مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىش شامىلى» ۋە «قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش» يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپلەپ ئىگىلىۋالغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 43.23% ئاشتى، ئەمما يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4.35 كەملەپ كەتتى، 1960 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1959 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 20%، بىرلىك مەھسۇلاتى 40% تۆۋەنلەپ كەتتى. 1960 ـ يىلى كېۋەز مەھسۇلاتى 1956 ـ يىلدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. قوتاندا قالغان چارۋا سانى تۆۋەنلەپ، بىراقلا 1952 ـ يىلدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. چوڭ چارۋا 1957 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 120 مىڭ تۇياق چۈشۈپ كەتتى. ئېشەك 43.3% ئازىيىپ كەتتى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئېغىر دەرىجىدە ئۆكسۈپ قالدى، تۇرمۇش ئەھۋالى قىيىنلىشىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زەربىگە ئۇچراپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى.

1958 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىللىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 16 مىليون 522 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىدىن

ئىبارەت بۇ ئىگىلىكىدىن يېزا كۆلەم بۇ بولدى. كۆپ 73.37%
ساناتئەتنىڭ يەنە قالماستىن، بىلەنلا قىلىش ئايرىلىپ ئاساستىن
مۇ- يىلى - 1960 كەتكەنىدى. ئېشىپ ئىقتىدارىدىنمۇ ئەمەلىي
2.2 قارىغاندا يىلدىكىگە - 1957 خىزمەتچى - ئىشچى قىسىم
مەزگىلدە- ئىلگىرىلەش سەكرەپ چوڭ يىللىق ئۈچ كۆپەيدى.
بۇنداق يەتتى. يۈەنگە مىڭ 804 مىليون 11 رەقەمى قىزىل مالىيە دىكى
باقمىغان. كۆرۈلۈپ بۇيان قۇرۇلغاندىن جۇڭگو يېڭى ئەھۋال
كۆتۈ- يۇقىرى تولۇقلاش، مۇستەھكەملەش، «تەڭشەش، (2
يىلغىچە) - 1965 يىلدىن - (1961 مەزگىلى رۇش»
خوتەن ئۈچۈن ئىزچىللاشتۇرۇش فاڭجېنىنى سۆزلۈك تۆت
قوللاندى: تەدبىرلەرنى كونكرېت تۆۋەندىكى پارتكوم ۋىلايەتلىك
نى «نىزامى خىزمەت كوممۇناسىنىڭ خەلق «يېزا (1)
ئەترەتنى مۇلۇكچىلىكتىكى دەرىجىلىك ئۈچ» «ئىزچىللاشتۇرۇپ،
جا- يېزىلاردىكى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، پرىنسىپىنى «قىلىش ئاساس
ئە- قالدۇرۇلۇپ، ئەمەلدىن تۈزۈمى تەمىنلەش ئاشخانىسى مائەت
رۇخسەت شۇغۇللىنىشىغا بىلەن كەسپى قوشۇمچە ئائىلە زالارنىڭ
ئىش- يۆتكەپ، تەڭشەپ بىرى قۇرۇلغاندىن كوممۇنالاشتۇرۇلغاندىن قىلىندى.
ساي- دېھقانچىلىق يەر، سايمانلىرى، ئائىلە ئۆي، لىتىۋېلىنغان
قوشۇمچە ئىگىلىك يېزا چارۋىلىرى، ئۆي ھارۋا، مانلىرى،
قاتارلىقلار ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇش ۋە مەھسۇلاتلىرى كەسىپ
ئەمەلىيەت تەڭ، بىلەن شۇنىڭ قايتۇرۇلدى؛ ئېنىقلاپ بىردەك
ئىگى- يېزا ئازايتىلدى؛ ئاشلىق سېتىۋېلىنغان سېتىۋېلىنغان قىلىنىپ، ئاساس
ئۆس- باھاسى سېتىۋېلىش مەھسۇلاتلىرىنى كەسىپ قوشۇمچە لىك
تۈرۈلدى.
پەسەي- تىرىشىپ ۋەزىيەت جىددىي تەمىناتىدىكى بازار (2)
كۈچ زور كۈچى سېتىۋېلىش گۇرۇھلارنىڭ ئىجتىمائىي تىلدى،
يۇقىرى بۇيۇملىرىغا ئىستېمال قىسىم بىر تىزگىنلەندى؛ بىلەن
ئىستېمالنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قويۇلدى. يولغا سىياسىتى باھا

ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى-لەش» تىن بۇيان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە بىرلەشتۈرۈلگەن تەمىنات سودا كوپىراتىپى، ھەمكارلىق سودا دۇكانلىرى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يېزا بازارلىرى ئېچىۋېتىلدى.

(3) ئاساسىي قۇرۇلۇش زور كۆچ بىلەن قىسقارتىلىپ، تاقاش، توختىتىش، بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگەرتىش يولىغا قويۇلدى. ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىپ، ھەممە كۈچنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىشى تەلەپ قىلىندى.

(4) تەڭشەشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

تەڭشەش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش 1957 - يىلىدىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى. 1965 - يىلىدىكى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1960 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) 206 مىليون 981 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى 177 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى 1957 - يىلىغا قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 34.72% ۋە 28.14% ئاشتى؛ ئاشلىق 223 مىڭ 975 توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 5.36% ئاشتى؛ پاختا 5993 توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 2.76 ھەسسە ئاشتى؛ 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 912 مىڭ 900 مو بولۇپ، 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 30 مىڭ 600 مو كۆپەيدى.

1965 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئومۇمىي ئېنېرگىيە كۈچى 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 7218 ئات كۈچى كۆپىيىپ، يەتتە ھەسسە ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار 1957 - يىلدىكىگە

قارىغاندا 156 سى كۆپىيىپ، ئالتە ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر زور تەرەققىي قىلدى، 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 44 كە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 30ى كۆپىيىپ، 2.1 ھەسسە ئاشتى. 1965 - يىلى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا يىپ 155 مىڭ 300 مېتىرغا، خىش 5 مىليون 925 مىڭ 700 دانىگە، كۆمۈر 40 مىڭ 300 توننىغا، تارقىتىلغان توك 2 مىليون 613 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1957 - يىلىغا قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 100%، 118.2%، 11 ھەسسە، 5.5 ھەسسە ئاشتى، مەشۇتلار كېمىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 72.58 توننا بولۇپ، 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 81.8% كېمىيىپ كەتتى.

1965 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 6651 يۈەن (ئادەم) بولۇپ، 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 43 ھەسسە ئۆستى. بەش يىل تەڭشەش ئارقىلىق، مالىيە ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، 1965 - يىلى مالىيە كىرىمى 10 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، مالىيىدە ئۆزىنى قامداش نىسبىتى 56.41% گە يېتىپ، 1961 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 26.87% ۋە 4.7% ئۆستى.

خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى گەرچە 1957 - يىلدىكى سەۋىيىگە كەلتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 40% ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆستى، دېھقانلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 42.2 يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

**3) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە)**

ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ئې-

غىر بالايىئاپەت كەلتۈردى، ئىگىلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۆگىشىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ يەت-
تى. خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ھالغا چۈشۈپ قالدى.
1976 - يىلىدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 32
مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1966 - يىلىدىكىگە قارىغاندا
%17.66 كېمەيدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
163 مىليون 255 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، %19.3 كېمەيدى؛
ئاشلىق 38 مىڭ 282.5 توننا ئازىيىپ، %16.78 كېمەيدى،
پاختا 1820 توننا ئازىيىپ، %49.8 كېمەيدى. 1966 - يىلىدى-
كىگە سېلىشتۇرغاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 105
كىلوگرام ئازىيىپ، %40 تىن كۆپرەك كېمەيدى؛ كىشى بېشى-
غا توغرا كېلىدىغان پاختا ئۈچ كىلوگرام ئازىيىپ، %65
كېمەيدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چارۋا 0.97 تۇياق
ئازىيىپ، %70 تىن كۆپرەك كېمەيدى؛ دېھقانلارنىڭ كىشى
بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئون يىلنىڭ
ئالدىدىكىگە قارىغاندا %29.7 ئازىيىپ كەتتى. ئون يىل ئىچىدە
ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 225 مىليون
كىلوگرام ئەتراپىدا ئايلاندى. 75 مىليون كىلوگرام زاپاس ئاش-
لىق يەپ تۈگىتىلگەندىن سىرت، ئۇدا بەش يىل ئىچىدە سىرتتىن
35 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىندى.

**4) دەسلەپكى قەدەمدە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش مەزگىلى**
**(1977 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە)**

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، خو-
تەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىدە ياخشىلىنىش بولۇپ، بىر ئىزدا
توختاپ قېلىش، تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.
1977 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىم-
مىتى 218 مىليون 593 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلغا
قارىغاندا %12.3 ئاشتى. ئاشلىق 45 مىڭ 638 توننىغا يېتىپ،

ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 20% ئاشتى؛ پاختا توقۇمىچىلىق، سېمونت، مەشۇت، كۆمۈر قاتارلىقلاردا بىر قەدەر زور ئېشىش بولدى.

مالىيە كىرىمى زور ھەجىمدە ئاشتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 18.18% ئاشتى، تەمىنلەش ئۇدا جىددىي بولۇپ كەلگەن گۆش تۇخۇم، قەنت - شېكەر قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 10% — 20% ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 10% كۆپەيدى.

## 3. ئىگىلىك ئۇدا، تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىل (1978 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ)

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا خوتەن ۋىلايىتىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. 1985 - يىلى كۈز پەسلىگە كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە 75 يېزا، 11 بازار، 1273 كەنت كومىتېت قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق گۇڭشېسى تۈزۈلمىسى تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

1985 - يىلىدىن باشلاپ 30 نەچچە يىل يولغا قويۇلغان بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش سىياسىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىقتىسادى پەيدىنپەي تاۋار ئىگىلىكى نىشانىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

1999 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 21 مىڭ 421 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي كارخانا 92.3% تىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان ئادەم سانى 61 مىڭ 115 نەپەر بولۇپ، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىدا ئىشلەۋاتقانلار 70.86% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھ-

سوْلات قىممىتى 701 مىلىيون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %28.3 نى تەشكىل قىلىپ، 1984 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 18 ھەسسە ئېشىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى.

1990 ـ يىلى 1980 ـ يىلىغا سېلىشتۇرساق، (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا)، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 214 مىلىيون 260 مىڭ يۈەندىن 588 مىلىيون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.7 ھەسسە ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 213 مىلىيون 30 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 547 مىلىيون 627 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشتى؛ 1990 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 575 مىڭ 718 توننىغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 281 مىڭ 838 توننا كۆپىيىپ %95.9 ئاشتى؛ پاختا بەش ھەسسە، چارۋا %47.2 ئاشتى؛ ياغلىق دان، پىلە، گۆش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىلىيون 880 مىڭ يۈەندىن 180 مىلىيون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.3 ھەسسە ئاشتى؛ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە كۆپەيدى، 1990 ـ يىلى سېمونت 1980 ـ يىلدىكى 30 مىڭ توننىدىن كۆپىيىپ 73 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشتى؛ توك تارقىتىش مىقدارى 29 مىلىيون 470 مىڭ كىلوۋاتتىن 104 مىلىيون 460 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 5.2 ھەسسە كۆپەيدى؛ مەشۇت 59.7 توننىدىن 138.8 توننىغا يېتىپ، 1.3 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا رەخت 2 مىلىيون 880 مىڭ مېتىردىن 27 مىلىيون 940 مىڭ مېتىرغا يېتىپ، 8.7 ھەسسە كۆپەيدى؛ مالىيە كىرىمى 1980 ـ يىلدىكى 12 مىلىيون 625 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 1990 ـ يىلى 47 مىلىيون 800 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 2.8 ھەسسە ئاشتى؛ ۋىلايەتنىڭ مالىيەدە ئۆزىنى قامداش نىسبىتى 1980 - يىلىدىكى 15.8% تىن، 1990 - يىلى 20.8% كە يېتىپ، 31.6% ئاشتى.

ئون يىل ئىچىدە 211 تۈردە زور پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى قولغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېت دەرىجىدىكى ئۈچ تۈرلۈك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك توققۇز تۈرلۈك، ۋىلايەت دەرىجىدىكى 127 تۈرلۈك، ناھىيە دەرىجىلىكى 72 تۈرلۈك. 1985 - يىلىدىكى تۈرلۈك كەسپىي خادىم 14 مىڭ 62 نەپەر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.9% نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 11 مىڭ 184 نەپەر، خەنزۇلار 2879 نەپەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 1806 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 11 مىڭ 373 نەپەر، ئۇنۋانى بارلار 2872 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار يەتتە نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 321 نەپەر، ياردەمچى ئۇنۋانى بارلار 2454 نەپەر.

1990 - يىلدىكى شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 791.6 يۈەن، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 385.5 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2.8 ھەسسە ۋە 5.3 ھەسسە كۆپەيدى.

1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 5 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت ئىش بېجىرىش يىغىنى چاقىرىپ، خوتەن ۋىلايىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلىپ تۇتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور

بولغان سەككىز ئورۇننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىشنى قارار قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە كېلىپ ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىدىغان ئورۇننى ئەسلىدىكى 16دىن 24 كە كۆپەيتتى، بىر بېكىتكەنچە ئالتە يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرمىسا مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەسلىكنى قارار قىلدى. 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 -، 14 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ خوتەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش - تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى. 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - قېتىملىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى يەنە خوتەندە ئېچىلدى.

نامراتلارنى يۆلەش قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باشلانغاندىن بۇيان، دۆلەت چىقارغان مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش مەبلىغى قاتارلىقلار ھەر يىلى 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولدى. 1995 - يىلدىن ھازىرغىچە سېلىنما ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد يۈەنگە يېقىنلىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىكى 904 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خوتەن ۋىلايىتىنى نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت خوتەننىڭ ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈن قۇرۇلۇشىنى «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتتى، سېلىنما

ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 4×1.5 كىلوۋاتقا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون خوتەن ۋىلايىتىگە بولغان نامراتلارنى يۆلەش ۋە ياردەم بېرىش سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مەركەز بېيجىڭ شەھىرى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خوتەنگە ياردەم بېرىشىنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايون ئەمەلىي كۈچى بار 28 نازارەت، ئىدارىنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە خوتەنگە ياردەم بېرىشكە بەلگىلەپ، خوتەن خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدەمىنى تېزلەتتى. 1999 - يىلدىكى نامرات نوپۇس 350 مىڭ نەپەر بولۇپ، 1995 - يىلدىكى 677 مىڭ ئادەمگە قارىغاندا 19% تۆۋەنلىدى؛ 1999 - يىلى يېزىلاردىكى نامرات نوپۇس يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 21.5% نى تەشكىل قىلدى، 1995 - يىلى بۇ نىسبەت 53.1% ئىدى.

## 4. 50 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى

1949 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 171 مىليون يۈەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون يۈەن ئىدى. 1999 - يىلى بۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 247 مىليون 500 مىڭ يۈەن ۋە 362 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1949 - يىلدىكىدەك 14.47 ھەسسە ۋە 16.48 ھەسسە ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىن قارىغاندا، 1949 - يىلى 258.5 يۈەن ئىدى. 1999 - يىلى 1533.8 يۈەن بولۇپ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن 5.9 ھەسسە ئاشتى.

1949 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس 661 مىڭ 900 نەپەر، تېرىلغۇ يېرى 1 مىليون 890 مىڭ مو،

ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 117 مىڭ 800 تونىنا، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 2.86 مو، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 78 كىلوگرام ئىدى. 1999 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليون 618 مىڭ نەپەر، تېرىلغۇ يەر 2 مىليون 620 مىڭ مو، ئاشلىقـ نىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 781 مىڭ 300 تونىنا بولدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1.24 مو كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 482 كىلوگرامغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى توغرىـ سىدا 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېنىق مەلۇمات يوق ئىدى، 1956 ـ يىلىدىكى كىرىم 36.32 يۈەن ئىدى. 1980 ـ يىلى 61.4 يۈەنگە يېتىپ، 68.25% كۆپەيدى. 1999 ـ يىلى 723.4 يۈەنگە يەتتى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىـ ۋېتىلگەن 20 يىلدا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ كىرىم 12.51 ھەسسە ئاشتى.

1949 ـ يىلدىكى پاختا ۋە پىلە مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 700 تونىنا ۋە 45.6 تونىنا ئىدى. 1999 ـ يىلى بۇ ئىككىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 46379 تونىنا 2877 تونىنىغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 64.26 ھەسسە ۋە 63.1 ھەسسە ئاشتى. 1949 ـ يىلى خوتەنـ نىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 370 مىڭ يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 3 مىليون 728 مىڭ 100 يۈەن ئىدى. 1999 ـ يىلى بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 564 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە ۋە 656 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1525 ھەسسە ۋە 176 ھەسسە ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە كۆمۈر، ئېلېكتر، بىناكارلىق ماتېرىيالى،

ماشىنىسازلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، كۆن - خۇرۇم، قاشتېشى ئويمىچىلىقى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 371 سانائەت كارخانىسى قۇرۇلدى. تارقىتىلغان توك مىقدارى 1954 - يىلدىكىگە قارىغاندا 40 مىڭ 217 ھەسسە كۆپەيدى. كۆمۈر 1954 - يىلدىكىگە قارىغاندا 480 ھەسسە، سېمونت 1967 - يىلدىكىگە قارىغاندا يەتتە ھەسسە كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 604 نەپەردىن كۆپىيىپ، 16 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

قاتناش ئىشلىرى: 1949 - يىلى خوتەندە ئاسفالت يول يوق ئىدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە 2600 كىلومېتىر ئاسفالت يول ياسىلىپ، ھەممە يېزىدا تاشيول بولۇش، ھەممە كەنتكە ئاپتوموبىل قاتناشتەك قاتناش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 1995 - يىلى دۆلەت نېفىت، تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن، يېرىمىدىن كۆپرەكى مەخسۇس خوتەننى كۆزدە تۇتقان ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتناپ، خوتەن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتىر قىسقاردى، 50 - يىللاردا ئون نەچچە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان نىشانغا ھازىر 20 سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بولدى.

1949 - يىلى خوتەندە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى يوق ئىدى، ئالىي مائارىپتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيىدە 145 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 25 مىڭ 600 نەپەر ئىدى. بىرلا ئوتتۇرا سىفەن مەكتىپى بولۇپ، 180 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 894 كە، ئوقۇغۇچى سانى 247 مىڭ نەپەرگە يەتتى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ

131 گە، ئوقۇغۇچىسى 75 مىڭ نەپەرگە يەتتى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بەشكە، ئوقۇغۇچىسى 2678 نەپەرگە يەتتى؛ ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى تۆتكە، ئوقۇغۇچىسى 2167 نەپەرگە يەتتى. 1998 - يىلى چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 3000 نەپەرگە يەتتى. يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى جەمئىي 340 مىڭ نەپەرگە يېتىپ، ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 21.25% نى تەشكىل قىلدى. 1949 - يىلى خوتەندە پەن - تېخنىكا يوق دىيەرلىك ئىدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە زىيالىيلار 28 مىڭ 930 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنۋانى بارلار 22 مىڭ 942 نەپەر بولۇپ، 1985 - يىلدىكىگە قارىغاندا يەتتە ھەسسە كۆپەيدى، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 515 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 5388 نەپەر، ياردەمچى ئۇنۋانى بارلار 11 مىڭ 399 نەپەر، ئۆگەنچى ئۇنۋانى بارلار 5640 نەپەرگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسى 99 نەپەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بەش نەپەر، كەسپىي تېخنىك خادىملار ئارىسىدا ئوقۇتقۇچىلار 63.4% نى، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى 8.6% نى، يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرى 6% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1984 - يىلىدىن 1993 - يىلغىچە كېڭەيتىلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىسى نەتىجىلىرى 42 تۈرلۈك، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا كەنت تۆت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. سانائەت پەن - تېخنىكىسىنىڭ تۆھپە نىسبىتى 1980 - يىلدىكى 31.25% تىن 1999 - يىلدىكى 37.46% كە ئۆستى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ تۆھپە نىسبىتى 1980 - يىلدىكى 32.83% تىن 1999 - يىلدىكى 38.15% كە ئۆستى.

1949 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاران ئۈچ داۋالاش ئورنى،

21 تېببىي خادىم، 70 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتىدىن 45 ى بارلىققا كەلدى. تېببىي ۋە تېخنىك خادىم 4414 نەپەرگە، كېسەل كارىۋىتى 4678 گە يېتىپ، 50 يىلنىڭ ئالدىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئايرىم ـ ئايرىم هالدا 48 هەسسە، 210 هەسسە ۋە 66 هەسسە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا، كەنتلەردە هەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. كەنت سەھىيە ئىشلىرىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 85% كە يەتتى. ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون 1985 ـ يىلى خوتەندە ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى قۇردى، ۋىلايەتتە ۋە ناهىيىلەرنىڭ هەممىسىدە ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. 1994 ـ يىلى ۋىلايەت يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر تېبابىتى تەجرىبە دورا زاۋۇتى قۇرۇلدى. 50 يىلدىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، ناهىيىلەردە مەدەنىيەت يۇرتى، يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى، قىرائەتخانا، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيە قاپلىغان نوپۇس ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 87.5% ى ۋە 81% گە يەتتى. تەنھەرىكەت جەھەتتە توپ تۈرلىرى، يېنىك ئاتلېتكا پائالىيەت مۇسابىقە سورۇنلىرىدىن 552 سى قۇرۇلدى. ۋىلايەت پائالىيىتى ـ كەينىدىن مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلان مەھكىمىسى 1989 ـ يىلى خوتەن ناهىيىسىگە «يەر شارى بويىچە 500 ياخشى» ئورۇننىڭ بىرى دېگەن گۇۋاھنامە، ئالتۇن ئوردىن بەردى، 1995 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە يەنە دۇنيا بويىچە يەرلەرنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ۋە قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىسى مۇكاپاتى — ئالتۇن لەۋھە تاختىسى بەردى. خوتەنلىكلەر-

نىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيىتى ۋە روھىي قىياپىتى دۇنيانىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، خوتەننىڭ سۇ ياخشىلاش ئىشلىرىدا 420 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، 1 مىليون 62 مىڭ 400 ئادەم، 1 مىليون 891 مىڭ 900 تۇياق چارۋىنىڭ پاكىز سۇ ئېچىش مەسىلىسى ھەل بولدى. يېزىلاردا پاكىز سۇنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 80% كە يەتتى. پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نوپۇس ساپاسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئاپتورى: شېن جىڭئەن

## ئونىنچى بۆلۈم خوتەننىڭ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى كەسپى

قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى قەدىمدىن بۇيان ئۆزىدىن چىقىدىغان قاشتېشى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. تارىخىي كىتابلاردىكى ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا كىشىلەرنىڭ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە تۆت ئورۇندىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقىنى، يەنى «پىشامشان بەگلىكىدىن ... قاشتېشى چىقىدۇ»، «ئۇدۇن بەگلىكىدە قاشتېشى كۆپ»، «يولئېرىق بەگلىكىنىڭ...يېرىدىن قاشتېشى چىقىدۇ»، «يەكەن بەگلىكىدىن...يېشىل قاشتېشى چىقىدۇ»، («خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى») دەپ بىلگەن. قەدىمكى ئۇدۇندىن چىقىدىغان

قاشتېشى سۇپەتلىك ھەم كۆپ بولغاچقا، يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردىن چىقىدىغان قاشتېشىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. خەنزۇ يىزىقىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەردە ئۇدۇن توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى بايانلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردە گۇەنجۇڭ يازغان «گۇەنزى» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ.

## 1. قەدىمكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ سىمۋولى

خوتەن قاشتېشى ئېلىمىزدە قەدىمدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى. يىراق قەدىمكى دەۋردە ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە باشقا جايلارغا توشۇلغان. ئەگەر بىز شۇ چاغدىكى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يولىنى «قاشتېشى يولى» دەپ ئاتىساق، «يىپەك يولى» دېگەننىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا قاش قوۋۇق دېگەن ئىسىم بار ئىدى. مانا بۇ بۇنىڭغا ئېنىق دەلىل بولالايدۇ. سىرلىق رومانتىك تۈس ئالغان مۇتيەنزىنىڭ غەربىي يۇرتنى ساياھەت قىلىپ قايتىشىدا ئېلىپ بارغان ئېسىل سوۋغىتى «يۇرۇڭقاش سەركىسى» مۇ ئۇدۇن ئەتراپىدىكى قاشتېشى تېغىنىڭ سەرخىل تېشى ئىدى. ياپونىيىلىك ئالىم بەينياۋ كۇجىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، زاڭزۇ تىلىدا قاشتېشى دېگەن سۆز gyu(yu) دەپ ئاتىلىدىكەن، قەدىمكى ئاھاڭ بويىچە بۇ « 于 » Khu ياكى gu بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى « 于 » قاشتېشى دېگەنلىك بولىدۇ. زاڭزۇ تىلىدا شەھەر ياكى يۇرت - مەھەللە (tan) tong دېيىلىدۇ، مۇشۇ بويىچە قارىغاندا ئۇدۇن دېگەن سۆز «قاشتېشى يۇرتى» دېگەن مەنىگە ئىگە. بىز ئۇدۇننىڭ «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى»، «ئۇدۇن ئالتۇن قاشتې-

شى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارى-
ساق، يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بارلىقىنى
بىلەلەيمىز.
قاشتېشى ئېغىر، ئاۋازى جاراڭلىق، چىڭ، سىپتا، پارقى-
راق بولۇپ، جاۋاھىراتنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي
خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شيا، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا قاشتې-
شى ئېلىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن («تارىخنا-
مە. يىن سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە»). شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى ھۆكۈمرانلار قاشتېشىنى ھەددىدىن زىيادە ياقتۇرۇپ قالغان.
ئۇنى قايتا گۈللىنىشنىڭ تەۋەررۈكى دەپ ئاتاپ، قاشتېشىنى
چىرايلىق نام بىلەن تەرىپلەپ بىباھا گۆھەر دەپ ئاتىغان، ھەتتا
ۋۇۋاڭ قەتلى قىلىنىدىغان چاغدىمۇ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ شال-
لاق ئاخىرقى شاھى «قاشتېشى بېزەكلىك كىيىم» لەرنى كىيىۋې-
لىشنى ئېسىدىن چىقارمىغان. شۇنداق بولغاچقا، خېنەن ئۆلكى-
سىنىڭ شاڭ سۇلالىسىگە خاس خارابىلىرىدىن تېپىلغان قاشتېشى
سايمانلىرىنىڭ ناھايىتى سىپتا ياسالغانلىقىغا قاراپ، شۇ چاغدا
كىشىلەرنىڭ كېسىش، سىپتىلاش، چوقۇش، سۈركەش قاتارلىق
قاشتېشى سايمانلىرىنى ياساشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلىنى ئىگىلى-
گەنلىكىنى، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى
بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بۇ خىلى-
دىكى قاشتېشى بۇيۇملىرى قەدىمدە بەگزادە، ئاقسۆڭەكلەر-
نىڭ كۆز - كۆز قىلىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى بولغاندىن تاشقى-
رى يەنە نەزىر بۇيۇملىرى سۈپىتىدە بۇتخانىلارغا قويۇلغان، ئور-
دىغا چاقىرتىلغاندا سوۋغات ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. شۇڭلاشقا،
كۇڭزى ھەزرەتمۇ: «سوۋغات ئىچىدە ئېسىلى قاشتېشىدۇر» دەپ
ماختىغان. بىز تارىختىكى بەگلىكلەر تارىخنامىلىرىدىكى
«تەرغىبات - مۇلازىمەت تەزكىرىسى» نى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بول-
ساق، شۇ ئايان بولىدۇكى، دەرىجە پەرقى ئىنتايىن قاتتىق

تەكىتلىنىدىغان ئوردا – قەسىرلەردە ئۇلار قاشتېشىنى تولىمۇ ئەتىۋارلىغان، چىن سۇلالىسىدىن كېيىن خاننىڭ مۆھۈرىلا قاشتېشىدىن ئويۇلغان بولۇپ، قاشتېشى مۆھۈر دەپ ئاتالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن شۈي شىن «سۆز خەتلەر ئىزاھاتى» دېگەن ئەسىرىدە: قاشتېشى تاشلارنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر، ئۇنىڭ بەش تۈرلۈك خاسىيىتى بار: سىلىقلىقى مۇلايىملىق بولۇپ، رەھىمدىللىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئۆزى سۈزۈك، ئىچىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقى مەردلىكنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى بىلىمگە ۋەكىلدۇر: ئېگىلمەيدىغانلىقى باتۇرلۇقنىڭ سىماسىدۇر؛ سۈزۈك، داغسىز بولۇشى پاكلىقا ۋەكىلدۇر. بۇلاردا قاشتېشىنىڭ خىسلەتلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. قاشتېشىنى خەيرلىك، ئەمىنلىك ۋە گۈزەللىك ئەخلاقىنىڭ سىمۋولى قىلىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، غەربىي يۇرتتىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ بولغان. خوتەن ۋىلايىتىدىكى نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە خارابىلىكىدىن خەت ئالاقە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تارىشا پۈتۈك تېپىلغان. شۇ جايدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سوۋغات تەقدىم قىلىپ كۆڭۈل ئىزهار قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدىغان سوۋغاتلىرى «مەرۋايىت تاش» دەپ ئاتىلىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك قاشتېشى بولغان. خۇددى «بۇزرۇكۋار مەرۋايىت قاشتېشى ئېلىپ خان ئالىيلىرىدىن ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن ئەھۋال سورىدىلەر» دېگەندەك، XI ئەسىردە ئۆتكەن مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: خوتەن قاشتېشى دۇنيادا ئەڭ ياخشى قاشتېشىدۇر، كىشىلەر ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرسە چاقماق سوقۇۋېتىشتىن، بالايىئاپەتتىن ئامان قالغۇسى، ئۇ بەخت ۋە خەيرلىككە كېپىل بولغۇچى قىممەت بۇيۇمدۇر دېيىلگەن. خەن، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى قەلئە دۆلەتلىرىدە بىر – بىرىگە قاشتېشى سوۋغات

قىلىدىغان ئادەتلەر بولغان. بۇ ئېھتىمال ئىچكىرىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغانلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. «تارىخنامە: شىيا سۇ-
لالىسى ھەققىدە قىسسە» دە «سەنۋى ئۆتكەل بولۇپ، بۇ يەر ئارقى-
لىق زۇمرەت، ئېسىل قاشتېشى، مەرۋايىت تاش يەتكۈزۈلەتتى»
دەپ خاتىرىلەنگەن. سەنۋى ھازىرقى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى جاي
بولۇپ، مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زۇمرەت،
ئېسىل قاشتېشى، مەرۋايىت قاتارلىق قاشتېشى بۇيۇملىرى يەت-
كۈزۈلگەن. بۇ يەردە دېيىلگىنى خوتەن قاشتېشى بولۇشى ئېھتى-
مالغا ناھايىتى يېقىن. ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان
«مۇتىيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»، «تاغ - دەريالار دەستۇرى» دېگەن
كىتابلاردا خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. رى-
ۋايەت قىلىنىشىچە، يىراق قەدىمكى دەۋردە كوئېنلۇن تاغلىرى
ئارىسىدا ياشىغان ئۇماي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە «ئاق قاشتېشى»
تەقدىم قىلغان. جۇمۇۋاڭ غەربكە ساياھەت قىلغاندا كوئېنلۇن
تېغىغا چىقىپ، «بۇ تاغ جاھاندا بىردىنبىر خاسىيەتلىك تاغ
ئىكەن، ئېسىل قاشتېشى مۇشۇ يەردىن چىقىدىكەن» دەپ تەرىپ-
لىگەن. كوئېنلۇن تېغى ياكى قۇرۇم تېغىدىن قاشتېشى چىقىدى-
غانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر غەربىي خەن دەۋرىدىكى يازمىلاردا
كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇلاردا كوئېنلۇن قاشتېشىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوخ-
شاش بولمىغان نۇقتىدىن تەسۋىرلىنىپ، قاشتېشىنىڭ خەن سۇ-
لالىسى دەۋرىدە قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىزار قىممەتلىك گۆھەر
ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان. «تارىخنامە. لى سىنىڭ مېھمە-
انلارنى تەكلىپ قىلىش - ئۇزىتىش خاتىرىسى» دە بايان قىلى-
نىشىچە، لى سىچىن شىنخۇاڭغا مۇنداق ئەقىل كۆرسەتكەن:
«ئالىيلىرى، يانلىرىدا كوئېنلۇن تېغىدىن چىقىدىغان قاشتېشى
ئېلىپ يۈرگەيلا، بۇ كىشىگە خەيرلىك ئاتا قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر-
دۇر... بۇنىڭغا ئىگە بولغۇچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈسىدۇر». بۇ
يەردە لى سى قاشتېشىنىڭ كوئېنلۇن تېغىدىن چىقىدىغانلىقى،

يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسە-
تىپ ئۆتكەن. «تارىخنامە. جاۋ بەگلىكىنىڭ نەسەبنامىسى» دە
خاتىرىلىنىشىچە، سۇچىننىڭ پادىشاھ جاۋ خۇۋېنغا سۇنغان مەك-
تۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر چىن بەگلىكى لەشكەر چىقىرىپ
تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ خېڭشەن لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىسا،
كوئېنلۇن تېغىنىڭ قاشتېشى پادىشاھ جاۋ خۇيۋېن ئالىيلىرىنىڭ
ئىلكىدە بولماي قالىدۇ. بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە شۇنى ئۇقتۇ-
رۇپ بېرىدۇكى، خوتەننىڭ قاشتېشى شۇ چاغلاردا قاش قوۋۇق
ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇلاردىكى چىن دۆلىتىگە يەتكۈزۈلۈپلا
قالماستىن، يەنە خېشى كارىدورى ئارقىلىق هازىرقى خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ خەندەندىكى پادىشاھ جاۋغا قەدەر يېتىپ بارغان،
قاتېشىنىڭ شەرققە يەتكۈزۈلگەنلىكىدىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئالاقە ئورنىتىلغانلى-
قىنى، بۇ خىل ئالاقىنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي جەھەتتىكى
ئالاقە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ. «كاتىپلارنىڭ يۇسۇنلار خاتىرىسى» نىڭ 11 ـ جىلدىدە:
قۇدرەتلىك شاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، هەرقايسى ئىقلىملاردىن،
بەگلىكلەردىن كەلگەنلەر 100 دىن ئاشقان»، بۇنىڭ بەزىلىرى
شىنجاڭدىن، هەتتا كوكئارتنىڭ غەربىدىكى پەرغانەدىن شاڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئوردىسىغا تەبرىكلەشكە كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن،
دەپ بايان قىلىنغان. جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش-
نىڭ ئالدىدا، ئۆزىدىن يىراقتا جايلاشقان شىنجاڭدىكى قەبىلىلەر
بىلەن ئالاقە ئورناتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، پادىشاھ
ۋۇدې دالىدا قەسەم بەرگەندە سۆزنىڭ بېشىدىلا «يىراق غەربىي
يۇرت تۇپرىقىدىن كەلگەنلەرگە ئېھتىرام... دېگەن (تارىخنامە.
جۇ سۇلالىسى تەزكىرىسى). جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنى
يوقاتقاندىن كېيىن، هەر قايسى بەگلىكلەر بەس ـ بەس بىلەن
يەرلىك ئالاھىدە مەهسۇلاتلىرىنى ئېلىپ جۇ سۇلالىسىنىڭ پاي-

تەختى گاۋجىڭغا كېلىپ تەبرىكلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ھەر كەنتنىڭ ھەرقايسى بەگلىكلەرمۇ جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى گاۋجىڭغا كېلىپ كاتتا يىغىلىشقا قاتناشقان، قاشتېشى ئېھتىمال ئاشۇلار ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ياخشى سوۋغات بولۇشى مۇمكىن ( «ئاستانىدىن تېپىلغان كىتابلار» نىڭ 7 - جىلد «ۋاڭ خۇي شەرھى» ) . ئەمىنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدە ئۇدۇن قاشتېشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىغا ئايلانغان. «چۇ نەزمىلىرى» دىكى قەيسەر ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈ يۈەننىڭ قاشتېشىغا مەدھىيە ئوقۇغان نەزمىسى مۇنداق:

«چىقتىم كۇئېنلۇن تېغىغا بۇندا،
ئېسىل قاشتېشى بولدى غىزايىم.
ئەمدى ئۆمرۈم بولغۇسى چەكسىز،
ئاي، كۈن كەبى ياشناي ئىلاھىم»

مىلادىيە 119 - يىلى، جاڭ چيەن 2 - قېتىمدا كاتتا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كەلگەن. ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇدۇن ئەتراپىغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي تاغ ئارىسىغا كىرگەن، دەريا باشلىنىدىغان جايغىچە بارغان، «دەريانىڭ ئۇدۇندىن باشلىنىدىغانلىقى، تاغدىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىغانلىقىنى، دەريا باشلىنىدىغان تاغنىڭ كۇئېنلۇن دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن» ( «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» ) . خەنۋۇدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆلىمالار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چىن پۈتۈكلىرىگە ئاساسەن، ئۇدۇن ئەتراپىدىكى «قاشتېشى چىقىدىغان تاغلار» نى رەسمىي كۇئېنلۇن تېغى دەپ بېكىتكەن.

كوئېنلۇن قاشتېشى ياكى خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەمىنىيە،
يېغىلىق دەۋرىدىن بۇرۇنلا ئىچكىرى رايونلارغا يېتىپ بارغانلىقە-
نى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى يېقىندىن بېرى ئارخېئولوگلار بايقىغان نۇرغۇن مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. گەنسۇدىن بايقالغان
يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە خاس قەبرىستانـ-
لىقتىن نۇرغۇن قاشتېشى پارچىلىرى ۋە چوڭ تۆشۈكلۈك يۇمب-
لاق، ياپىلاق قاشتېشى بايقالغان. بۇلار ئېهتىمال، شىنجاڭنىڭ
خوتەن ئەتراپىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. 1966 ـ يىلى
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە
ئىنستىتۇتى شاڭ دەۋرىدىكى لەشكەرلەرنىڭ جورىلىرىنىڭ قەب-
رىستانلىقىدىن 756 دانە قاشتېشى بۇيۇمى قېزىۋالغان. تەكشۈ-
رۈپ بېكىتىشتىن قارىغاندا، بۇ قاشتېشى يەر ئاستىدا 3000
يىلدىن كۆپرەك كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، پارقىراقلىقى ۋە جۇ-
لالىقىنى يوقاتمىغان. بۇ قاشتېشىنىڭ كۆپرەك قىسمى شىنجاڭ
خوتەن قاشتېشى ئىكەن. شەنشىنىڭ چاڭئەن جاڭ جياپو خارابە-
لىكىدىن قېزىۋېلىنغان غەربىي جۇ دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇيۇملار
ئارىسىدا غەربىي يۇرتتىن كەلتۈرۈلگەن قاشتېشى بارلىقى بايقال-
غان. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش، ئالاقە ئىشلىرى
روناق تېپىپ، خوتەن قاشتېشى، بولۇپمۇ قوي يېغى رەڭگىدىكى
ئاق قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ يېتىپ بارغان. شۇڭ-
لاشقا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇدۇندىن «قاش-
تېشى كۆپ چىقىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. خېبېي ئۆلكە-
سىنىڭ مەنچىڭ دېگەن جايىدىكى خەن سۇلالىسىگە خاس قەبرىس-
تانلىقتىن قېزىۋېلىنغان قاشتېشى كىيىم بېزەكلىرى ۋە باشقا
قاشتېشى بۇيۇملىرىنى باهالاشتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى-
نىڭ خوتەننىڭ ئاق قاشتېشىدىن ياسالغانلىقى ئىسپاتلانغان. خەن-

زۇچە، زاڭزۇچە كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە تۇبۇت خانى لاڭرىلۇن ئۇدۇندىكى ھەرقايسى جايلاردىن «18 قېچىرغا قاشتېشى ئارتىپ تۇبۇتكە ئېلىپ كەتكەن» . ئۇ چاغدا تۇبۇتتە بۇ بىر تۇركۇم قاشتېشىدىن ياخشى قاشتېشى بولمىغانىكەن. قاشتېشى قىممەتلىك، ئەتىۋار ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇبۇتكە يۆتكەپ بېرىلىپ بۇددا ئىبادەتخانىسى، راۋاقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن. تۇبۇت خانىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسى — چاي قاچىسى خوتەننىڭ قىممەتلىك ئاق قاشتېشىدىن ياسالغانىكەن؛ «قاچىنىڭ ئېغىزى كۆركەم، ئۆزى ناھايىتى نېپىز، نۇتقۇسى قىسقا، رەڭگى ئاپئاق، پارقىراق» ئىكەن. قەدىمكى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلىرىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئوخشاشلا، قاشتېشى تۇبۇتلەر ئارىسىدىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قارىغاندا قىممەتلىك دەپ قارالغان. ئەمەلدارلار ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە سالاھىيەت بەلگىسى «12 دەرىجە بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغىنى قاشتېشى ئىدى» . «يېڭى تاڭنامە. تۇبۇتلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمەل دەرىجە تەرتىپىدە ئەڭ يۇقىرىسى زۇمرەت قاشتېشى، ئالتۇن ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، كۈمۈش ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، مىس ھەممىدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئەمەلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بەلگىسىنىڭ قىممەت ـ ئەرزانلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ» . ئۇدۇن قاشتېشى تۇبۇتكە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان. شىنجاڭ خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىلغان يۇمشاق قاشتېشى (كاۋاش) خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ھەتتا مىسىرغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلغان. پاكىستاننىڭ قەدىمى شەھىرى تاقشىلادىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە خوتەندىن يۆتكەپ كېلىنگەن قاشتېشىدىن ياسالغان خەنجەر بېزەكلىرى تېپىلغان. تاكى چىڭ سۇلالى-

سى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن تاقىشلانى ئۆز ئىچىگە
ئالغان كەشمىرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھىندىستان رايونىدا ئوي-
مىچىلىقتا خوتەن قاشتېشى ئىشلىتىلگەن. «غەربىي يۇرتتا كۆر-
گەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ياسالغان قاش-
تېشى بۇيۇملارنىڭ «نېپىزلىكى تومۇزغا قانىتىدەك، نەپىس ئى-
كەن» . قاشتېشى ئويمىچىلىقىدىكى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بۇ مەش-
ھۇر شەھەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھازىر ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى-
دىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە كۆپلەپ ساقلانماقتا. «ئۆزبېكلەر
تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000
- يىلى شىنجاڭنىڭ زۇمرەت قاشتېشى بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەن
بولۇپ، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن يۆتكەپ كې-
لىنگەن بولۇشى مۇمكىن. 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا كىلارىيو
(Kiariyo) ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى سەمەرقەنتكە زىيارەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ بىۋاسىتە كۆر-
گەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، «بۇ جايدا جۇڭگو تەۋەسىدىن يۆتكەپ
كېلىنگەن، دۇنيا بويىچە ئەڭ نەپىس يېپەك توقۇلما بۇيۇمى
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى ساپ يېپەكتىن توقۇلغان، توقۇلۇ-
شى پىششىق، سىپتا ئىكەن؛ ئۇدۇندىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئېسىل
قاشتېشى، ھېقىق، ئۈنچە - مارجان ۋە ھەرخىل قىممەت باھالىق
زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى بار. ئۇدۇن ماللىرىنىڭ سەرخىللىرىنى
سەمەرقەنت بازارلىرىدىن تاپقىلى بولىدىكەن، ئۇدۇننىڭ قاشتې-
شى ئويمىچىلىقىدىكى گۈل، نەقىش چىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى-
نىڭ نەپىسلىكىگە دۇنيادىكى ھەرقانداق جاي يېتىشەلمەيدۇ» .
ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ
چېگرا جايلىرىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ خو-
تەن قاشتېشى بايقالغان. ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدىلا (مىلا-
دىيىدىن بۇرۇنقى 770 — 476 - يىللىرى) خوتەن قاشتېشى
غەربىي جەنۇب چېگرا رايونلىرىغا يېتىپ كەلگەن. يۇننەن ئۆلكە-

سىنىڭ جىياڭچۇەن ناھىيىسىدىكى لىجياسەن قەدىمىي قەبرىستانـ لىقتىن تېپىلغان قاشتېشى بىلەزۈك، قاشتېشى ھالقا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى باھالاپ بېكىتىشتىن قارىغاندا، بۇلار خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغانىكەن. «سۈينامە. تۈرك تەزكىرىسى» دە قۇملۇمنىڭ شىمالىدىكى دولان خاقان ئىنىسى رودەندىل ئارقىلىق سۈي ۋېندىغا ئۇدۇن قاشتېشىدىن ياسالغان ھاسا ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىپايان يايلاقلاردا تۈركلەر ئۇدۇن قاشتېشىنى گۆھەر ئورنىدا كۆرۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئوردىسىغا سوۋغات قىلىپ ئەۋەتكەن.

## 2. خوتەن قاشتېشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خىللىرى

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1200 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە، جۈملىدىن غەربتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىن بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشى سۈپەتلىك بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق بولغانلىقتىن، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ قۇرۇم قاشتېشى ياكى كۇئېنلۇن قاشتېشى دېگەن مەنىدە قارىلىپ خەلقئالەمگە تونۇلغان. بىراق، قۇرۇم دېگەن بۇ نامدا قەدىمدە ۋە ھازىر چۈشىنىش جەھەتتە پەرق بار. ھازىر بۇ كاۋاش قاتارلىق سۈپىتى تۆۋەن قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلىتىمىزدە قاشتېشى چىقىدىغان جايلار كۆپ بولۇپ، «ياخشىلىرى ئۇدۇندىن چىقىدۇ» (كۈللى مۆجىزات). خوتەن قاشتېشى، بولۇپمۇ ئاق رەڭلىك خوتەن قاشتېشىنىڭ سۇغا تويۇنۇشى تولۇق، سىلىق بولۇپ، قوي يېغىدەك بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «قوي يېغى قاشتېشى» دەپ ئاتىشىدۇ. شۇڭلاشقا، «دورد-

ئاقىلىقتا قوي يېغىغا ئوخشايدى-« :دا »قامۇسى» بىلىق ئۆسۈملۈكلەر
ئۇچار ،ئادەم ئۇنىڭدىن .دېيىلگەن «ئىبىلىدۇر» ئەڭ غانلىرى
،قانات، هايۋان، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، تاغ دەريالار
ئىمارەت - قۇرۇلۇشلارنى ئويغاندا، قىممەتلىك بۇيۇمغا ئايلىنى-
دۇ. شۇڭلاشقا، فېئودالىزم دەۋرىدە خان ئوردىلىرىغا قاشتېشى
كېرەك بولۇپ قالسا، كۆپ هاللاردا ئۇدۇندىن ئېلىپ كەلگەن.
تارىختا ئۆتكەن ئۇدۇن خانلىرى مەركەزدىكى پادىشاھ ئوردىسىغا
ئولپان تاپشۇرغاندا كۆپ هاللاردا قاشتېشىنى ئاساس قىلغان.
هازىرمۇ خان سارىيى مۇزېيىدا خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان
تۈرلۈك بۇيۇملارنى كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ بۇيۇملار
كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ، گۈزەللىكتە هېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ
كېلەلمەيدۇ. قەدىمدە ئۇدۇندىن ئىچكىرىگە ماتېرىيال سۈپىتىدى-
كى قاشتېشىلا ئېلىپ بېرىلىپ قالماستىن، پىششىقلاپ ئىشلەن-
گەن قاشتېشى بۇيۇملىرىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. لياڭ ۋۇدىنىڭ
داتوڭ 87 - يىلى (مىلادىيە 541 - يىلى) ئۇدۇن قاشتېشىدىن
ئويۇپ ياسالغان بۇت بۇددا ئەقىدىسىگە چوقۇنۇشتا داڭ چىقارغان
جەنۇبىي سۇلالە خانىغا تەقدىم قىلىنغان. تاڭ پادىشاھى دېزوڭ
خوتەن قاشتېشىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، ئۇ ئىچكى تەمىرات
ئامبىلى جو رۇيۇينى ئۇدۇنغا تۈرلۈك قاشتېشى بۇيۇملىرىنى
تېپىشقا ئەۋەتكەن. جو رۇيۇي ئۇدۇنغا كەلگەندىن كېيىن قاشتې-
شى تەخسە، قاشتېشى نۇقتا بېزىكى، ياستۇق شەكىللىك قاشتې-
شى، يان ئاسقۇ، چاچ قىسقۇچ، پەرداز قۇتىسى، قاشتېشى
قۇلۇپ، قاشتېشى توقماق قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ
خان مۇپەتتىشنىڭ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ كۆزى ئالىچەكمەن
بولۇپ كەتكەن هەمدە بۇ نەرسىلەرنى شەخسىي ئىگىلىۋېلىش كو-
يىدا بولغاچقا خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن جېنىدىن ئايرىلغان.
هالبۇكى، «شادلىق خاتىرىلىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇندىن
تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلىپ كېلىنگەن بۇ ئېسىل قاشتېشى

بۇيۇملار كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن. تاڭ،
سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇدۇن قاشتېشى توغرىسىدىكى خەۋەر-
لەر ناھايىتى كۆپ بولغان. «گۇيشىن خاتىرىلىرى» نىڭ 2 -
تومىدا تۆۋەندىكىدەك بىر ئابزاس بايان بار: «ۋەزىر بويەن ئۇدۇن-
غا كەلدى، شەھەر ئىچىدە قۇدۇق ئىچىدىن ئاق قاشتېشىدىن
ياسالغان بىر دانە بۇت تاپتى، بۇنىڭ ئېگىزلىكى تۆت گەز كېلەت-
تى، رەڭگى قوي يېغىدەك ئاق بولۇپ، بۇتنىڭ قوۋۇرغا تومۇر-
لىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.» بۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتكىلى
بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن خوتەن قاشتېشىنىڭ قانچىلىك ئە-
تىۋار ئىكەنلىكىنى، ئويمىچىلىق ھۈنىرىنىڭ قانچىلىك ئۈستۈن
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيە 984 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن،
تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ ئېسىل ھۈنەرنى
تېزلا ئۆگىنىۋالغان.

X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچى بولۇپ
كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى «قولى گۈلدەك كىشىلەر ئىكەن، ئالتۇن،
كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر سايمانلارنى ياساشقا ۋە قاشتېشى ئويمىچى-
لىقىغا ماھىر ئىكەن» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇلار دائىم خوتەن
قاشتېشىدىن تەييار بۇيۇملارنى ياساپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەت-
كۈزگەن. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن ماخ-
تىلىپ كەلگەن «قاردەك ئاق» قاشتېشى قەدەھەر ئۇيۇل، ياغدەك
ئاق رەڭلىك خوتەن قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، كۈن
نۇرىغا تۇتۇپ ئىنچىكىلەپ قارىغاندا «لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان
قاردەك ھالەت» نى كۆرگىلى بولىدىكەن. «ياسىلىشى نە-
پىس، نەرخ - ناۋاسىغا بىر يۇرتنىڭ بايلىقى يېتىشمەيدى-
كەن» . ھازىر دۆلەتنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى دەپ قارىلىپ كەل-
مەكتە. تاڭ شېئىرلىرىدىكى ۋاڭ خەننىڭ «لياڭجۇ نەزمىلىرى»
دىكى «قۇيۇلدى سۇپسۇزۇك ئېسىل قەدەھكە، ئۈزۈمدىن ياسالغان

شۇ خۇشبۇي شاراب» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ھازىرمۇ زىكرى قىلىنماقتا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كوئېنلۇن قاشتېشىدىن ياسالغان شاراب قاچىلىرى كۈچلۈك شارابنى پۇراقلىق، تەملىك ھالغا كەلتۈرىدىكەن. بۇگۈنكى كۈندە ئېلىمىزنىڭ تېخنىكا خادىملىرى بۇنى ئىسپاتلىدى. ئېلىمىزنىڭ كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان ھەيۋەتلىك تاغلاردىن چىقىدىغان بۇنداق خىسلەتلىك قاشتېشىنىڭ تېگى چىڭ، سىپتا بولۇپ، دېڭىز كۆكى رەڭگىدە ئىكەن، قاتتىقلىق دەرىجىسى 6 — 65 گىرادۇس كېلىدىكەن. تەجرىبىدىن قارىغاندا ئۇ ھاراق تەركىبىدىكى ئىتىل ئالكوگولنى ئېستېرغا ئايلاندۇرۇپ، ھاراقنى پۇراقلىق، تەملىك ھالەتكە كەلتۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا، قەدىمدە كىشىلەر «شارابنى سەرخىللاشتۇرغۇچى قاشتېشى» دەپ ئاتىغان.

خوتەن قاشتېشىنىڭ رەڭگى ھەرخىل، تۈرلىرى كۆپ، چىڭ سۈلالىسى دەۋرىدە ياشىغان چۈن يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «بۇ جايدىكى دەريادىن قاشتېشى چىقىدىكەن، چوڭلىرى قورامىدەك، كۇرىدەك، كىچىكلىرى ئادەمنىڭ مۇشتۇمىدەك، كاشتاندەك كېلىدىغان، ئېغىرلىقى ئۈچ — تۆت يۈز خو كېلىدىكەن، رەڭگىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، قاردەك ئاقلىرى، زۇمرەتتەك يېشىللىرى، شامدەك سېرىقلىرى، ئوتقاشتەك قىزىللىرى بار ئىكەن. سىيادەك قارىلىرى ئېسىل ھېسابلىنىدىكەن. تامامەن سۈزۈك، پارقىراقلىرىنى تاپماق قىيىن، دەريادا ھەرخىل تاش كۆپ بولۇپ، قاشتېشى شۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدىكەن» . خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى «بېنگى بەش دەۋر تارىخى» دا ئېيتىلغان ئاق قاشتېشى دەرياسىدۇر. بۇ دەريادا سۇ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغاچقا قاشتېشى ناھايىتى سۈزۈك ۋە پارقىراق بولىدۇ، سۈزۈك ۋە ساپ ئەمەسلىرى ناھايىتى

ئاز بولىدۇ. مەسىلەن، قوي يېغىدەك قاشتېشىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، ئەمما كىچىكلىرى كۆپرەك، بۇلار ئۇششاق قاشتېشى دېيىلىدۇ. سۇ ئېقىپ ئۆتكەن جايدىن ئاق قاشتېشى كۆپرەك تېپىلىدۇ، بۇنداقلىرىنىڭ سۇدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغاچقا سەل يىرىكرەك، قىرلىق بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق جايدىن بەزىدە چوڭ ھەم سۈپەتلىك قاشتېشىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ.
1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ پىشا كەنتىدىكى ئىككى چارۋىچى 4400 مېتىر ئېگىز تاغلىقتىن ئېغىرلىقى 1180 جىڭ كېلىدىغان قاشتېشى تاپقان. قاشتېشىنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، پارقىراق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك قاشتېشى دەپ باھالانغان، پايدىلىق نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان.
تاغدا كان قېزىپ ئېرىشكەن قاشتېشى رودا ياكى تاغ قاشتېشى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى ئۇششاق قاشتېشىغا يەتمەيدۇ، لېكىن مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، نۆۋەتتە كان قېزىش يەنىلا ئاساسىي ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. چىقىدىغان ئورنىنىڭ ھەر خىللىقىغا قاراپ خوتەن قاشتېشى ئۇششاق تاش، تاغنىڭ سۇلۇق قاشتېشى ۋە كان قاشتېشى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ، ھازىرقى ئادەت بويىچە رەڭگىگە قاراپ ئايرىلىدۇ. قوي يېغى شەكلىدىكى ئاق قاشتېشى ئەڭ قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ، تاش قانچىكى چوڭ بولسا، پايدىلىنىش قىممىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئاق قاشتېشى سۇدا ئۇزۇن تۇرغاچقا، باشقا مىنېرال ماددىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سېرىق رەڭگە كىرىپ قالىدۇ، بۇنى كىشىلەر چاپان ياكى داغ دەپ ئاتايدۇ. رەڭگى قېنىقلىرى قىزىل ياكى سۆسۈنە رەڭدە بولسىمۇ، داغلىرى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىچى يەنىلا ئاق چىقىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇنى چاپان دەپ ئاتايدۇ. بۇ جايدا ھەقىقىي قىزىل، سېرىق ياكى سۆسۈنە قاشتېشى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرى» دە مۇن-

داق دەپ يازغان: بۇ يەردىن كۆپرەك «ئاق قاشتېشى، كاۋاش
چىقىدۇ» كاۋاش خوتەننىڭ غەربىدىكى قاراقاش دەرياسىدىن چى-
قىدۇ. بۇ كاۋاش قارا قاشتېشى دەپ ئاتىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن
4000 مېتىردىن يۇقىرى كېلىدىغان خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزى-
سىنىڭ كەسمە يۈز دېگەن تاغ چوققىسىدىن چىقىدىغان سەيۋە
رەڭلىك قاشتېشىنىڭ رەڭگى سۇيىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بو-
لۇپ، زۇمرەتتەك قاتتىق، سۇپىتى ئەڭ ياخشى، ئادەتتە كاۋاش-
تىن سەرخىل بۇيۇملارنى ئويۇپ ياسىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بەك
ئەتىۋارلىق ئەمەس، رەڭگى قانچىكى قېنىق بولسا قىممىتى شۇن-
چە يۇقىرى بولىدۇ. كۆك چىپار قاشتېشى قارا قاشتېشى بىلەن
ئاق قاشتېشى ئوتتۇرىسىدىكى تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئېقى ئاق،
قارىسى قارا بولغانلىرىنىڭ رەڭگى ئۆزگىچە بولىدۇ، قىممىتىمۇ
يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئالاھىدە بۇيۇملارنى ئويۇپ
ياسىغىلى بولىدۇ.
كانچىلىك ئىلمىدە قاشتېشى قاتتىق قاشتېشى ۋە يۇمشاق
قاشتېشى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قاتتىق قاشتېشى زۇمرەت دەپ
ئاتىلىدۇ. ئۇ ناترىي ۋە ئاليۇمىن تەركىبلىك سىلىكاتلاردىن تەر-
كىب تاپىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە قاتتىق قاشتې-
شى ئەڭ بالدۇر 18 ـ ئەسىردە يۇننەن بىلەن بىرما چېگرىسىدىكى
جايدىن كىرگۈزۈلگەن. لېكىن، «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرى-
سى» دە ئېيتىلىشىچە، شىنىڭ يىللىرىدا (1068 ـ يىلىدىن
1077 ـ يىلىغىچە) ئۇدۇندىن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا زۇم-
رەت تاش سوۋغات قىلىنغان. ئېنىقكى، بۇ مۇشۇ جايدىن چىققان
بۇيۇم بولماستىن، بەلكى غەربتىن ئېلىپ كېلىنگەن. يۇمشاق
قاشتېشى ھەقىقىي قاشتېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر بىمولىن
بىلەن ئاكتىنولىت (بىر خىل پارقىراق تاش) تىن بىرىككەن.
خوتەندىن چىقىدىغان يۇمشاق قاشتېشى كىلىنوئامفىبول تاشلىرى-
نىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئادەتتە كىچىك دانچىلاردىن بىرىكىدۇ،

ئۇ قوي يېغىدەك پارقىراق، بىر ئاز سۈزۈك بولىدۇ، قاتتىقلىق
دەرىجىسى ئالتە گىرادۇس، كۆپ ھاللاردا ياپىلاق كىرىستال
تاش، ھاك تېشى ياكى ئۆزگىرىش ياسىغان بۇلۇڭ قاتلاملىرى
ئارىسىدىن چىقىدۇ. ئۇ مىليونلىغان يىللار ئىلگىرى يەر پوستىدا
ئۆزگىرىش بولغان مەزگىلدە ئالاھىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقى-
رى بېسىم شارائىتىدا شەكىللەنگەن.

## 3. قاشتېشى چىقىدىغان جايلار ۋە قاشتېشى قېزىش

قەدىمدە ئۇدۇنلۇقلار قاشتېشى سۈزۈشنى ئاساس قىلغان،
«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «شەرق
تەرەپتىكى ئاق قاشتېشى دەرياسى، غەرب تەرەپتىكى يېشىل قاش-
تېشى دەرياسى، ئۇنىڭمۇ غەربىدىكىسى قارا قاشتېشى دەرياسى
دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئۈچ دەريادىن قاشتېشى چىقىدۇ، لېكىن رەڭ-
گى پەرقلىنىدۇ. ھەر يىلى كۈزدە سۇ تارتىلغاندىن كېيىن،
ئالدى بىلەن خان دەرياغا چۈشۈپ قاشتېشى سۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن
كېيىن پۇقرالار قاشتېشى سۈزىدۇ.» ئىلگىرى بۇ ئەنئەنىۋى
ئادەت تاكى چىڭ سۇلالىسىغىچە داۋام قىلغان، لېكىن بۇ مەزگىل-
دە خانلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇدۇن ئايماق
مەھكىمىسى باشقۇراتتى. ھەر يىلى كەچ كۈزدە كەلكۈن توختى-
غاندىن كېيىن، سۇ سۈزۈلۈپ دەريانىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولى-
دىغان مەزگىلدە كىشىلەر كۆپرەك خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى-
دىكى سۇ تېيىز، سۇ ئېقىمى ئاستا جايلاردا توپلىناتتى. ئايماق
باشلىقى يالاڭ ئاياغ بولۇپ سۇغا چۈشۈپ، كۆرۈنۈش ئۈچۈن
ئازراق ئىزدىگەندەك قىلىپ قوياتتى. ئۇ قىرغاققا چىققاندىن
كېيىن ئاۋام خەلق سۇغا چۈشۈپ قاشتېشى ئىزدەيتتى. تېپىلغان
قاشتېشىنى ئەمەلدارلارغا تاپشۇراتتى، بۇنىڭغا ئازراقلا ھەق بېرى-
لەتتى. دېمەك، ئاۋام خەلق ھاشا ئورنىدا جاپالىق ئىشلەيتتى،
بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. تارىختا ئۆتكەن

قاشتېشنى قولغا كەلتۈ-
ھۆكۈمرانلار مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ئېسىل قاشتېشنى قولغا كەلتۈ-
رۈپ، خەزىنىلىرىنى تولدۇرۇۋالاتتى. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كەلگەن ئېيزوئىت جەمئىيىتىنىڭ مىس-
سىئونېرى بىنوئىت دېكويىس يول ئۈستىدە ھەج قىلىپ قايتىپ
كېلىۋاتقان ئۇدۇن خانىنىڭ ئانىسى ھاجى خېنىم بىلەن ئۇچرى-
شىپ قالغاندا، ئۇنىڭ پۇلى تۈگەپ قالغاچقا، بىنوئىت دېكويىس
600 نوكچە ئالتۇن قەرز ئالغان. خانىنىڭ ئانىسى ئوردىغا قايتقان-
دىن كېيىن، خەزىنىدىن ئالتۇندىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى قىم-
مەتلىك قاشتېشنى چىقىرىپ قەرزنى قايتۇرغان. بۇنىڭدىن شۇ
چاغدا ئۇدۇن خان ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتقان قاشتېشنىڭ قانچە-
لىك كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىنوئىت دېكويىس-
نىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا قاشتېشى
ئىككى خىل بولغان: بىرىنچى خىلى ئەڭ ياخشى بولۇپ، خوتەن
دەرياسىدىن چىقىدىكەن، بۇ دەريا ئۇدۇن ئاستانىسىگە يېقىن
بولۇپ، سۇغا كىرسىلا سۈزگىلى بولىدىكەن. بۇ مارجان سۇزۇش
بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سۇزۇۋالغاندىن كېيىن سۇرتۇپ تازىلىسا
چاقماق تېشىدەك پارقىراپ كېتىدىكەن؛ ئىككىنچى خىلىنىڭ سۇ-
پىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، تاغدىن چىقىدىكەن، چوڭ - چوڭ تاشلار-
دىن پارچىلاپ ئېلىنىدىكەن. بۇ جايدا ئېيتىلغان قاشتېشى سۇ-
زۇش ئۇسۇلى «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا يېزىلغىنى بىلەن
ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ھازىرقى زامان كىشىلىرى دائىم
چۇنيۇەن يازغان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگى
بىر ئابزاس سۆز ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندىكى
قاشتېشى قېزىش ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: «دەريا-
نىڭ تېگى چوڭ - كىچىك تاشلار بىلەن تولغان، ئۇششاق قاشتې-
شى شۇلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. قاشتېشى قېزىش ئۇسۇلىغا
كەلسەك، بىر ئەمەلدار قاشقا يىراق جايدا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بىر
ئەمەلدار قاشقا يېقىن جايدا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئىشقا پىشقان

قاشتېشى قازغۇچى (سۇزگۇچى) دىن 30 ياكى 20سى دەرياغا چۈشۈپ قاتار تۇتۇپ يالاڭ ئاياغ هالدا تاش ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. قاشتېشى يولۇقسا، قاشتېشى سۇزگۇچىلەر ئېگىشىپ ئۇنى سۇ-زۇپ ئالىدۇ. قىرغاقتا تۇرغان لەشكەر جاڭ ئۇرۇپ بەلگە بېرى-دۇ. ئەمەلدار ساناپ تۇرىدۇ. قاشتېشى سۇزگۇچىلەر سۇدىن چىققاندىن كېيىن قاشتېشى ساناق بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ» . يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، شۇ چاغلاردا دەريادىن بىھېساب بايلىقنى ئەمەلدارلار مونوپول قىلىۋالغان. يەرلىك خەلقنى كۆ-تۈپ تۇرغىنى بولسا ئېغىر هاشار ئەمگىكى ئىدى. شۇ چاغدا ئاۋام خەلقنىڭ دەرياغا چۈشۈپ قاشتېشى تېپىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى «خوتەننىڭ غەربىدىكى ۋە شەرقىدىكى دەرياغا 12 يەردىن كۆزەتچى قويۇپ، قاشتېشى قازغۇچىلارنى تەكشۈرگەن» («غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» 1 ـ جىلد) . بۇ كىتابتا: ئېقىن سۇ ئىچىدە پۇت بىلەن دەسسەپ بېقىپ قاشتېشى بىلەن ئادەتتىكى تاشنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ دېيىلگەن، بۇ تازا توغرا گەپ ئەمەس. شۇ جايدىكى تەجرىبىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، قاشتېشى سۇزىدى-غانلار تاشنى سۇدىن ئالغاندىن كېيىن كۆز بىلەن كۆرۈپ پەرق ئېتىدىكەن، پۇتقا تايانمايدىكەن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، «بۇ بەگ-لىكتە ياشايدىغانلار كېچىسى ئاي شولىسى يورۇق جايدىن ئېسىل قاشتېشىغا ئېرىشەلەيدىكەن.» بۇ گەپنىڭ خېلى ئاساسى بار. سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئاي نۇرى سۈزۈك سۇدىن ئۆتۈپ ئاق قاشتېشىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن قايتقان نۇرغا قاراپ قاشتېشى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا سۇنىڭ سۇ-زۇكلۇكىدىن دەريانىڭ تېگى كۆرۈنىدىغان پەيتلەردە ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ چۈشكەن نۇرىدىن دەريادىكى قاشتېشى بار جايلارنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خوتەن ناھىيىسىدىكى قاراڭغۇ تاغنىڭ ئاخىرىدىن تەۋەككۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا دەريانىڭ ئىك-

كى قېشىدا ۋە دەريا تېگىدە تاشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەرلەردىنمۇ قاشتېشى تاپقىلى بولاتتى. قاراڭغۇ تاغنىڭ يۇقىرى-سىدا ئادەم ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەر يىلى ياز پەسلىدە كەلكۈن كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا بۇ جايلاردىن چوڭ ـ چوڭ قاشتېشى تېپىلاتتى. بۇنى پەقەت تاڭ سەھەر پەيتىدە، قار ـ مۇز تېخى ئېرىمىگەن چاغدىلا ئالغىلى بولاتتى. كۈن چىقىپ قار ـ مۇزلار ئېرىغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك كەل-كۈن سۈيى شىددەت بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، تاغلارنى، ئېدىرلارنى لەرزىگە سالاتتى، ئەتراپ تىترەپ تەۋرەپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئادەم قاشتېشىغا ھەرگىز يېقىن يولىيالمايتتى. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ياز پەسلىدە شىددەتلىك ئاقىدۇ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا دەريا ئۆز ئېقىنىنى بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىدۇ، شۇڭا بۇ يەردىن تېپىلغان قاشتېشى سۇدىن سۈزۈۋالغاندەك بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لوپنىڭ قومات كەنتىدە ئىلگىرى كىشىلەر ئاسماننى ئاي ـ يۇلتۇز قاپلىغان ئايدىڭ كېچىلەردە كۆمۈشتەك نۇر چاقنىغان جايدىن قوي يېغىدەك ياخشى قاشتېشى تاپقان. چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا لوپ ناھىيىسى-دە ئۆتكەن پۇتۇكچى ياڭ پىجۇن «قاشتېشى دەرياسى توغرىسىدا سەككىز نەزم» نىڭ «ئېسىل قاشتېشى» دېگەن نەزمىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«بەك غۇۋا قۇملۇق مارايدۇ ئاي بولۇتلار كەينىدىن،
ئوي ـ تەپەككۇر ئالدىدا تۇرماقتا زەنگەر قاشتېشى.
سىڭگەن ھالال قان ـ تەر ئۇنىڭ ھەر سەپەر ـ ھەر يولىغا،
قارغىلار ئاخىر قاقىلداپ ئۆرتەندى بەكمۇ ئىچ ـ ئىچى.
نۇرلىنىپ تۇندە چىراغلار، ئۆتكەندە ئەتراپ ئىلكىگە،
چەشمە ئاقتى، سۇ شىۋىرلاپ سۆزلىگەندە بىر كىشى.
شۇندا بىز يۇردۇق ئېلىپ يۈك، ئىنتىلىپ مەنزىل تامان،
ئارقىمىزدا بۇقسىمان چاڭلار قېلىشتى شۇ پېتى»

XVIII ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قاشتېشى قېزىشنى مونوپول قىلىپ،
شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ياكى ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ
قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى قىلىشىنى قاتتىق چەكلى-
دى. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە يەركەنت خان ئامبىلى چىڭ سۇلالى-
سى ئوردىسىغا قاشتېشى قېزىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات يوللاپ
تۇرغان ھەمدە قاشتېشى ئولپان يوللىغان. ھازىر تەكشۈرۈپ
تېپىلغان جۇڭگونىڭ بىرىنچى تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان
مانجۇچە قارا دىۋان مەھكىمىسىدىكى ياردەمچى پۇتۇكچىسى يوللى-
غان مەلۇماتنىڭ بىر قىسمىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتتۇق.

مەلۇمات

يەكەندە تۇرۇشلۇق باش نازارەتچى ئامبالنىڭ ياردەم-
چىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك نۆكىرى ئالوڭئانىڭ مەلۇم
قىلغىنى تۆۋەندىكىچە:

يەكەن، ئۇدۇندىن ھەر يىلى كۈز پەسلىدە قېزىۋېلىن-
غان قاشتېشىدىن ئوردىغا سوۋغات قىلىنغانلىرىنىڭ بەزى-
سى نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتا كېلىدۇ. بۇ تىزىملاپ قارا
دىۋان مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىلگەن: جياچىڭنىڭ 12 ـ
يىلى كۈز پەسلىدە يەكەن ۋە ئۇدۇندىن قېزىلغان قاشتېشى
2090 دانە، ئېغىرلىقى 3959 جىڭ 9 سەر 7 مىسقال.
بۇلار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىنىغا ئۈچ يىل توشقان نۆكەرلەر ئار-
قىلىق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاستانىگە يوللاپ بېرىلدى.
تەپسىلىي تىزىملىك بىرگە يوللاندى. تىزىملىك بويىچە
تاپشۇرۇپ ئېلىنغاي، مەلۇمات يوللىغۇچى قارا دىۋان مەھ-
كىمىسىدىن.

XVI ئەسىردە دۆلىتىمىزدە يەرلىك ھاكىمىيەت سۇپىتىدە تارىم
ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلەپ تۇرغان يەكەن خانلىقى قۇ-

رۇلغاندىن كېيىن، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خو-
تەندە قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىنى بىۋاستە تىزگىنلىگەن. كې-
يىن دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ خوجىلارنى ئۆزىگە تارتىش
ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بىۋاستە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان خوتەندە قاش-
تېشى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقىنى ۋەخپە نامىدا
خوجىلارغا تەقدىم قىلىپ بېرىۋەتكەن (ماخمۇت جوراس: «سالنا-
مە»، رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 78 - بېتىدىن
ئېلىندى).

جياچىڭ 12 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
جياچىڭنىڭ 12 - يىلى يەكەندىن چوڭ - كىچىك
1206 دانە قاشتېشى، ئۈدۈندىن چوڭ - كىچىك 886 دانە
قاشتېشى قېزىۋېلىنىپ، تىزىملىك بىلەن سوۋغات قىلىپ
يوللاندى. يەكەننىڭ ئاق قاشتېشى 66 دانە، ئۇششاق ئاق
قاشتېشى 20 دانە، ئۈدۈننىڭ ئاق قاشتېشى 175 دانە،
ئۇششاق ئاق قاشتېشى 93، يەكەننىڭ ئاچ كۆك قاشتېشى
114 دانە، ئۇششاق ئاچ كۆك قاشتېشى 20 دانە، ئۈدۈننىڭ
ئاچ كۆك قاشتېشى 136 دانە، ئۇششاق ئاچ كۆك قاشتېشى
44 دانە؛ يەكەننىڭ بوز قاشتېشى 333 دانە، ئۇششاق بوز
قاشتېشى 48 دانە؛ ئۈدۈننىڭ بوز قاشتېشى 132 دانە،
ئۇششاق بوز قاشتېشى 41 دانە؛ يەكەننىڭ چىپار قاشتېشى
50 دانە، ئۇششاق چىپار قاشتېشى يەتتە دانە؛ ئۈدۈننىڭ
چىپار قاشتېشى 132 دانە، ئۇششاق چىپار قاشتېشى 24
دانە، يەكەننىڭ يېشىل قاشتېشى 494 دانە، ئۇششاق يې-
شىل قاشتېشى 54 دانە، ئۈدۈننىڭ يېشىل قاشتېشى 83
دانە، ئۇششاق يېشىل قاشتېشى 26 دانە، يۇقىرىقى قاشتې-
شى جەمئىي 2092 دانە، ئېغىرلىقى 3959 جىڭ 9 سەر
7 مىسقال 7 پۇڭ... (تۆۋەندىكىلىرى قىسقارتىلدى).

چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىدا قاشتېشى ئولپان قىلىنغان

بۇنداق تىزىملىك ئاز ئەمەس، ھەممىسىگە خاننىڭ «ۋاقىپ بول-
دۇم» دېگەندەك ئىمزاسى قويۇلغان. مەسىلەن:

چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى ئۇدۇنغا قارام قاراڭغۇ تاغ
دېگەن يەردىن 39 دانە قاشتېشى تېپىلىپ ئۆلپان قى-
لىندىلەر. . .

چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى ئۇدۇننىڭ يورۇڭقاش، قارا-
قاش دەرياسىدىن تېپىلىپ ئوردىغا ئۆلپان قىلىنغان قاشتې-
شى 158 دانە، ئاق قاشتېشىنىڭ بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى
12 جىڭ. . .

چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى كۈز پەسلىدە ئۇدۇننىڭ يۇ-
رۇڭقاش، قاراقاش دەرياسىدىن تېپىلىپ ئۆلپان قىلىنغان
قاشتېشى 228 دانە، ئاق قاشتېشىنىڭ بىر دانىسىنىڭ ئې-
غىرلىقى 15 جىڭ...

خوتەندىن ئوردىغا قاشتېشى ئۆلپان قىلىشتا ئىككى دەريادىن
تېپىلغانلىرى ئاساس قىلىنغان، قاراڭغۇ تاغ، يەنى ئۇدۇن شەھ-
رىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندىن قېزىلىدىغان قاشتېشى ناھا-
يىتى كۆپ بولغاچقا ئايرىم تىزىملانغان. يەكەن، خوتەندىن تېپىل-
غان قاشتېشى ئاساسلىقى چىڭ ئوردىسىغا ئۆلپان قىلىنغان.
سۈپىتى ناچار، رەڭگى ئۆچەك، چېقىلىپ كەتكەن ئۇششاق قاش-
تېشى ياكى شەخسلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان ناچار قاشتېشىنى
سېتىپ ھۆكۈمەت خىراجىتى قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ يەرلىك
ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىنى تولدۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن تەپسىلىي تىزىملاپ مەلۇم قىلىنغان. چيەنلۇڭ-
نىڭ 32 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى مەلۇماتتا
ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ:

ئېلىشىر ئىمىن خوجا جانابلىرىغا شۇ مەلۇم بولغايكى:

...چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە
يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەرياسى ۋە قاراڭغۇ تاغدىن قېزىلغان

قاشتېشىدىن شاللىۋېتىلگەن ئۆششاق چېقىلغان، رەڭگى
ناچار قاشتېشى 52 تەڭگە 10 يارماققا سېتىلدى. يەكەن
دەرياسىدىن تېپىلغان قاشتېشىدىن ئۆششاق، سۈپەتسىز،
رەڭگى ناچار، چېقىلغان دەپ چىقىرىۋېتىلگەن قاشتېشى
27 تەڭگە 18 يارماققا سېتىلدى، خۇسۇسىي سودىگەرلەر-
دىن مۇسادىرە قىلىنغان قاشتېشىدىن شاللىۋېتىلگەن يۇقى-
رىقىدەك ناچارلىرى 14 تەڭگە 31 يارماققا سېتىلدى. يۇقى-
رىقىلارنى جەملىگەندە 94 تەڭگە 9 يارماققا يارىدى. بۇ-
نىڭغا تەستىق ئارقىلىق چۈشۈرۈپ بېرىلگەن سار قول
بەگنىڭ پېنسىيە پۇلى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن بەگ گې كۆڭۋاڭ-
نىڭ پېنسىيە پۇلىدىن ئېشىپ قالغان پۇلنى قوشقاندا جەم-
ئىي 288 تەڭگە 17 يارماق بولىدۇ. بۇنىڭغا هازىرغىچە
خەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان 851 تەڭگىنى قوشقاندا جەمئىي
1233 تەڭگە 26 يارماق بولىدۇ؛ چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى
ئەتىياز، كۆز پەسلىدە ئۆدۈننىڭ يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريا-
سى ۋە يەكەن دەرياسىدا قاشتېشى قېزىشقا سېلىنغان لەش-
كەرلەر ۋە مەدىكارلارغا 154 تەڭگە 49 يارماق سەرپ قى-
لىندى. قاراڭغۇ تاغدىن قاشتېشى قېزىشقا ياللاپ ئىشلى-
تىلگەن مەدىكارلارغا 50 تەڭگە ئىشلىتىلدى. مىردەش
تېغىدا قاشتېشى قېزىش، رودا چوقۇشقا ئىككى دانە لوم
تۆمۈر سېتىۋېلىندى... قولدا نەق قالغان پۇل 1600 تەڭگە
27 يارماق، يەنە هازىرغىچە خېرىدار چىقمىغان ناچار قاش-
تېشىدىن 51 دانە بار.
چيەنلۇڭنىڭ 34 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەلۇم
قىلىندى.

تەستىق: ۋاقىپ بولدۇم

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ چيەنلۇڭ، جياچىڭ دەۋرلىرىدە قاشتېشى قېزىشنى مونوپول

قىلىپ باشقۇرۇش ئىنتايىن ئېغىر بولغان. لېكىن، گەرچە شۇن-
داق بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلاردىن قاشتېشى قېزىش ئىشىنى
باشقۇرۇشقا تايىنىپ قالتىس بېيىپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى.
گاۋپياۋ دېلوسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 41 -
يىلى (1776 - يىلى) گاۋپياۋ يەكەننىڭ خان ئامباللىقىغا تەيىن-
لەنگەن. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مىردەي تېغىدا قاش-
تېشى قازدۇرۇش ئۈچۈن 3000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئامىسى-
نى ھاشار ئەمگىكىگە سالغان. بۇنىڭدىن كۆلىمىنىڭ قانچىلىك
چوڭلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئادەم ھۆكۈمەت قاشتېشىنى
ئوغرىلاپ، قاشتېشى، ئالتۇنلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئىك-
كى يىلغا قالمايلا قالتىس بېيىپ كەتكەن، زور تۈركۈمدىكى
بايلىقنى ئۆز يۇرتىغا يولغا سالغاندىن تاشقىرى يەنە يەكەندە ئۆز
قولىدا 16 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش، 500 سەردىن ئارتۇق
ئالتۇننى ساقلاپ قالغان. كېيىن سېتىۋالدىنىڭ پاش قىلىشى
بىلەن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، قانۇن بويىچە جازاغا
تارتىلغان. شۇ چاغلاردا ھەر يىلى يەكەن، خوتەنلەردىن ئولپان
قىلىنىدىغان قاشتېشى نەچچە مىڭ دانە بولۇپ، ئادەتتە ئېغىرلى-
رى نەچچە جىڭ، يېنىكلىرىمۇ نەچچە سەر كېلەتتى. بەزىدە خېلى
ئېغىرلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. مەسىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 42 -
يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئېغىرلىقى 47 جىڭ كېلىدىغان بىر
دانە قاشتېشى تېپىلغان. ناگان - ناگاندا ئالاھىدە چوڭلىرىمۇ
ئۇچراپ قالاتتى. چيەنلۇڭ زامانىسىدا يەكەننىڭ جەنۇبىدىكى مىر-
دەي تېغىدىن ئېغىرلىقى 9000 جىڭ كېلىدىغان بىر دانە قاشتې-
شى تېپىلغان. ئۇنى ئۇ جايدىن يۆتكەش ۋاقتىدا نەچچە گەز
كەڭلىكتىكى تۆمۈر ھارۋىغا قاچىلاپ، نەچچە يۈز ئات سۆرەپ،
نەچچە مىڭ ئادەم ئىتتىرىپ، تارتىپ ماڭغان، دائىم نۇرغۇن
ئادەملەر يول ياساشقا ئاجرىتىلغان. قۇملۇق يولدا مېڭىش قىيىن
بولغاچقا، كۈنىگە ئاران 6 — 7 چاقىرىم يول بېسىپ، ئۈچ

يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە بۇ قاشتېشى بېيجىڭغا يەتكۈزۈلگەن. ئاندىن كېيىن ياڭجۇغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن كېرەكلىك نەرسىلەر ئويۇپ ياسالغان. چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلىدىن 52 - يىلىغىچە، يەنى ئويۇپ ياسالغىچە، شۇنداقلا يۆتكەپ ئېلىپ بارغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان. ھازىر بۇ ئالاھىدە چوڭ قىممەتلىك تاش بېيجىڭ خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. يەنى مەشھۇر «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» ئويۇلغان تاش شۇ. 1845 - يىلى لىن زېشۈي كورلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ 2 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۈششاق تالغىچە باردىم (ھازىرقى بوستان كۆلىنىڭ شىمالىدىن ئۈششاق تالغىچە)... شىمالىي تۆپىلىكتە ئۈچ چوڭ قاشتېشى بار ئىكەن. ئاتلاشلارغا قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلار بۇ تاشنى ئېلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆتۈرەلمەي، يارلىق بويىچە مۇشۇ جايدا قالدۇرۇپ قويغان ئىكەن. ھازىر گوياكى كىچىك تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىر تەرىپى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، زۇمرەتتەك ئېسىل تاشلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشقا بولىدىكەن. بىر نەرسە ئويۇشقا بولمايدىكەن، ئاجايىپ سىرلىق نەرسە ئىكەن. ئۆزى كىچىك تاغقا ئوخشايدىغان بۇ ئۈچ دانە تاشنىڭ ئېغىرلىقى زادى قانچىلىك؟ «ئۈچ ئايماق تەسىراتلىرى»دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «ئۇدۇنلۇقلار ئۈچ دانە چوڭ قاشتېشىنى ئولپان قىلغان. چوڭىنىڭ رەڭگى يېشىل، ئېغىرلىقى تۈمەن خۇ، ئىككىنچىسى ئاچ كۆك رەڭدە بولۇپ، ئېغىرلىقى 8000 خو، ئەڭ كىچىكى ئىنتايىن ئاق رەڭدە بولۇپ، ئېغىرلىقى 6000 خو كېلىدۇ». بۇ خاتىرىدىكى ئەھۋال بىلەن «كۈندىلىك خاتىرە» دەپ يېزىلغانلىرى بىردەك. شۈي سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىن خاتىرىسى»، ۋېي رىنىنىڭ «يەكەن

سەپىرى خاتىرىسى» دىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلغان. «شىن-
جاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى شىبى بىن 1917 - يىلى
بۇ جايغا كەلگەن. ئۇ: «شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئېتىزلىقتا بىر
دانە قاشتېشى بارلىقىنى، جەنۇب تەرىپى سەل كىچىك ئىكەنلىكى-
نى، ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى چوڭ تاشنىڭ قالدۇقى بولۇپ،
2 - تاش ۋە كىچىك تاشنى باشقىلار يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەن» . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتىنىڭ مونوپول
سىياسىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا قاشتېشى ئويۇ-
مىچىلىقى يوق بولۇشى، شۇ جايدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق ھۈ-
نىرى چېكىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «شىنجاڭ رەسىملىك
تەزكىرىسى» نىڭ تۈزگۈچىلىرى مۇنداق بايان قىلغان: «ئۇدۇن
قاشتېشى جاھاندا مەشھۇردۇر. تارىختىن بۇيان ئولپان بۇيۇمى
قىلىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، ياستۇق شەكىللىك قاشتېشى، يان
ئاسقۇ قاتارلىقلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى كارامەت بولۇپ، جاھاندا
ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. ھازىر قاشتېشى قازىدىغانلار
تەركىبىدە قاشتېشى بار رودىلارنى قېزىۋاتىدۇ. ئويۇپ ياسايدىغان
سايمان ۋە ئىقتىدارى بارلار يوق. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
كىشىلەر بىر - بىرىدىن بەتتەرلىشىپ، بىر - بىرىگە يەتمەيدىغان
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» . ئەھۋال گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، خوتەندى-
كى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن سەرخىل قاش-
تېشى ئويما بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان ئاق قاشتېشى تۈتقۇ (ئورۇندۇق،
ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا) نىڭ ئېگىزلىكى 34
سانتىمېتىر، كەڭلىكى 27 سانتىمېتىر، يۇقىرى قىسمىدا تۇ-
رۇلمە بۇلۇت شەكىللىك گۈل نەقىشلىرى بار. ئالدى تەرىپىگە
گۈل بەرگى شەكىللىك گۈللۈك قاپارتمىلار، ئوتتۇرىسىغا كۆپ
قىرلىق گۈل شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئۇ پارقىراپ تۇرى-
دۇ. ھۈنەر - سەنئىتى كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر

ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىگەن.
بېيجىڭ خان سارىيى مۇزېيىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنـ‑
جاڭدىن ئولپان قىلغان نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى بار. مەسىـ‑
لەن، ئاق رەڭلىك قاشتېشىغا ئالتۇن يالىتىپ ياسالغان قاشتېشى
تاۋاقنىڭ دىئامېتىرى 14.1 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 4.8 سانـ‑
تىمېتىر، نېلۇپەر گۈلى شەكلىدە ئىككى قۇلىقى بار. تاۋاقنىڭ
سىرت يۈزى ۋە تېگىگە يوپۇرماق شەكىللىك گۈل ئويۇلغان.
قاچىنىڭ ئىچكى يۈزىگە چيەنلۇڭ 51 ـ يىلى (1786 ـ يىلى)
يازغان «خوتەن قاشتېشى جامغا مەدھىيە» دېگەن نەزمە ئويۇلغان.
بۇ نەزمە مۇنداق:

رەڭگى ئاپئاقتۇر چىرايلىق سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك،
جۇلالىنىپ تۇرار بەك ئۈز قوي يېغىدا ياسىغاندەك.
بۇ قاشتېشى ئاشۇرغۇچى سەلتەنەتنىڭ ئابرۇيىنى،
ئىچسە گەر كىم بۇ جامدا چاي ئاي قىلغۇسى رۇخسارىنى.
روياپقا چىقمىقى تەستۇر بۇ ئىشنىڭ ئەجرى بىھېساب،
تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز بولالماس مەدھىيەم دەل باب.
قولى گۈل ئۇستىلار ئويدى بۇ جامنى كۆپ ئەجىر ئەيلەپ،
ساۋابلىققا تۇتۇڭلار يول بۇ ئىشنى مەڭگۈگە ئەسلەپ.

بۇنىڭدا بۇ پادىشاھنىڭ خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرىغا بولغان
قەدىرلەش ھېسسىياتى ۋە مەدھىيىسى تولۇق ئىپادىلەنگەن.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ دەۋرىدىن كېيىن قاشتېشى باشـ‑
قۇرۇشتىكى چەكلىمە تەدرىجىي بوشىدى. قاشتېشى قېزىش ۋەزىـ‑
پىسىنى بەزىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى سودىگەرلەرنىڭ بېجىرىـ‑
شىگە ھۆددىگە بەردى. ئىچكىرىدىنمۇ بەزى سودىگەرلەر بۇ يەرگە
كېلىپ ئادەم ياللاپ قاشتېشى قازدى. تاغقا چىقىپ قاشتېشى
قېزىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ
ئېقىنلار خاتىرىسى» دە مۇنداق بايان قىلىنغان: «قاشتېشى قازـ‑
غۇچىلار قوتازغا مىنىپ تاغقا چىقاتتى، ھەتتا بەزىلىرى تاغنى

تېشىپ ئىچىگە كىرىپ قاشتېشى قازاتتى. ئېغىرلىقى نەچچە تۈمەن خو كېلەتتى» . مانا بۇ تاغ تېشىپ قاشتېشى قېزىشنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى، شۇ جايدىكى ئەمەلدارلار، بايلار چوڭ پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن شۇ جايدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنى ئالداپ ئېلىپ چىقىپ ئىشقا سالاتتى. ئۇلار قاتتىق - قۇرۇق نان، ئوتۇن قاتارلىقلارنى يۈدۈپ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دېڭىز يۈزىدىن 4 — 5 مىڭ مېتىر ئېگىز تاغلارغا چىقىپ تاغ تېشىپ قاشتېشى قازاتتى. ئېگىز تاغدا ھاۋا شالاڭ بولۇپ، دائىم قار - شىۋىرغان سوقۇپ تۇراتتى. شارائىت ئىنتايىن ناچار ئىدى. بەزىدە ئۇسسىسا قار سۈيى ئىچىپ، قاتتىق - قۇرۇق زاغرىنى غاجاپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. قارلىق تاغ - جىلغىلارغا چۈشۈپ كېتىپ، بىئەجەل ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر كېرىيە قاشتېشى كېنى قالاق ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، بىر قەدەر يېڭى زامان ئۇسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئىشچىلار ھەر يىلى 5 - ئايدا تاغقا چىقىپ كاندا ئىشلەپ، 9 - ئايدا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمگەك ۋە تۇرمۇش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا. ھازىر خوتەندە ھەر يىلى كېتەرلىك قاشتېشى ماتېرىيالى ئاساسلىقى كاندىن ئېلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ دېھقان - چارۋىچىلاردىن سېتىۋېلىنغان دەريادىن سۈزۈۋېلىنغان قاشتېشى سۈپەتلىك قاشتېشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ سانلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتلىرى يىراق چاڭبەيشەن تاغلىرى ئېتىكىدىن، شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىن بۇ جايغا قاشتېشى سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈپەتلىك قاشتېشى سېتىۋېلىپ، ھەر خىل بۇيۇملارنى ئىشلەيدۇ. بېيجىڭ زاۋۇتىنىڭ «شۇنلۇ» ، جىنجۇ زاۋۇتىنىڭ

«چۇەنشىن پىلى» ، شاڭخــەي زاۋۇتىنىڭ «نىلــۇپەر بۇلبۇل» ، «مول ھوسۇلغا تەبرىك» ، ياڭجۇنىڭ 13 قەۋەت «مۇنار» قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى ھەمدە قەدىمكىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن يېڭى مەھسۇلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە نەپىس ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن خەلقئارا بازاردا تازا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە چوڭقۇر دوستلۇق رىشـ-تى بىلەن يۇغۇرۇلغان سەرخىل بۇيۇملارنى خەلقئارادىكى دوستلار «شەرق ھۈنەر ـ سەنئىتى» دەپ مەدھىيىلىگەن. يېقىنقى يىللار-دىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگە-شىپ، خوتەن ئۆز جايىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىـ-نىپ، خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت زاۋۇتى قۇردى. تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، خەنزۇ باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ھۈنەر ـ سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن بۇيۇملار ئۆز خىسلىتىنى قايتىدىن نامايان قىلدى.

ئاپتورى: يىن چىڭ

## ئون بىرىنچى بۆلۈم خوتەننىڭ پىلە ـ ئۈجـ-مىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى

ئېلىمىز ئەڭ بۇرۇن پىلە بېقىلغان دۆلەت. بۇنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىن 4 — 5 مىڭ يىل ئالدىغا سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پىلە بېقىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ تەدرىجىي غەربكە تارقىلىپ، ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپلا قالماس-تىن، بەلكى يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى

ھەرقايسى بەگلىك خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگودا پىلىچىلىكنىڭ
تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى داۋامىدا ئۇدۇن
ۋەكىللىك قىلغان تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى شەھەر، بازار-
لار مۇھىم رول ئوينىدى.

ئامېرىكىلىق لاۋفېير «جۇڭگو، ئىران تارىخى» دېگەن ئە-
سىرىدە پىلىچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشىنىڭ كونكرېت ۋاقتى
توغرىسىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بايان قىلغان: «مۆلچەرلىنىشىچە،
پىلە بېقىش ئىشلىرىنىڭ پرسىيىگە، بولۇپمۇ ھازىر بۇ كەسىپ
ناھايىتى تەرەققىي تاپقان گىرەنگە تارقىلىشى ساسانىيلار خانلىقى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە (226 — 640) بولغان. بىر جۇڭگو
مەلىكىسىنىڭ 419 - يىلى تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇدۇنلۇقلار پىلە
بېقىشتىن خەۋەرداربولۇپ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن بۇ يېڭى ھۈنەر-
نىڭ غەربكە تارقىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، تەدرىجىي ھالدا
يەكەن، پەرغانە، پرسىيىگە تارقالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى
يېقىن». بۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيىلىك بورنوۋامۇ بۇ ھەقتە
توختالغان. لېكىن، گەپنىڭ ئازراق يېرى ئوخشىمايدۇ. «مىلا-
دىيە 420 ياكى 440 - يىللىرى ئەتراپىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى
تەسىرى چوڭ بەگلىكنىڭ شاھزادىسى خەنزۇ بىلەن نىكاھلان-
غان... «تاڭنامە» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇننىڭ پىلە
بېقىش ئىشلىرى مۇشۇ چاغدىن باشلانغان». يۇقىرىقى قاراشلار
ئېلىمىز ئالىملىرى ئارىسىدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلغان، شۇڭلاشقا
جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدىمۇ مۇشۇ خىلدىكى
مەزمۇنلار دائىم ئۇچرايدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت
خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي جىن سۇلالىسى گۇاڭدى
پادىشاھ يۈەنشىنىڭ 1 - يىلى (419 - يىلى) شەرقتىكى قوشنا
ئەل مەلىكىسى ئۇدۇن بەگلىكىگە ياتلىق قىلىنىپتۇ، ئۇ خۇپىيانە
ھالدا پىلە ئۇرۇقىنى تاجىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۇدۇنغا ئې-

لىپ كېلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇدۇندا پىلە بېقىش ۋە
يىپەك توقۇمىچىلىقى بارلىققا كەلگەنىكەن».
جۇڭگولۇق خۇاڭ ۋېنبى، شيادىڭ، لى مبي قاتارلىق مەش-
ھۇر ئالىملارمۇ «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»
دىكى بايانلارغا ئاساسەن، ئۇدۇننى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پىلە -
ئۇجمىچىلىكىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى مەركىزىي رايون دەپ
ھېسابلىغان. «جۇڭگو پىلە - يىپەكچىلىكىنىڭ ھىندىستانغا كى-
رىش مەسىلىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسى-
دە جى شيەنلىن ئەپەندى تەكرار - تەكرار مۇنداق تەكىتلىگەن:
«قەدىمكى دەۋردە غەربىي يۇرت، ئۇدۇن ئۆزىدىن يىپەك چىقىدى-
غانلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. بۇ جايلارغا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى
رايونلىرىدىكى پىلە بېقىش ئۇسۇلى ئەڭ بالدۇر كىرگۈزۈلگەن.
پىلە بېقىپ مەشۇت چىقىرالايدىغانلاردىن پەقەت ئۇدۇنلا بار
ئىدى.» خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى پىلە - ئۇجمىچىلىكنىڭ ئۇدۇنغا
تارقىلىش ۋاقتىنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋردىكى ئىش دەپ
قارىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئالىملار ساۋ، ۋېي مەز-
گىلىدىكى جيايۇيگۇەننىڭ يېنىدىكى كاھىشلىق قەبرىدىكى پىلە -
ئۇجمىچىلىككە دائىر تام رەسىملىرىگە ئاساسەن، بۇ جايغا قوشنا
بولغان شىنجاڭدا پىلە - يىپەكچىلىك III ئەسىر ئەتراپىدا بارلىققا
كەلگەن دەپ ھېسابلىدى. يەنە بەزى ئالىملار خەن دەۋرىدە ياتلىق
قىلىنغان پىلە ئىلاھ مەلىكىسى يۈي فامىلىلىك مەلىكە يەنى پىلە
بېقىش تېخنىكىسىنى ئۇدۇنغا تارقاتقان مەلىكە شەرقىي ئەللىك
مەلىكە ئىدى دەپ قارىغان. شىنجاڭ مۇزېيىدىكى ئۇزۇن مۇددەت
توقۇمىچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋۇمىن ئەپەندى يېقىن-
دا ماقالە ئېلان قىلىپ، پىلە ئۇرۇقىنىڭ شەرقتىن ئۇدۇنغا
كەلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى VI ئەسىردىن كېيىن ئەمەس، ئېھتىمال،
جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى ئىش بولۇشى مۇمكىن،

دەپ قارىغان.

بۇنداق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشى، ئاساسەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە يىپەك يولى گۈللەنگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە بوز يەر ئېچىش چىڭ تۇتۇلغان، سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركۈم - تۈركۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر ھەر خىل سالاھىيەت بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، مۈلكى ئەمەلدارلىرى، بوز يەر ئاچقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، جەنۇبىي يولدىكى ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا چېكىنگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە خەنزۇلار بىلەن شۇ يەرلىك كىشىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، دوستانە ئۆتكەنلىكى، بىرگە ئەمگەك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭ دى پادىشاھى دەۋرىدە ئۇدۇندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلاردىن خەن روڭ قاتارلىقلار شۇ جايدىكى سىياسىي پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئۇدۇن خان ئوردىسىدىكى مۇھىم ئادەملەردىن بولۇپ قالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خان ئوردىسىدىن ئەۋەتىلگەن غەربىي يۇرت دورغاپ بېگى بىر مەھەل ئۇدۇندا تۇرغان. ئۇزۇنتات بەگلىكىنىڭ پۈتۈكچىلىكىنى ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلاردىن بولغان موللا ئۈستىگە ئالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ مەزگىلدە يەنە نىيىدە يېزا ئىشلىرى مەھكىمىسى قۇرۇپ، پۇل - پۇچەك، ئۇزۇق - تۈلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ ھال

شۇ جايدا خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا
ئارقىسىدا تېرىقچىلىق، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى- نى، ئىگىلىكنىڭ راۋاج تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زور
تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلار بۇ جايغا كەلگەندىن
كېيىن، ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلىش، ئاياللار توقۇش - ئېگىرىش
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەنئەنىسى بويىچە، مۇۋاپىق كېلە- دىغان تەبىئىي شارائىت ئاستىدا (ئۇدۇننىڭ كۆن نۇرى بايلىقى مول، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ئېرىپ كەلگەن قار سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىلىدۇ، قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ، ھاۋا كىلىماتى قورغاق بولغاچقا، زىيانداش ھاشارات زىيىنى ئاز، ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ)، پىلە ئۇرۇقىنى غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ پىلە باققانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. كىشىلەر- نىڭ گۈزەل - تەسەۋۋۇرى، غايىلىرىنى ئاساس قىلىپ، بۇ جە- ھەتتىكى تۆھپىنى سىمۋول خاراكتېرلىك شەرق مەلىكىسىگە مەن- سۇپ قىلىشى دەل خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئىجابىي ئەھمىيەتكە ۋە رومانتىك خىسلەتكە ئىگە ئالاھىدىلىك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدى- غىنى شۇكى، «يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە پىلە ئۇرۇقىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىنىشى بايان قىلىنغاندا، ھېلىقى پىلە ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ مەلىكىلىك سالاھى- يەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

ئەگەر يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللاردا مەلۇم تەھلىل، قىياس تەركىبى بار، ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارالسا، تۆۋەندىكى پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، كەم دېگەندىمۇ III ئەسىردە ئۇدۇن، نىيە ئەتراپىدا پىلە - ئۈجمىچىلىك بارلىققا كەلگەن. III ئەسىردە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان نىيە خارابىسى (خارابە ئىچىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكنىڭ يىلنامىسى ئەڭ كېيىن بولغان جىن

سۇلالىسى ۋۇدى خاننىڭ جىنشى 5 - يىلى، يەنى 269 - يىلىغا تەۋە ئىكەن) نىڭ كۆپ يېرىدىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۈجمە دەرەخلىرى تېپىلغان. 1980 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى- نى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ بىرلەشمە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ- رۈش ئەترىتى بۇ جايدىن بىر دانە پىلە غوزىسى تاپقان. دەلىللەشكە قارىغاندا، بۇ ئائىلىدە باققان پىلە قۇرتىنىڭ غوزىسى ئىكەن، پىلە غوزىسى زەيتۇن مېۋىسى شەكلىدە بولۇپ، پوستى ئاق، نېپىز، ئېغىرلىقى 0.2 گرام، ئۇزۇنلۇقى 4 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر بولۇپ، پىلە غوزىسىنىڭ بىر بې- شىدا كېپىنەك تېشىپ چىققان تۆشۈك بار. بۇنىڭدىن كۆرۈۋې- لىشقا بولىدۇكى، بۇ جايلار خارابىلىككە ئايلىنىشتىن بۇرۇن، يەنى مىلادىيە 269 - يىلدىن ئىلگىرى خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ جايدا پىلە - ئۈجمىچىلىك بارلىققا كەلگەن. ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېقىپ يۈرگەن مىلادىيە 420 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە پىلىچىلىك تېخنىكىسى ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەن دېگەن سۆز، ئەمەلىي ۋاقىت بىلەن سېلىشتۇرغان- دا، كەم دېگەندىمۇ 200 يىل ئەتراپىدا كەينىگە سۈرۈلگەن بولىدۇ.

پىلە بېقىش تېخنىكىسى قەدىمكى زاماندا شىنجاڭغا كىرگەن- دىن كېيىن، قانداق قىلىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پېرسىيە، رىم قاتارلىق جايلارغا يېتىپ بارغان؟ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شى- مالىي ۋە جەنۇبىي يولدا، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش بولغان. كىشىلەر سودىگەر- چىلىك قىلىشقا ماڭىدىغان يول ئۇدۇنغا كەلگەندىن كېيىن تاش- قورغان ئارقىلىق شىمالىي بىراخمانلارغا (شىمالىي ھىندىستان- غا) بارغىلى بولاتتى؛ لېكىن ئۇدۇندىن سۇلىغا بېرىپ كۆكئارت- تىن (پامىردىن) ئۆتۈپ، پەرغانە، سەمەرقەنت، مەرۋە ئارقىلىق

پارسقا بارغىلى بولاتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى خەنۋۇدى ئەۋەتكەن جاڭ چيەن باشلىق 300 دىن ئارتۇق ئەلچى زور تۈركۈمدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك مالنى سوۋغاتلىققا ئېلىپ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ چيەننىڭ ياردەمچىسى ئارساكقا يېتىپ كېلىپ، دوستانە كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي باردى - كەلدى قىلىپ تۇرغان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش توختىمىغان. شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى سودا تۈگۈنى ھېسابلىنىدىغان ئارساك ئارقىلىق تۈر-كۈم - تۈركۈملەپ يىپەك ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە يىراق غەربكە يەتكۈزۈلۈپ... ئالتۇن، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئەينەك قاچا - قۇچا قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇلغان. «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان جايلاردا... يىپەك بۇيۇملار يوق ئىدى ... پۇل قۇيىدىغان سايماننى بىلمەيتتى...» . غەربتىكى بۇ دۆلەت-لەر پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىشنى بىلمەيتتى. يىپەكنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىق بۇيۇم دەپ قارايتتى. ئەڭ غەربكە جايلاشقان داكچىن خانلىقى يىپەككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن «دائىم خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى، ئارساك بۇ يۇرت بىلەن خەن سۇلالى-سى چېگرىسىدىكى شەھەر بولغاچقا، بۇ يەردىن ئۆتمەي بول-مايتتى» . شۇڭلاشقا، خې دىنىڭ يوڭيۈەن 9 - يىلى (97 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەنچاۋ ئۆز ئەلچىسى گەن يىڭنى داكچىنغا ئەۋەتكەندە دېڭىزنى ئايلىنىپ ئۆتكەن، ئارساك-لىقلار كۆچىنىڭ بارىچە توسماقچى بولغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى 300 نەچچە يىل ئىچىد-دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇزاق مۇددەت پاراكەندىچىلىك، بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرۇپ قالغاچقا، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىشلىرى بىر مەھەل ئاجىزلاپ كەتتى. مىلادىيە 430 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىس-

مىنى بىرلىككە كەلتۈردى، جەمئىيەت پەيدىنپەي تىنچلىنىشقا باشلىدى، جۇڭگو ـ پارس ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەدرىجىي گۈللىنىشكە باشلىدى. «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشچە، V — VI ئەسىرلەردە جۇڭگو بىلەن پارس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇقلاشتى. ۋېنچېڭدىنىڭ تەيئەن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 455 ـ يىلى) دىن شياۋمىڭنىڭ جېڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 552 ـ يىلى) غىچە پېرسىيىنىڭ ساسانىيلار خانلىقى جۇڭگوغا 10 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، جۇڭگو ئەلچىلىرىمۇ ئۇدۇن، سۇلى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ پېرسىيە زېمىنىغا قەدەم قويغان. مىلادىيە 519 ـ يىلى سۇڭ يۈەن، خۇي شىڭ قاتارلىقلار غەربكە سەپەر قىلىپ ئۇدۇنغا بېرىش يولىدا ئۇزۇنتات شەھىرىگە كەلگەندە بىر چوڭ بۇتخانىدىكى بۇتنىڭ يېنىدا «نەچچە مىڭلىغان مۇنارنى، مۇنارغا بىھېساب رەڭدار تۇغ ـ ئەلەملەر، شەلپەرلەر ئېسىۋېتىلگەنلىكىنى، تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. بۇلارغا: «تەيخې 19ـ يىلى (مىلادىيە 459ـ يىلى)، جىڭمىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 501 ـ يىلى)، يەنچاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 513 ـ يىلى) دەپ يېزىلغان. پەقەت بىرىنىڭ يىلنامىسىغا ياۋ ـ چىن دەۋرلىرىدىكى لەۋھە» دەپ پۈتۈلگەن. پارس يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ياكى ھېكايە، چۆچەكلەردە ئۇدۇن دېگەن ئىسىم دائىم ئېغىزغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت بار ئىدى. بىراق، ئۇدۇن قەدىمىي ئىران پۈتۈكلىرىدە khvatan دەپ ئاتالغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى، جۇملىدىن سۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە (مىلادىيە 420 — 589ـ يىللىرى) تارىم ئويمانلىقىدا پىلە ـ ئۈجمىچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار، ھەتتا

پېرسىيە بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان. شۇڭا، پىلە بېقىش تېخنىد-
كىسىنىڭ مۇشۇ جايدىن غەربكە تارقىلىشى تامامەن مۇمكىن.
«ۋېنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: سە-
مەرقەنت (samarkand) تىن تاۋار - دۇردۇن چىقاتتى، ئەرلەر
كۆپرەك تاۋار چاپان كىيەتتى. پرسىيىدىن گۈللۈك كىمخاب كۆپ
چىقاتتى. خان، بەگزادىلەر كۆپرەك كىمخاب ئېگىن كىيىشەتتى.
شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە:
«پرسىيىدە كىمخاب توقۇلىدۇ» دەپ ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان.
تەتقىقاتتىن قارىغاندا، «پارس تىلىدىكى پىلە دېگەن سۆز ئېهتى-
مال ئۇدۇن تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. پارس تىلىدا
«file» دېگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى پىلە دېگەندىن ئىبارەت.
ئۇيغۇر تىلىدىكى pile ياكى Fille دېگەن سۆز پىلە دېگەن مەنىگە
ئىگە. پىلە توغرىسىدىكى بۇ سۆزلەر ئۇدۇن تىلىدىكى bira بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇدۇن تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇم-
كىن» . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېرسىيىدىكى ئائى-
لىدە پىلە بېقىش ئىشلىرى ئۇدۇن ئارقىلىق تارقالغان بولۇشى
مۇمكىن. بىراق، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، شۇ مەز-
گىلدە ئۇدۇن بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ھىندىستاندا پىلە
بېقىلغانلىقىغا دائىر ماتېرىيال يوق. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
IV ئەسىردە تۇغۇلغان چياۋ جىلىيېنىڭ «ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇپ
قوشنىلارنى خاتىرجەم قىلىش ھىيلىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق
دەپ خاتىرىلەنگەن: «شۇ چاغدا ھىندىستاندا ياۋا پىلە يىپېكى
بولۇپلا قالماستىن، يەنە «چىنا» (يەنى جۇڭگو) دىن كەلتۈرۈل-
گەن توپ - توپ مەشۇتلەر بار ئىدى» . لېكىن VII ئەسىرگە
كەلگەندىمۇ بۇ جايدا پىلە بېقىلغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ئالامەت-
نىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە شۇ
چاغدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ كىيىم - كېچەكى توغرىسىدا مۇن-

داق دەپ تونۇشتۇرۇلغان: ئۇلارنىڭ كىيىدىغان ئىگىنلىرىدىن
يىپەك كىيىملەرمۇ، پاختا رەخت كىيىملەرمۇ بار. يىپەك كىيى-
ملەر ياۋا پىلە يىپىكىدىن تەييارلانغان. پاختا رەخت كىيىملەر
سىپتا توقۇلغان پاختا رەختتىن تەييارلانغان. جۇڭگونىڭ ئائىلىدە
بېقىلىدىغان پىلىدىن ئېلىنغان مەشۇتنىڭ رەڭگى پارقىراق، ئىن-
تايىن يۇمشاق، چىڭلىق دەرىجىسى، ئېلاستىكلىقى ۋە تالاسى-
نىڭ سىپتىلىق دەرىجىسى جەھەتتە ناھايىتى زور ئەۋزەللىككە
ئىگە. ئەمەلىي كۆزىتىشتىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ خەن دەۋرىدى-
كى مەشۇت تالاسىنىڭ دىئامېتىرى 0.02 مىللىمېتىردىن
0.03 مىللىمېتىرغىچە بولغان بولسا، ھىندىستاننىڭ ياۋا پىلە
مەشۇتىنىڭ تالاسىنىڭ دىئامېتىرى 0.09 مىللىمېتىرغىچە بول-
غان. بۇ ئائىلىدە پىلە بېقىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنىڭ نەتى-
جىسى. ياۋا پىلە مەشۇتى چىداملىق بولۇپ، ھىندىستاندا ئۇزۇن-
دىن بېرى كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى قىلىنغان. شۇڭلاشقا،
قەدىمى ھىندىستاندا رىمغا قارىغاندا پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش
تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش دېگەنلەر زۆرۈر ئەمەس ئىدى. ھەتتا
بۇ يېڭى تېخنىكا چەكلىنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستاندا پىلە
قۇرتى بېقىش ئىگىلىكى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان. مىرزا
مەھمۇد ھەيدەر يازغان «مەركىزىي ئاسىيا موغۇللار تارىخى» دا
مۇنداق بىر ئابزاس بايان قىلىنغان بولۇپ، XVI ئەسىردە كەشمىر-
دە پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنىڭ روناق تاپقانلىقىنى كۆرسى-
تىپ بېرىدۇ: «كەشمىردە ئۈجمە دەرىخى كۆپ ھەم ئىنتايىن
كۆركەم، ئۇلار ئۈجمە دەرىخىنى يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتى بېقىش
ئۈچۈن ئۆستۈرىدۇ» . بۇلار ئاپتور مىلادىيە 1543 — 1544 -
يىللىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلاردىن ئىبارەت. بۇ جايدا
زادى قاچاندىن ئېتىبارەن پىلە بېقىلغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچ-
لىك ماتېرىيال يوق.
شەرقىي رىم ئۆزۈندىن بۇيان پېرسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ

توسقۇنلۇقى ۋە بوزەك ئېتىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پىلە بېقىپ
مەشۇت تارتىپ، يىپەك رەخت توقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە
جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. پۇتۇكلەردە خاتىرىلىنىشىچە، يۇس-
تىنيانۇس (مىلادىيە 527 ـــ 565) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-
گىلدە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، جۇڭگودىن غەربكە
تارقالغان بۇ كاتتا تېخنىكىغا ئېرىشكەن. بۇ ماتېرىيال پروكوپ
(مىلادىيە 500 ـــ 566) يازغان «گوتلارنىڭ ئۇرۇشى» دېگەن
ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بەزى راھىبلار
ھىندىستانلىقلار (تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنى
كۆرسىتىدۇ) دىن بۇنىڭغا ئېرىشكەن. يۇستىنيانۇس ۋىزان-
تىيىلىكلەرنىڭ پېرسىيىدىن قايتا يىپەك سېتىۋالماسلىقىنى تو-
لىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار يۇستىنيانۇس بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇنىڭغا ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن پېرسىيىدىن ۋە
باشقا ئەللەردىن يىپەك سېتىۋالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەر-
گەن. ئۇلار مۇنداق دېگەن: بىز نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار (بۇددا
ئېتىقادچىلىرى) بار شەھەردە تۇرۇۋاتىمىز، بۇ رايون «سېرىندى-
يە» (غەربىي يۇرت يەنى ئۇدۇن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى
كىشىلەر پىلە باقىدۇ، بىز ۋىزانتىيىلىكلەرگە بۇنىڭ سىرىنى
تونۇشتۇرىمىز. يۇستىنيانۇس ئۇلاردىن ۋىزانتىيىدىن پىلە بې-
قىشنى قانداق يولغا قويىسىلەر، ئىشلىرىڭلار كاپالەتكە ئىگىمۇ
دەپ سورىغاندا، راھىبلار مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: پىلە قۇرتى
تەبىئەتكە بېقىنىپ ئۆسىدىغان بىر خىل تۆكلۈك قۇرت، تەبىئەت
ئۇلارغا جىق قۇلايلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ، لېكىن تىرىك قۇرتنى
ئۇ جايدىن ئېلىپ كېلىش تولىمۇ قىيىن (ئارىلىق يىراق) بول-
غاچقا، ئۇلار نۇرغۇن چارە ـ ئامال قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بىر
تال قۇرت نۇرغۇن قۇرت ئۇرۇقى تۇغاتتى، ئۇنى ساقلاش ئاسان
ئىدى. ئۇنى ئېغىل قىغى بىلەن يۆگەپ قويغاندا مۇۋاپىق تېمپېرا-
تۇرىدا بىر مەزگىل ساقلىغىلى بولاتتى. راھىبلار ئۆز پىلانىنى

ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يۇستىنىيانۇس ئۇلارغا: ئەگەر پىلە
ئۇرۇقىنى ۋىزانتىيىگە ئېلىپ كېلەلىسەڭلار كاتتا ئىنئام بېرى-
مەن، دەپ ۋەدە قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار
ۋىزانتىيىگە نۇرغۇن پىلە ئۇرۇقى ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار دېگەن
تەلەپ بويىچە ئىش كۆرگەندىن كېيىن ئۇجمە يوپۇرمىقى بىلەن
بېقىلىدىغان نۇرغۇن پىلە قۇرتىغا ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن ۋىزانتىيىدە پىلە بېقىش بارلىققا كەلگەن».
تەيئاۋفانا (مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى) نىڭ بايانلىرى
يۇقىرىقى خاتىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مىللېرنىڭ «گرېك
يېزىقىدىكى تارىخىي ۋەسىقىلەر» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنغان
ئەھۋاللارمۇ ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. غەربلىكلەر-
نىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن بىز بەزى مۇجمەل مەسىلىلەرنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. پىلە بېقىش
ئۇسۇلى VII ئەسىردە شەرقىي رىمغا تارقىلىشتىن بۇرۇن غەربلىك-
لەرنىڭ جۇڭگونىڭ پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش ئۇسۇلىدىن
تامامەن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. مەسىلەن، I
ئەسىردىكى «مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەردە رىملىق
ئالىم برونو مۇنداق دېگەن: شىرىسلار «ئورمانلىقتا پىلە باقىدۇ،
يىپىكى دۇنياغا مەشھۇر، مەشۇت دەرەختىن چىقىدۇ، مەشۇت
غوزىكى تېرىۋېلىنغاندىن كېيىن سۇدا نەمدىلىپ يىپەك چىقىرىلى-
دۇ، بۇنىڭدىن تاۋار ـ دۇردۇن توقۇلىدۇ. تاۋار ـ دۇردۇنلار
رىمغا ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلىدۇ. باي، بەگزادىلەرنىڭ
خانىم ـ قىزلىرى بۇنىڭدىن كىيىم كىيىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزى-
نى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدۇ». بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، شۇ چاغدا غەربلىكلەر پىلە بېقىش ئۇسۇلىدىن بىخەۋەر
بولۇپ، «مەشۇت دەرەختىن چىقىدۇ» دېگەن قاراشتا بولغان.
«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇجمەل هالدا
«داكچىندا كۆپ خىل دەرەختە پىلە بېقىلىدۇ» دېيىلگەن. ئەمە-

لىيەتتە بۇ ياۋا پىلنى كۆرسىتىدۇ. «يەنە سىپتە رەختلىرى بار ياكى تىۋىتلىق رەختلەر بار. بۇلار ياۋا پىلىنىڭكىدىن تەييارلىنىدۇ» . پروكوپىنىڭ بايانىدىكى «سېرىندىيە» يەنى غەربىي يۇرتىنىكى ئۇدۇننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەردىن پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن دېگەن خاتىرىلەر شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئاپتورى: يىن چىڭ

# ئۈچىنچى باب

# خوتەننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىدىكى خوتەن

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى «تەبىئەتنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە مەلۇم بىر خىل تىپنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساس خاراكتېرلىك ئامىل». ①جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىكى پەرققە قاراپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئومۇمەن چوڭ قۇرۇقلۇق مىللىي مەدەنىيىتى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان مىللىي مەدەنىيىتى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئاسىيانىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تەبىئىي ھالدا چوڭ قۇرۇقلۇق مىللىي مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر رايون مەدەنىيىتى بۆلۈمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئاسىيانىڭ كىندىكىدە بولغاچقا، چوڭ قۇرۇقلۇق مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. خوتەن بوستانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا

---

① فېڭ شيەنيۇ: «جۇڭگو قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تىپى»، «شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزىلەر» نىڭ بىرىنچى قىسمىغا بېسىلغان، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 316 ـ، 317 ـ بەتلەر.

جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي قاراقۇرۇم تېغى ۋە كوئېنلۇن تېغىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. قاراقۇرۇم تېغى بىلەن كوئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، چىرا دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، نىيە دەرياسى ۋە ساڭجۇ دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار بوستانلىقنىڭ هاياتلىق مەنبە-سى، مەدەنىيەت يىلتىزىدۇر. خوتەننىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى هەم غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ بىر رايون مەدەنىيىتى بۆلۇمى هەم تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ۋە-كىلىدۇر.

دۇنيادىكى ئىككى چوڭ مەدەنىيەت تىپىدا ئېگىپي مەدەنىيىتى دېڭىز - ئوكيان مەدەنىيىتىگە كىرگەندىن سىرت، باشقىلىرى پۈتۈنلەي چوڭ قۇرۇقلۇق مەدەنىيىتىدۇر. «جۇڭخۇا ئىمپېرىيە-سى خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىسىدا قۇرۇلغان. هىندىس-تاندا بولسا ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلار پائالىيەت قىلغان جاي هىندى دەرياسى ۋە گانگى دەرياسى ۋادىسى ئىدى. سۇمىرلار مىسوپوتامى-يىگە كىرگەندىن كېيىن، دەجلە دەرياسى ۋە فۇرات دەرياسى ئارىلىقىدا ئەڭ دەسلەپكى بابىل - ئاسسۇرىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى نىل دەريا-سى ۋادىسى بولۇپ، نىل دەرياسى بىۋاستە يېتىشتۈرگەن... قىسقىسى، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ هەممىسى چوڭ دەريانى بويلاپ تەرەققىي قىلغان، شۇڭا ئارخېئولوگلار ئۆز ئادىتى بويىچە دەريانى مەدەنىيەتنىڭ زۆرۈر شارائىتى دەپ قارايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، خوتەن بوستانلىقىدىن ئېقىپ ئۆتكەن دەريالارمۇ بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مۇهىم شارائىتى-دۇر. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتىن مەلۇم بولدىكى، خوتەننىڭ يىغىش، ئوۋ - ئوۋلاش مەدەنىيىتىدىن ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگىچە بولغان مەدەنىيەت باسقۇچى (بۇ پۈت-كۈل باسقۇچنى يېزىق پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت باسقۇ-

چى دەپ ئاتاش بەلكىم تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار) غا خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ دەريا ۋادىلىرىدىن تېپىلدى. تېپىلغان كېسىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى بىسلىق تاش قورالنىڭ ئورنى قارا يانتاقنىڭ جەنۇبىغا 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا؛ نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي باشلىمىدىكى ئۇلۇغساي بىلەن غەربىي باشلىمىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ بۇرجەك جايدا سىپتاتاش مېغىز، سىپتاتاش ياپراق قاتارلىقلار تېپىلدى؛ قوم ئارىلاشقان قىزىل ساپال پارچىسى ۋە باشقا تاش بۇيۇملاردىن تۇۋرۇكسىمان تاش مېغىز، سۇس قوڭۇر رەڭ كۋارتسلىق تاش ياپراق قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا كېرىيە ناھىيىلىك سۇ رايى پونكىتىنىڭ جەنۇبىغا تۆت كىلومېتىرچە كېلىدىغان كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى دەريا ئېقىنىدىن تېپىلدى، سىرىق ماتا يوللۇق ساپال پارچىسى، سۆڭەك پارچىسى، تاش ۋە گۈلخان ئىزى تېپىلغان جاي گۇما ناھىيىسى كىلياڭ كەنتىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تازغۇننىڭ ئوڭ قىرغىقىدا، كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىنمۇ تاشتىن ياسالغان قىرىش سايمىنى، ئۈچلۈق سايمان، سىلىقلانغان تاش پارچىسى قاتارلىقلار قېزىپ چىقىلدى. خوتەننىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان سامپۇل قەبرىستانلىق تۈركۈمى ئىزىمۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا بولۇپ، ئۇ يەردىن ياغاچ تاۋۇت، ياغاچ سايمان، يۇڭ توقۇلمىلار، ساپال بۇيۇملار، تاش مۇنچاق، مىس ئەسۋاب قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چىقتى. تاغ - دەريا، بوستانلىق، ئىنسانىيەت — مەدەنىيەت خوتەن مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغان زەنجىر، سانسىزلىغان جىلغىلارنىڭ شىر - شىر سۇلىرى توپلىشىپ قوشۇلىدىغان سانسىزلىغان دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تولىسى تاغ ئېتىكىگىچە ئېقىپ كېلىپ، تاغ

ئېتىكىگە يېقىن بولغان قۇملۇققا كەلگەندە دەرھال قۇرغاق قۇمغا
سىڭىپ كېتىپ دەريا يولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ ئاتالمىش
«كۆتمەك دەريا بولۇپ، ئۇ قۇملۇقتا غايىب بولغان جاي بوستان-
لىققا ئايلانغان.①» قۇم دېڭىزىدا يېگانە كۆتۈرۈلۈپ تۇر-
غان پارچە - پارچە بوستانلىقلار گەرچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ
چەكلىمىسىدە «ئۆزىنى ئۆزى ئايرىپ تۇرۇش» مېخانىزمىغا ئىگە
بولسىمۇ، قەدىمكى تاغ ئالدىدىكى ۋە بوستانلىقتىكى ئاھالە ھەممى-
شە سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەيتتى. ھەرخىل
مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا تۇرتكىسى تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت
باسقۇچىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋالنى ئىپادىلىگەنىدى. يەرلىك مەدەنى-
يەت بىلەن يات مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىگە تۇرتكە بولۇشى خوتەن
بوستانلىقىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان بولۇپ، بەلكىم خوتەن
بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇ-
شى مۇمكىن.
يىغىش، ئوۋ ئوۋلاش مەدەنىيىتىدىن ئىپتىدائىي تېرىقچى-
لىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگىچە بولغان خوتەننىڭ تارىختىن
بۇرۇنقى مەدەنىيىتىدە گەرچە تېخى بىر مۇنچە كەم ھالقىلار بول-
سىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي قىيا-
پىتىنى، يەنى دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تاغ ئالدى مەدەنىيىتى ۋە
كېيىنكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن رەتلەپ
چىققىلى بولىدۇ. بۇنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) خو-
تەننىڭ تاغ ئالدى بەلۋىغى ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى
مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ (2) تەبىئەتكە چوقۇنۇش
قائىدىسى ۋە ئېتىقادى؛ (3) دەپنە ئادىتى ۋە ھاياتلىق قايتىپ
كېلىش ئېڭى؛ (4) كوئېنلۇن تېغى ۋە كوئېنلۇن ئەپسانىلىرى.

① ماسىدا كۆتۈبوكر مىنابى: «قەدىمكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ، چېن جۇنمۇ تەرجىمىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 3 - بەت.

## 1. خوتەننىڭ تاغ ئالدى بەلۋىغى ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تاش قورال، ساپال قاچا، ياغاچ سايمان، مىس قورال، تۆمۈر قورال ۋە توقۇلما بۇيۇملار مەدەنىيەتنىڭ بۇيۇملاشقان ھالىتى. تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي قوراللار تارىختىن بۇرۇنقى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىستېتىك قابىلىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدۇر. تاش قورالنى مىسالغا ئالساق، خوتەننىڭ تاغ رايونىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە تەۋە ئىككى بىسلىق كېسىش سايمىنى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ئاساسەن ئەمەلىي ۋە مەنپەئەتلىك بولۇش قاتارىغا كىرىدۇ، يەنى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ياكى ھايۋانات گۆشىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلگەن. سىپتا تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولغان سۇس قوڭۇر رەڭلىك كۇۋارتىس تاش ياپراق ۋە ھەرخىل قىرىش سايمانلىرى، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، ياكى سىپتىلىق جەھەتتىن بولسۇن، كۆپ مەنبەلىشىش، مۇرەككەپلىشىش ۋە سىپتىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. لېكىن، بۇ باسقۇچتىكى تاش قوراللار يەنە ئىشلەتكىلى بولۇش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، پايدىلىق بولمايدىغان بېزەكلىك تەرىپى كەم، خوتەننىڭ بوستانلىق تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە بولسا، ساپال سايمان، ياغاچ سايمانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى بىلەن، تاش قوراللارنىڭ بېزەكلىك تەرىپى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىدىغان بولۇشچانلىقى يەنىلا كۈچلۈك بولغان. لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تاش بېزەك بۇيۇملار ئىچىدە ئۇششاق تاشتىن ياسالغان تاش يۇن مارجانلىرى بار بولۇپ، «ئۇششاق قۇمتاش، سۇركەپ ياسالغان، ئۇزۇن چاسا

شەكىللىك، بىرلا تۆشۈك ئېچىلغان، بىسى ياپىلاق ئىككى بىسـ-
لىقلىرى بار ئىدى.»① تاش مۇنچاقلاردىن سۇس قىزىل رەڭلىك
ھېقىق مۇنچاق، سېرىق قاشتېشى مۇنچاق ۋە ئاق تاش مۇنچاقلار
بار ئىدى. «قېزىۋېلىنغاندا مۇنچاق تۆشۈكىنىڭ ئىچىدە يۇڭ يىپ
قېپقالغان ياكى يۇڭ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجان ھالىتىدە
چىقتى» ، يەنە تاش ئۇرچۇقمۇ چىقتى: خوتەن قاشتېشىدىن ياسال-
غان بۇيۇملاردىن خوتەن رايونىدا قېزىۋېلىنغانلىرى ئىچىدە سام-
پۇلدىن تېپىلغىنى ئەڭ بالدۇر بولىسمۇ، لېكىن ئەنياڭ يىن
سۇلالىسى خارابىسىدىكى فۇخاۋ قەبرىسىدىن تېپىلغان قاشتاش
بۇيۇمى بۇنىڭدىنمۇ بالدۇر بولۇپ، ئۇ خوتەن قاشتېشىدىن ئىش-
لەنگەن. لوپنۇردىن تېپىلغان قاشتېشى پالتا ئاپئاق بولۇپ،
خوتەنىنىڭ «قوي يېغىسىمان قاشتېشى» دىن ئىشلەنگەن بولۇشى
ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «قاشتېشى تاشلارنىڭ سەرخىلى» ،
ئالاھىدە بىر خىل تاش بولۇپ، گۆھەر ئىنسانلارنىڭ بىر زىننەت
بۇيۇمى بولۇشتىن ئىلگىرى ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىنىپ، تىلتۇ-
مار ياساشقا ئىشلىتىلگەن»②. تاش ( قاشتېشى) بويناسقۇ ياكى
مارجان دەسلەپكى دەۋردە نوقۇل ھالدا بەدئىي بېزەك قىلىنما-
غان، بەلكى كىشىلەر ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنىڭ ئىنسانلارغا
نىسبەتەن قوغداش رولى بارلىقى، يەنى قوغداش ئىلاھىيلىق رول
ئوينايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، شۇڭلاشقا، كۆپ ھاللاردا بەزى ئالا-
ھىدە تاشلارنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغان. «قاشتېشى پالتا بىلەن
قاشتېشى ئۇرچۇق نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش قورالى ئەمەس، ‹ئەر-
لەر يەر تېرىپ، ئاياللار رەخت توقۇش› نىڭ ئىپادىلىنىشى ئە-
مەس، بەلكى ئۆلگۈچىنىڭ جىنسى ئايرىمىسىنىڭ بەلگىسىدۇر...
بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يىراق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئىنسانلار-

---

① شىنجاڭ مۇزېيى: «لوپ ناھىيىسىدىكى ساميۇل قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىشتىن دوكلات» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1989 - يىل 2 - سانى.
② ۋاڭ شياۋلىيەن: «جۇڭگونىڭ ئەپسانە دۇنياسى» ، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1991 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 122 - بەت.

مۇ پالتىنى ئەرلىكنىڭ سىمۋولى قىلغان. يۇمىلاق شەكىللىك
ئۆرچۈق بولسا يىراق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئىنسانلار تەرىپىدىن
ئاياللارغا سىمۋول قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن پالتا يەنە ئەر-
لىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان»① روشەنكى، خوتەننىڭ تارىخ-
تىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىگىمۇ جىنسى ئەزاغا چوقۇنۇش مەدەنىيد-
تىنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

خوتەندىن تېپىلغان تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت دەۋرىگە
ئائىت ساپال قاچىلاردىن دەسلەپتە كەڭ تارقالغىنى قۇم ئارىلاشما
قىزىل-ساپال قاچا بولۇپ، سىزىق بېزەكلىرى يوق ئىدى، كېيىن
كىلياڭدىكى خارابىدىن سىرىق ماتا يوللۇق ساپال پارچىسى تېپىل-
دى، سامپۇلدىكى قەدىمكى قەبرىدىن كوزا، قازان، قاتارلىق 45
پارچە ساپال قاچا تېپىلدى، ئۇلارغا دولقۇن سىزىق، ياي سىزىق،
تىك سىزىق، ئەگرى سىزىق ۋە نەقىشلەر چېقىرىلغان. ئەپسۇس-
لىنارلىقى شۇكى، خوتەن ۋىلايىتىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچى-
لار ( ساپال پارچىلىرى) ئىچىدە تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ تەس-
ۋىرىگە تەقلىد قىلىش باسقۇچىغا دائىر ماددىي بۇيۇم ئىسپاتى
يوق، ئابستراكىت شەكىلگە ئۆزگىرىش باسقۇچىغا بىۋاسىتە
كىرگەن مەزمۇنلار بار، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ۋاقتى خېلىلا كې-
يىن. ساپال قاچىلاردا تۈرلۈك سىزىق نۇسخىلىرىنىڭ پەيدا بولۇ-
شى «ئاساسىي گەۋدىنى ئابستراكىت قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن
ئوبرازنىڭ ئەسلىي شەكىل تەركىبى ئۈزلۈكسىز چېقىرىۋېتى-
لىپ، نوقۇل بېزەك ھالەت شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدىن تېپىلغان تارىختىن بۇرۇنقى تاش قورال-
لار دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز بولغان ئې-
گىزلىك — سوغۇق، قۇملۇق بەلۋېغىدىن 1500 مېتىرغىچە
ئېگىز بولغان يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىسى بەلۋېغىچە

① جاۋگوخۇا: «جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 264 - بەت.

بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىدۇ. خوتەننىڭ تاغ ئالدى
بەلۋېغى تاش قورال مەدەنىيىتىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تە-
رەققىي قىلغانلىقى توغرىسىدا، ئالىملار كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇ-
قىرى ئېقىنىدىكى باش كەڭسۇلاغ تاش قوراللار ئاخىرقى دەۋرى
مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسىگە ئاساسەن، ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن يول
كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا تەرەققىي قىلىش دەپ قاراي-
دۇ. تاش قوراللارنى ياساش ئۇسۇلى، شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى-
دىن قارىغاندا، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى يارغول ۋە ئاستانىدىن چىق-
قان ئوخشاش دەۋردىكى تاش قوراللار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.
خوتەن ۋىلايىتىدىن چىققان سىپتا تاش قوراللاردىن قارىغاندا،
ئۇنىڭ شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي - شىمالىي ئاسىيا، شىمالىي
ئامېرىكىدىن چىققان سىپتا تاش قوراللار بىلەن ئوخشاش بىر
ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ»①. «يۇقىرىدا
ئېيتىلغان ئەنئەنە بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلغىنى گېئومېتىرىك
شەكىلدىكى سىپتا تاش قورال ئەنئەنىسىدۇر. ئۇنىڭ بىر تەرەققىد-
يات مەركىزى غەربىي ئاسىيادا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ ماتېرىياللىرىدىن بۇ ئەنئەنىنىڭ
تەسىرى شەرقتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە بارىدىغانلىقى مەلۇم...
پامىر ئېگىزلىكى گويا ئىككى سىپتا تاش قوراللار ئەنئەنىسىنىڭ
بىرلەشكەن ئورنىدەك قىلىدۇ.»②
خوتەن ۋىلايىتىدىن قېزىلغان ساپال قاچىلاردىن، بولۇپمۇ
رەڭلىك ساپال قاچىلاردىن مەدەنىيەتنىڭ شەرق ۋە غەربتىن كې-
لىپ خوتەندە ئۇچراشقان ئېنىق مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ. بەزىلەر مۇنداق قارايدۇ: «ياڭشاۋ مەدەنىيىتىدىن باشلان-
غان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى جۇڭگو چېگ-

① . خۋاڭ ۋېيۋېن قاتارلىقلار: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە يېڭىدىن بايقالغان تاش قوراللار»، «ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل 4 - سان.

② خۋاڭ ۋېيۋېن قاتارلىقلار: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە يېڭىدىن بايقالغان تاش قوراللار»، «ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى ژۇرنىلى»، 1988 - يىل 4 - سان.

ـرىسى ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، غەربىي تارىمىقى گەنسۇ، نىڭشيادىن شىنجاڭغا كىرگەن، ۋاقتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5000 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىلىغىچە بولغان، شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى خوتەن، گۇما، شايار، ئىلى دەرياسى ۋادىسى هازىر مەلۇم بولغان ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ئاخىرقى چېكى[1] بەزى ساپال قازان، هېجىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان ئوخـ ـشاش خىلدىكى ساپال قاچىلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى يۆنىلىشتىن كەلـ ـگەن مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىـ ـمى شەرققە مايىل بولغان، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭ، غەربتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىمۇ بار بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ يەرـ ـلىكلىششى ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن.

## 2. تەبىئەتكە چوقۇنۇش قائىدىسى ۋە ئېتىقاد

دۇنيادىكى هەممە مىللەت تەبىئەتكە چوقۇنۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن، چوقۇنىدىغان نەرسە تەبىئەتتىكى جىمى شەيـ ـئى — ئاسمان، يەر، كۈن، ئاي، تاغ ـ دەريا، چاقماق، شامال، ئوت، قۇش، هايۋان، قۇرت، بېلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت جىمى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن، ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئېتىـ ـقادى ئەمەس. «ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد ئېهتىمال چۈش كۆرۈشـ ـنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان روهقا ئېتىقاد قىلىش بولۇشى مۇمكىن، ئادەمنى تەن ۋە روهقا ئايرىغاندىن كېيىنلا ئاندىن

---

① شىبىن خۇۋېي: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

تەبىئەتكە ئۆزىدىن ئۇنى يەنە بولغان، پەيدا ئالۋاستى - جىن
جۇمە- چوقۇنۇش، شەيئىلەرگە تەبىئەتتىكى ئارقىسىدا كېڭەيتىش
يامغۇر مۇئەككىلى، شامال ئىلاھى، يەر ئىلاھى، ئاسمان لىدىن
چوقۇنۇش مۇئەككىلىگە دەرەخ مۇئەككىلى، قۇش مۇئەككىلى، مۇئەككىلى،
ئىشىك — نەرسىلەرگە سۇنئى ئىلگىرىلەپ، يەنىمۇ بولغان. پەيدا
ۋىلايىتىدىكى خوتەن »[1] باشلىغان. چوقۇنۇشقا مۇئەككىلىگىمۇ
بۇ ئېتىقادىمۇ ۋە چوقۇنۇشى تەبىئەتكە ئاھالىنىڭ ئىپتىدائىي
ماددىي دەۋرنىڭ دەسلەپكى لېكىن، كېلىدۇ. ئۇيغۇن قانۇنىيەتكە
ساق- رىۋايەتلەردە كېيىنكى تولىسى بولۇپ، كەمچىلرەك ئىسپاتى
قالغان. لىنىپ

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇدۇندا
«شۇنداق بار: رىۋايەت مۇنداق توغرىسىدا قۇرۇلغانلىق دۆلەت
ئادەملىرى- سېلىپ شەھەر چوڭ يۆتكەپ، بارگاھىنى خان قىلىپ،
ئاشۇرۇپتۇ. ئىشقا ئىشلىرىنى جىمىكى ئويلىغان ، (توپلاپ) نى
ئىكەن. يوق ۋارىسى ئۇنىڭ لېكىن ،… بولىسىمۇ ئاشۇرغان ئىشقا
ئوغۇللىرى ياكى ئىنىلىرى ئۇچۇن ئولتۇرۇش تەختكە چۈنكى،
بۇ چۈشۈپتۇ، ۋەھىمىگە ئەنسىرەپ بۇنىڭدىن خەلق ئىكەن. يوق
ئىبادەتخانى- شامىن بويىچە مەسلىھەتى ئاقساقاللارنىڭ ئۇلار چاغدا
تەخت- يېلىنىپ، ئۇنىڭغا بېرىپ، ئالدىغا ماخارايشىراۋانا سىدىكى
ئۇنىڭ- بېرىشنى تېپىپ ھۆكۈمران بىر ئۇچۇن ئولتۇرغۇزۇش كە
ماخارايشىراۋانانىڭ جاۋابەن ئىلتىماسىغا ئۇلارنىڭ سوراپتۇ. دىن
خەلق چىقىپتۇ. بوۋاق بىر بولۇپ، پەيدا يېرىق بىر پېشانىسىدا
كېلىپ شەھەرگە كەپتۇ، ئېلىپ شەھەرگە ئۇنى ئىچىدە خۇشاللىق
ئۇنىڭ كۆرۈپ بۇنى خەلق پۈتۈن ئۇنىماپتۇ. ئىمىشكە زادىلا بالا
كۆتۈرۈپ ئىسرىقدانلارنى مەشئەل، ئەنسىرەپ قېلىشىدىن ئۆلۈپ
بېقىپ بالىنى ۋە كەپتۇ ئالدىغا ماخاراجاۋايشىراۋانانىڭ قايتىدىن

① سۇڭ جاۋلىن: «مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، مەركە-
زىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللەت تەتقىقات ئورنىنىڭ كونسىپىكى، 1997 - يىلى 2 - ئاي.

بىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شۇئان ماخاراجاۋايشىراۋانانىڭ ئالدىدا يەر گويا ئادەمنىڭ كۆكسىدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ يەردىن ئاجايىپ تاتلىق بىر تۈپ شېكەر قومۇشى ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇ گويا سۈتكە ئوخشايدىكەن. بالا ئۇنى ئېمىپ چىرايلىق ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ لاياقەتلىكلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ ئامەتلىك، ئۇلۇغ، ھەيۋەتلىك، جەسۇر ۋە مەردانە ھۆكۈمران بولۇپتۇ. ئىلاھقا ئاتاپ بۇتخانىلار سالدۇرۇپتۇ. ئۇدۇنىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمرانى ئەنە شۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەن»① . شۈەنزاڭ بۇ رىۋايەتكە گەرچە بۇددا دىنىنىڭ نۇر چەمبىرىكىنى كىيگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇدۇن خەلقىنىڭ دەسلەپكى زاماندا تەبىئەتكە چوقۇنغانلىقى ۋە ئېتىقادىغا دائىر ئۇچۇر چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇلغانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتتىكى «يەر ئەمچەك رىۋايىتى» زېمىنغا چوقۇنۇش ۋە ئانا ئىلاھقا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى، «مۇقەددەس زېمىننى ئىلاھ ياراتقان، زېمىندا زىرائەت ۋە باشقا مەۋجۇداتلار ئۆسىدۇ دەيدىغان پاكىتلار سەۋەبىدىن، ئىپتىدائىي تىرىقچىلىق جەمئىيىتىدە زېمىنىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن ئاياللارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشچانلىقى كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، زېمىن بىلەن بالىياتقۇنى مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئېتىقاد خاھىشى بارلىققا كەلگەچكە، زېمىنمۇ دائىم ئىپتىدائىي ئانا ئىلاھ قىلىنغان.»② ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇدۇننىڭ دۆلەت ئىسمى بولغان «يەر ئەمچەك» دېگەن رىۋايەت خەلق ئارىسىدىكى ساددا رىۋايەتتىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ تۈس كىرگۈزۈشى ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى رىۋايەتكە ئايلانغان. ئۇدۇن بىراھما تىلىدا «كۇستانا»

① «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە ئىزاھات»، جى شيەنلىن قاتارلىقلار ئىزاھلىغان، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 1008 ـ بەت.
② ۋاڭ شياۋلىيەن: «جۇڭگونىڭ ئەپسانى دۇنياسى»، جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1991ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 171 ـ، 172 ـ بەتلەر

(kustana) دەپ ئاتالغان بولۇپ، «ku» دېگەن «يەر»،
«stana» دېگەن «ئاياللارنىڭ ئەمچىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ. يەر ئەمچەك رىۋايىتى تەبىئىي هالدا ئانا ئىلاهقا ئېتىقاد
قىلىشنىڭ يالدامىسى بولۇپ، ئۇۋ ئوۋلاش، يىغىشتىن ئىپتىدا-
ئىي تېرىقچىلىققىچە ئاياللار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
كەشپىياتچىسى، تېرىقچىلىق ئەمەلىيىتى ئاياللار بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولغاچقا، ئاياللارمۇ مول هوسۇلنىڭ سىمۋولى بولۇپ
قالغان. يەنە بىر جەھەتتىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنىمۇ قەدىمكى
ئاهالىلەر ئاساسەن ئاياللارغا تايىنىدۇ دەپ قارىغان. مول هوسۇل
ئايال ئىلاهى بىلەن پەرزەنت كۆرۈش ئايال ئىلاهىغا چوقۇنۇش
شۇ دەۋرنىڭ تىپىك بەلگىسى بولغان، ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇش
توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئوراپ تۇرغان بۇددا دىنى تۇمانىنى تارقى-
تىۋەتكەندە، ئۇ خوتەننىڭ دەسلەپكى ئاهالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدىكى چوقۇنۇش ۋە ئېتىقادىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ چىقى-
دۇ، بۇنداق چوقۇنۇش نەزىر - چىراغ قىلىش شەكلىدە ئېلىپ
بېرىلىپ، ئىلاهلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ هازىرلىنىدۇ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن ئات نەزىر
قىلىنغان ئىككى گۆر تېپىلدى. ئات پۇتىنى تۈز سۇنۇپ، بېشىنى
شەرققە، يۈزىنى غەربكە قىلىپ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە
قومۇش ۋە دەرەخ شېخى يېپىلغان. پېشانىسىگە قوشنىڭ ئاق
پېيى قىستۇرۇلغان. مۇشۇ ماددىي پاكىت ئارقىلىق دەلىللىگىلى
بولىدىغانلىرىدىن «كېيىنكى خەننامە، بەنچاۋنىڭ تەرجىمھالى»
دىكى خاتىرىمۇ بار: «بۇ چاغدا ئۇدۇن خانى گۇاڭدى يەكەن
بەگلىكىنى يېڭىپ جەنۇبىي يولدا زومىگەر بولۇۋالغاندى،
هۇنلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ بەگلىكنى قوغداۋاتاتتى. بەنچاۋ غەر-
بىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ، ئالدى بىلەن ئۇدۇنغا كەلدى.
گۇاڭدى ئۇنىڭغا ناهايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇدۇنلۇقلار شامانغا ئېتىقاد قىلاتتى، باخشى: «ئىلاهنىڭ

غەزىپى تېشىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن خەن سۇلالىسىغا مايىل بولىسىلەر؟ خەن ئەلچىسىدە بىر قارا تۇمشۇق قۇلا ئات بار ئىكەن، شۇنى ئەكىلىپ ماڭا نەزىر قىلىشقا بېرىڭلار» دېدى. گۇاڭدى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بەنچاۋنىڭ ئېتىنى سورىدى، بەنچاۋ بۇ ئىشلارنى ئاستىرتتىن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئاتنى بېرىشكە قوشۇلدى، بىراق، باخشىنىڭ ئۆزى كېلىپ ئاتنى ئەكىتىشنى ئېيتتى. بىردەمدىن كېيىن باخشى كەلدى. بەنچاۋ باخشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ گۇاڭدىغا ئەۋەتىپ بەردى» . ئۇدۇندىكىلەرنىڭ باخشىغا بەك ئىشىنىشىدىن قارىغاندا، باخشىنىڭ ئاتنى نەزىر قىلىشقا سورىشىدىن ئۇدۇندا ئاتنى نەزىر - چىراغ قىلىشقا ئىشلىتىش رەسىم - قائىدىسى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا ئاتنى قايسى ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىدۇ؟ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە دەسلەپكى دەۋردە ساكلارنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، ساكلار ئاتنى قۇياش ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىشقا ئىشلەتكەن. ساكلار ھەرقايسى ئىلاھلار ئىچىدىن قۇياش ئىلاھىغىلا چوقۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇياش ئىلاھقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغىنى ئاتتۇر. ئۇلارنىڭ ئاتنى قۇربانلىققا ئاتىشىنىڭ سەۋەبى: «ئادەمزات ئارىسىدا ئەڭ تېز بولغان ئاتلا ئىلاھلار ئىچىدىكى ئەڭ تېز بولغان قۇياشقا مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدۇر»[1] بۇنداق نەزىر - چىراغ رەسىم - قائىدىسىدە داخان ئىلاھ بىلەن ئۈچرىشىش رولىنى ئوينىغان. باخشىنىڭ نەزىر - چىراغ مۇراسىمىدا ئاساسەن «ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىلاھنى چاقىرىپ (شۇي شېن «سۆز - خەتلەر ئىزاھاتى») ، ئۇسۇل ئارقىلىق قۇياش ئىلاھىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، قۇياشقا چوقۇنۇش مۇراسىمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغان.

① ھىرودوت يازغان، ۋاڭ جياجۇەن تەرجىمە قىلغان: «تارىخ» ، سودا نەشرىياتى، 1950- يىلى 6 - ئاي نەشرى، 274 - بەت.

خوتەننىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىدىن ئۆزلىرى ياشىغان ۋادىدىكى دەريا، چاشقان، دەرەخ، تاغ، كەپتەر قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇ تەبىئىي شەيئىلەرمۇ ئۇلارنىڭ «ھەممە نەرسىنىڭ جېنى بار نەزەرىيىسى» دىكى تەبىئەت ئىلاھىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 3 . دەپنە ئادىتى ۋە قايتا تىرىلىش ئېڭى

دەپنە قىلىش ئادىتى تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، قانداق دەپنە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، قانداق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلسە، شۇنداق دەپنە تۈزۈمى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە. تارىختىن بۇرۇنقى ئادەملەر روھ ئۆلمەيدۇ دەپ ئىشەنگەچكە، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا دەپنە مۇراسىمى «ياشاش ئۈمىدىگە بولغان تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق» نى ئىپادىلەيدۇ. دەپنە مۇراسىمى ھاياتلىقنىڭ باشقا بىر خىل قايتىپ كېلىش شەكلى بولغان. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى دەپنە مەدەنىيىتى ھازىر يەنىلا خىرە نۇقتا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدىكى سامپۇل قەبرىلىرىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالنى ئازدۇر - كۆپتۇر بىلگىلى بولىدۇ.

لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇلدا قېزىلغان قەدىمىي قەبرىنىڭ تېپىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كىچىك تاشقىرىقى گۆرى بار، پىچاق شەكىللىك گۆر، تىك تۆت بۇلۇڭ ئورەك شەكىللىك گۆر، ئۆلچەملىك شەكلى بولمىغان تىك ئورەك گۆر قاتارلىق تىپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى تىك ئورەك شەكلىدىكى گۆرلەر؛ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، يالغۇز دەپنە قىلىش، توپ دەپنە قىلىش ۋە قوشۇپ دەپنە قىلىش، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ پۈتىنى تۈز قىلىپ قويۇش، پۈتىنى قىسمەن كېسىش (بەدىنىنى كېسىپ دەپنە قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ پۈتىنى يىغىپ قويۇش ۋە دۈم ياتقۇزۇپ قويۇش، پۈتىنى تۈز

ئۆزارتىپ يېنىچە ياتقۇزۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان؛
دەپنە جابدۇقلىرىدىن ياغاچ تاۋۇت، جەسەتنى يۆگەيدىغان كىگىز،
قومۇش، چارچاپ قاتارلىقلار بار بولۇپ، ساندۇققا سالماي دەپنە
قىلغانلىرىمۇ بار، بىز بۇ يەردە ئىپتىدائىي دەپنە ئادىتىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بەزى دەپنە مەدەنىيىتى مەسىلىسىنىلا مۇھاكىمە
قىلىمىز.

سامپۇل قەدىمىي قەبرىلىرى يەر يۈزىدە قەبرە بەلگىسى قو-
يۇلمايدىغان قەبرە قاتارىغا كىرىدۇ، بۇ ئىپتىدائىي دەپنە ئادىتى-
نىڭ يالدامىسى. «جۇ قۇرئىنامىسى. تەبىرنىڭ داۋامى» دا مۇن-
داق دېيىلىدۇ: «بۇرۇنىسىدا دەپنە قىلىدىغانلارنى ئوت - چۆپلەر
بىلەن قېلىن ئوراپ دالىدا يەرلىكىدە قوياتتى. قەبرە بەلگىسى
قويۇلمايتتى، دەپنە قىلىنغان ۋاقىتنى ساناپمۇ بىلگىلى بولمايت-
تى.» بۇنداق دەپنە قىلىش ئادىتى ئومۇمەن قانداشلىق مۇناسى-
ۋەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ئۇرۇقداش ئائىلىلەردە ئۇچرايدۇ،
ئۇنىڭدا كۆپىنچە جامائە قەبرىستانلىقىنى بىرلىك قىلىپ، توپ
دەپنە قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. سامپۇلدىن MOI قەبرىگە
113 جەسەت قويۇلغان، MO2 قەبرىگە 146 جەسەت قويۇلغان
بولۇپ، ئەر ئايال، قېرى - ياشنىڭ ھەممىسى بار. ئۇرۇقداش-
لىق جەمئىيىتىدىكى گۆر قۇرۇلمىسىمۇ ئاددىيراق، ئاساسىي
جەھەتتىن چاسا شەكىللىك ۋە ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بولىدۇ.
سامپۇلدىكى گۆرلەرنىڭ شەكلىدىمۇ ئۇزۇن چاسىلىقلىرى كۆپ،
دەپنە جابدۇقلىرى قومۇش ۋە جەسەتنى ئورايدىغان كىگىزدىن
ئىبارەت بولىدۇ، بۇ «جۇ قۇرئەنامىسى» دىكى «ئوت - چۆپلەر
بىلەن قېلىن ئورىلىدۇ» دېيىلگىنى بىلەن جىپسىلىشىدۇ. توپ
دەپنە قىلىش تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتتىكى بىر ئومۇمىيۈزلۈك
ئەھۋال بولۇپ، مەيلى سامپۇلدىكى توپ دەپنە قىلىش بىر قېتىم-
لىق دەپنە قىلىش بولسۇن، ياكى كۆپ قېتىم ئارقا - ئارقىدىن

دەپنە قىلىش بولسۇن، تارىختىن بۇرۇنقى خەلقنىڭ ئېتىقادىدا ھەقىقەتەن روھ ئۆلمەيدۇ دەيدىغان ئاڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئەزالىرى ھايات ۋاقتىدا جەمەتى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن بىر گۆرگە دەپنە قىلىنىشى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكىگە ئوخشاش جەمەت چوڭ ئائىلىسىدە داۋاملىق ياشايدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

سامپۇلدىكى ئالاھىدە دەپنە قىلىش ئۇسۇلى پارچىلاپ دەپنە قىلىشتۇر. «(سامپۇلدىكى) 15M قەبرە ياي بۇلۇڭلۇقتىكى چاسا شەكىلدىكى تىك گۆر بولۇپ، لەھەتكە بىر قەۋەت قومۇش ياتقۇزۇپ، پارچىلانغان جەسەتنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويغان، گەرچە گەۋدە سۆڭىكى، قول سۆڭىكى ۋە پۇتنىڭ بارماق سۆڭەكلىرى يوق تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پۇت - قوللىرىنىڭ سۆڭىكى كېسىلگەندە ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن ھەم باش سۆڭىكى بىلەن پۇت سۆڭىكىنىڭ ئارىلىقى يېقىندەك تۇرىدۇ، يەنى كەسكەن ئورنىغا كەلمىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەسەتنىڭ بېشىدىن كۆكرىكىگىچە بولغان ئورۇنغا تۆت باش سۆڭىكى ۋە بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ سۆڭىكى قويۇلغان. نەق مەيداندىكى ئەھۋال ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، دەپنە قىلغاندا يوتىسىنىڭ تېرە ۋە گۆشىنى ساقلاپ قېلىپ، پۇت بارماق سۆڭىكى، گەۋدە سۆڭىكى ۋە قول سۆڭىكىنى پارچىلاپ بولۇپ دەپنە قىلغان بولسا كېرەك. بۇمۇ ئوخشاشلا تارىختىن بۇرۇنقى خەلقنىڭ «روھ ئۆلمەيدۇ» دەيدىغان ئېتىقادىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، «ئاڭ جەزمەن كونكرېت شەكىلدە ئىپادىلەنگەنىكەن، روھمۇ ھەمىشە كۆرگىلى بولىدىغان جىسىم دەپ قارىلىدۇ، باشقا بەزى مىللەتلەر، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار روھنى تەننىڭ ھەقىقىي تەقلىدىي بۇيۇمى، تەننىڭ پارچىلىغان قىسمىنىڭمۇ جېنى بولىدۇ دەپ قاراشقا ئادەت-

لەنگەن.»①ئەمەلىيەتتە جەسەتنى پارچىلاپ دەپنە قىلىشتا ئىككى
خىل شەكىل بار بولۇپ، بىرى ئۆلگۈچىنىڭ تېنىنىڭ مەلۇم بىر
قىسمىنى كېسىۋېتىپ گەۋدە بىلەن بىرگە دەپنە قىلىش؛ يەنە بىر
خىلى ئادەم هايات چاغدا قولى ياكى پۇتىنىڭ بارمىقىنى كېسىۋې-
تىش، پارچىلاپ دەپنە قىلىشنىڭ سامپۇلدىكى قەبرىلەردە بايقى-
لىشى يالغۇز ئىسپات ئەمەس، شەنشى، گەنسۇ، خېيلۇڭجياڭ،
فۇجيەن قاتارلىق جايلارنىڭ تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىمۇ
ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان. بۇ ئىككى شەكىل بۇرۇنقى ئادەم-
لەردە ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا چەكلىمە قويۇشنى مەقسەت قىلغان.
تىرىك ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن دەپ كېيىنكى
شەكىل بىر خىل «نەزىر قىلىش» پائالىيىتى بولۇپ، روھنى
خاتىرجەم قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

پۇت - قوللىرىنى يىغىپ دەپنە قىلىش خوتەننىڭ تارىختىن
بۇرۇنقى مەدەنىيىتىنىڭلا مەهسۇلى ئەمەس، «بۇنداق دەپنە قى-
لىش شەكلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تېغى، ئالتاي تېغى،
پامىر ئېگىزلىكى، ئىسسىق كۆل، چۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى
ۋادىسى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ ئافاناسېۋو مەدەنىيىتى،
ئاندرونو مەدەنىيىتى، كاراسۇك مەدەنىيىتى، تاگار مەدەنىيىتىدى-
مۇ ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان. ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ - چىڭخەي
رايونىدىكى ماجياياۋ تىپىدىكى مەدەنىيەت، بەنشەن تىپىدىكى مە-
دەنىيەت، ماچاڭ تىپىدىكى مەدەنىيەت، چىجيا مەدەنىيىتى، شىن-
دىيەن مەدەنىيىتى، سىۋا مەدەنىيىتى ۋە شەنشى رايونىدىكى چىن
سۇلالىسى قەبرىلىرىدىمۇ كەڭ تارقالغان.» تارىختىن بۇرۇنقى
كىشىلەر نېمىشقا ئۆلگۈچىنى پۇت - قوللىرىنى يىغىپ دەپنە
قىلىدۇ؟ بۇ هەقتە ئىلىم - پەن ساهەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى

① ئەنگلىيىلىك ج س جولنى يازغان، چېڭ دېچى قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىق قوللانمىسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1905 - يىلى 1 - ئاي نەشرى، 23 - بەت.

بىردەك ئەمەس، لېكىن پارچىلاپ دەپىنە قىلىشقا سېلىشتۇرغاندا
مەقسىتى بىردەك بولۇشى مۇمكىن، ئۆلگۈچىنى باغلاپ قويۇپ،
ئۇنىڭ روھىنىڭ تىرىك ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشى-
دىن ساقلىنىش.

سامپۇلدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن ئەكس ئەتكەن دەپىنە قى-
لىش ئادىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تارىختىن بۇرۇنقى
ئادەملەر ئۆلگۈچىلەرنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن دەپىنە قىلغاندا
ئۆلۈمنى ۋەھىمىلىك ھېس قىلماي، بەلكى ئۆلگۈچى روھى ئار-
قىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ دەپ قارىغاچقا، دەپىنە مۇرا-
سىمىمۇ ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇش مۇراسىمىغا ئايلىنىپ،
ھاياتلىقنىڭ قايتىپ كېلىشى ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان.

## 4. كوئىنلۇن تېغى ۋە كوئېنلۇن ئەپسانىلىرى

خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىغا توغرىسىغا سوزۇلغان كو-
ئىنلۇن تېغى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن
«مۇقەددەس تاغ» ياكى «ئىلاھىي تاغ» دەپ ئاتالغان. بۇ تەبىئىي
ھالدا كوئېنلۇن ئەپسانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن جۇغ-
راپىيىلىك بىرلىكىدىكى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئوخشاش بولمىغان
تارىخىي دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېنىق بولمىغان،
چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر
كوئېنلۇن تېغىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىغان.
خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خەنۇدىمۇ چىن سۇلالىسى
دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ قارىشى بويىچە
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىشى تېپىشقا ئادەم ئەۋەتكەن، نەتىجى-
دە ئۇ ئادەملەر ئۇدۇنغا كېلىپ بۇ يەردىن كۆركەم قاشتېشى
چىقىدىغانلىقىنى بايقاپ، كونا خەرىتىگە ئاساسەن ئۇدۇننىڭ جەنۇ-
بىدىكى تاغلارغا كوئېنلۇن تېغى دەپ ئىسىم قويغان. جىن سۇلا-
لىسى دەۋرىدىكىلەر كوئېنلۇن تېغىنى رەڭدار بۇلۇڭلار ۋە رەڭدار

سۇلار بارجاي دەپ قارىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كوئېنلۇن
تېغى «كوئېنلۇن تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئاي ئولتۇرغاندا، غۇز ئايغا
قاراپ چالدى بورىيا» (سېن شېن يازغان «بورىيا چېلىپ ناخشا
ئېيتىپ يەن جېڭچىڭنى خېلوڭغا ئۇزىتىش» دېگەن نەزمىدىكى
جايدۇر. سېن شېننىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، ئۇ تەڭرى تېغى-
نى كوئېنلۇن تېغى دەپ قالغان. كوئېنلۇن رىۋايەتلىرىدىكى
كوئېنلۇن بولسا «ئىلاھ، باخشى، كوئېنلۇن (خۇاڭدىنىڭ تۆۋەن
ئاستانىسى)، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىدىن تەركىب تاپقان
غەربتىكى ئەۋلىيالار ماكانى» دۇر.① كوئېنلۇن رىۋايەتلىرى خاتى-
رىلەنگەن خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن «چۇ نەزمىلىرى. تەڭ-
رىگە سوئال»، «تاغ - ئىزىمىلار قىۇرئى. قىبىلىتىاغ دەستۇ-
رى»، «خۇەينەنزى»، «تەڭرىقۇت جۇمۇۋاڭ ھەقىقىدە قىسسە»
قاتارلىقلار بار. «چۇ نەزمىلىرى. تەڭرىگە سوئال» دا كوئېن-
لۇن ھۆر - پەرىلەر ماكانى دەپ خاتىرىلەنگەن. «تاغ -
دەريالار دەستۇرى، غەربتىكى تاغلار» دا «كوئېنلۇن تېغى ھەقىقە-
تەن پادىشاھنىڭ تۆۋەن ئاستانىسى ··· دەريا مۇشۇ تاغدىن باشلىنى-
دۇ» دېيىلگەن، «خۇەينەنزى» دە «كوئېنلۇن··· شۇپۇ دېيىلىدى-
غان كۆل بار، ئۇنىڭ سۈيى سارغۇچ كەلگەن، كەلكۈن كەلسە
چۆرىسىگە يۇقمايدۇ، ئەسلىگە كەلگەندە سۇ قىزىل بولىدۇ، ئىچ-
سە ئۆلمەيدىغان بولىدۇ، دەريا سۈيى كوئېنلۇننىڭ شەرقىي شى-
مالىدىن باشلىنىپ، بوخەي ئارقىلىق دايۇ باشلىغان جىشى (باين-
قارا) تېغىغا بارىدۇ···» دېيىلگەن، «تەڭرىقۇت جۇمۇۋاڭ ھەقىقى-
دە قىسسە» دە «تەڭرىقۇت خۇاڭدى (سېرىق پادىشاھ) ئوردىسىنى
كۆرۈش ئۈچۈن كوئېنلۇن تېغىغا چىقتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.
بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «ئەمەلىي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا
ئەپسانىنىڭ ئاساسىي يوق. ئاساسى يوق دېگىنىمىزدە ئەپسانىنىڭ

① ۋاڭ شياۋليەن: «جۇڭگونىڭ ئەپسانە دۇنياسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1991 - يىل
1 - ئاي نەشرى، 88 - بەت

رېئال ئوبيېكتكه ئاساسلانمايدىغانلىقى كۆزده تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ
ئوبيېكتىپ چىنلىق بىلەن ماسلىقى يوق بولۇپ، ئەمەلىي مەۋجۇ-
دىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. لېكىن، مۇنداق ئاساسسىز
فانتازىيىلىك گەپلەر ئۇزلۇكسىز تۇرده مۇئەييەن مەۋجۇدىيەت
شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا كونكرېت ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ۋەقە-
لىكىگە ئالمىشىدۇ.» مۇنداقىسىگه ئېيتقاندا، «كوئېنلۇندىكى
ھۆر ـ پەرىلەر ماكانى»، «خۇاڭدىنىڭ تۆۋەن ئاستانىسى» دىكى
ئىلاھلار مەۋجۇت بولمىغان ئەپسانىۋى خىيالدىن ئىبارەت. قەدىم-
كىلەرنىڭ خۇاڭدى زامانىدا ياشىغانلىقى بولسا چىنلىق، كوئېن-
لۇندىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتمۇ چىنلىق.
بۇنىڭغا چېن مېڭجيا ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ: «بىز نىقابنى
ئېچىپ تاشلاپ، ئەپسانىلەرنىڭ تارىخ قىسمىنى ئايرىۋېلىپ، قە-
دىمكى تارىخنى باشقىدىن ياراتساق بولىدۇ.

خۇاڭدىنىڭ تۆۋەن ئاستانىسى بولغان كوئېنلۇن تېغى زادى
قانداق جاي؟ «تاغ ـ ئىزىملار قۇرئى. قىبلىتاغ دەستۇرى» دا
مۇنداق دېيىلىدۇ: (كوئىنلۇن تېغىنى) ئىلاھ لۇۋۇ باشقۇرىدۇ.
بۇ ئىلاھ يولۋاس تەنلىك، توققۇز قۇيرۇقى بار، ئادەم يۇزلۇك،
يولۋاس تىرناقلىق — بۇ ئىلاھ ئاسماننىڭ توققۇز بۆلىكى ۋە
ئاسمان پادىشاھىنىڭ ئېغىلىنى باشقۇرىدۇ. بىر خىل ھايۋان
باركى، خۇددى قويغا ئوخشايدۇ، ئەمما تۆت مۈڭگۈزى بار،
ئىسمى تۇلو، ئادەم يەيدۇ. بىر خىل قۇش بار، ھەرىگە ئوخشاي-
دۇ، چوڭلۇقى قوشماق ئۆردەكچىلىك بار، ئىسمى چىيۇەن بو-
لۇپ، قۇش ۋە ھايۋانلارنى چېقىۋالسا دەرھال ئۆلىدۇ؛ دەرەخكە
قونسا دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ. بۆدۇنە دەپ ئاتىلىدىغان سۇمۇرغ
تۇرىدىكى يەنە بىر خىل قۇشمۇ بار بولۇپ، ئاسمان پادىشاھىنىڭ
كۇندىلىك ئىشلىتىدىغان قاچا ـ قۇچا ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى
باشقۇرىدۇ. ياۋا نەشپۇتكه ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ بار،
چېچەكى سېرىق ئېچىلىدۇ. مېۋىسى قىزىل بولىدۇ. تەمى نەش-

پۈتنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئۈرۈقى يوق، ئىسمى شاتاق دېيىلىدۇ، سۇدا ساقلايدۇ، ئۇنى يېگەن ئادەم سۇغا كىرسە چۆكمەيدۇ. ئۇششۇق ئوت (كەڭ باشاقلىق تۈزلۈق ئوت) دېيىلىدىغان ئوت بار، شەكلى ئاپتاپپەرەسكە، تەمى سۇڭپىيازغا ئوخشايدۇ، يېسە چارچىتىپ قويىدۇ… غەلىتە قۇش ۋە ھايۋانلار كۆپ.» بۇ جاي ئاڭلىق ھايۋان ئاسمان ئىشىكىنى باقىدىغان، تۇرغۇن ئۇچار قانات، ھايۋانلار ۋە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر، ئاجايىپ - غارايىپ گۈل - گىياھلار توپلاشقان جاي بولغان. كۇئېنلۇننىڭ كۆنگەي تەرىپى بولغان مىشەن تېغى خۇاڭدى ۋە ئاسمان - زېمىندىكى ئىلاھ ۋە جىن - ئالۋاستىلارنىڭ يېمەكلىكى — قاشتېشى كۆپ چىقىدىغان جاي. خۇاڭدى ۋە ئىلاھلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشى ئۇلارنىڭ قاشتېشى مەلھىمى ۋە ئابىھايات سۈيى ئىچىدىغانلىقىدىندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۇئېنلۇندىن چىقىدۇ. «مەركەزنىڭ مەركىزى» بولغان كۇئېنلۇن ئاسماندىكى تۈۋرۈك بولۇپ، خۇاڭدى دەل بارلىق ئىلاھلارنى باشقۇرىدىغان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلاھ بولغان.

قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردە كۇئېنلۇن ھۆر - پەرىلەر ماكانى دېگەن ئەپسانىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بەزى ئالىملار بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك دەپ قارايدۇ: بىرى، قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۇئېنلۇننى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىمى دەيدىغان ئېتىقادتىن پەيدا بولغان. ئىككىنچىسى، كۇئېنلۇن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى دەيدىغان ئېتىقادتىن پەيدا بولغان، يەنى قەدىمكىلەر كۇئېنلۇننى ئالەمنىڭ مەركىزى، ئاسمان بىلەن زېمىن بىر - بىرىگە تۇتىشىدىغان جاي دەپ قارىغان.»① كۇئېنلۇن تېغىنىڭ كۇئېنلۇن ئەپسانىلىرىنى پەيدا قىلغان جۇغراپىيىلىك ئورۇن بولۇشى ياكى بولماسلىقى بۇ يەردە ئاساسىي

---

① ۋاڭ شياۋلىيەن: «جۇڭگونىڭ ئەپسانە دۇنياسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى، 77 - بەت.

مەنە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، قاشتېشىنىڭ كوئېنلۇندىن چىقىدىغانلىقى راست، قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ قاشتې- شىغا بولغان ئېتىقادى، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەشكە بول- غان قىزغىنلىقىنى كوئېنلۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بول- مايدۇ. غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلى- دىغان ۋاڭ شۇچۇن ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ: «چىن سۇلالىسى- دىن ئىلگىرىكى زاماندا خېشى (كەنسۇ) كارىدورى، لوپنۇر كۆلى رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى ئارقىلىق خوتەنگە يېتىپ بېرىش خۇاڭخې ۋادىسى بىلەن شىنجاڭ رايو- نىنىڭ بېرىش - كېلىش قىلىشىدىكى مۇھىم يول بولغان. بۇ بېرىش - كېلىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قاشتېشى ئالماشتۇرۇش بولغان... قەدىمكى شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى جايلار ئوتتۇرى- سىدا كەڭ تۈردىكى گۇمانسىزلىق بېرىش - كېلىش ۋە ئۇچرى- شىشلار بولغان.» بۇ بەلكىم كوئېنلۇن ئەپسانىسىنى ئاچىدىغان بىر ئاچقۇچتۇر.

ئاپتورى: جۇڭ گاۋ

## ئىككىنچى بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى گۈللەنگەن دەۋرىدىكى خوتەن

تەخمىنەن يېڭىلىق دەۋرىدە خوتەنلىكلەر كۆچۈپ يۈرۈشتىن ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىگىلىكى باسقۇچىغا ئۆتۈش- كە باشلىغان. تاغ ئالدى بەلۋېغىدىكى يېغىش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، تېرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالغان، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئې- قىپ كىرگەن ئېقىنىنىڭ ئايىغىدا ھاسىل بولغان پارچە - پارچە

بوستانلىقلار بولسا ھاياتىي كۆچكە تولغان، قەدىمكى خوتەنلىك-
لەرمۇ بۇ بوستانلىقلارغا كۆز تىككەن، شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك
قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان تېرىقچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كې-
لىپ، خوتەننىڭ مەدەنىيىتىمۇ بوستانلىق مەدەنىيىتى باسقۇچىغا
كىرگەن. ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق ئاجىز بوستانلىق ئىگىلىكى
بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بۇگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتۇردى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ خوتەن-
نىڭ بوستانلىق تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى تېرىقچىلىق ئىگىلىكى-
نىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن گۈللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە قات-
ناشنىڭ ئېچىلىشى ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىشتەك تېخىمۇ زور پۇر-
سەتكە يولۇققان. ئەسلىدە قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پارچە ـ
پارچە بوستانلىقلاردا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن
قۇملۇق يالغۇز ئارال شەكلىدە بېكىنىۋېلىش مېخانىزمى مەۋجۇت
بولۇپ، بۇنداق «ئالاقە قىلماسلىق مېخانىزمى» مۇ ئۆزىنى ئۆزى
قامدايدىغان يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. جۇغرا-
پىيىلىك مۇھىت، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىجتىمائىي تەشكى-
لاتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قاتلاملىق ۋەزىيەت خوتەننىڭ بوستانلىق
مەدەنىيىتىنىڭ تىپىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، بوستانلىق ئاھالى-
سى بوستانلىق بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ،
شەرق ۋە غەرب بىلەن ئالاقە قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرت
بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىزدەپ
كەلمەكتە ئىدى. بۇ ياشاشنىڭ ئېھتىياجى ھەم راۋاج تېپىشنىڭ
ئېھتىياجى ئىدى. بۇنداق پۇرسەت ئاخىر خەن سۇلالىسى غەربىي
يۇرت، يىپەك يولى سودىسىنى ئاچقان ۋە بۇددا دىنى تارقىلىپ
كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان. بۇنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدە
خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى، خوتەننىڭ
بوستانلىق مەدەنىيىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ يىپەك يولى سودى-
سىنىڭ پات ـ پات بولۇپ تۇرۇشى بىلەن خوتەن بوستانلىقى

شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى قوشۇلىدىغان جايغا ئايلاندى؛ بۇددا
دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ئارقىسىدا بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى ئېتىقادىدا غايەت زور ئۆزگىرىش-
لەر بارلىققا كېلىپ، خوتەننىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل-
لىنىش دەۋرى يېتىپ كەلدى.

## 1 . غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىر- لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تە- رەققىياتى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي
يۇرتتا قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىشى غەربىي يۇرتنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ بەلگىسى بولدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق را-
يونلار تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ جايلار،
كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىق ئەللىرىنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغان بولۇپ، پىشامشان (كروراەن)، چىمولا (چەر-
چەن)، ئەندىر، چادوتا (نىيە)، روڭلۇ، ئۇزۇنتات، چۆرلى،
ئۇدۇن، ساكىيە (ياركەنت)، پىشنان (گۇما) قاتارلىق بوستان-
لىق شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى خوتەن زېمىنى ئىچىدە
ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭيۇەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە-
نىڭ 91 ـ يىلى) بەنچاۋ غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبېگى بولۇپ،
يەنگۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 123 ـ يىلى) بەنيۇڭ
غەربىي يۇرت دورغابى بولۇپ، باشتا ليۇجۇڭدا بوز يەر ئېچىلەپ
تۇرغان، كېيىن دورغاپ مەھكىمىسىنى ئۇدۇنغا كۆچۈرگەن. «بۇ
چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا
رەسمىي جاكارلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي تۈزۈلمى-
سى، ئىلغار تېرىقچىلىق، سۇغىرىش تېخنىكىسى ۋە يۈكسەك
دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ

كىرگەن، تارىم بويىدىكى بوستانلىق ئەللىرىنىڭ سىياسىتى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن.»①

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى خوتەندىكى بوستانلىقلارغا تارقىلىپ كىرىشتە، بىر تەرەپتىن، ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ئادەم ئەۋەتىپ باشقۇرۇشى ۋە لەشكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىن كىرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بوستانلىق شەھەر ئەللىرى خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن خانزادىلىرىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ ۋە ئولپان تاپشۇرۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى بوستانلىقلارغا ئېلىپ كىردى. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشى تېخىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىل بولدى.

ئەگەر مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمى، تۈزۈم قاتلىمى ۋە ئاڭ قاتلىمىدىن قارايدىغان بولساق، ئاۋۋال ئۆزگىرىش بولغىنى ماددىي قاتلام ۋە تۈزۈم قاتلىمى بولدى، بۇ كېيىن ئاڭ قاتلىمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى؛ ئەگەر جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلامغا نەزەر سالساق، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلغانلار يۇقىرى قاتلامدىكىلەردۇر. ئىككى خەن سۇلالىسىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگىچە بولغان ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە بوستانلىق شەھەر ئەللىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ئەزىزلەشنى شان - شەرەپ دەپ بىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا تۆۋەن قاتلامدىكى ئاۋامغا تەسىر كۆرسەتكەن.

خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىككى خەن سۇلالىسىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگىچە بولغان ئوخشاش بولمىغان مەزگىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى

① يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشر شىركىتى، 1995 - يىلى نەشرى، 91 - بەت.

قوبۇل قىلىشى ماددىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن تېخنىكىغىچە، كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچا ۋە سايمانلاردىن تۇرلۇك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغىچە، كىيىم - كېچەك، ئۇزۇق - تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە يورۇش - تۇرۇشتىن دەپنە بۇيۇملىرى قاتارلىقلارغىچە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنى نىيە خارابىسىدىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتۇر. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان نىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار بىزگە نىيە بوستانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

نىيە قەدىمكى نىيە دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار كۆپ ئۇچرىدى. كىيىم مەدەنىيىتىدىن قارىغاندا، خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلەر قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىغا باشتىن - ئاخىر قاتتىق بېرىلگەن، بۇمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ رەسىم - يوسۇنىغا ئايلانغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ مۇزېي نىيە خارابىسىنى قېزىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەر - خوتۇن بىللە دەپنە قىلىنغان بىر قەبرىنى بايقىغان. ئەگەر «ھەممە ئىش مەڭگۈ كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولغاي» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن كىمخاب تون كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، تونىنىڭ پېشىگە «ئۇزۇن دەۋران سۈرگەيلا، نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن. پۇتىغا «ئۇزۇن دەۋران سۈرگەيلا، نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن پايپاق كىيگۈزۈلگەن، بېشىغا سېرىق شايىدىن يېلىڭ بۆك، قولىغا كىمخاب پەلەي كىيگۈزۈلگەن، ئايالنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچىگە يېڭى ئۇزۇن، تار گۈللۈك دارايىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن

پەشمەت، چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كالتە يەڭ ئۇزۇن شايى كۆڭلەك، ئەڭ ئىچىگە ئاچ قىزىل شايى كۆڭلەك كىيگۈزۈلگەن. ئۇزۇن تار ئىشتىنىغا قۇش ۋە هايۋانلارنىڭ سۇس رەڭلىك نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن، نەقىشلەر ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ تارقالغان سۇمورغ ۋە ئەجدىهانىڭ رەسىمى بار، بېشىغا ئاق شايى بۆك كىيگۈزۈلگەن، ئايال جەسەتنىڭ پۈتۈن بەدىنى سېرىق شايى يوتقان بىلەن چۈمكەلگەن. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىسى ئورنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىكتە نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا يەنە بىر تۈركۈم كىمخاب، شايى قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلەرنى بايقىدى. كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ زىب ـ زىننىتى سۈپىتىدە «توقۇلما چىلتەك تۇتۇش» بىلەن بېزەلگەنلىرىدىن «ئۇرۇق ئەۋلادىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي» ، «خاتىرجەملىك كەشتىسى» ، «ۋېندا» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن كىمخاب قاتارلىقلار بار، «بەش يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى جۇڭگوغا پايدىلىق» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخاب بۇيۇم «كامان تارتقۇچىلارنىڭ بىلەكنى ئاسراش بۇيۇمى» دەپ قارالغان. بۇلاردىن باشقا كىمخاب دوپپا، كىمخاب خالتا قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، پۈتۈنلەي خەن سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. يەنە شۇ قەبرىلەردىن يۇڭ توقۇلما، پاختا توقۇلمىلارمۇ تېپىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى، «فاشيەننىڭ تەرجىمىهالى» دىكى «ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئاددىيلىقى خەنزۇ ئېلىدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، لېكىن چەكمەن كىيىم كىيىشلىرى پەرقلىنىدىكەن» دېگەن يازما مەنبەدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى پۇقرالار «چەكمەن كىيىش» كىلا مۇناسىپ بولغان، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردە بولسا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ كىيىنىشىنى دوراش بىر خىل رەسىم ـ يوسۇن بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ كىمخاب،

شايى قاتارلىق ئىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى ئاساس قىل-
غان. ئەلۋەتتە كىمخاب، شايى پەقەت كىيىم تىكىشكىلا ئىشلە-
تىلمەستىن، تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ، جۈملىدىن ياس-
تۇق، ئىپار قاپچۇقى، ئۇپا قاپچۇقى، ئەينەك قاپچۇقى قاتارلىق-
لارنى تىكىشكىمۇ ئىشلىتىلگەن، نىيىدىن قېزىۋېلىنغان «كۆ-
ڭۈلدىكىدەك خاتىرجەم ئۆتسىڭىز، چەكسىز بولۇر ئۆمرىڭىز»
دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ياستۇق كىمخاب ياستۇقتۇر. ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ مىس ئەينەك، سىرلانغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇم-
لىرى، تۆمۈر قورال - سايمانلارمۇ نىيە بوستانلىقىدىكى يۇقىرى
تەبىقىدە كەڭ تارقالغان نەرسىلەر بولغان.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن
كېيىن، ھۆكۈمەت ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنىڭ را-
ۋان بولۇشى ئۈچۈن غەربىي يۇرتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۈزۈم
مەدەنىيىتىنى يولغا قويۇش زۆرۈر بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ
تىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ ئالاقىلىشىشنىڭ
مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. ئەگەر مۇناسىپ تىل - يېزىق تەربىيە-
سى تەدبىرى بولمىسا، ھۆكۈمەت ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ راۋانلى-
شىشى تۇگۇل ئەقەللىي ئۆزئارا سۆزلىشىش، پاراڭلىشىشتىنمۇ
سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

نىيىدىن چىققان خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەر ئىچىدە «ساڭجيې
تېكىستلىرى» دېگەن ساۋات چىقىرىش كىتابىنىڭ تارىشا پۈتۈك
پارچىسىنىڭ چىقىشى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا
تېخى تۇنجى قېتىم. «ساڭجيې تېكىستلىرى» چىن، خەن سۇلا-
لىلىرى دەۋرىدە مەملىكەت بويىچە قوللىنىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ
دەرسلىكى بولۇپ، نىيىدىكى چادوتا خارابىسىدىن تېپىلىشى بۇ
يەردە «خەنزۇ تىلىنى ئۆگىتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ مۇللىلى-
رىمۇ بولغان» لىقى، خانىدانلىق ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئىزچىل
يولغا قويۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن ئىككى خەن سۇلالىسى

تىرىشىپ ھەرقايسى ئالاقىدار كىچىك شەھەر ئەللىرىدە خەنزۇ
تىلى مەدەنىيىتىنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىسپات-
لايدۇ.

نىيە تارىشا پۇتۇكلىرىنىڭ بايقىلىشىنى يەككە - يېگانە ھالدا
تىل - يېزىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىنكاسى دەپلا قالماستىن، بەلكى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ
جەنۇبىي گىرۋىكىدە يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراش
كېرەك. چۈنكى، تارىشا پۇتۇكنىڭ ياسىلىش شەكلى، خەتلەرنىڭ
قۇرۇلمىسى ۋە يېزىق قۇراللىرى ھەقىقەتەن ئىككى خەن سۇلالى-
سى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ خەت - چەك ماتېرىيا-
لىنىڭ بامبۇك پۇتۇك بولغانلىقى، غەربىي يۇرتتا بولسا شۇ يەر-
نىڭ شارائىتىغا يارىشا ياغاچ پۇتۇككە ئۆزگەرتىلگەنلىكى، لېكىن
چوڭ - كىچىكلىكى، خەتلەر قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاي-
دۇ. ستەين مۇنداق دەپ قارايدۇ: «(تارىشا پۇتۇك) بامبۇك
پۇتۇككە تەقلىد قىلىنغان»، «نىيە خارابىسىدىن چىققان خەنزۇچە
خەت - چەكلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە سۈپىتى بىز ماتېرىيال
ۋە ھۆججەتلەردىن بىلگەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى يېزىش - خاتىرى-
لەش شەكلىگە ناھايىتى يېقىنلىشىدۇ ۋە ئوخشىشىپ كې-
تىدۇ». نىيىدىن چىققان ياغاچ قەلەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك موي
قەلەم ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن بامبۇك قەلەمگە خې-
لىلا ئوخشاپ كېتىدۇ.» خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ يارلىقى،
ھۆكۈمەت خەت - چەكلىرىنىڭ بامبۇك پۇتۇكى ئۆلچەملىك ياسال-
غان. مەسىلەن، چوڭ - كىچىكلىكى، يېزىش شەكلى، خەت
سانى ۋە پوچېركىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچىمى بېكىتىلگەن. بام-
بۇك پۇتۇكنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، كەڭ - تارلىقىنىلا ئېلىپ
ئېيتساق، بامبۇكنىڭ كاۋاكلىقى، دىئامېتىرى، بامبۇكنىڭ بو-
غۇمى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، كەڭلىكى ئىككى

لېكىن، تارىشا پۇتۇكنىڭ چوڭ -
سانتىمېتىردىن ئاشمايتتى. يەنىلا
كىچىكلىكى چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك بولسىمۇ،
شۇ ئۆلچەمدە ياسالغان. تارىشا پۇتۇكنى باغلاش ئۇسۇلىنىلا ئې-
لىپ ئېيتساق، بۇ ئۇسۇلنىڭ جۇڭگودىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالىغا
ناھايىتى يېقىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تۇزۇم مەدەنى-
يىتىنىڭ قەدىمكى خوتەندە يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىردىنبىر
ئىسپاتىمۇ ئەمەس. خەن سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىدىكى خەن-
زۇلارنىڭ مەنسىپىمۇ نىيە، ئۇزۇنتات، ئۇدۇن، گۇما قاتارلىق
جايلاردا ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە،
نائىپبەگ، ئوڭ قول، سول قول كاھبەگ، ئوڭ قانات، سول
قانات سانغۇن، ئوڭ قانات، سول قانات چەۋەندازلاربېگى، شەر-
قىي ۋە غەربىي قۇۋۇق بېشى، تىلماچبەگ قاتارلىق مەنسەپتىكى-
لەرنىڭ بىرى خەنزۇ ئەمەلدار، بىرى غەربىي يۇرتلۇق بولۇپ،
خەن سۇلالىسى بەرگەن پۆپۈكلۈك مەنسەپ تامغا بېغىنى ئاساتتى.
خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى
بولغان ئەدەپ - قائىدە مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاشلا تارىم ئويمانلىقى-
نىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلاردا چوڭقۇر يىلتىز تار-
تىپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت قۇرۇلمى-
سىغا تەسىر كۆرسەتكەن. سامپۇلدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىنمۇ ۋە
نىيە خارابىلىكىنىمۇ «Y» شەكىللىك ياغاچ ئاچا كۆپ چىققتى،
بۇ كۆپىنچە ئەر - ئايال جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان،
جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان «Y» شەكىللىك ئاچىلارغا نەرسە
يۆگەلگەن، لېكىن ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاشمايدۇ، ئەرنىڭ
يېنىدىكى ئاچىغا غىلاپ، كىمخاب تۇماق، كۆن كەمەر، تۇلۇم،
ئەرلەرنىڭ كىمخاب كۆڭلىكى قاتارلىق ئەرلەر ئىشلىتىدىغان بۇ-
يۇملار يۆگەلگەن؛ ئايالنىڭ يېنىدىكى ئاچىغا بولسا شايى كىيىم،
كىمخاب خالتا، شايى بىلىق، شايى كۆڭلەك قاتارلىق ئاياللار
ئىشلىتىدىغان بۇيۇملار يۆگەلگەن. ياغاچ ئاچىنى بەزى ئالىملار

بىر خىل كىيىم ئاسقۇ، قەدىمدە «ئاسقۇ قوزۇق» دەپ ئاتىلاتتى
دەپ قارايدۇ، «قەدىمكى ئاسقۇ قوزۇق ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئايرىم
بولىدۇ، ئارىلاش ئىشلىتىلمەيدۇ» ، «نىيىدىكى خەن سۇلالىسى
دەۋرىگە تەۋە قەبرە ئىچىدىكى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كىيىم ئاسقۇسى
پەرقلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭكىنى بىللە ئىشلەتمەسلىكى دەل
قەدىمكى ئاسقۇ قوزۇقنى ئىشلىتىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلغانلى-
قىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» ، «بۇنداق بەلگىلىمىنىڭ
مېغىزى ئەرلىك ھوقۇقنى مەركەز قىلغان جەمئىيەت تەرتىپىنى
قوغداشتۇر.» ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاسقۇ قوزۇقنى بىللە ئىشلەت-
مەسلىكى نىيە جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ كۆڭزر-
چىلار ئەدەپ ـ قائىدە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقى، ئۇلار-
نىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىغا ھۆر-
مەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت
سىياستىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كونكرېت يولغا قويۇلۇش ئەھۋا-
لى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇئەييەن نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ.» ئاپتور يەنە «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدە، تۈزۈم
مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشىدىكى مۇھىم يوللارنىڭ بى-
رى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت ھۆكۈمرانلارنىڭ مەركىزىي
خاندانلىققا تۇرغاق ئوغۇل، ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشىدۇر» دەپ قاراي-
دۇ. نەتىجىدە بەزى كىچىك بوستانلىقلارنىڭمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى خاندانلىققا ئۆزلۈكىدىن تېخىمۇ بېقىنىشى، خەن سۇلا-
لىسىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدە تۈزۈمىگە مايىل بولۇشى، ئىنتىلىشى
تېخىمۇ قىزغىن بولدى.»

## 2. يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش

بارغانسېرى كۆپ دەلىل ـ ئىسپاتلار يىپەك يولىنىڭ چىن
سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئېچىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، لې-
كىن تولىسى تارىختا يېزىلمىغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەل-

گەندە «خەننامە، غەربىي يۇرت (قورىقار) تەزكىرىسى» دە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولىنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق خاتىرى-لەنگەن: «يۇمېن (قاشقوۋۇق) ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چى-قىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار. پىشامشاندىن چىقىپ، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي بىلەن تارىم دەرياسىنى ياقى-لاپ غەرب تەرەپكە مېڭىپ ياركەنتكە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ؛ جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرى-دىن ئۆتۈپ، توخرىلار ۋە ئارساكقا بارغىلى بولىدۇ. ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ قەشقەرگە بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ، شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، سوغدىيانا ۋە ئائورىسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ». يىپەك يولىنىڭ جەنۇ-بىي يولى ئۆتىدىغان جايلار: ياڭگۇەندىن چىقىپ مىرەن، چەر-چەن، نىيە، ئۇزۇنتات، ئۇدۇن، گۇما، ياركەنتتىن ئۆتۈپ، سارىقول (تاشقورغان) ئارقىلىق مىڭتىكە داۋىنى ئېغىزىدىن چى-قىپ، ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پەنجى دەرياسى-نىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ توخرىلار ۋە ئارساكقا (بۇخاراغا) بارىدۇ. يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنىڭ لىنىيىسىدىن قارىغان-دا، قەدىمكى خوتەندە ئۆتىدىغان جايلار ھەرخىل ماللار يىغىلىپ - تارقىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم بازارغا ئايلىنىپ، تەرەپ - تەرەپلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ جايغا يىغىلىدىغان، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى، ساياھەتچىلەر، راھىبلار بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، يىپەك يولى ھەم سودا يولى، ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولى بولۇپ، بوستانلىقتىكى ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرىمۇ شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىدىغان مۇھىم ئالاقە تۈگۈنىگە ئايلانغان. ماددىي مەدە-نىيەت بولغان شەرق ۋە غەرب ئەسۋابلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى شەرق

ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ خوتەن بوستانلىقىدا توپلانغانلىقىنىڭ
ئەڭ روشەن بەلگىسىدۇر. بۇ ئەسۋابلارنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان دېيىشكە بولىدۇ، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ يىپەك مال،
مىس ئەينەك، ساپال قاچا - قۇچا، سىرلىغان بۇيۇملار،
ھەربىي قورال - ياراغ، تۆمۈر سايمان قاتارلىق ماللىرى، غەربـ
نىڭ (كەڭ مەنىدە خوتەننىڭ غەربىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلـ
دۇ) گىلەم، ياغاچ ئويما ئورۇندۇق، ئەينەك مارجان، مارجان
قاتارلىق ماللىرى. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، تارىمـ
نىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىن تېپىلغان خەن سۇلالىسى ئۆزگىچە
خاس قاچا - قۇچىلارنىڭ «ساپال پارچىلىرىنىڭ تولىسى قىزىل
ۋە كۆك رەڭلىك، نەقىشلىرى كۆپىنچىسىنىڭ دولقۇن سىزىق،
ئارغامچا سىزىق ۋە قايتىما سىزىقلىق بولۇپ، ئىچكىرى جايلارنىڭ
ئەنئەنىۋى سىزىقلىرى بىلەن ئوخشاش، شەكلىمۇ كۆپىنچىلىرىـ
نىڭ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ مەيلى چاقتا پىرقىرىتىپ چىقىـ
رىش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىلغان بولسۇن، ياكى قول بىلەن
چۆرگىلىتىش ئۇسۇلىدا ياسالغان بولسۇن، ساپلا ئوتتۇرا تۈزلەڭـ
لىك ئۇسلۇبىدا بولۇپ، غەربتىن كىرگەنلىرى بىلەن زور
پەرق قىلىدۇ.» خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇلالچىلىق ھۈنەر -
سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى كۇلالچىلىقنىڭ تەرەققىياـ
تىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نىيە خارابىلىكىدىن تېپىلغان سىرلىغان
بۇيۇملار ئىچىدە سىرلىق چىنىنىڭ سۇنۇقى، سىرلىق پەرداز
قۇتۇسى بار بولۇپ، بامبۇكتىن ياسالغان سىرلىق بۇيۇملار لوپـ
نۇردىكى قەدىمى قەبرىدىنمۇ بايقالغان بولۇپ، «تارىخنامە. پەرـ
غانە تەزكىرىسى» دە «پەرغانىدىن ئارساكقىچە سىرلىغان نەرسىلەر
ئۇچرىمايدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، سىرلىغان بۇيۇملار
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي يۇرتقا كىرگەن. ئۇ بۇيۇمـ
لار بولسا جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا ياسالغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا
بولىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ مىس ئەينىكى نىيە خارابىلىكىدىنمۇ

چىققان بولۇپ، بەزىلىرىگە «جاناببىزنىڭ مەرتىۋىسى يۇ-
قىرى بولغاي» ياكى «ئۇرۇق - ئەۋلادىڭىز شاپائەت تاپقاي»
دېگەن جۈەنشۇ نۇسخىسىدىكى خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنىڭ بۇ ئەسۋاب ۋە بۇيۇملىرى قەدىمكى خوتەن رايونىغا
يىپەك يولى ئارقىلىق كىرگەن. كىرىش شەكلى كۆپ خىل
بولغان بولۇپ، سودا - سېتىق، ھەدىيە قىلىش سەۋەبى بىلەن
ياكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئې-
لىپ كېلىشى سەۋەبى بىلەن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. غەربتىن
كىرگەن ئەسۋاب ۋە بۇيۇملارنىڭ تولىسى يۇنان، ھىندىستان،
پرسىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى بۇيۇملار بولۇپ، كۆپلىرى
قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان. ستەين نىيە
خارابىسىنى قازغاندا قەدىمكى گىلەمنىڭ پارچىسىنى ئۇچراتقان
بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئۇنىڭ ئارقاق سىزىقلىرى، چۆرىسى-
نىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ۋە ئاددىي گېئومېتىرىيىلىك سۈرەتلىرى
ھازىرقى ھىندىستاننىڭ دەريا (Darrie) نۇسخىسىغا بەك يېقىن،
رەڭلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىمۇ ھىندىستاننىڭ ئاددىي بوز گى-
لىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.» نىيە خارابىسىدىن چىققان ياغاچ
نەقىشلىك ئورۇندۇق «زىنىنەتلەش لايىھىسىنىڭ قەندىھار ئويمى-
سىغا بەك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.» ئەينەك بۇيۇم-
لار غەربتىن كىرگەن بولۇپ، ئورنى ئوخشاش ئەمەس: خام
ئەشيا زابولىستان (كەشمىر) دىن كىرگەن، «كۆك ئەينەك»
پەرغانىدىن كىرگەن، «قىزىل، يېشىل ئەينەك» توخارىستاندىن
كىرگەن، توق قىزىل ئەينەك ۋە يېشىل ئەينەك فەرەڭ دۆلىتى-
دىن كىرگەن. بۇلار گەرچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ماتېرىيالل-
رىدا خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپ چىقىرىلغان ئورنى
ئاساسىي جەھەتتىن خاتا كەتمىگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ
شۇنداق. قەدىمىي خوتەنگە كىرگەن مارجان زىبۇزىنىنەتلىرىنىڭ
بىۋاسىتە چىققان جايى «ئېھتىمال غەربتىكى ئوتتۇرا دېڭىز رايونى

بولۇشى مۇمكىن.» «سودا» ئارقىلىق داكچىن، ئارساك، ئەنەت-
كەك (ھىندىستان)، زابولىستانلاردىن قەدىمكى خوتەن رايونىغا
كىرگەن.

يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇش تىل - يېزىق جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىككى خەن سۇلا-
لىسىدىن كېيىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە خوتەن بوس-
تانلىقىدا بىراخمان ھەرپى بىلەن تىك شەكىلدە يېزىلىدىغان يې-
زىق قوللىنىلغان، تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ
شەرقىي ئىران تارمىقى بولۇپ، خوتەن ساك تىلى دەپ ئاتالغان.
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ئودۇن قاتارلىق
جايلاردا قارۇشتى يېزىقىمۇ قوللىنىلغان. بۇ رايوندىن يەر ئاستى-
دىن تېپىلغان خەنزۇچە - قارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈ-
رۈلگەن پۇل، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دارماپادا سۇترىسى»
نىڭ پارچىلىرى بۇنىڭ دەلىل - ئىسپاتىدۇر. تېخىمۇ مەنىلىك
بولغىنى نىيە خارابىسىدىن شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇچە تارىشا
پۈتۈك، قارۇشتى يېزىقىدا ياغاچقا يېزىلغان خەت - چەكلەرنىڭ
چىقىشىدۇر. خەنزۇچە تارىشا پۈتۈك ئاساسەن ھۆكۈمەت خەت -
ئالاقىلىرىدىن ئىبارەت، قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر
ئىچىدە ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىلىرىدىن باشقا، ھېساب دەپتىرى،
خەت - چەك قاتارلىقلار بار. بۇ كەم دېگەندىمۇ شەرقىي خەن
سۇلالىسىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرىغىچە بولغان دەۋردە خوتەن
بوستانلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقىدە خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىقلار-
نىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىككى
خىل مەدەنىيەتنىڭ خوتەن بوستانلىقىدا مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ
مەھسۇلى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال يىپەك يولىنىڭ شەرق مەدەنى-
يىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان يېرىدىلا ئۇچرايدۇ.
شەرق ۋە غەربتىن كىرىپ خوتەندە ئۇچراشقان تىل - يېزىقلار
ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەتكە قاقمىغان. قېزىۋېلىنغان تارىشا

پۈتۈكلەرنىڭ لاي پىچىتىدىن شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، ئوخشاش بىر ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىسىگە بېسىلغان خەنزۇ-
چە يېزىق بىلەن رىم سەنئىتى يانداش قىلىنغان لاي پىچەت قەدىم-
كى خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ يىراق غەرب ۋە يىراق شەرقنىڭ ئارىلا-
شما تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدەك
تۇرىدۇ.» بەزى لاي پىچەتلەرنىڭ ئۈستىدە بېجىرىم خەنزۇچە
خەت بار، بەزى لاي پىچەتلەرنىڭ ئۈستىدە بولسا پاللاس ئافىنانىڭ
رەسىمى بار بولۇپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئارىلىشىپ
كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بېسىلغانلىقى ئېنىق.

## 3. بۇددىزم سەنئىتى ۋە ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىش

بۇددا دىنىنىڭ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي يولىنى
بويلاپ ئۇدۇن، كۆسەنلەرگە تارقالغانلىقىدا شەك يوق بولسىمۇ،
قاچان، قەيەردىن تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلار
بىردەك ئەمەس. گومور، رېن جىيۈي، يۈي تيەنخېڭ قاتارلىق
ئالىملار I ئەسىردىن كېيىن ئەمەس دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرى-
دۇ. ۋۇجۇ ئەپەندى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق «غەربىي
يۇرتقا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرگەن دەۋرى كۆپ دېگەندىمۇ
مىلادىيە II ئەسىردىن بۇرۇن ئەمەس» دەپ قارىدى. بۇددىزم
مەدەنىيىتى بۇددىزم كىتابلىرى ۋە ھەرخىل مۇراسىم ۋە دىنىي
ئادەتلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇدۇننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى سۇ-
رۇشتۇرسەكمۇ بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە بايقالغان بۇددىزم ئىمارەتلىرىدىن راۋاق
بۇتخانا قۇرۇلۇشلىرى تۈركۈمى ۋە نىيە، قارادۆڭ، يوتكان، زاۋا
قاتارلىق بۇتخانا، بۇددا مۇنارى خارابىسى بار. ستەين ئەپەندى
راۋاق بوتخانىسىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇنداق دەپ جانلىق
تەسۋىرلەيدۇ: «…بۇ بىر چوڭ بۇددا مۇنارى ۋە ئۇنىڭ چاسا
قورشام تېمى بولۇپ، مەن خوتەن رايونىدا كۆرگەن، كىشىنى

ئەڭ جەلپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش... قورشام تامنىڭ ئۈستى ئىلگىرى پۈتۈنلەي بىر قانچە رەت زور لاي ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەنلىكىنى تېزلا بايقاپ قالدىم... ئىنقىلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، مەن تام ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاساسلىق بېزەكلەرنىڭ پۈتۈنلەي قاتار - قاتار زور لاي ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بارلىق قاپارتما نەقىشلەر بۇددا ۋە بودىساتۋانىڭ ھەيكىلى ئىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرقىدىن بۇ ھەيكەللەرنىڭ بىر قانچە خىل ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ھەيكەللەر روشەن ھالدا ئومۇمىي جەھەتتىن سىممېترىك قىلىپ تىزىلغان، چوڭ بۇتلار ئارىسىدىكى ھەربىر بوش ئارىلىقتا ئويۇلغان كىچىك نەقىشلەر ساپلا مۇلازىم ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەيكىلى ئىكەن... ھەممە قاپارتما ھەيكەللەر ئەسلىدە رەڭلىك ئىكەن؟[1] شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان خوتەن رايونىنىڭ بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» دىنمۇ ئانچە - مۇنچە بىلەلەيمىز؛ «شەھەرنىڭ غەربىدىن 7 — 8 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا يېڭى بىھارا دەيدىغان بىر ساڭرام بار ئىكەن. سېلىنغىنىغا 80 يىل بوپتۇ. ئۈچ خان ئۆتۈپ ئاندىن پۈتكەنىكەن، ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ كېلىدىغان، ئۈنىڭغا نەقىشلەر چىقىرىلغان، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، كۆپ مۇنارلاردىن تەركىب تاپقان، مۇنارنىڭ ئارقىسىدىكى ئىبادەتخانا قالتىس ھەيۋەتلىك بولۇپ، لىم - تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك - دېرىزە راملىرىغا ئالتۇن قەغەز چاپلانغان. ئايرىم - ئايرىم راھىب ئۆيلىرىمۇ رەتلىك بېزەلگەن. تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ»، راۋاقتىكى بۇددا مۇنارىنى مەر-

① ستەين يازغان: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، يىن چىلىڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى، 280 -، 278 - بەتلەر.

ئىمارەتلەردىكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى
كەز قىلغان ئۆي - ئىمارەتلەردىكى
ھىندىستاننىڭ بۇتخانا سەنئىتى ۋە قەنداھار سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى-
غا يۈزلەنگەن، بولۇپمۇ «ئۇستى يۇمىلاق، ئاستى تۆت چاسا،
ئوتتۇرىسى كاۋاك» بولغان بۇددا مۇنارى ھىندىستاننىڭ بۇتخانا
مۇنارى ئۇسلۇبىغا بەك يېقىن كېلىدۇ. راۋاقتىكى ناھايىتى چوڭ
بۇددا ھەيكىلى بىلەن بۇدساتۋا ھەيكىلىگىمۇ قەنداھارچە دولىسى
ئوچۇق ئۇزۇن كىيىم كىيگۈزۈلگەن، راۋاقتىكى قەنداھارچە بۇد-
دىزم ھەيكەلتىراشلىقى لاي ھەيكەل ئەندىزىسى بويىچە لاي بۇتلار-
نى ياساشتىن ئىبارەت بولۇپ، تاكىللا ۋە پاگماندىن كېيىن چىق-
قان، ئېتىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە لەپىلدەپ تۇرىدىغان تىپىك يۇنان
ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، قەنداھار سەنئىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن
دەۋردىكى سەنئەت بۇيۇمىغا كىرىدۇ. لېكىن، راۋاق بۇتخانىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىغا جايلاشقان «ئىشىك مۇئەككىلى» نىڭ ھەيكىلى
ئادەملەشتۈرۈلگەن ئوبراز بولۇپ، پۈتۈنلەي يەرلىكلەشتۈرۈل-
گەن. بۇمۇ سەنئەتنىڭ تارقىلىش جەريانىدا ھامان ئۆيغۇنلىشىش
خاراكتېرىدىكى شەكىل ئۆزگىرىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مۇ-
شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلا-
لايدىغانلىقىنى قايتا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
دىنىي ئۇرۇش ۋە سۇنئىي بۇزغۇنچىلىق قىلىش تۈپەيلىدىن،
خوتەن ۋىلايىتى بۇددىزم تام رەسىمى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. راۋاق
ۋە قازناقتىكى بۇتخانا خارابىسىدە پارچە - پۇرات ساقلىنىپ
قالغان تام رەسىمىدىن قارىغاندا، راۋاق تام رەسىمىدە تېمىتىپ
بېزەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، قازناق بۇتخانىسىنىڭ تام رەسىمى-
لىرىدە بولسا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى سىزىق تەسۋىرى
بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، رەڭلىرى تەكشى بېرىل-
گەن، كىيىمنىڭ قاتلاقلىرى ھېسسىياتقا باي بولۇپ، قەنداھار
ئۇسلۇبى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.
ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ئەڭ بالدۇر تارقىلىپ كىرگىنى

ھىنايانە بۇددىزمى بولۇپ، V ئەسىرگە كەلگەندە مەھايانە بۇددىز-
مى ئاساسي ئورۇنغا ئۆتكەن. دىن تارقىلىشنىڭ ئېھتىياجىغا
ماسلىشىش ئۈچۈن بۇددا دىنىنىڭ تۈرلۈك نوم - سۇترىلىرى
ئۇدۇنغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلاپ، كېيىن يەنە كۆسەن ئارقىلىق
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. بۇددىزم نوملىرىنىڭ تارقىلىشى
ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ھەم
بۇ رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.
ھازىرقى قېزىۋېلىنغان خەت - چەكلەردىن قارىغاندا، ئۇدۇندىكى
ئەڭ بالدۇرقى بۇددىزم سۇترىسى قارۇشتى يېزىقىدا بولۇپ،
قارۇشتى يېزىقىدىكى «دەرمەلەر دەستۇرى» ھىندىستاندىن ياكى
ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. «جۇشى-
شىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن قارىغاندا، جۇشىشىڭ ۋېي سۇلالىسى
گەنلۇنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 260 - يىلى) ئۇدۇنغا كەلگەندە
سانسكرىت يېزىقىدىكى مەھايانە سۇترىسىنىڭ 90 بابلىق رەسمىي
نۇسخىدىكى «پراجنىيەپارامىدا سۇترىسى» غا ئېرىشكەن. لېكىن،
مەھايانە مەزھىپى شۇ چاغدا ئۇدۇندا چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ
سۇترىلىرىمۇ تېخى تەرجىمە قىلىنمىغانىدى. ئەمما، ئۇدۇننىڭ
ئۆزىدە بار ماتېرىيال بىلەن كۆچۈرۈلگەن بۇددىزم نوم - سۇتىرى-
لىرى چىقىپ بولغان بولۇپ، ستەيننىڭ نىيە خارابىسىدا ئۇچرات-
قىنى بىراخمان يېزىقىنىڭ پاساھەتلىك تىلىدا يېزىلغان نومنىڭ
شۇ جاينىڭ ياغىچىغا يېزىلغان تارىشا پۈتۈكتۇر. IV ئەسىردىن
كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ راھىبلىرى ئۇدۇن قاتارلىق جاي-
لاردىن نوم ئېلىپ قايتقان ياكى ئۇدۇن راھىبلىرى نوملارنى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارغان ۋە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان
ئىشلار كۆپ بولغان. جىن سۇلالىسىدىن شىمالىي لياڭ سۇلالى-
رىغىچە بىراخمانچە نۇسخىدىكى «دارما گۇپتاۋىنايا» («تۆت بۆلۈك
ۋىنايا»)، «ئاتمىش جىلدلىق ئاۋاتامساكا سۇترىسى»، «ئىستىقا-
مەتتىن مۇھىم چۈشەنچە»، «ئىستىقامەتتىكى ئىللەتنى تۈزەش

سۈتىرىسى» قاتارلىق بۇددا سۈترىلىرى ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگە تارقىلىپ كىرىشى تارقىلىشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ۋاقتى بولۇشى كېرەك.

ھەرخىل يىپ ئۇچلىرىدىن قارىغاندا، بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى بوستانلىقتىكى ئاھالىلەردە تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان ھەرخىل قائىدە - يوسۇنلار، مەسىلەن، «يەر ئەمچەك خان» نى يادرو قىلغان يەر ئانىغا تېۋىنىش، «چاشقانلىق» نى ئاساس قىلغان ئىلاھىي چاشقانغا تېۋىنىش ۋە قۇياش ئىلاھقا، ئىلاھىي تاغ، ئىلاھىي دەرەخ قاتارلىقلارغا تېۋىنىش رەسىم - قائىدىسى، يەنە ئىككىنچى قېتىملىق دەپنە قىلىش، نەزىر - چىراغ قىلىش قاتارلىق خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق تېۋىنىش مۇراسىملىرى ئۇدۇننىڭ بالدۇرقى دەۋردىكى خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقاد ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا يەنە ھەرخىل بۇددىزم مۇراسىملىرى ئارىلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى بۇت ئېلىپ يۈرۈش مۇراسىمىدۇر. بۇ مۇراسىملار ئۇدۇندا گويا مەملىكەت خاراكتېرلىك بايرامدەك بولۇپ قالغان. ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بۇت ئېلىپ يۈرۈش مۇراسىمى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە يېرىم ئاي داۋام قىلغان. «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا بۇت ئېلىپ يۈرۈش مۇراسىمىنىڭ پۈتۈن جەريانى بايان قىلىنغان؛ «4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شەھەر كوچىلىرى سۈپۈرۈلۈپ ۋە سۇ چېچىلىپ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈلىدىكەن، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە بارگاھ تىكىلىپ، سۈرلۈك قىلىپ بېزىلىدىكەن. خان، خانىش، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن، گوماتى (قۇمات) بۇتخانىسىنىڭ راھىبلىرى مەھايانە مەزھىپىدىن بولغاچقا، خاننىڭ ھۆرمەتلىشىگە

سازاۋەر بولغانىكەن، بۇتنى ئاۋۋال ئۇلار ئېلىپ ماڭىدىكەن، شەھەردىن 3 — 4 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا تۆت چاقلىق هارۋا ياسايدىكەن، بۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچتىن ئارتۇق بولۇپ، خۇددى كۆچمە سارايغا ئوخشايدىكەن، يەتتە خىل گۆھەر-دىن بېزىلىدىكەن. ئۈستىگە يېپىلغان تۇغ - ئەلەملەرنىڭ چۇچە-لىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. بۇددا ھەيكىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېنىغا ئىككى بۇدساتىۋا ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە مۇلازىمىنىڭ ئالتۇن - كۆمۈش ياپراقچىلىرى بىلەن بېزەلگەن ھەيكەللىرىنى قويىدىكەن، ھەيكەللەر خۇددى بوشلۇقتا تۇرغاندەك كۆرۈنىدى-كەن. شەھەر قۇۋۇقىغا 100 قەدەم قالغاندا خان تاجىنى ئېلىۋې-تىپ، يېڭى كىيىم، ئىسرىق كۆتۈرۈپ يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، شەھەردىن ئۇچقاندەك بۇتنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەن، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كۆجە ياقىدىكەن ۋە گۈل چاچىدىكەن. بۇددا ھەيكىلى شەھەرگە كىرگەندە راۋاق بارگاھتىكى خانىش - كېنىزەكلەر گۈل چاچىدىكەن. بۇتقا ئاتىغان مۇراسىم جاھازلىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، هارۋىلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇت ئېلىپ يۈرۈشنى بىر ساڭرام بىر كۈندە ئېلىپ بارىدى-كەن» . «فاشيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇدۇن بەگلىكىدە چوڭ 14 ئىبادەتخانا بار دەپ قەيت قىلىنغان بولۇپ، «بىر ساڭرام بىر كۈندە بۇت ئېلىپ يۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگىنى بويىچە بولغاندا، دەل 14 كۈن بولىدۇ. ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بۇت ئېلىپ يۈرۈش مۇراسىمىدا پۈتۈن مەملىكەت دىگۈدەك ھەرىكەتكە كەل-گەچكە، مەملىكەت خاراكتېرلىك تەنتەنىلىك دىني بايرام بولۇپ شەكىللەنگەن.

بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن بەگلىكىدە كەڭ تارقىلىشى «فاشيەن-نىڭ تەرجىمىھالى» دا يەنە بىر نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرى «ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى-كەن، بۇددىزىم نەغمىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن» ،

«ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا مۇنار قوپۇرۇلغان» ، مەملى-
كىتىدە «راھىبلىرى نەچچە تۈمەنگە يېتىدىكەن» ، مەشھۇر قۇمات
بۇتخانىسى ماھايانە مەزھىپىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، راھىبلى-
رى 3000 دىن ئاشىدىكەن، دېيىلگەن. مەيلى بۇددىزم مۇراسىم-
دىن بولسۇن، ياكى راھىبلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسۇن، ئۇدۇن
بەگلىكىگە بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئېتىقاد
سىستېمىسىدا يۇقىرى تەبىقىدىن ئاۋامغىچە غايەت زور ئۆزگىرىش-
لەر بارلىققا كەلگەن. گەرچە ئۆز زېمىنىدا يىلتىز تارتقان خەلق
ئېتىقادى يەنىلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە
ھەر ۋاقىت ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن «ئۆرپ -
ئادەتتە بۇددا ئەقىدىسى كۈچلۈك» بولۇشتەك بۇددىزم ئەقىدىسىمۇ
كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇددىزم نەغمە -
ناۋالىرىمۇ ئادەتتىكى ئەلنەغمىلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ،
بۇت ئېلىپ يۈرۈشنىڭ «ئالتۇن - كۈمۈش ياپراقچىلىرى بىلەن
بېزەلگەن» لىكىدىن قارىغاندىمۇ، بۇددىزم سەنئىتى يەنىلا كىشى-
لەرنىڭ ئېستېتىك زوقىنى ئۆزگەرتىپ بارغان.

سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىگە كەلگەندە تارىم ئويمانلىقىنىڭ
جەنۇبىي ياقىسىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى گۈللىنىشتىن خارابلى-
شىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن بوستانلىقى باشقا بىر
مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى كۈتۈۋالغان.

ئاپتورى: جۇڭ گاۋ

## ئۈچىنچى بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى خوتەن

سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇدۇن مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك

مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن. مىللەت ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، شەرقتىن غەربكىچە خەنزۇ مەدەنىيىتى، تۈرك مەدەنىيىتى، تۈ-بۆت مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ، ئۇدۇن مەدەنىيىتىگە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان؛ غەربتىن شەرققىچە سوغ-دى مەدەنىيىتى (ئاساسەن تاڭ دەۋردىكى توققۇز جاۋۇپلارنى كۆرسىتىدۇ)، پارس مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى بۇ يەردە بىر خىل ماسلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن، ئېتىقادىدىن قارى-غاندا، مەھايانە مەزھىپىنى ئاساس قىلغان دىنىي ئېتىقاد ئېخى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتەشپەرەسلىك ۋە باشقا ئېتىقاد سىستېمىسىمۇ مەۋجۇت بولغان. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ «شەرققە يۈقۈشى»، «غەربكە تارقىلىشى» نىڭ قايتىمىسى ياكى «غەربكە تارقىلىشى»، «شەرققە يۈقۈش» نىڭ قايتىمىسى بولۇش-تىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك بولغان. مەدەنىيەت قاتلىمىدىن قارىغاندا، يۇقىرى تەبىقە مەدەنىيىتى بىلەن ئاۋام خەلق مەدەنىيە-تىدىمۇ ئۆزئارا ماسلىشىش ھالىتى بارلىققا كەلگەن. ئەگەر ئۇ-دۇن مەدەنىيىتىنى نۇقۇل ھالدا بۇددىزم مەدەنىيىتى دەپ چۈشەن-مەي، ئېخىمۇ كەڭ مەنىدىن چۈشەنگەندە، سۇي، تاڭ سۇلالىلە-رى دەۋرىدىن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىغىچە بول-غان مەزگىل ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇشقا تېگىشلىك.

## 1. ئۇدۇن — شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچىقى

VI ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۇدۇن تاڭ سۇلا-لىسى قۇرىغار رايونى (غەربىي يۇرت) نى بىرلىككە كەلتۈرگەن گۈللەنگەن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، غەربىي تۈركلەر بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ سالغان ئۇرۇش ئازابىنىمۇ يەتكۈچە تارتقان، شۇنىڭ

بىلەن بىللە، يىپەك يولى يەنىلا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-نىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت قوش بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسلىق قاتناش يولى بولغان. سۈي سۇلالى-سى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە، ئۇنىڭدىن بەش سۇلالە دەۋرىگىچە، ئۇنىڭدىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدى يىلى-لىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغان زامانلاردا ئۇدۇن بەگلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ۋىساخان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بەگلىكى تارىخىدىكى 420 نەچچە يىلغا باشتىن ئاياغقىچە نەزەر سالىدىغان بولساق، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتى، تۈبۈت مەدەنىيىتى، تۈرك مەدەنىيىتى، سوغدى مەدەنىيىتى بىر - بىرىنى يۇغۇرغان، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كۆپرەك دوراشىنىڭ ئىزلىرى ئۆچكەن، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى كەڭ قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ يۇغۇرۇلۇپ ھاۋاسى قويۇقراق بولۇپ، ئۇدۇنمۇ ھەقىقىي تۈردە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئېرىتىش ئوچىقىغا ئايلانغان، بۇ ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشىگە يۈزلەنگەن-لىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئۇدۇننىڭ ئىككى خەن سۇلالىسى بىرلىككە كەلگەن مەزگىل-دىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇدۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى تۆت قورغىنىنىڭ بىرى بولدى، خەنزۇلارنىڭ ئۇدۇندا كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىشىغا ئەگە-شىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتى تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىدىن ھال-قىپ، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن پۈتۈنلەي سىڭىشىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەنشى، بېشبالىق قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، ئايماق مەھكىمىسى تەسىس قىلىشى ۋە ئايماق، ناھىيە، يېزا، كەنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى

ئۇنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويۇلغان ئەڭ شانلىق مەزگىلىدۇر. ئۇدۇن ئەنئەنىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى بولۇپ، مۇداپىئە قورغىنى تۈزۈلمىسىدىكى ھەربىي قورغان قاتارىغا كىرىدۇ؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە قورغىنى تۈزۈلمىسىدىكى قوشۇن قورغان، بوقال، قورغان، قەلئە ۋە تۇر، ئۆتەڭ، ئۆتكەل قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك تەشكىللەر ۋە ئۇنىڭغا دائىر تۈزۈملەر ئۇدۇن قاتارلىق ئەنئەنىدىكى تۆت قورغاندا يولغا قويۇلغان. تارىخنامىلەردە① قەيت قىلىنىشىچە، ئەنئەنىدىكى تۆت قورغاندا جەمئىي 30 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ لەشكەر، ھەر بىر قورغاندا 5000 دىن لەشكەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇدۇن رايونىدا تۇتۇق مەھكىمە تۈزۈمىنى ھۆكۈمەت تەشكىلاتى سۈپىتىدە يولغا قويغان بولۇپ، تۇتۇقبەگ، ئايماقبېگى، دورغاپ، سوراقچى، مىرزىبەگ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى خان جەمەتىدىكىلەر ئۆتىگەن، باشقا ۋەزىپىلەرنى كۆپىنچە يەرلىك كىشىلەر ئۆتىگەن. قىسمەنلىرىنى خەنزۇلار ئۆتىگەن. ئۇدۇندا زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار، قورۇل چېرىكلىرىدىن باشقا، بىر مۇنچە خەنزۇ راھىبلارمۇ بولغان، «خۇي چاۋ ئۇدۇندىكى خەنزۇلار ئىبادەتخانىسى — لوڭشىڭ ئىبادەتخانىسى»غا بارغان. ئۇنىڭ شەيخى خېبېي جىجۇلۇق كىشى ئىكەن.» تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتى تىل - يېزىقنى ماسلاشتۇرۇش ھادىسىسى بولۇپ، «ئۇدۇن تىلىدىكى كىتابلاردا دورغاپ (چاڭشى)، ھېراۋۇل (جيېدۇشى)، باش ۋەزىر (زەيشياڭ)، تۇتۇقبەگ (دۇدۇ)، سوراقچى (بەنگۇەن)، خانىم (فۇرىن) قاتارلىق بىر مۇنچە ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى قوللىنىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى خەت - ئالاقىلەر ئۇدۇنچە يېزىق ۋە خەنزۇچە يېزىقتا تەڭ يېزىلغان ياكى يازغاندا خەنزۇچىسى، جۈملىدىن

---

① رۇڭ شىنجياڭ: «ئۇدۇننىڭ تاڭ سۇلالىسى ئەنئەنىدىكى تۆت قورغىنىدىكى ئورنى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1992 - يىلى 3 - سانى.

«副» (كۆچۈرۈلمىسى)، «行» (ئەۋەتىلدى)، «俊»
(جانابىڭىزغا) دېگەنلەر قىستۇرۇپ قويۇلغان. ئۇدۇننىڭ ۋىسارا
فامىلىلىك خانىغا تېخى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن لى فامىلىلىك
ھەدىيە قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەل-
گەندە پادىشاھ جىن گاۋزۇمۇ لى شېڭتىيەن (ۋىسارا تەڭرىخان)
غا «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن پادىشاھى» دەپ ئوتۇغات نامى بەر-
گەن. كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، گاۋ جۈيخەي
ئۇدۇنغا كەلگەندە «ۋىسارا تەڭرىخاننىڭ كىيىنىشى جۇڭگولۇقلار-
غا ئوخشايدۇ» غانلىقىنى بايقىغان، بەزى يەر ناملىرىمۇ تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ بىشا تۇتۇق مەھكىمىسى تەرىپىدىن قويۇلغان يەر نامل-
رى، مەسىلەن، يىنجۇ، لۇجۇ، مىيجۇ دېگەنلەر ئىدى. بۇ يالغۇز
مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى مەسىلىسىلا دېگىلى بولمايدۇ. ۋىسارا تەڭ-
رىخاننىڭ «كىيىنىشى جۇڭگوچە» دېگەننى سۇي سۇلالىسى دەۋ-
رىدىكى ئۇدۇن خانىنى «كىمخاب بۆك، ئالتۇندىن چاشقان شە-
كىللىك تاج كىيگەن» دېگەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كەم دېگەن-
دە، ئۇدۇن يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ ئادىتى تاڭ سۇلالىسى ئادىتى-
نىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ خەنزۇچىلىشىشقا قاراپ يۈز-
لىنىشىنىڭ كۈنسايىن روشەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوسۇنىغا بولغان ھەر قانداق ئىخلاسمەن-
لىكنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت ئېقىمىغا بولغان
ئىخلاسمەنلىك دەپ قاراش كېرەك، بۇنىڭ ئۇدۇنغا كېڭىيىشى
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ
ئېستېتىك زوقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ روشەن
مىسالى بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئېستېتىك تەسىرىدۇر. تاڭ سۇ-
لالىسىنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى توغرىسىدا لىۋ يىجى ئەپەندى
مۇنداق دەپ قارايدۇ: «تاڭ سۇلالىسى رەسىملىرىدە كۆڭۈل قو-
يۇپ ئۇستىلىق بىلەن ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان بو-

لۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكىدەك قىياسەن ئاددىي ۋە تېز هالدا،
چالا - بۇلا سىزىلمىغان، كامالەتكە يەتكەن دېيىشكە بولىدۇ.»
دەندەن ئۆيلۈكتىكى 10 - نومۇرلۇق بۇتخانا خارابىسىدىن ستەين
VIII ئەسىرگە تەۋە بىر پارچە ئويما رەسىمنى ئۇچراتقان بولۇپ،
ئىككىلا تەرىپىگە بۇددا رەسىمى سىزىلغانىكەن. ئالدى تەرىپىدىكى
ئوبرازغا ئاساسەن ستەين ئۇنى «پېرسىيىنىڭ بۇدساتۋا رەسىمى»
دەپ بېكىتكەن. ئۇ رەسىمدىكى ئوبرازنى مۇنداق دەپ سۈرەتلى-
گەن: «ئۇزۇنچاق ۋە قىزىل يۈزى قارا ۋە قويۇق ئۆسكەن
ساقال - بۇرۇتى بىلەن ئورالغان. بۇ هەرقانداق سەلتەنەتلىك
بۇددا رەسىمىدىمۇ يوق. چوڭ، ئىلمەك بۇرۇتى بىلەن قاپقارا
قويۇق قېشى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئەرلىك سالاپىتىنى تېخىمۇ كۈ-
چەيتكەن. چېچى بۇدۇرە بولغاچقا، ئالتۇن رەڭلىك ياغلىقنى
ئېگىز چىگكەن بولۇپ، پېرسىيىنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ
شاهىنشاهىنىڭ باش كىيىمىگە بەك ئوخشايدۇ. بەدەن قۇرۇلۇشى
جەھەتتە، بېلىنىڭ ئىنچىكىلىكى پېرسىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئەر-
لىك گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇچىسىغا كىمخاب
چاپان كىيگەن، بېلىنىڭ ئاستى ۋە پۇتى ئېچىلىپ قالغان، پۇتىغا
ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، بېلىدە قىسقا ئەگرى شەمشەر
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. شارپىسى بوينىدىن ساڭگىلاپ مۈرىسىنى ئو-
رىۋالغان، بۇ دەل ئادەتتە ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇدساتۋا
رەسىمىگە ئوخشايدۇ». لېكىن چوڭقۇرراق مۇلاهىزە قىلىدىغان
بولساق، ئۇنىڭ سىزىش ئۇسۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەز-
گىلى، كۈلەنگەن مەزگىلىدە سىزىلغان تام رەسىملىرىدىكى پېر-
سوناژلارنىڭ تۇرقى بىلەن ئوخشاش. «پېرسىيە بۇدساتۋا رەسى-
مى» دېيىلگىنى، يەن ۋېنرۇ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «بۇددىزم
رەسىمچىلىكىدىكى دەرماپالە (بۇددىزم هامىيلىقى) رەسىمى ياكى
نۇر پادىشاھ (Arya acalanatha) رەسىمى، ئېھتىمال ، تۆت قول-
لۇق تەۋرىمەس نۇر پادىشاھ، نىڭ رەسىمى بولۇشىمۇ مۇم-

كىن» . ئەگەر ئۇ هامىي ئىلاھىنىڭ رەسمىي دېيىلىدىغان بولسا،
ئۇنى ئۇدۇننىڭ يەرلىك هامىي ئىلاھى دېيىش تېخىمۇ توغرىدەك
تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، VII — VIII ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئۇدۇن
بۇددىزم رەسساملىقى، ھەيكەلتىراشلىقىمۇ جۇڭگو ئۇسلۇبى بى-
لەن غەرب ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ،
ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى يۇغۇرۇپ قوبۇل
قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ
بېرىدۇ.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇدۇن مەدەنىيىتى بىلەن
سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان
مەدەنىيەتلەرنى سىڭدۈرۈش هالىتى كېلىپ چىققان. بىر خىلى،
باراۋەر، دوستانە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇدۇننىڭ يەر-
لىك مەدەنىيىتى بىلەن ھىندىستان، پېرسىيە، سوغدى مەدەنىيەت-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇشۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت بول-
غان؛ يەنە بىر خىلى، بويسۇندۇرۇش ۋە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى،
دۈشمەنلىك بىلەن ئۇچرىشىش هالىتى بولۇپ، غەربىي تۈرك،
تۈبۈت قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇننى ھەربىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇش
مۇشۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئۇچرىشىش شەكلىنىڭ ئوخشاش
بولماسلىقى مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىڭدۈرۈشنىڭ خاراكتېرلىك
بەلگىسىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
غەربىي تۈرك، تۈبۈت قوشۇنلىرى ئۇدۇننى ئىشغال قىلغاندا،
يەرلىك مەدەنىيەتتىمۇ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك بەزى ئۆزگە-
رىشلەر بولغان. مەسىلەن، تۈزۈم مەدەنىيىتى، تىل قاتارلىق
جەھەتلەردە شۇنداق بولغان. لېكىن، بويسۇندۇرۇلغان تەرەپنىڭ
ھەممە نېمىسىدە ئۆزگىرىش بولغان ئەمەس، غەربىي تۈركلەر،
تۈبۈتلەر ئۇدۇننى بويسۇندۇرغان چاغلاردا ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەدە-
نىيىتىنىڭ ئۇلىدا تەۋرەش بولمىغان. تۈبۈتلەر ئۇدۇندا
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

بۇ مەزگىلدە ئۇدۇن خانى ۋىسارا جەمەتىنىڭ خانلىق ئورنى گەرچە
ساقلاپ قېلىنغان، تۇبۇتلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاپ
كېتىدىغان بېقىندۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لې-
كىن مەنسەپ سىستېمىسى تۇبۇتلەرنىڭ بويىچە بولغان. مەسى-
لەن: dmag pon (سانغۇن)، rtsis rje (مىس دەستەكلىك
رىجە)، dpung pon (ھەربىي ئەمەلدار)، magon (ئىچكى
ئىشلار ئەمەلدارى)، dgra blon (مۇھاپىزەتچىلەر بېشى)،
zhing pon (چارۋىچىلىق ئەمەلدارى)، tshugs pon (ئۆتەڭ
بېشى) قاتارلىقلار. تۇبۇتلەر ئۇدۇندا تۇبۇتلەرنىڭ مەنسەپ دەس-
تىكى تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، P. T 1089 - نومۇرلۇق
ئالاقىدا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ
بۇ غوجىسىنىڭ تۆھپىسىگە يارىشا يۇقىرى تاغدىكى شاھىمىز
ئىلتىپات كۆرسىتىپ خان نامى بەردىلەر، خانلىق سەلتەنىتىنى
سۈرۈشكە ئىجازەت قىلدى، لېكىن ئۇدۇندا (ھۆكۈمران ئورۇندى-
كى) كۈمۈش دەستەكلىك (ۋە قاشتېشى دەستەكلىك) مەنسەپتە
تۇردۇ، يەنىلا (تۇبۇتنىڭ) مىس دەستەكلىك رەجەسىنىڭ ئاس-
تىدا بولدۇ.» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇدۇن-
دىكى يەرلىك ئەمەلدارلار تۇبۇتلەرگە نىسبەتەن بىر خىل بېقىنىش
مۇناسىۋىتىدىلا بولغان، مەدەنىيەتنىڭ سىڭدۈرۈش ھالىتىدىن
قارىغاندا، بۇ بىر خىل بويسۇندۇرۇش - بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى-
دۇر. تۇبۇتلەر ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئۇدۇن-
نىڭ خان ئوردىسىدا تىبەت يېزىقى بىلەن ئۇدۇن يېزىقى تەڭ
قوللىنىلغان. «ستەين مازارتاغ، خادىلىقتىن تاپقان تىبەت يېزى-
قىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر بەزى بوشلۇقنى تولدۇردى، بۇ ھۆكۈمەت
بۇيرۇقى، شەخسلەرنىڭ تىلخېتى، باج يىغىشقا ئەۋەتىلگەن دور-
غىلارنىڭ ئىسمىلىكى ۋە ھېسابات دەپتىرى، ئۆتەڭلەردىن يەتكۈز-
گەن خەت - ئالاقە قاتارلىقلار» مۇ تىبەت تىل - يېزىقىنىڭ
ئۇدۇندىكى ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خوتەن

قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تىبەتچە تارىشا پۈتۈكلەرلا 400 دىن
ئاشىدۇ، تاكى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، تۇبۇتلەرنىڭ ئۇدۇندى-
كى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ «تىبەت يېزىقى ئۇ-
دۇننىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقمىغان... مەشھۇر ‹ستا
يول خالستوي خاتىرىلىرى› ئۇدۇن ئەلچىلىرىنىڭ ئۇدۇن ۋە
تىبەت يېزىقىدا يازغان دوكلاتنامىسىدۇر.» تىبەت يېزىقىدىكى
«ئۇدۇن بەگلىكىدىكى ۋىياكەرەنە دەستۇرى»، «ئۇدۇندىكى ئەر-
ھەتلەر ۋىياكەرەنە دەستۇرى»، «ئۇدۇننىڭ بۇددا تەلىماتى تارى-
خى» گەرچە بۇددىزمغا دائىر ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن تۇ-
بۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇدۇندىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاز-
دۇر - كۆپتۇر بىلگىلى بولىدۇ. تۇبۇت مەدەنىيىتى ئۇدۇنغا
قوراللىق بويسۇندۇرۇشقا ئەگىشىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن
«خەلق ئىچىدىكى شەكىل» دە تارقالغاندا، مەدەنىيەت «ئاۋام تەرى-
پىدىن قوبۇل قىلىنغان» دا، كىشىلەردە كۆپىنچە يات مەدەنىيەت-
كە قارىتا تاللاپ قوبۇل قىلىدىغان ئىقتىدار بولىدۇ. بۇ ھالدىكى
مەسىلە تۇبۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇدۇن مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىر
كۆرسىتىشى ئەمەس، بەلكى ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى قانداق
قىلىپ قەيسەر ھاياتىي كۈچى بىلەن تۇبۇت مەدەنىيىتىنى «پارچى-
لاش» مەسىلىسى بولىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇبۇت
كۈچلىرى ئۇدۇندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن
تۇبۇت ئاھالىسى ئۇدۇندا قېپقالغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ پۇ-
تۇنلەي ئۇدۇن مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بولۇپمۇ
ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسى-
رىنى چوڭقۇر ياقتۇرغان بولۇپ، «غەربىي شىمالنىڭ بىر چېتى-
نى بېسىپ ياتقان گۈسلو ئەسلىدە تۇبۇت زانپۇسىنىڭ ئەۋلادى
بولۇپ، غەربىي يۇرتتا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئوغلى دوگجەن ئۇدۇن
تەرەپلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يەرلىك بىر ئايال بىلەن بىللە
تۇرغان ۋە ئالىگۇ ئىسىملىك بىر بالىنىمۇ بېقىۋالغان. بۇ كىشى-

لەرنىڭ بىر مۇنچىلىرى ئۇدۇننىڭ ۋىسارا ھاكىمىيىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى پۈتۈنلەي يەرلىكلىشىپ كەتكەن. ئەگەر مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىن قارايدىغان بولساق، تۈبۈت مەدەنىيىتى ھېچقاچان ئۇدۇن مەدەنىيىتىدە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتمىگەن، بەلكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق مەدەنىيەت يەرلىك مەدەنىيەتكە تامامەن سىڭىپ كەتكەن.

يىپەك يولىدىكى ئەڭ داڭلىق سودا كارۋىنى سوغدىلارنىڭ سودا كارۋىنى، ئەڭ داڭلىق سودىگەر سوغدى سودىگەرلىرى ئىدى. «سوغدى سودىگەرلىرى تۇغما سودا ئىستىداتىغا ئىگىدەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ چەبدەسلىكى، تىرىشچانلىقى، سودا كۆلىمىگە كىشى ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى.» سوغدىلارجايلاشقان ئورۇن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدە بولغاچقا، «سەمەرقەنتكە بارىدىغان ئالتۇن يول دەپ نام ئالغان» . ئۇلارنىڭ قەدىمى يىپەك يولىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممىلا جايغا، بولۇپمۇ سەمەرقەنتنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇدۇننىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر - بازارلاردا، ئۇنىڭدىن قالسا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئىز قالدۇرغان ۋە بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. زور تۈركۈمدىكى سوغدى سودىگەرلىرى، ئاھالىلىرى بۇ جايلارغا كەلگەچكە، ئۇلار شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك «ئاساس تارقاتقۇچىلىرى» بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇلار سوغدى مەدەنىيىتىنى بۇ جايلارغا تارقىتىشتا تۈبۈتلەرگە ئوخشاش قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ۋاسىتىسىنى قوللانماستىن، بەلكى سودا قىلىش جەريانىدا يەرلىك ئاھالە بىلەن كۆپ بېرىش - كېلىش ئارقىلىق، باراۋەر، دوستانە ھالدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ سۇ كەلسە ئېرىق ھاسىل بولغاندەك سىڭىشىش ھالىتى بولۇپ، نەتىجىدە ئۇدۇن مەدەنىيىتىدە كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات

ئەندىزىسى بارلىققا كېلىپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سوغدىلار خەنزۇچە يازما مەنبەلەرىدىكى توققۇز جاۋۇپلار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا كانگىيە (سەمەرقەنت)، شاش (تاشكەنت)، كېبۇت، بۇخارا، مايمارغ، شەهرى سەبز، خىۋە، خارەزىم، بىتىك دۆلەتلىرىگە جايلاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە كىتابلاردا سوغدىلارنىڭ كۆپىنچە هاللاردا دۆلەت ئىسمىنى فامىلە قىلغانلىقى ئۇچرايدۇ، شۇڭا پەرقلەندۈرۈش ئوڭاي. يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى سوغدىلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايوندۇر. «بېللى ئۇدۇن تىل - يېزىقىدىكى suliنىڭ سوغدى دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان بولۇپ، دەندەن ئۆيلۈك ئۇلارنىڭ مۇهىم تايانچ بازىسى بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاي ئۇدۇندىكى ئالتە شەهەرنىڭ بىرى بولغان جىلو ئايمىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. قەدىمكى ئىسمى جەشىرا بولۇپ، مازار تاغدىن چىققان ئۇدۇن تىل يېزىقىدىكى خەتتىمۇ سوغدىلارنىڭ بۇ يەردە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.» سوغدىلار ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىكتە داڭ چىقارغان، «بېللى ئۇدۇن تىلىدىكى بۇددىزم هۆججەتلىرىدە suliya دېگەن سۆز ‹سودىگەر› دېگەنلىك بولىدۇ، ئىرقنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن ئادەتتىكى ئاتالغۇغا ئايلانغان دەپ كۆرسىتىدۇ.» سوغدى مىللىتى مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىل، يېزىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىقتىن تارتىپ دىنىي مەدەنىيەت، تەقۋىم (ۋاقىت هېسابلاش) قاتارلىقلارغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياقىسىدىكى بوستانلىقلار ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەنگىچە تارقالغان. سوغدىلارنىڭ ئۇدۇندا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى تارقىتىش ئەهۋالىنى خەنزۇچە يازما مەنبەلەردىن ئانچە - مۇنچە بىلگىلى بولىدۇ. «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار

تەزكىرىسى» دە «ئۇدۇنلۇقلار ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئاتەش ئىلاھىغا
ئېتىقاد قىلىدۇ» دېيىلگەن، «كونا بەش دەۋر تارىخى. چەت
ئەللەر تەزكىرىسى» دىمۇ «ئۇدۇنلۇقلار ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئالۋاستى
ئىلاھىغا قىزىقىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، «ئاتەش ئىلاھى» دېگەن
سۆز «ئالۋاستى ئىلاھى» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى
مۇمكىن. سوغدىلار كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىنىنەت جەھەتتە
ئاق كىيىمنى ياخشى كۆرگەن بولۇپ، راھىب خۇيلىنىنىڭ «نوم-
لار شەرھى» دە «غەربىي يۇرتلۇقلار ئاق كىيىم كىيىدىكەن»
دېيىشى سوغدىلارنىڭ ئاق كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ
يىپەك يولىنىڭ شىمالىي ـ جەنۇبىي يولىدىكى ئاھالىغا كۆرسەت-
كەن تەسىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇنداق ئادەت ئۇدۇن ئاھالى-
سىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەر-
بىي يۇرت خاتىرىسى» دە «ئۇدۇنلۇقلار كۆپرەك يىرىك شايىدىن
ئاق كىيىم كىيىدىكەن» دېيىشى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. توققۇز
جاۋۇپلاردىكى گانگىيىلىكلەر غۇزلارنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇلىغا،
شاشلىقلار كېسىش ئۇسسۇلىغا ماھىر بولغان ۋە بۇ ئۇسسۇللار
چاڭئەنگىچە تارقىلىپ، بىر مەزگىل تازا مودا بولغان. شۇەن
زاڭمۇ ئۇدۇندىكى چېغىدا «بۇ دۆلەتتىكىلەر مۇزىكىغا ھېرىس-
مەن، ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىكەن» لىك كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن.
تارقىلىش لىنىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇدۇنغىمۇ سوغدى مۇزىكىسى
ۋە ئۇسسۇلى تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. خوتەندىن قېزىۋېلىنغان
تەقۋىمدە بىر يىلنى «ياز، كۈز، قىش ئاخىرى، ئەتىياز،
ئەتىيازنىڭ ئاخىرى» قاتارلىق بىر قانچە ئايغا بۆلۈپ خاتىرىلە-
گەن. بۇ تەقۋىمدە ئالتىنچى ئاينى يىل بېشى قىلغانلىقى ئېنىق.
ۋېي جيېنىڭ «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» دە سوغدىلار «6 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى يىل بېشى قىلىدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ،
«يېڭى تاڭنامە. كانگىيە تەزكىرىسى» دە «12 ـ ئاينى يىل بېشى
قىلىدۇ» دېيىلگەن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «بۇ يازما

مەنبەلەردىكى پەرق دەل يىل بېشىنىڭ سىلجىشىنىڭ نە-تىجىسى.» بۇ يەردە ئۇدۇننىڭ يىل ھېسابى بىلەن سوغدىلارنىڭ يىل ھېسابى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

تۈركلەر ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئۇدۇن تۈركلەرنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان: جېنگۈەن يىل-لىرى ئۇدۇن خانى ۋىساكىرتىنىڭ ئوغلى ۋىسادەن يابغۇ دەپ ئاتال-غان. تاكى 760 - يىلىغىچە، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە بىر ئەسىردىن كۆپرەك بولغان مەزگىلدە ئۇدۇن خانى ۋايجرا سامپاۋانىڭ ئىنىسى ۋايجرا بۇخان ئىنجۇ يەنىلا يابغۇ دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن تۈرك ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇدۇندىكى تەسىرىنىڭ خېلى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆر-گىلى بولىدۇ.»

ئۇدۇندىن ئىبارەت بۇ ئوچاقنىڭ «ئىچكى قىسىمدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەرخىل كۈچلەرنىڭ غەلىيانلىرى» جەزمەن ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ سىرتقا ئېچىۋېتەتتى، تېخىمۇ پە-شىپ يېتىلىشىگە يۈزلەندۈرەتتى ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان قوبۇل قىلىش، تارقىتىش فۇنكسىيىسىنى پەيدا قىلاتتى.

## 2. ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى قايتۇرۇپ تارقىتىش ھادى-سىسى

ئۇدۇن مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى «مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش» بىر تەرەپلىمە بولماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپلىمە بول-غان، يەنى مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قايتۇرۇپ تارقىتىش» ھادى-سىسى بارلىققا كەلگەن. ئۇدۇن مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان، ھىندىستان، پېرسىيە، قەندىھار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان، لېكىن شۇنىڭ

بىلەن بىللە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى
مەدەنىيەتلەرگىمۇ خۇددى تۇبۇت مەدەنىيىتى بىلەن سوغدى مەدەن-
يىتى ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنگە ئوخشاش تەسىر كۆرسەتكەن.

مەدەنىيەتنى قايتۇرۇپ تارقىتىش جەريانىدا شەكىللەنگەن
ئۇدۇن رەسسامچىلىق ئېقىمى مەدەنىيەتنىڭ ئىككى تەرەپلىمە قو-
بۇل قىلىنىشىنىڭمۇ تىپىك مىسالىدۇر. بەزى ئالىملار مۇنداق
دەپ قارايدۇ: «ئۇدۇن رەسسامچىلىقى ھىندىستان، ساسانىيلار
سۇلالىسى، جۇڭگو، سوغدىلارنىڭ رەسسامچىلىقىنى ئۆزىگە قو-
بۇل قىلغانلىقىنى، ھەتتا خارەزىم رەسسامچىلىقىنىڭمۇ تەسىرىگە
ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن
بىرگە، يەنە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىجادىي كۈچ تەرىپىدىن
قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.» شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە، ئۇدۇن رەسسامچىلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، تىبەت سەنئىتى-
گىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇدۇن رەسسامچىلىقى ئېقىمىدىكىلەر
ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ۋايچىرا باجىنا
بىلەن ۋايچىرا ۋىچىر ئاتا ـ بالىدۇر. ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان
كۆپۈنكى ۋە پېتىنقى گەردىشلىك سىزىش ماھارىتى سۈي، تاڭ
دەۋرىدىكى چاڭئەن رەسساملىق مۇنبىرىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك
تەسىر پەيدا قىلغان.

جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا جەزبىلىك بو-
لۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. «قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋۋال مەقسەتنى
كۆڭۈلگە پۈكۈش، رەسىم پۈتكەندە مەقسەت كۆرۈنۈپ تۇ-
رۇش»، «سىزىش ئەتراپلىق بولمىسىمۇ، مەزمۇنى ئەتراپلىق
بولۇش»نى مەقسەت قىلىدۇ. سىزىش ماھارىتىدە «نەپىس بولۇش
ۋە ئوبرازلىق بولۇشنى ئاساس قىلىش» تەكىتلىنىدۇ. ھىندىس-
تاندىن ئۇدۇنغا تارقىلىپ، ئۇدۇندىن چاڭئەن قاتارلىق جايلارغا
تارقالغان كۆپۈنكى ـ پېتىنقى سىزىش ئۇسۇلى خىرەلىك گەر-
دىشلىك سىزىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ سىزىلغان بۇددا رەس-

مى رەڭلىك گەردىش چىقىرىش، چىرايىغا رەڭ بېرىش ئۇسۇلى
بىلەن سىزىلىپ، كۈچلۈك سىتىرىئولۇق سېزىمىگە ئىگە قىلىنىد-
دۇ. ۋايجرا ۋىچىر ئاتا - بالىدىن ئىلگىرى، لياڭ سۇلالىسىدە
ئۆتكەن جاڭ سېڭياۋ كۆپۈنكى - پېتىنقى سىزىش ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ، جيەنكاڭدىكى شاۋلىڭ بېگى لۇن سالدۇرغان يىچېلىڭ
ئىبادەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىغا سىزغان رەسىمدە «قىزىل ۋە قې-
نىق يېشىل رەڭدە ھىندىچە نۇسخىغا تەقلىد قىلىپ كۆپۈنكى -
پېتىنقى قىلىپ سىزغان رەڭلىك سىزىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا،
بۇ ئىبادەتخانا كۆپۈنكى - پېتىنقى ئىبادەتخانىسى دەپ ئېغىز-
دىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.» سۇي، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە،
ئۇدۇندىن كەلگەن ۋايجرا ۋىچىر ئاتا - بالا بۇ سىتىرىئولۇق
تەسىرىگە ئىگە كۆپۈنكى - پېتىنقى قىلىپ سىزىشنى كامالەتكە
يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈكسەك ماھارىتى سۇي، تاڭ سۇلا-
لىلىرىنىڭ رەسساملىق مۇنبىرىدە شۆھرەت قازىنىپ، ۋايجرا ۋى-
چىر بىلەن يەن لىبىن تاڭ دەۋرىنىڭ بېشىدىكى مەشھۇر رەسسام-
لار دەپ ئاتالغان. ۋايجرا ۋىچىر ئاتا - بالىنىڭ رەسىم سىزىش
ئۇسۇلى قەدىمكى ھۆججەتلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «مەش-
ھۇر رەسسىملەر» نىڭ 9 - جىلدىدا: «قەلىمى تۆمۈرنى ئېگىپ
سىم قىلىپ يۆگىگەندەك چىڭ ۋە كۈچلۈك» دېيىلگەن. «رەسىم-
لەردىن ئۆرنەكلەر» دە: «رەڭ بېرىشى تەمكىن، شايى دۆۋىلە-
شىپ تۇرسىمۇ بارمىقىنى يۆگەپ سالمايدۇ» دېيىلگەن. روشەن-
كى، بۇنداق سىزىش ئۇسۇلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ تارقالغان
سىزىش ئۇسلۇبىدىن پەرقلىق بولغان. ۋايجرا باجىنانىڭ سىزغان
رەسىملىرى، مەسىلەن، «ئالتە بەدئۇنىنىڭ رەسىمى»، «چەت
ئەلنىڭ گۆھەر دەرىخى»، «بىراھمانىنىڭ رەسىمى» قاتارلىقلار
تاڭ دەۋرىدىمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان، ئېيتىشلارغا قارىغان-
دا، لوياڭنىڭ يۈسەي رەستىسىدىكى دايۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ
ئىككى تېمىدىكى «ئالۋاستى ئىلاھى»، ئىبادەت زالىدىكى «بۇد-

ساتۋا» ، «پاك زېمىندىكى ئۆزگىرىش» ۋە راۋاقتىكى «بوۋاي - موماي ئەۋلىيا» دېگەن رەسىملەرنى ئۇ سىزغان، سۇي سۇلالىسىنىڭ رەسساملىق ساھەسىدە ئۇ «ئەينى چاغدىكى نام چىقارغۇچى» دەپ ئاتالغان. ۋايجرا ۋىچىرنىڭ رەسىملىرى ئىچىدە تېمىسىدىن قارىغاندا، شەخسلەر سۈرىتى، ئۆرپ - ئادەت رەسىملىرى، ئەپسانە - رىۋايەت رەسىملىرى، دىنىي ھېكايىلەرگە دائىر رەسىملەر ۋە گۈل - گىياھ، قۇش، ھايۋاناتلار رەسىملىرى قاتارلىقلار بار. ژانىرىدىن قارىغاندا، تام رەسىمى، شايى رەسىم، بېزەك رەسىم قاتارلىقلار بار. ۋايجرا ۋىچىرنىڭ ئەسەرلىرى ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا يۈز پارچىدىن كەم ئەمەس، ئەڭ داڭلىقى چاڭئەننىڭ گۇاڭجەي ئىبادەتخانىسىدىكى «ئالۋاستىنى بويسۇندۇرۇش» ، چاڭئەننىڭ سىئېن (شەپقەت) ئىبادەتخانىسىدىكى چوڭ تېپىلىق تام رەسىم «ھىجىر بىلگە مەنچۇشرى» قاتارلىقلار بار.

ۋايجرا ۋىچىر ئاتا - بالىنىڭ سۇي، تاڭ رەسىم ئۇسلۇبىغا زادى قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى يەنىلا ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ باھاسىدىن ئاڭلاپ باقايلى.

ۋايجرا ۋىچىرنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىغا قارىتا نوپۇزلۇق باھا بەرگەنلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ يەنيۈەن بىلەن جۇ جىڭشۈەن بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسسام ۋە رەسىم» ۋە «تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر رەسىملەر» دېگەن ئەسەرنى يازغان. «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسسام ۋە رەسىملەر» دە: ۋايجرا ۋىچىرنىڭ تاڭ سۇلالىسى رەسىم ساھەسىدىكى ئورنىغا: «خاندانلىقىمىز رەسساملىرى ئىچىدە قەدىمكى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغىنى ۋايجرا ۋىچىر، ۋۇ داۋزى، يەن لىبېنلاردۇر» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋايجرا ۋىچىر قاتارلىقلار ئەسەرلىرىنىڭ دەرىجىسى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ: «ۋىچىر، يەن لى-

بىنىڭ بىر يەلپۈگۈچى ئون مىڭ سەر ئالتۇنغا يارايدۇ» دېيىل-
گەن. «تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر رەسساملار» دىمۇ ئالدىنقىلار-
نىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «ۋايجىرا ۋىچىر يەن لىبېن
بىلەن تەڭ تۇرىدۇ» دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭ رەسىملىرى «ئىككىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان نادىر ئەسەر» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. يەنى ۋۇ
داۋزى ۋە جۇفاڭلارنىڭ كەينىگىلا قويۇلغان. ۋايجىرا ۋىچىر ۋە-
كىللىكىدىكى ئۇدۇن رەسساملىقى ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى تاڭ
دەۋرىنىڭ رەسىم ئۇسلۇبىغا، مەيلى چاڭئەننىڭ ياكى لوياڭنىڭ
رەسىم ئۇسلۇبى بولسۇن، ياكى ئادەم رەسىمى، تاغ - دەريا
رەسىملىرىنى سىزىش ماھارىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە بولسۇن ھەم-
مىسىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ۋايجىرا ۋىچىرنىڭ ماھارىتى
ئادەم رەسىمىنى سىزىشتا ئىپادىلىنىدۇ، جۇ جىڭشۈەن «تاڭ
سۇلالىسىدىكى مەشھۇر رەسساملار» دە يەن لىبېن سىزغان ئادەم
رەسىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ: «مەن يەن لىبېن سىزغان چەت
ئەللىك ئادەم رەسىمىنى سىنچىلاپ كۆرسەم تازا ۋايىغا يەتمەپتۇ؛
ۋايجىرا ۋىچىرنىڭمۇ جۇڭگولۇقلار رەسىمىنى سىزغانلىقىنى ئاڭلاپ
باقمىدىم» دېگەن. بۇنى بىر ئالىم مۇنداق مۇھاكىمە قىلغان:
«يەن لىبېن سىزغان ‹چەت ئەللىك› ئادەم رەسىملىرىنى قانداقلا
بولمىسۇن بىر قاتلام ئايرىپ تۇرغاچقا، تازا ۋايىغا يەتمىگەن؛
ۋايجىرا ۋىچىر ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان نەرسىلەرنى سىزغاچقا،
‹چەت ئەل شەيئىلىرى ئوبرازى› نى سىزىشتىن ئىبارەت بۇ نۇق-
تىدا زامانداش رەسساملاردىن ئېشىپ چۈشۈش ئېھتىمالى بار.»

ئۇدۇن رەسساملىق ئېقىمىنىڭ مەدەنىيەتنى قايتۇرۇپ تارقى-
تىشتىكى رولىغا قارىتا شياڭ دا ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى
بار: «ئەمدى كۆپۈنكى - پېتىنقى قىلىپ سىزىش ئېقىمىدىكىلەر-
نىڭ رەسىمىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، گەرچە ھىندىستاندىن
كىرگەن دېيىلسىمۇ، تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملارنىڭ بۇنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىشى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بول-

غان. ۋايجرا ۋىچىر ئاتا ـ بالىنىڭ قىزىل ۋە كۆك بوياق بىلەن رەسىم سىزىپ ئاستانىدا داڭ چىقىرىشى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى غەربىي يۇرت رەسىملىرىدە كۆپۈنكى ـ پېتىنقى قىلىپ سىزىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.» ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۇدۇنغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى نۇرغۇنلىغان بۇددا ھەيكىلى ۋە تام رەسىملىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى توققۇز قىسىملىق مۇزىكا ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون قىسىملىق مۇزىكىسىدا غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى، جۈملىدىن كۇسەن، سۇلى، كانگىيە، بۇخارا، ھىندىستان، قوچو، غەربىي لياڭ مۇزىكىلىرى كۆپ بولغان، يەنە كېلىپ تاڭ دەۋرىدىكى ئون يۇرۇش مۇزىكىدا باربىت ئاساسىي ساز بولغان، ئۇ غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم تارىلىق ساز بولۇپ، باشقا سازلاردىن يەنە تىك غوڭقا، بالىمان، داپ ـ دۇمباق، مىس جاللا، يالغۇزەك (نەي)، باربىت قاتارلىق غەربىي يۇرت سازلىرى بار بولغان. روشەنكى، ئۇدۇن مۇزىكىسى ئىككى خەن سۇلالىسى ۋە ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن. ئەمما سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ توققۇز، ئون يۇرۇشلۇك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئۇدۇن مۇزىكىسى يوق، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇدۇن مۇزىكىسى ۋە سازچىلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى قايتۇرۇپ تارقىتىشتا رولى بولمىغان دېگەنلىك ئەمەس. بەزى ماتېرىيال ـ ھۆججەتلەردە پارچە ـ پۇرات خاتىرىلىنىشچە، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەندە ھېچبولمىغاندىمۇ ۋايجرا كىلتى، ۋايجراچىن، ۋايجراكان قاتارلىق ئۇدۇن سازەندىلىرى مۇزىكا ساھەسىدە راسا جانلانغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋايجراكىلتى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ نەپىس مۇزىكىلىرى

ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا ماھىر بولغاچقا، مۇزىكا جە-
ھەتتە ئىككى تەرەپلىمە قايتۇرۇپ تارقىتىشتىكى مەدەنىيەت ئەل-
چىسى بولۇپ قالغان. ۋايجرا چىن، ۋايجراكانلارمۇ چاڭئەن رەس-
تىسسىدىكى داڭلىق سازەندىلەر بولۇپ قالغان. ۋايجرا چىن ئەينى
ۋاقىتتا ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان ساز — بالىمان
چېلىش ماھىـــرى ئىـــدى. ۋايجرا بــولسا «قەدىمكى مۇزىكا،
سىيڭ (13 — 17 نەيچىلىك چالغۇ) ، شياۋ (توغرىسىغا چالىدى-
غان نەي) ، چاڭ...» قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرىنى
چېلىشنى بىلگەن. بۇنىڭدىن ئۇدۇن مۇزىكىسىنىڭ مەدەنىيەتنى
قايتۇرۇپ تارقىتىشتىكى مۇھىم رولىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تاڭ
دەۋرىدە چاڭئەنگە غەربىي يۇرتتىن كۆپلىگەن ئۇستا سازەندىلەر
توپلاشقان، نەغمىخانىلاردا غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ بولۇشى
دەل مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئىككى تەرەپلىمە قايتۇرۇپ تارقى-
تىشنىڭ نەتىجىسى.

بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ۋاستە قىلغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى
قايتۇرۇپ تارقىتىش ئاساسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك راھىبلىرى
بىلەن ئۇدۇن راھىبلىرىنىڭ پات - پات باردى - كەلدى قىلىپ
تۇرۇشى ۋە بۇددىزم كىتابلىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىشى قاتار-
لىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى راھىب شۈەنزاڭ،
خۇيچاۋ، شى ۋۇكۇڭ ۋە سۇڭجىيېلەر قاتناشقان 157 كىشىلىك
راھىبلار توپى غەربكە بۇددىزمدىن تەلىم ئالغىلى بارغاندا، ھەم-
مىسى ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىش پائالى-
يەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇدۇندىن چاڭئەن قاتارلىق جايلارغا
بېرىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان راھىبلارمۇ ئاز بولمى-
غان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سانسكرىت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى،
ئۇدۇن يېزىقىنى بىلەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن شاھزادىسى
ۋايجرايۇ (راھىبلىق نامى جىيەن) ، كاتتا راھىب سىكشانەندە،
سىرامان دېۋاپرەجنا (راھىبلىق نامى تيەنجى) لار چاڭئەن قاتار-

لىق جايلاردا نوم تەرجىمە قىلىشتا داڭ چىقاردى. ئۇدۇنلۇق راھىب سىكشانەندە بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن چاڭئەن، لوياڭ، ئۇدۇن ئارىلىقىدا كۆپ قېتىم قاتنىغان. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ «خۇايەن سۇترا» سىنىڭ 80 جىلدى، «مەنچۇشرى بۇدساتۋانىڭ نام - ئەمەل بېرىش سۇترىسى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇددا نوم - سۇترىلىرىدىن 19 قىسىم 107 جىلدنى تەرجىمە قىلغان. سىرامان دېۋاپرەجنامۇ «خۇايەن سۇترىسى»، «دۇرۇسلۇق، باراۋەرلىك سۇترىسىنىڭ تارمىقى»، «بودا مەخپىيىتى سۇترىسىنىڭ تارمىقى» قاتارلىق نوم - سۇترىلارنىڭ 100دىن ئارتۇق جىلدىنى تەرجىمە قىلغان. بۇددىزم مەدەنىيىتى گەرچە ھىندىستاندىن ئۇدۇن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا ھەر قانداق مەدەنىيەت ھالىتىگە ئوخشاش، يۇتىنى مەزمۇت قويغان ھامان يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، بۇددىزمنىڭ جۇڭگولاشتۇرۇلۇشى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمىمۇ ئوخشاشلا ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مەنچۇشرى بۇدساتۋاغا چوقۇنۇش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، ئۇدۇنغا تېزلا تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ مەنچۇشرى بۇدساتۋاغا چوقۇنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ۋۇتەيدىكى مەنزىل ئىبادەتخانىسىدا ئۇدۇن خانىمۇ ئىز قالدۇرغان.»

## 3. خەلق مەدەنىيىتىنىڭ نۇر چېچىشى

خەلق مەدەنىيىتى ئۈنىڭ سىرتقى قاتلام مەدەنىيىتى (ماددىي مەدەنىيەت)، ئوتتۇرا قاتلام مەدەنىيىتى (تۈزۈم مەدەنىيىتى) ۋە چوڭقۇر قاتلام مەدەنىيىتى (ئېستېتىك ھەۋىسى، قىممەت قارىشى، خەلقنىڭ ئېتىقادى، تەپەككۇر شەكلى قاتارلىقلار) دىن

تەركىب تاپىدۇ. گەرچە بىزنىڭ هازىر سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى
خەلق مەدەنىيىتىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشىنى ئوچۇق سۈرەتلەپ بېرەل-
شىمىز قىيىن بولسىمۇ، لېكىن پارچە - پۇرات يازما مەنبەلەر
ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپاتلاردىن ئۇنىڭ ئىزىنى تاپالاي-
مىز. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇ-
دۇن بەگلىكىنىڭ تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادىتى تۆۋەندىكى-
چە يېغىنچاقلانغان: «...زىلچا، سىپتا كىگىز چىقىدۇ... خەلقى
قائىدە - يوسۇنلۇق، كىشىگە سىلىق ۋە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلى-
دىكەن. هۈنەر ئۆگىنىشكە قىزىقىدىكەن، كۆپ ماهارەتلىك ئى-
كەن... ئەلدىكىلەر مۇزىكىغا ئامراق بولۇپ، ناخشا - ئۇسسۇلغا
ماهىر ئىكەن، چەكمەن، جۇۋىنى ئاز كىيىدىكەن، كۆپرەك يې-
رىك شايى ۋە پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئاق كىيىملەرنى كىيىدى-
كەن، تەقى - تۇرقى ئەدەپ - قائىدىلىك ئىكەن.» ئەگەر خەلق
مەدەنىيىتىنىڭ بىر قانچە مەنە تۇرىگە قارايدىغان بولساق، بۇ
پۈتۈنلەي ئۇدۇننىڭ خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى
ئېگىزدە تۇرۇپ كۆزىتىشتۇر. ئۇدۇننىڭ تۆۋەن قاتلام خەلق
ئاممىسىنىڭ يۈكسەك هۈنەر - سەنئىتى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىج-
تىمائىي ئۆرپ - ئادىتى قەغەز يۈزىدە جانلىق گەۋدىلەنگەن.

خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدە ئۇدۇن تۆۋەن قاتلام خەلق
ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئەڭ ۋەكىللىك قىلالايدىغىنى
ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت تەسەۋۋۇرىغا تولغان ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسى ۋە هۈنەر - سەنئىتىدۇر. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، ئۇدۇننىڭ خەلق هۈنەر - سەنئىتى
ئاز دېگەندىمۇ كۇلالچىلىق، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق، كۆنچى-
لىك، بىناكارلىق، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، بوياقچىلىق،
قەغەزچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق، دېهقانچىلىق، زەرگەرچىلىك،
ئويمىچىلىق، گىلەمچىلىك قاتارلىق قول هۈنەر - سەنئىتىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇدۇننىڭ خەلق ئارىسىدىكى بۇنداق ئىشلەپ-

چىقىرىش، تۇرمۇش ماھارىتى گەرچە ئەمەلىي مەنپەئەتنى كۆزلى-
سىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى بىلەن تولغان،
ساپال قاچا، ياغاچ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر، توقۇلمىلارنىڭ شەكلى
ۋە سۇپىتى بولسا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ
چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياساش ھۈنىرى
ئارقىلىق بەزى قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن. بۇتخانا سېلىش،
ھەيكەل ياساش، رەسىم سىزىش ئۇستىلىرى خەلق سەنئىتى سا-
ھەسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر.

خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان سايمان ۋە
بۇيۇملار، مەيلى ساپال قورچاق، گەجدىن ياسالغان ھۆرقىز بول-
سۇن، مەيلى ياغاچ ئويمىچىلىق ياكى رەڭلىك لاي ھەيكەل ياساش
بولسۇن، ئۇلاردا يەرلىك ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنە-
رى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خوتەننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئادەم
ۋە ھايۋانلارنىڭ ساپال ھەيكەللىرىنى ياسىشىنى خەن، جىن سۇلا-
لىلىرى دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇددىزم ھەيكەللى-
رىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلق سەنئىتى جازىبىسىگە باي بولغى-
نى يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال ھەيكىلى، ساپال قۇش،
ئادەم باشلىق ساپال قەدەھ، ئادەمنىڭ باش ھەيكىلىدۇر. بۇلار
I — IV ئەسىرگە تەۋە نەرسىلەر؛ ئوخشاش بىر جايدىن چىققان
ئەركەك مايمۇننىڭ ساپال ھەيكىلى بولسا تاڭ دەۋرىگە تەۋە نەر-
سە. يوتقان قەدىمىي شەھىرىدىن چىققان ئايال ھەيكىلى يېرىم
ھەيكەل بولۇپ، ئىخچام ئۇسۇل بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن،
ئۇنىڭدىن ئىپتىدائىي يىرىكلىك ۋە ئاددىيلىق ئۇسلۇبى چىقىپ
تۇرىدۇ. يەنە بىر ئەرنىڭ باش ھەيكىلى كېيىنرەك قېزىۋېلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىدىن قارىغاندا، بېشىغا
قۇلۇلە شەكلىدىكى ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، پېشانىسى تار،
قېشى چوقچىيىپ، كۆزى پولتىيىپ تۇرغان، قاڭشارلىق، شاپ
بۇرۇت، ساقىلى ئۇزۇن بولۇپ، رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئۇسلۇ-

بىغا ئىگە. ئادەمباش - كالا باش قەدەھ بىلەن ساپال قۇش
ئەپسانىۋى كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ، ئالدىنقىسىدا ئادەم بېشى
بىلەن كالىنىڭ بېشى تۇتاشتۇرۇلغان. مەيلى ئادەم سىياقى بول-
سۇن، مەيلى كالا شەكلى بولسۇن، سىرتقى شەكلى، ئىچكى
روھى ھالىتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈل-
گەن، كېيىنكىسىنىڭ تاجىسى بىلەن قۇيرۇقى گويا شەكلى ئۆز-
گەرگەن نېلۇپەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تەسەۋۋۇرغا باي،
ئادەمباش - كالاباش قەدەھلەر، ساپال قۇش، ئادەم باشلىق قەدەھ-
لەر ئىچى كاۋاك بولۇپ، سۇيۇقلۇق قويىدىغان ۋە ئېقىپ چىقىدى-
غان يېرى بار. مەسىلەن، ئادەمباش - كالاباش قەدەھنىڭ ئادەم-
باش قىسمىنىڭ چوققىسىدا يۇمىلاق تۆشۈكى بار، كالىنىڭ ئې-
غىزىدا جوغىسى بار. بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارلىق قەدەھنى قە-
دىمكى يۇنانلىقلار «رايتون» (Rhyton) دەپ ئاتايتتى، ئۇ ئىلاھ-
قا ھاراق قۇيىدىغان قاچا ئىدى. قەدىمكى يۇنان، قەدىمكى رىم-
لىقلاردا روھقا ئاتاپ ھاراق سېپىش ئادىتى بولغان، يەنى
نەزىر - چىراغ قىلغاندا، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ھاراقنى «راي-
تون» ئارقىلىق نەزىر - چىراغ سۇپىسىغا سېپىش ئادىتى بول-
غان. يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان بۇ بىر نەچچە «رايتون» نى
ئېھتىمال يەرلىك ھۈنەرۋەنلەر ياساپ، يەرلىك ئىلاھلارغا
ياكى قەھرىمانلارغا نەزىر - چىراغ قىلىشقا ئىشلىتىپ، ئىلاھلار
ۋە قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن بولۇشى مۇم-
كىن. ئەركەك مايمۇن سېغىزدىن ياسالغان بولۇپ، ئولتارغاندەك
كۆرۈنىدۇ، ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە تىرەپ، سول قولى
بىلەن زەكىرىنى تۇتقان، كۆزلىرى روھلۇق، پۈتۈن بەدىنىدە
كىرگەن تىكەننى ئېلىۋەتكەندە قالغان بىر نەچچە تۆشۈك بار. بۇ
يەرلىك ئاھالىنىڭ ھايۋانات ئىلاھىغا تېۋىنىشى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىكمۇ قانداق، دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇنى قىزىل
تاش كېمىرلىرىنىڭ 38 - كېمىرىدىكى مايمۇن پادىشاھنىڭ ئەۋ-

ۋەلى ھاياتى ھېكايىسىغا دائىر تام رەسىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا،
بۇ ئوخشاش بۇددا تېمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر نەچچە ساپال
قاچىدىن قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلار ئەقىل ـ پاراسەتكە تولۇپ تاشقان
بولۇپ، ئۇنىڭ سىزىلىشىدا قىستۇرۇش ئۇسۇلى، قىسىش ئۇسۇ-
لى، يۆگەش ئۇسۇلى قاتارلىق ماھارەتلەر قوللىنىلغان، بېزەكلىد-
ىرىدە مەنىنى ئىپادىلەش ۋە ئىپادىلىمەسلىك بار.

خەلق بىناكارلىرىنىڭ سەۋيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئا-
ھالىلەر ئۆي ـ ئىمارەتلىرىدىن تېپىلغانلىرى ناھايىتى ئاز بول-
غاچقا، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قالدۇقلىرىدىن ئۇدۇن يەرلىك ھۈنەر-
ۋەنلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ
ئىش كۆرۈپ، بۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە باي ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى
سالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قۇم ئاستىدا قالغان ئاق قوچقىد-
ىراق خارابىلىكى ئەندىرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، 300 دىن
ئارتۇق ئۆيدىن تەركىب تاپقان ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىدۇر.
بۇ خارابىدىكى ئاھالە ئۆيلىرى بىر ئېغىزلىق ياكى كۆپ ئېغىزلىق
ئۆيلەر بولۇپ، بەزىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولسا، بەزىسى
چاسا شەكىلدە، كۆپىنچىلىرىنىڭ كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىر
ئۆپچۆرىسىدە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ
ئۆيلەر لاي تاملىق، شاخ ـ شۇمبا تاملىق، لاي ۋە شاخ ـ شۇمبا
تاملىق دەپ ئايرىلىدۇ. لاي تام لايدىن قوپۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىسىغا
ئاندا ـ ساندا يوغان لاي كېسەكلەر قىستۇرۇلغان؛ ئىچىنىڭ تۆت
تەرىپىگە تۈۋرۈك قويۇلۇپ، تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە لىم، خار
قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش ياتقۇزۇلۇپ، قومۇشنىڭ
ئۈستىدىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. شاخ ـ شۇمبا تام تۆت
تام ئورنىغا تۇرغۇزۇلغان توغراق ياغىچىدىن قىلىنغان تۈۋرۈك-
لەرنى قومۇشتا ئوراپ، ئۈستىدىن سامانلىق لايدا سۇۋىغان. لاي
ۋە شاخ ـ شۇمبا تام قومۇش ۋە سامانلىق لاينى ئىچ تەرىپىگە
ئېلىپ، سىرتى سۇۋاپ قوپۇرۇلغان. ئۆگزىسى تۈز بولغان بولۇ-

شى مۇمكىن. خارابىدە شەھەر سېپىلى بار بولۇپ، ھەر ئارىلىقتا
توغراق ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى 10 — 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا
يانقۇزۇپ، لاي بىلەن 30 — 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قوپۇ-
رۇلغان. ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىرچە كېلىدۇ. خارابىدە
قوش قاناتلىق سېپىل دەرۋازىسى بار، ھەر بىر قانىتى ئالتە تال
ياغاچتىن قىلىنغان. بۇ خارابە كېيىنكى چاغلاردىكى قۇرۇلۇش
(سۇڭ دەۋرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن) دەپ قارالسىمۇ، لېكىن نىيە
خارابىسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا
نۇرغۇن ئوخشاشلىقى بار. نىيىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر «ئادەتتە
تامنىڭ سىرتىغا يۇلغۇننى توقۇپ لاي بىلەن سۇۋاپ، ئىچ تەرىپىگە
قومۇشنى توقۇپ ئىچ تام قىلىنغان.» يەرلىك ئۇستىلار مۇشۇن-
داق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش، ئۆينى مۇشۇنداق شەكىلدە سې-
لىشتا جاي، كىلىمات، ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھې-
سابقا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەلىي پايدىلىنىشچانلىقى
بولۇشىنىمۇ كۆزلىگەن. شۇڭا، تاكى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان-
غىچە مۇشۇنداق ئۆي قۇرۇلمىسى يامغۇر ئاز ياغىدىغان قۇرغاق
جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا كەڭ قوللىنىۋاتىدۇ.

سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشىنىڭ
ئالدىغىچە بولغان ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ رەسىم - يوسۇنى بىلەن
ئېتىقادىنى يۈزەكى بىلىدىغانلارمۇ ئاز دېيەرلىك. بىرىنچىدىن،
ماتېرىيال كەمچىل؛ ئىككىنچىدىن، رەسمىي تارىخنامىلار بۇنىڭ-
غا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىغاچقا، بۇ ساھە بوش قالغان.
لېكىن، چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىدىغان بولساق تاپقۇدەك ئىز يوقمۇ
ئەمەس.

دىنىي ئېتىقادتىكى رەسىم - يوسۇن كۆپىنچە دۇئا - تىلا-
ۋەت قىلىش، ئەمرىمەرۇپ قىلىش (ۋەز ئېيتىش)، نوم قىرائەت
قىلىشقا ئوخشاش شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئۇدۇنلۇقلارنىڭ
بۇددا مەدەنىيىتىدە ئۆزگەرمەس دېگۈدەك شەكىل بولۇپ قالغان.

قائىدىدە تەقلىد قىلىش، جادۇ
خەلق ئېتىقادىدىكى رەسىم - قائىدىدە تەقلىد قىلىش، جادۇ
قىلىپ بەللىۋېتىش، شادلىق ناخشىسىنى ئېيتىپ قايتىق ئۇس-
سۇلغا چۈشۈش، پەرھىز، نەزىرگە ئاتاپ ئادەمنى قۇربانلىق
قىلىش، بەزمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان بولۇپ،
ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ كەيپىيات تۇسىگە ئىگە
بولغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە
خاتىرىلەنگەن ئۇدۇن بەگلىكىدىكى «ئەجدىھا دۇمبىقى رىۋايىتى»
دىكى «ئەجدىھا قىزىنىڭ ئەر سورىشى» ئېھتىمال ئۇدۇندا خەلق
ئارىسىدا كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ
ھېكايە شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە سەل مۇرەككەپ، «يۇياڭ خاتى-
رى» سىدە سەل ئاددىي بايان قىلىنغان؛ «ئۇدۇن شەھىرىنىڭ
شەرقىي جەنۇبىدا بىر چوڭ دەريا بار بولۇپ، بىر دۆلەتنىڭ
يەرلىرى سۇغىرىلىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دەريا سۈيى تۇش-
تۇمتۇت ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ خانى بۇنىڭ نېمە ئىش
ئىكەنلىكىنى لوخۇئساڭدىن سورىغانىكەن ئۇ، — ئەجدىھانىڭ
قىلغان ئىشى، — دەپتۇ. خان ئەجدىھاغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدۇ-
رۇپتۇ، دەرياغا سۇ پەيدا بولۇپ، بىر ئايال دولقۇن مىنىپ
كېلىپ، خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ: ‹مېنىڭ ئېرىم ئۆلدى،
ۋەزىرگە تېگىشنى خالايمەن، شۇنداق بولسا دەريا سۈيىمۇ بۇرۇن-
قىدەك ئېقىۋېرىدۇ› دەپتۇ. بىر ۋەزىر بۇ ئىشقا رازىلىق بىلدۈ-
رۈپتۇ. ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇللىرىنى ئەكېلىشىپتۇ،
ۋەزىرنىڭ ھارۋىسىغا ئاق ئات قوشقانىكەن، ئۇ ئات سۇغا كىرسە
چۆكمەيدىكەن، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاق ئات سۇ يۈزى-
گە لەيلەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا سەندەل ياغاچلىق بىر دۇمباق ۋە
خەت - جىلتە بار ئىكەن، خەتنى خانغا ئەۋەتىپ، ‹ئەگەر چوڭ
دۇمباقنى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئېسىپ قويسا، دۈشمەن
باستۇرۇپ كەلگەندە دۇمباق ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىدۇ› دەپ-
تۇ، كېيىن دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەنىكەن. دۇمباق ئاۋازى

ئۆزلۈكىدىن ياڭراپتۇ.» ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان بۇددىزم تۈسىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ھېكايە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ تارقالغان. خېبو (دەريا مۇئەككىلى) نىڭ خوتۇن ئېلىش ھېكايە-سى بىلەن شۇنداق ئوخشايدۇ. پەقەت ئەر - ئايال پېرسوناژلار ئورۇن ئالماشقان، خالاس. «ئەجدىھا دۈمبىقى رىۋايىتى» ئۇدۇن-نىڭ ئەل ئىچىدە بالايىئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان رەسىم - قائىدە بارلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ: «بۇ رەسىم - قائىدىلەر قۇرغاقچىلىقنى يېڭىشكىمۇ ئالاھىدە ئىشلى-تىلگەن... بۇنداق يامان ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلار چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بول-دى.» ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىرىك ئادەمنى ئەجدىھا قىزغا نەزىر قى-لىشى قۇرغاقچىلىق بولۇپ زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئالالماسلىقتا قارىتا قوللانغان چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇلدۇر. «بۈيۈك تاڭ دەۋ-رىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن «پۈتۈن ئەلدى-كى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ پۇقراغىچە دۈمباق نەغمىسى قىلىپ، ھاراق داستىخىنى تەييارلاپ ئۇزىتىپ خوشلىشىدىكەن» دېگەن گەپتىن قارىغاندا، بۇ بىر ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ ۋە ئۇسسۇل ئويناشتەك خۇشال - خۇراملىق ئۇسۇلى ئارقىلىق بالايىئاپەتنى يوقىتىش مۇراسىمى بولغان. بۇنىڭدا «رەسىم - قائىدە كوللېكتىپنىڭ كۈچى ئارقىلىق رولىنى جارى قىلى-دۇرىدۇ، كوللېكتىپمۇ رەسىم - قائىدە ئارقىلىق تەسىر كۆرسى-تىدۇ.» ھاراق داستىخىنى، ناخشا - ئۇسسۇل پەقەت بالايىئا-پەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تائەت - ئىبادەت قىلىش شەكلى ئىچىدە ئىلاھنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ، مەق-سەت قۇرغاقچىلىقنى يوقىتىش ئىدى.

«چاشقانلىق رىۋايىتى» «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئۇدۇن ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايە. ئىلاھىي چاشقان ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ھۇن لەشكەرلىرىنى

مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بەرگەچكە، ئۇلار «ئىبادەتخانا سىپىلىپ
نەزىرلىك تىزغان» ياكى «چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىغىچە پىيادە بې-
رىپ، ئېگىشىپ تەزىم قىلىپ، سەجدە قىلىپ ئېھتىرام بىل-
دۈرۈپ، نەزىر - چىراغ قىلىپ بەخت تىلىگەن.» نەزىرلىك
«كىيىم - كېچەك، ئوقيا ياكى خۇش پۇراق گۈللەر، نازۇنېمەت-
لەر» بولغان. بۇ يەردە ئىلاھىي چاشقانغا ئۇدۇنلۇقلار ھامىي
ئىلاھىي سۈپىتىدە نەزىر - چىراغ قىلىش، «چۈنكى ئۇدۇنلۇقلار
ئۇ چاشقانلارنىڭ ئارىسىغا قۇدرەتلىك ھەيۋىسى بار ئىلاھ يوشۇ-
رۇنغانلىقىغا چىن پۈتكەن.» نەزىر بۇيۇملىرى ئىچىدە نازۇ نېمەت-
لەرمۇ، كېيىم - كېچەك، ئوقيا، خۇش پۇراق گۈللەرمۇ بول-
غان. ئوخشاش بولمىغان نەزىر بۇيۇملىرى ئوخشاش بولمىغان
مۇددىئاغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. نەزىرلىك بۇيۇملار ئادەتتە تىزىپ
قويۇلىدۇ، «ئومۇمىي كۆز قاراش ئىلاھنىڭ نەزىرلىكنى قوبۇل
قىلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى نەزىرلىكنىڭ ئۆزى ئۇچۇندۇر دەيدىغان
قاراش بولۇپ، بۇ قاراش بىر تەرەپتىن، نەزىرلىكنىڭ شەكلىدە
ئىپادىلەنگەن ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىدىيىسىنى؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئىنكار قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنى، يەنى ئاتىغان نەزىرلىك-
نىڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ھەر قانداق قىممىتىنى يوقاتقانلىقىدا»
دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇدۇنلۇقلار-
نىڭ ئىلاھىي چاشقانلارنى يوقلاپ بېرىپ نەزىر - چىراغ قىلىشى
مول مەزمۇنلۇق، بىلدۈرگەن ھۆرمىتى قويۇق تۈس ئالغان، يۈزە
بولمىغان، پەقەت سىمۋول خاراكتېرلىك مەنىدىلا بولغان، خۇش
پۇراق گۈللەرنى نەزىرلىك قىلىش خۇش پۇراق گۈلدە بۇي سې-
لىشنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، مۇھىمى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى-
دۇر، خۇش پۇراق گۈل، خۇشبۇي كۇمىلاچ ئىشلىتىش ياك-
ى ياغ (مەسلەن ناقتا)، خۇش پۇراق ئوت - چۆپ تۇرىدىك-
لەرنى ئىشلىتىش جاي ۋە مىللەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا
بولغان، لېكىن ھەممىسىنىڭ مۇددىئاسى ئوخشاش: «ئەرۋاھ،

ئۇچۇچانلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم ئىس ياكى بۇسقا ئوخشايدىغان نەرسە، شۇڭا بۇنداق ھالەتتىكى نەزىرلىك ئەرۋاھلارغا يەتكۈزۈلىدۇ ۋە ئەرۋاھلار ئۇنى ئىشلىتىدۇ، بۇنداق نەزىرلىك بۇس شەكلىدە ئەرۋاھلارغا يېتىپ بارىدۇ. روشەنكى، بۇنداق ئىدىيە ناھايىتى ئەقىلگە مۇۋاپىق».①

خوتەندىن قېزىۋېلىنغان تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە بەش دەۋرگە تەۋە بولغان رەڭلىك ئىككى تاۋۇتقا كۆك ئەجدىھا، ئاق يولۋاس، قىزىل قۇشقاچ، تۆت تامان ئىلاھى شۈەنۇۋ سىزىلغان، بۇلار ئىمام مۇسا كازىم مازىرىنىڭ ئەتراپىدىن چىققان بولۇپ، ئەڭ قىممىتى بار ئەپسانەشۇناسلىق ماتېرىيالى بولالايدۇ. شۈەنۇۋ «تاشپاقا ـ يىلان تەنلىك» غەلىتە مەخلۇق بولۇپ، ھۆججەتلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان. «كېيىنكى خەننامە. ۋاڭ لياڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا لى شيەن ئىزاھلاپ: «شۈەنۇۋ شىمال ئىلاھى، تاشپاقا ـ يىلان تەنلىك» دېگەن. بىر ئالىم: «جۇڭگونىڭ تەرىقەت دىنىدا ئەرش ئىلاھى شۈەنۇۋغا چوقۇنغان، خەلق ئارىسىدا شۈەنۇۋنى ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرۈشنىڭ قۇت نىشانى قىلىش ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ شۈەنۇۋنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا يىلتىز تارتقان بىر دەرەخ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ چېچەك ۋە مېۋىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» دەپ قارىغان. خوتەندىن قېزىلغان رەڭلىك تاۋۇتقا سىزىلغىنى دەل شۇ كۆك ئەجدىھا، ئاق يولۋاس، قىزىل قۇشقاچ، تۆت تاماننىڭ ھامىي ئىلاھى شۈەنۇۋ بولۇپ، «بۇ ئىككى تاۋۇتقا سىزىلغان رەڭلىك رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى، تېمىسىدىن

① ئېدۋارت. تايلور يازغان: لىيەن شۇشيەڭ تەرجىمە قىلغان: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، 805 ـ، 806 ـ بەتلەر.

قارىغاندا، نوقۇل خەنزۇچە ئۇسلۇبتۇر. تاۋۇتنىڭ شەكلىمۇ خەن-
زۇچە ئۇسلۇبتا.» لېكىن تاۋۇتتىكى جەسەت ئۇدۇننىڭ خان
جەمەتىگە تەۋە. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
بۇ ئەلۋەتتە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولغان، لېكىن ئۇدۇن
رايونىغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تويىن دىنىنىڭ ھەقىقەتەن تارقى-
لىپ كىرگەنلىكى، ئەرش ئىلاھى شۈەنۋۇغا چوقۇنۇشنىڭ ئۇدۇن-
دا خەلق ئارىسىدا ساقلىنىشىدا مەسىلە يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن، ئۇدۇنلۇقلار نېمىشقا شۈەنۋۇغا ئېتىقاد قىلىشنى
قوبۇل قىلىدۇ؟ بۇنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىغا
ئىنتىلىشىنىڭ بىر - بىرىگە باغلانغانلىقىغا يىغىنچاقلىماي تۇرال-
مايمىز: «شۈەنۋۇ ئىككى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، بىرى ئۇنىڭ
ئەسلىي شەكلىنىڭ تاشپاقا ئىكەنلىكى بولۇپ، تاشپاقا ئۇزۇن
ئۆمۈرنىڭ سىمۋولى... ئىككىنچىسى ئۇنىڭ شىمالدىكى سۇ ئور-
نىنى ئىگىلەپ تۇرغان سۇ مۇئەككىلى ئىكەنلىكى، ئەمما ئىنسان-
لارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا سۇ ھاياتلىقنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى.»
ئۇدۇندىكى شۈەنۋۇ رەسىمىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇزۇن ئۆمۈرگە تېۋى-
نىش، ئەرشى ئىلاھىي تاشپاقا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىش فۇنكسى-
يىسىنى ئۆتەپ، ھەتتا ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەي، ئاخىرەتكە
بارغاندىمۇ باياشاتلىقتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولىدىغانلىقتا، مەيلى
تۇغۇلۇش بولسۇن، ياكى ئۆلۈش بولسۇن، ئىلاھىي تاشپاقا ئۇلار-
نىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى ساقلارمىش، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلاھىي
تاشپاقا ئۇدۇن مەدەنىيىتىدە يىلتىز تارتقان ياكى ئىلاھىي تاشپا-
قىغا تېۋىنىش دەل ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ھاياتلىق ئېڭىنى كۆزەتكەنلى-
كىنىڭ ئىپادىسى.

ئاپتورى: جۇڭ گاۋ

# تۆتىنچى بۆلۈم مەدەنىيەتنىڭ تىپى ئۆزگەرگەن دەۋردىكى خوتەن

ئىنسانلار تۇنجى مىڭىنچى يىلنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا، غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇندا شىددەتلىك بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى، بۇ ھال ئارقىدىنلا غايەت زور مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدۇر. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مۇسا (ئارسلانخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇدۇننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 40 يىلدىن ئارتۇق (24 يىل، 100 يىل دەيدىغان گەپلەرمۇ بار) «غازات» قىلدى. بۇنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى 800 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇقىرى قاتلامدىكى خان جەمەتىدىن تارتىپ تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارغىچە ئېتىقادىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۇدۇننىڭ يۇزە قاتلىمى، ئوتتۇرا قاتلىمى، ئىچكى قاتلىمىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇدۇن مەدەنىيىتى باشقا بىر يول بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنى تۈرك مەدەنىيىتى دەۋرىنى كۈتۈۋالدى، بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بۇرۇلۇش دەۋرى باشلاندى.

## 1. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىرى ئۇدۇننى بويسۇندۇرۇۋاتقان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇن

ھۆكۈمرانلىرىمۇ ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئىستېلا قىلدى. ماۋەرا-
ئۇننەھر رايونىنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى شۇنى كۆرسەتتىكى: «بىر-
رىنچىدىن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمران-
لىق قىلىش ھوقۇقى ھەر قايسى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ياكى
تۈركلەشكەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە شەخسلەرنىڭ كونت-
روللۇقىدا بولۇپ كەلدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تۈركلى-
شىشىنى تېزلەتتى. ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى تۈرك مىللەتلىرى-
نىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىسلاملىشىشىنى يولغا قويدى، ئىسلام مەدە-
نىيىتى كەڭ تارقىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى
بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىر يېڭى مەدەنىيەت — ئىسلام - تۈرك
مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇردى.» ئۇدۇن ساك تىلىدا سۆزلىشىش-
نى ئاساس قىلغان، مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون
ئىدى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى بويسۇندۇرغاندىن كې-
يىن، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بۇ رايونغا زور
تۈركۈمدە كىرىپ، ئۇزاق مۇددەت يۇغۇرۇلۇش ئارقىلىق بۇ را-
يوننىڭ مىللەت تەركىبىنى ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام
دىنى «غازات» ۋاستىسى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاچقا، تەدرىجىي
ھالدا ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن يېڭى
ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن، ئۇدۇن ئەنئەنىۋى، بۇددىزم
مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان رايون بولغاچقا ئۇرۇش ۋاستىسى
ئارقىلىق زورلۇق بىلەن يولغا قويىدىغان ھەرقانداق يۇقىرى بې-
سىم ۋاستىسى كۈچلۈك قارشىلىققا ۋە چەكلەشكە ئۇچراتتى.

ئەگەر قاراخانىيلار سۇلالىسى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى تىنچ
يول بىلەن ئۆزىگە قوشۇۋالغان دېسەك، ئۇدۇننىڭ ئۇنچىلىك
تەلىيى بولمىدى، ئىسلام كۈچلىرى شەھەرلەرنى ئېلىپ، جايلار-
نى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا بارلىق بۇددىزم ئىمارەتلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى دېگۈدەك خارابىگە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى.

«تۆركى تىللار دىۋانى» دىكى بىر شېئىردا مۇنداق سۈرەتلەنگەن:
«كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق بىز، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق
بىز، بۇتخانىنى يىقىتتۇق، بۇتلار ئۈستىگە چىچتۇق بىز.» ئەمە-
لىي ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنداق بولغان. ئۇدۇن زامانىدىن ساقلى-
نىپ قالغان بۇددىزىم خارابىسىدا ساپلا ئوت قويۇۋېتىلگەن ئىزنالار
بار بولۇپ، بەزى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر كۆيۈپ كۆمۈرىلا
قالغان، كۆپلىگەن بۇددىزىم كىتابلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، شۇ-
ڭا خوتەندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ئىچىدىن بىرەر پارچە مۇ-
كەممەل ماتېرىيال كىتاب تېپىلماي، دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان
خەت - چەكلىرىدە كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلەنگى-
لى بولمايدۇ.

ئۇدۇن بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھەم ئۇ-
دۇنغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشى، ھەم
ئېتىقادنى قوغدايدىغان كۈچ سىنىشىش بولۇپ، ئىلگىرىدىن بار
بولغان بۇددىزىم ئېتىقادىنى چىڭ ساقلاش كېرەكمۇ ياكى ئېتىقاد-
نى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت
زور مەسىلىگە چېتىلاتتى. ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ئۇدۇننى بويسۇن-
دۇرۇش ئۇرۇشى 40 يىل، 24 يىل داۋاملاشقان دېگەن گەپلەردە
چوڭ خاتالىق يوق، لېكىن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۇ-
زۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشى ھەرگىز قىسقا مۇددەت ئىچىدە
تاماملانمايتتى. بىر ئەسىر ھەتتا بىر قانچە ئەسىرگىچە داۋاملى-
شىش ئېھتىمالى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇرۇش ھاكىمىيەتنىڭ
تەۋەلىك مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالايتتى، دىنىي ئېتىقادنى ئۆز-
گەرتىش مەسىلىسىنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق تېز ھەل قىلىپ كېتەل-
مەيتتى، بولۇپمۇ يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى
ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاستا بولاتتى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇدۇننى
بويسۇندۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى تۇر-
لۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قەيسەرلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ

تۆرالايىتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى بويسۇندۇرۇشتا ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى ئېتىقادىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چىڭخەي ۋە شىزاڭغا قېچىپ بېرىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇبۇتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. «سۇڭ خاندانلىقىنىڭ 10 خانىغا دائىر تېزىسلار» دا «ۋاڭ يەن شەنجۇ (بۇگۈنكى شىنىڭ) غا بارغاندا يالغان كۇسەن مەلىكىسى چىڭيى جېمۇ ۋە قەبىلە چوڭلىرىدىن لى ئاۋېن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇدۇنلۇق قوۋمىنى باشلاپ قوۋۇقتىن چىقىپ تەسلىم بولدى» دەپ خاتىرىلىنىشتىن قارىغاندا، لى فامىلىلىك ئاۋېن ئېھتىمال ئۇدۇننىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىڭخەيگە قېچىپ بارغانلار ئاز بولماسلىقى مۇمكىن. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇدۇنلۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يات مەدەنىيەت بولغاچقا، ئۇ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇدۇن مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ماسلاشتۇرۇلغان بولسا، بەلكى «غازات» ئۇسۇلى ئارقىلىق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان. نەتىجىدە يولغا قويۇشنىڭ دەسلەپىدە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ، يەرلىك مەدەنىيەتكە قوشۇلۇشى بىر مەزگىل ناھايىتى تەسكە چۈشكەن. شۇڭا، بۇ يات مەدەنىيەت كەسكىن مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىڭ بىر كېچە ھېكايىسى شەكلىدىكى ئەپسانە تۈسى ئارقىلىق بۇ ئەلنىڭ مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتمەكچى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە «غازات» قا ياندىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ تەزكىرە كىتابى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ئەل ئىچىدە كەڭ تارقالغان. ئۇدۇن رايونىدا «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ھەرخىل كۆچۈرمە نۇسخىلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەپسانە تەركىبىنى نوقۇل ھالدا خەلق ئارىسىدا خاتا گەپلەرنىڭ خاتا

تارقىلىشىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ، «مۇقەددەملەشتۈرۈلگەن»، «سىرلىقلاشتۇرۇلغان» تۆت ئىمام، مەيلى ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ توقۇپ چىقىرىلىشى نەقەدەر ئاجايىپ، نەقەدەر تارىخىي چىنلىققا قانچە ئۇيغۇن ئەمەس بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇدۇنلۇقلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلاشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى زېممىسىگە ئالغانلىقى راست. بۇ ھەقتە ئىماملارمۇ ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «...بۇ يەرلىكلەر (ئۇدۇنلۇقلار) نىمۇ مۇسۇلمان قىلماقچىمىز. كاپىرلار تەسلىم بولسۇن، ئەگەر تەسلىم بولمايدىكەن، چوڭلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كىچىكلىرىنى ئەسىرگە ئالىمىز، شەھەرنىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇيمىز.» ① «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» دە ئىماملار سىرلىقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنغان، ئۇسۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، مەقسەتكە يېتىدىغانلا بولسا، چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن يانمىغان.

ئىسلام مەدەنىيىتى مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ تېگىنى تېز ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىرىنچىدىن، بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇتخانا، بۇددا مۇنارى، بۇددا ھەيكىلى، بۇددىزم تام رەسىملىرى يوقىتىۋېتىلىپ، ئەرەب بىناكارلىقىنىڭ شەكلى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. جامەلەر «ئالدى دەرۋازىسى ئېگىز ۋە يوغان، ئۇچلۇق ئەگمە ياكى يومىلاق ئەگمىلىك، ئاساسىي قۇرۇلۇش تېگى تۆت چاسا، ئۆگزىسى گۈمبەز شەكلىدىكى يومىلاق گۈمبەزلىك قىلىپ

---

① لى يىنپىڭنىڭ «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى، 213 - بەت.

سېلىنىپ، ئەزان ئېيتىشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادەتتە دەرۋازا ياكى ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئەزان پەش- تىقى (ئەزان مۇنارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چىقىرىلغان». ①مازار، مەدرىس ھەتتا ئاھالە ئۆيلىرىمۇ ئەرەب بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. بېزەكلىرىدىمۇ بۇتتىن خالىي بولغان گۈل - گىياھ، گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەر ئورۇن ئالغان. خوتەن رايونىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان جامەلەردىن خوتەن شەھىرى ئىچى- دىكى چوڭ جامە، گۇمىدىكى جامە، چىرىدىكى ئېغىزى تېھران مەسچىتى ھازىرمۇ بار، ئۇلارغا 120 — 200 يىل بولغان بو- لۇپ، ھەممىسى ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا. كۆپلىگەن ما- زارلاردىن لوپ باغدات مازىرى، ئىمام ئاسىم مازىرى، ئۇجمە مازار غوجام، نىيە ناھىيىسىدىكى ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرى بار بولۇپ، بىر مۇنچىلىرىنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىماق تەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىر- گەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. لېكىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار يوق دېگۈدەكلا بو- لۇپ قالغان، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

دەپنە بۇيۇملىرىدىنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇدۇن ماددىي مەدە- نىيىتىگە بولغان چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شىما- لىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە سۇڭ يۈەن ئۇدۇنغا كەلگەندە، بۇ جاينىڭ دەپنە ئادىتى بۇددىزىم يوسۇنى بويىچە بولۇۋاتقانلىقىنى: «ئۆلگۈچىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، سۆڭىكىنى يىغىۋېلىپ دەپنە قى- لىپ، قەبرىسىگە بۇت تىكلىگەن» لىكىنى كۆرگەن. لېكىن، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، دەپنە قىلىش شەكلى پۈتۈنلەي يەرلىككە كۆمۈشكە ئۆزگەرتىلگەن. دەپنە سايمانلىرىغا

① «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى» (1 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى، 315 - بەت.

جىنازا ئىشلىتىلگەن، مېيىتنى ئاق رەختكە ئورىغان، خام كې-
سەكتىن قەبرە قاتۇرغان ۋە موللا تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇت-
قان ۋە دۇئا قىلدۇرغان. دەپنە بۇيۇملىرى، دەپنە سايمانلىرىنىڭ
ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد
قىلغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئوخشاش بولمىغان
دەۋرلەردىكى دەپنە ئادىتى ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىسلامىيەت تۈزۈمى مەدەنىيىتى، مەسى-
لەن، ئەرەبلەرنىڭ دىنىي كىتابلىرى، تىلخەت - هۆججەتلىرى،
ئۇدۇن يېزىقى قاتارلىقلاردا يېزىلغان يەرلىك خەت - چەكلەرنىڭ
ئورنىنى ئالغان. لېكىن، خوتەندە ئەرەبچە قېزىلما خەت - چەك-
لەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن، خوتەنگە قوشنا بولغان
يەكەندىن چىققان ئەرەبچە خەت - چەكلەر نۇرغۇن. خاتىرە قالدۇ-
رۇلغىنى «ماجىپ يەنە خوتەندىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە
كۆمۈۋېتىلگەن تۆت پارچە ئەرەب يېزىقىدىكى (بۇنىڭ ئىچىدىكى
ئىككى پارچىسىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھىجرىيىنىڭ 401 -
يىلى [ مىلادىيە 1010 — 1011 - يىللىرى] ھىجرىنىڭ 501-
يىلى [مىلادىيە 1107 - يىلى دەپ يېزىپ قويۇلغان) ۋە 24 پارچە
كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت - چەكلەرگە ئېرىشتى» دېگەن
ماتېرىيالىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەكەندىن قېزىۋېلىنغان ئەرەب
يېزىقىدىكى بىر پارچە قانۇنىي دەۋا دېلوسىغا ئائىت ماتېرىيالدىن
قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە قېلىپلاشقان شەكىل-
دە يېزىلغان، مەسىلەن، بېشىدا ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش،
قازىنىڭ ئاللانىڭ نامى بىلەن دېگەن سۆزى ۋە خانغا ئوقۇغان
مەدھىيىسى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى پاكىت ۋە ئاخىرىدىكى ھۆ-
كۈم قىسمىغىمۇ «ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللادىن ياردەم تىلەي-
مىز» دېگەن مەزمۇنلار قىستۇرۇلغان. شۇنداق دېيىش كېرەك-
كى، ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ ئەرەب يېزىقىدىكى «قۇرئان كە-
رىم» مۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان مۇقەددەس كى-

تابتۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى ئىسلام ئالىملىرى ئاللاتائاللا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلغان «ۋەھيي كىتاب» دەپ تەرغىب قىلىپ كەلگەچكە، «قۇرئان كەرىم» نى ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى بىلەن ئوقۇش ۋە يېزىش مۇقەددەس ھەم دەخلى - تەرۇزسىز بولۇپ، ئېتىقادچىلارنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. مەيلى قانداق رايون، قانداق مىللەت بولسۇن، قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغان، قايسى يېزىقنى قوللىنىدىغان بولسۇن، مۇسۇلمان بولىدىكەن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى پەقەت ئەرەب تىلىدىلا ئوقۇش ۋە يېزىشقا بولاتتى.»① يۇقىرىقى ئەرەب يېزىقىدىكى قانۇنىي دەۋا دېلوسىغا دائىر ماتېرىيالدىن قارىغاندا ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تىلىغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە سوتلاش تۈزۈمىدىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈم قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان.

ئەرەب تىلى ۋە يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى ئۇدۇن قاتارلىق رايونلارنىڭ يەرلىك تىل - يېزىق تىپىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەرلىك تىلغا نۇرغۇن ئەرەبچە ئاتالغۇلارنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، كېيىن ئۇدۇن رايونىغا كەڭ تارقالغان چاغاتاي يېزىقىمۇ ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭ تەسىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان. موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇدۇن رايونى پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ بولغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ساياھەتچى ماركوپولو: «(خوتەن) ئاھالىسى مۇھەممەدكە ئېتىقاد قىلىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن ئەرەب

① «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى» (1 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى، 115 - بەت.

يېزىقىدا يېزىلغان ۋە ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپىنى قوللىنىپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن، ئەرەب - ئىسلام ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىشمۇ بىر مودا بولۇپ قالغان. ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئاۋۋال ئاللا، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى مەدھىيىلەش ۋە ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئاندىن رەسمىي تېكىستقا ئۆتۈش شەكلى قوللىنىلغان، ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كەڭ تارقالغان «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن كىتابلاردىمۇ مۇشۇنداق قۇرۇلما قوللىنىلغان. خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنى يېيىلىپ تارقىلىپ كىرگەن مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بولىدىغان ماتېرىيال يوق، ھازىر دەلىللىگىلى بولىدىغانلىقىنى XVIII ئەسىردىكى خوتەنلىك شائىر نۆبىتى مەھزۇن ۋە قاراقاشلىق شائىر ئەھمەتشاھ قارىقاشى، موللا سالىھلاردۇر. نۆبىتى پارس تىلىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. ئەھمەتشاھ قارىقاشى بولسا قەشقەردىكى ئىسلام مەدرىسىدە 10 يىل ئوقۇغان. ئۇلارمۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مودىغا چۈشۈرۈپ، باشلىمىنى مۇناجاتتىن باشلاشتىن تەبئىي ھالدا ساقلىنالمىغان، ۋەزنىدىمۇ تەقلىد قىلىش كۆرۈلۈشكە باشلىغان، لېكىن نۆبىتىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى بولغان «غەزەللەر»، «رۇبائىيلار»مۇ روشەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەمما «خوتەن مەدھىيىسى» تېخىمۇ ئاممىباب بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇدۇننىڭ يەرلىك ئۆرپ - ئادىتىگە بولغان تەسىرى ئاساسەن ئاھالىنى ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئۇدۇنلۇقلاردا ئەسلىدىن بار بولغان ھەرىكەت يوسۇنلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، قىز چىقىد-

ـرىش، ئـوغـۇل ئۆيلەش، بالاغەتكـە يېتىش، ئىسىم قويۇش،
ھېيت ـ بايرام قىلىش قاتارلىق رەسىم ـ قائىدىلەرمۇ قويۇق
ئىسلام مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان. تويدىكى نىكاھ قىلىش رەس-
مىيىتى، كىشىلىك تۇرمۇش قائىدىسىدىكى خەتنە قىلىش، ئى-
سىم قويۇشنى دىنلاشتۇرۇش، دىنىي ھېيت ـ بـايراملارنـى
دىنـدىن خالىي ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشلەرنىڭ
ھەممىسى مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلىدە ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدۇر. ئۇ-
دۇنلۇقلار ئارىسىدا تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرى يەنىلا ساقلى-
نىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇتقا چوقۇنماسلىق كۆپ ئىلاھقا
چوقۇنۇشنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇنداق ئەھۋال كېيىنكە بارغانسې-
رى، مەسىلەن، چاغاتاي خانلىقى، يەكەن خانلىقى ۋە چىڭ سۇلا-
لىسى دەۋرلىرىدە بارغانسېرى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان. مىڭ، چىڭ
دەۋرلىرىدە سوپىلار شېئىرلىرى خوتەن رايونىدىمۇ تارقالغان بو-
لۇشى مۇمكىن، بۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتقۇچىلار سوپى ـ ئىشانلار-
دۇر.

## 2. ئاساسىي مەدەنىيەت بىلەن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىقى

XI ئەسىردىن ئىلگىرى خوتەننىڭ ئاساسىي مەدەنىيىتى بۇد-
دىزم مەدەنىيىتى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى بوي-
سۇندۇرغاندىن كېيىن، غەربىي لياۋ (كۇچلۇكنى ئاساس قىل-
غان)، موڭغۇللار قـۇرغـان يۈەن سـۇلالىسى (چاغاتاي خانلى-
قى)، يەكەن خانلىقى، چىڭ سۇلالىسى قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈم-
رانلىق مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىسلام دىنى ئۇلىنى چى-
ڭىتىۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇچلۇك ئۇدۇن ئاھالىسىغا ئېتىقا-
دىنى بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتمىگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ مەجبۇرلاش
بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي ـ سى-

ياسي تۇزۇمى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى ئۇدۇندا يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئاخىر كۆچلۈك ئىسلام كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرالماي، موڭغۇللارمۇ يەرلىك ئاھالىغا قوشۇلۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان. چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغـان ھـۆكـۈمــەت مەدەنىيە-تى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، دىنىي كۈچلەرنى ئاجىزلىتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن دىننى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن، مەيلى ئىسلام مەدەنىيىتى بولسۇن، ياكى چىڭ سۇلالە-سىنىڭ ھۆكۈمەت مەدەنىيىتى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدە بولسۇن، ئۇدۇننىڭ خەلق مەدەنىيىتى (تۆۋەن قاتلام مەدەنىيە-تى) ئاساسىي مەدەنىيەت بىلەن توقۇنۇشۇش، سۈركىلىش جەريا-نىدا ھاياتلىق ماكانىنى ئىزدەپ كەلگەن.

شۇنى دېيىش كېرەككى، ئاساسىي مەدەنىيەت ھېسابلانمىغان مەدەنىيەت بىلەن ئاساسىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا باشتىن - ئاخىر توقۇنۇش ۋە زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئاساسىي مەدەنىيەتكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئاسا-سىي مەدەنىيەت ھېسابلانمىغان مەدەنىيەتنىڭمۇ ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاساسىي مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىشى مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاساسىي مەدەنىيەتنىڭ مۇئەييەن زامان ۋە مۇھىتتا، ئاساسىي مەدەنىيەت ھېسابلانمىغان مەدەنىيەتكە كەڭ قورساقلىق قىلىشىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخى-رىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا دىن تارقاتقان شۋېتسىيە-لىك مىسسىئونېر قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىدا خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنى، تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىنسانشۇ-

ناسلىق بويىچە دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى يازغان. دوكلاتتا ئۈدۈن قاتارلىق رايونلاردىكى خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن رەسىم - قائىدىسى، ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق ئۈچ چوڭ سىستېمىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دوكلاتتىن مەلۇم بولغىنى XVIII، XIX ئەسىرلەردىكى خەلق مەدەنىيىتى ئۆچۈرى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ قەدىمكى بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنىمۇ تىلغا ئېلىنغان. رەسىم - قائىدىسى قەبرە ئالدىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، ئاممۋى ھېيت، كىشىلىك تۇرمۇش رەسىم - قائىدىلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مازارغا چوقۇنۇش مۇشۇ خىلدىكى تىپىك رەسىم - قائىدىدۇر. مازار — ئەرەب تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «مۇقەددەس روھلارنىڭ جايى، ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى» دېگەن مەنىدە…مازارنى تاۋاپ قىلىش ئاشۇ ئاتالمىش «ئۇلۇغلار قەبرىسى» نى تاۋاپ قىلىش، قەبرىستانلىقنى چۆرىدەپ دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ… ئەنئەنىچىلەرنىڭ قارىشىچە، مازارنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىن چەتلەيدىغان بىر بىدئەتلىك.»[1] ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە بولغاندا ھەر قانداق بۇتقا تېۋىنىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك، لېكىن مازارغا تاۋاپ قىلىش نېمىشقا خەلق ئارىسىدا ئەدەپ كېتىدۇ؟ ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ (ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسمۇ) مازارنى تاۋاپ قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئوخشاش بولۇپ، بەزىلەر ئۇلۇغلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىپ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بەزى تۇغماس ئاياللار ئۇلۇغلارنىڭ ئۆزىگە پەرزەنت ئاتا قىلىشىغا ئۈمىدىنى باغلاپ تاۋاپ قىلىدۇ. «بەزى ئاياللار ھەتتا ئوغۇل بالا تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ياچاق قويۇپ قويىدۇ، بۇلار-

---

[1] «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 275 - بەت.

نىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مازاردا ئۇزاق تۇرۇش بولۇپ، بەزىدە ھەتتا 40 كۈن تۇرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا ‹قۇرئان كەرىم› نى تىلاۋەت قىلىدۇ.»[①] مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەجدادلارغا تېۋىنىش، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن، مازارنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك دەرەخ ياكى ئېگىز خادىلارغا رەڭگا-رەڭ لاتىلارنى چىگىپ قويۇش قاتارلىقلار. تاۋاپ قىلىدىغان مازارنىڭ راست - يالغانلىقىغا كەلسەك، تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، گەپ ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇقەددەس كۈچتە، مازار تاۋاپ قىلىش بىلەنلا قالماي، بەزى كېسەل داۋالاش، يامغۇر تىلەش قاتارلىق رەسىم - قائىدىلەردە ھەم قىرائەت قىلىش، ھەم جادۇ قىلىش ئاساسىي مەدەنىيەت بىلەن ئاساسىي مەدەنىيەت ھېسابلانمايدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ قائىدە - يوسۇنلار جىددىي قىيىنچىلىق كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئېغىر قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغاندا، باخشى تەكلىپ قىلىپ يامغۇر تىلەيدۇ ۋە مازار غوجامغا بېرىپ 41 كۈندىن كەم قىلماي قۇرئان ئوقۇتىدۇ. يامغۇر تىلەش رەسىم يوسۇنىدىكى جادۇ قىلىش مەشغۇلاتىدا باخشى ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ ئۇچىيىدىن تېپىلغان يادا تاشنى (ئۇيۇغان تاشنى) مالنىڭ قېنى ئېلىنغان قاچىغا سېلىپ سۆگەتنىڭ چىۋىقى بىلەن توختىماي قوچۇيدۇ ۋە ئايەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر يامغۇر تىلەش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، باخشى قاتتىق جازالىنىدۇ. يامغۇر تىلەش گەرچە ئەل ئىچىدىكى جادۇگەرلىك پائالىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام مەدەنىيىتى تۈسىگە ئىگە.

ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى-

---

① گۇننار ياررىڭ: «شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئۇممىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنسانشۇناسلىققا دائىر دالا تەكشۈرۈشىدىن دوكلات»، مۇرات قاتارلىقلارنىڭ «يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1999 - يىلى 4 - سانى.

دا جىن - ئەرۋاھلارنىڭ يوق يېرى يوق دېگەن ئېتىقاد بار
بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بۇتقا تېۋىنىشقا قارشى تۇرۇش تەلـ
پىگە زىت كېلىدۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا بۇنىڭغا قارىتا بىر
مۇرەسسە قىلىش ئۇسۇلى بار. كىشىلەر جىن چاپلىشىۋېلىش،
جىن - ئەرۋاھلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىپ، ئۆزىنى
قوغداش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايىتىنى يازغۇزۇپ باش
كىيىمگە تىكىۋالىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھامىي ئىلاھلىق رول
ئوينىشىنى تىلەشتۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشتا پەخەس بولۇش ئېڭى
ھەممىلا ئادەمدە بولىدۇ. خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئارىـ
سىدا كۆزى يامانىنىڭ كۆزى تەگسە بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ
دەيدىغان ئاڭ بار. «كۆزى يامان» دېگەندە باشقىلارنىڭ كىشىنىڭ
زوقى كېلىدىغان ئادەم ۋە نەرسىگە بولغان ھەسەتخورلۇق نەزىرى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى: (1)
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايىتىنى يازغۇزۇپ بالىلارنىڭ دوپپىسىغا
تىكىپ قويۇش؛ (2) چاشقاننىڭ قېنىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇ-
تۇش ياكى قوينىڭ يىلىكى ئارقىلىق كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش؛
(3) ئوخشاش بولمىغان تۇمارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياش ۋە
جىنسىتىكىلەر ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ساقلاش رولى؛ مەسىـ
لەن، بۆرە تىرنىقى ئارقىلىق بالىلارنى كۆز تىگىشتىن ساقلاش
قاتارلىقلار. بۇنداق قوغدىنىش ئېڭى ھەتتا بالىلارنىڭ ھاياتىنى
ساقلاپ قېلىش جەھەتلەردىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، ئىسىم
قويغاندا «ئالتۇن»، «تاش»، «تۆمۈر»، «ئالماس» دېگەندەك
ئىسىملارنى قويۇشتا بالىلارنىڭ تەمبەل، قاۋۇل بولۇشىنى
ۋە بالا - قازادىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىش ئېتىقادى
ئاساس قىلىنغان. بۇ ئۇزۇندىن بۇيان خوتەن ئاھالىسىنىڭ تۇغۇ-
لۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش، ئۆلۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بو-
لۇشتەك رەھىمسىز رېئاللىققا بولغان نائىلاج تاللىشىدۇر.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە

خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىق تەڭ قوللىنىلـ
غان، بىر تۈركۈم ئىقتىساسلىق تەرجىمانلار تەربىيىلەپ چىقىلـ
غان، چەك، ھۆكۈمەت تامغىلىرىدىمۇ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىكـ
كى خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا ئۆلكە
تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش ھالدا
ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، مانا بۇلار ھۆكۈمەت
مەدەنىيىتىنى كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا قوبۇل قىلـ
دۇرۇشتۇر.

## 3. خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ
غەربىي يۇرتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
يىپەك يولىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن جەنۇبىي بوستانلىق مەدەنىيىتى ئوتـ
تۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشلار كۆپ بولغان. خەن، تاڭ سۇلالىلـ
ىرى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا تىرىقچى لەشكەرلەرـ
نى تۇرغۇزۇشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سودا كارۋانلىرى، راـ
ھىبلىرى، ھەربىي ۋە خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن
بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرۇشى، بوستانلىق قەلئە دۆـ
لەتلىرى خانلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىش، ئولپان
تاپشۇرۇش شەكلى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىشى، بۇددىزم
مەدەنىيىتىنى قايتۇرۇپ تارقىتىش قاتارلىقلارمۇ خەنزۇ مەدەنىيەـ
تى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى
ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا
ئۆرنەك قىلىش، ئۆزئارا سىڭىشىشتەك يېڭى كەيپىياتنى بارلىققا
كەلتۈردى. بۇمۇ غەربىي يۇرت تىنچلانسا، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەـ
نىدىغانلىقىنى، غەربىي يۇرت مالىمان بولسا، مەدەنىيەتنىڭ خاـ

رابلىشىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى. ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ مۇشۇنداق قاراشقا بولىدۇ.

ئىسلام دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەھۋال ئوخشاش بولمىدى، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ئولپان تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن، چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، كۆپلىگەن خەنزۇلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، خەنزۇ مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتتىكى مەنبەلىك مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت بىرلىكى بولۇپ قالغان.

ئولپان تاپشۇرۇش، ھەدىيە قىلىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇدۇن خانى سۇڭ خانىدانلىقىغا غەربىي يۇرتنىڭ يەرلىك بۇيۇملىرىدىن قاشتېشى يوگەن، ئاق قاشتېشى كەمەر، يېشىل تاش، كەھرىۋا، ئالتۇن ئەسۋاب قاتارلىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى ئولپان تاپشۇرغان. بۇلاردىن سىرت ئولپان بۇيۇملىرى ئىچىدە يەنە مەستىكى رۇمى، قۇستە، دورا قاتارلىقلار، غەربىي يۇرتچە ئالاھىدىلىككە ئىگە غوزكىمخاۋى، غۇنچە گۈللۈك چىت، نار تۆگە، برونىلانغان ئاتلار بولغان، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ھەدىيە قىلغان بۇيۇملار ئىچىدە ئالتۇن كەمەر، كۈمۈش قاچا، جۇۋا، پۇل قاتارلىقلار بولغان. يەنە ئۇدۇن خانىغا ئوتۇغات نامىمۇ بەرگەن بولۇپ، بۇنداق ئولپان

تاپشۇرۇش ـ ھەدىيە قىلىش مۇناسىۋىتى 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. يۈەن سۇلالىسى بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كې-
يىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى موڭغۇللاردىن قالسىلا ئىك-
كىنچى ئورۇندا بولغان. بۇ مىللەتلەر سودىغا ئۇستا بولغاچقا،
ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئۇزاق تۇرغانلار خەنزۇلىشىپ، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە نامى چىققان ئەدىبلەر بارلىققا
كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدا مەنسەپ تۇتقاچقا، «مىڭنامە» دە «يۈەن دەۋرىدە
مۇسۇلمانلار جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان» دېيىلگەن.
بۇلارنىڭ ئىچىدە جەزمەن ئۇدۇنلۇقلارمۇ بولغان. بۇ ھەقتە زېڭ
زېنۋۇ مۇنداق دەيدۇ: «يۈەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەل-
گەن غەربىي يۇرتلۇقلار ئىچىدە يۇقىرىسى ھەربىيلەر، سىياسەت-
ۋازلار، سودىگەرلەردىن باشقا، يەنە ئاسترونوملار، دىنىي ئۆلى-
مالار، مۇنەججىملەر، مىمارلار ۋە ھەرقايسى كەسپلەردىكى ھۈ-
نەرۋەنلەر بار بولۇپ،ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىدى.» غەربىي يۇرت-
لۇقلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەمەل
تۇتۇشى، قەلەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى، سودىگەرچىلىك
قىلىشى ۋە ئولتۇراقلىشىپ ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسپلەر بىلەن
شوغۇللىنىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە يۈەن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىل-
گىرى سۈرگەن. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا پات ـ پات
ئۇرۇش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇيغۇرلار
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەلچىسى بولغان. بۇ دەۋرمۇ مەدەنى-
يەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرى بولۇپ قالغان. مىڭ
سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇن مىڭ سۇلالىسىگە ئول-
پان تاپشۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، يۇڭلې يىللىرىدىن
ۋەنلى يىللىرىغىچە داۋاملاشقان، ئۇدۇننىڭ ئولپان تاپشۇرغان
بۇيۇملىرى سىلىقلانمىغان قاشتېشى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار

بولغان. مىڭ خانىدانلىقى ھەدىيە قىلغان بۇيۇملار ئاق ئالتۇن،
قەغەز پۇل قاتارلىقلار بولغان. بۇ مەزگىلدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئەلچىلىرى غەربىي يۇرتقا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان، «مىڭ
دەۋرى خاتىرىسى» دە چېن چېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۇدۇنغا بارغانلىقى
قەيت قىلىنغان. يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى
بېرىش ـ كېلىش قىلىشى ئىچكىرى بىلەن ئۇدۇن قاتارلىق
غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشە-
نىشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى چۈشە-
نىش ۋە ئالاقىلىشىشنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

چىڭ خاندانلىقى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە
1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن
غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسى-
دا ماسلىقنى يۇزلىنىش ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېقىنقى
زاماندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە مەدەنى-
يەت قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. ئالدى بى-
لەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمە-
رانلىق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك
ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ ۋە ئۇلارغا نام بېرىپ، مەركەزنىڭ سىيا-
سىي تۈزۈمى ۋە تۈرلۈك ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يولغا قويۇش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ مەدەنىيەت تۈزۈم ئىزچىللاشتۇ-
رۇشنىڭ كاپالىتى بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي تېرىقچىلىق (چېرىكلەرنى تېرىقچى-
لىققا سېلىش، خەلقنى ياللاپ تېرىقچىلىققا سېلىش، سۈرگۈن-
لەرنى تېرىقچىلىققا سېلىش قاتارلىقلار) نى يولغا قويۇپ، ئىش-
لەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ مىل-
لەت ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشنى شەكىللەندۈردى، بۇ ھال مەدەنى-
يەت جەھەتتىكى ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، سىڭىشىشنىڭ ئاساسى
بولدى. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى

هۆكۇمىتى بەگ تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋىلايەت - ناھىيە
تەسىس قىلىپ، يەرلىك سىياسىي، دىنىي كۈچلەرنى ئاجىزلاتـ
تى. بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان ئاساسىي مەدەنـ
يەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى. شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە پائال ماسلىـ
شىپ، چەت ئەللەرنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە
قارشى تۇرۇشتىن ھاسىل بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇـ
شۇش كۈچى كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدىلەشكەن مەدەنىيەت قۇرۇلـ
مىسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولدى.

زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگنىڭ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتقان مەزـ
گىلدە 100 مىڭ كىشىلىك خۇنەن، خۇبېيلىقلار تەڭرىتېغى ئەتـ
راپلىرىغا تارقالغان. خوتەندە ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلغاندىن
كېيىن، خەنزۇ مەدەنىيىتىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن تۇرغۇـ
زۇشى ۋە خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئىسلام - تۈرك
مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان خوتەنگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىـ
تىنىڭ ساپ شامىلىنى ئېلىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭـ
شى - شۈەنتۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى يۇرتلارنىڭ
تەزكىرىسى» دە قەشقەر دوتىيى تەۋەلىكىدىكى خوتەنگە بىۋاستە
قاراشلىق ئايماق ۋە كېرىيە، لوپ، گۇما ناھىيىسى قاتارلىق
جايلاردىكى خەنزۇ ئاھالە 1000 ئەتراپىدا چىقىدۇ، (چىڭ سۇلاـ
لىسى شىنجاڭدا تۇرغۇزغان قوشۇننىڭ ئادەم سانىنى ئۆز ئىچىگە
ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن) دېيىلگەن. ئادەم سانى كۆپ بولمىـ
سىمۇ، لېكىن ئەمەلدارلار، ھەربىي تېرىقچىلىقتا كەلگەنلەر،
سودىگەرلەرمۇ ئىچكىرىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چەت -
يىراق خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن. لوپ ناھىيىسىنى مىسالغا ئالـ
ساق، خەنزۇ پوسۇندا سېلىنغان ئامبال مەھكىمىسى قاتارلىق
قۇرۇلۇشلاردىن سىرت، خەنزۇلار ئاچقان ئەمەلدارلار دۇكىنى،
ھۆكۈمەت ئاچقان دارىلئېتام، كۇڭزى، ۋېنچاڭ، گۇەندى بۇتخاـ

نىلىرى سېلىنغان، خەير - ساخاۋەت قەبرىستانلىقى ئابىدىسى،
شياڭخۇا شىپاڭى ئابىدىسى، تۆت تەرەپ ئىلاھى بۇتخانىسى ئابىدى-
سى قاتارلىقلار تىكلەنگەن. «لوپ ناھىيىسىنىڭ يېزىلار تەزكى-
رىسى» دە: «لوپتا يېڭىدىن ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، خەنزۇلار-
دىن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەر-
نىڭ ساڭلىرى ئاشلىققا تولۇپ، يەرلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ
روناق تېپىپ كەتكەن» دېيىلگەن. ئىچكىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ
ھېيت - ئايەم، نەزىر - چىراغ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ بۇ يەردە
كەڭ تارقالغان بولۇپ، چاغان، پانۇس بايرىمى، چوكانتال بايرى-
مى، يەر مۇئەككىلى كۈنى پائالىيىتى ياكى يەر مۇئەككىلىگە
ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىش كۈنى، دېھقانچىلىق مۇئەككىلى،
ئىلاھلار (ئەرش ئىلاھى، زېمىن ئىلاھى) قاتارلىقلارغا نەزىر -
چىراغ قىلىش مۇراسىمىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغان. بەزى چىڭ
دەۋرىدە خوتەنگە ئەۋەتىلگەنلەر ۋە ئەدىبلەر خوتەنگە كېلىپ، كى-
شىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان چېگرا قورغىنى نەزمىلىرىنى قالدۇر-
غان. چۇ تىڭجاڭ، شياۋ شيۇڭ، ۋاڭ چىسۇن، ياڭ پىجولار
خوتەننىڭ مەنزىرىسى ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى
مەزمۇن قىلغان شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياڭ
پىجو يازغان «لاڭتاۋشا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سەككىز مەنزى-
رىسىگە بېغىشلىما» دېگەن شېئىرى داڭلىق. ئۇ يۇرۇڭقاش دەر-
ياسىنىڭ سەككىز مەنزىرىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا: «يۇرۇڭ-
قاش دەرياسى ئوخشار بەلۋاغقا»، «تاڭ نۇرى يورۇتقان تۆ-
مۈر چوققىنى»، «قاتمۇقات ياپيېشىل ئۈجمىزارلىق»، «نۇقسان-
سىز قاشتېشى پارقىراپ تۇرغان»، «ئالتۇن قۇم كۆرۈنەر كەش-
تىلەنگەن گىرىپتەك»، «قاشتاش تاقىغۇ ئوخشاركەن ئەتىگەنكى
مۇزغا»، «سۇزۇك بۇلاق كۆرۈنەركەن ئاي چىقىۋاتقاندەك» ۋە
«سېرىق بۇلۇتقا تاقاشقان» دەپ، لوپ ئەتراپىدىكى بىر يىل تۆت
پەسىلدىكى مەنزىرىسى ۋە ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىر-

لىگەن. گەرچە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا كەلگەن ئەدىب-
لەر بىر مۇنچە «سەككىز مەنزىرە ھەققىدە نەزم» يازغان بولسى-
مۇ، كۆرۈنۈش ئۇچۇنلا مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان
دېيىلىشتىن خالىي بولالمىغان. شۇنداقتىمۇ بۇلار خوتەن رايونى-
نىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشى-
نىشكە پايدىلىق.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا خەنزۇ ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكىرىنىڭ
بۇتخانا بىناكارلىقى، كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇش ۋە ئىچكىرىنىڭ
يەرلىك تىياتىرلىرىنىڭ خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي-
لاردا كەڭ تارقىلىشى ئەسلىدە ئەجەبلىنەرلىك بولمىسىمۇ، لې-
كىن ئىسلام مەدەنىيىتى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر رايوندا
يەرلىك ئاھالە خەنزۇ مەدەنىيىتىگە قانداق قارار؟ XX ئەسىرنىڭ
بېشىدا شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئۆمىكى تەرىپىدىن تەكلىپ قى-
لىپ ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئوبۇل ۋاھىت
ئاخۇن قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇلارنىڭ خەلق
مەدەنىيىتىنى خېلىلا مۇپەسسەل شەرھلەپ، «بۇت ھەققىدە»،
«بۇتخانا ھەققىدە»، «تىياتىر ئويناش ھەققىدە» دېگەن بۇ ئۈچ
ماقالىنى يازغان. شۋېتسىيىلىك گۇننار ئالفىرىد ياررىڭ بۇ ماقا-
لىلەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان، بۇ كىتاب شۋېتسىيە لۇندخان
جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى تولۇق تې-
كىستى بىلەن نەشر قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ
شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا تارقالغان خەنزۇلارنىڭ
بۇتقا چوقۇنۇش، بۇتخانا سېلىش ۋە خەنزۇ تىياتىرلىرىنى ئويناش
قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىگە قارىتا ئادەتتىكى تۆۋەن قاتلامدى-
كى ئۇيغۇر پۇقرالار «روشەنكى خەنزۇلارنىڭ بۇتخانىسى ۋە خەن-
زۇلارنىڭ دىندىكى كۇپرىلىق قىلمىشىغا ئانچە پەرۋا قىلمىغان،
ئەكسىچە بۇلارنى غەلىتە ھېس قىلغان، بۇ ئەنئەنىۋى مۇسۇلمان-

ـلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىغا تۇپ-
ـتىن ئوخشىمىغان. تۆۋەن تەبىقىدىكى بۇ مۇسۇلمانلار قەشقەر
ياكى باشقا بىر جايدىكى خەنزۇلار بۇتخانىسى ۋە تىياتىرنىڭ چەت-
ـتىن كۆرگۈچىلىرى بولغان، ئۇلار ئاشۇ يەرلەردە كۆرگەن،
ئاڭلىغانلىرىدىن ۋە كۆرگەن تىياتىرلىرىدىن ئادەمنى سەسكەندۇر-
گۈدەك نەرسىلەرنى سەزمىگەن». خوتەندىكى تۆۋەن قاتلامدىكى
ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭمۇ بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئادەتتىن-
كىچە روھىي ھالەتتە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇ
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىسىدا ھەر قايسى
مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ
قېلىش ئاساسىدا باراۋەرلىك پوزىتسىيىسى بىلەن ماس ھالدا
سىغىشىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى يەنىمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاپتورى: جۇڭ گاۋ

# بەشىنچى بۆلۈم ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى خوتەن

## 1. مىنگو دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش
سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قامال قىل-
غان، بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن كىرگەن گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنى قاتتىق تەكشۈر-
گەن. خوتەن شىنجاڭدىكى ئەڭ چەت ۋە ئەڭ بېكىنمە ھالەتتىكى
رايون بولغاچقا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشى-
شى تەس ئىدى. لېكىن، خوتەننىڭ مەدەنىيىتى ئۆزگىچە خاس

ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئەدەبىي ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
ئامىمغا تەسىرى زور بولغىنى ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.
خوتەندە كەسپىي ئىجادىيەتچىلەر يوق. خوتەننىڭ خەلق ئەدەبىياتى
ئاساسەن ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەت، مەسەل، لەتىپە، ماقال -
تەمسىل قاتارلىقلاردۇر. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇرۇش
مالىمانچىلىقى بېسىقماي، ۋابا كېسىلى ئەدەب، خەلقنىڭ كۇنى
ئېغىرلاشقان بولغاچقا، بۇ مەزگىلدىكى خەلق ئەدەبىياتى بيۇروك-
-رات پومېشچىكلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت بىلەن تولغان.
تۇرلۇك ھېكايە، مەسەل، لەتىپە، ماقال - تەمسىللەردە يوقسۇل
دېھقانلارنىڭ ئىشچان، باتۇر، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئەقىل - پارا-
ستى مەدھىيىلەنگەن. پومېشچىك بايلار ۋە رەزىل دىندارلار
رەھىمسىز قامچىلانغان. بۇ ئامما ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مە-
سىلەن، «قاراڭغۇدا ھومىيىۋال» ، «خەلق سۆزلىمەيدۇ، سۆزلى-
-سە ھەق سۆزلەيدۇ» ، «باي قەيەردە، ۋاڭ شۇ يەردە» قاتارلىقلار-
-نىڭ تىلى ئاددىي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قەلب ساداسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بەزى خەلق قوشاق-
چىلىرىمۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۇمرانلىقتا نارازىلىقىنى قەلىمى ئار-
قىلىق ئىپادىلىگەن. مەدەنىيەت - مائارىپتىن قارىغاندا، ئەينى
چاغدىكى مەكتەپلەر ئاساسەن دىنىي مەكتەپلەر بولغاچقا، مەدەنى-
-يەت قويۇق دىنىي تۈس ئالغان. بۇ مەكتەپلەر ئاساسىي جەھەتتىن
مەسچىتلەردە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى خاتىپ،
ئىماملاردىن بولۇپلا قالماي، تۇركلەردىنمۇ تەكلىپ قىلىنغان
بولۇپ، ئۇلار مەكتەپلەردە پان تۇركىزم ۋە پان ئىسلامىزمنى
تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئارىسىدا ھەر خىل «غازات» ھېكايىلىرى-
-نى تەشۋىق قىلىپ، ئامىنى بىخۇدلاشتۇرۇش رولىنى ئوينى-
غان.

گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە، بۇددىزم مەدەنىيىتى
دەۋرىدە خوتەندە نۇرغۇن رەسىم ۋە ھەيكەللەر ئىجاد قىلىنغان،

بۇلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن،
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا رەسىم سىزىشتا ئادەم
رەسىمى، هايۋان رەسىمى قاتارلىق جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سى-
زىش مەنئى قىلىنغان. بۇ مەزگىلدىكى گۈزەل سەنئەت ئاساسەن
نەرسە - كېرەكلەرنى سىزىشتا ئىپادىلەنگەن، بەزى رەسساملار
مەسچىت ۋە مەنسەپدارلار، پۇلدارلار تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ مېهمان-
خانىسىغا رەسىم سىزىپ بەرگەن. مەسىلەن، قاراقاش ناهىيىسى-
دىكى شاخلىق مەسچىتى، گۇما ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي
بۇلۇڭىغا جايلاشقان جامەدىكى ئويما رەسىملەر مىنگونىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىللىرىدە پۈتكەن، ئۇلاردىكى گۈل - گىياھ ۋە دەل -
دەرەخ سۈرەتلىرى مۇئەييەن بەدىئىي ماهارەتكە ئىگە بولۇپ، تاكى
هازىرغىچە كىشىگە كۈچلۈك هاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ، گۇما
ناهىيىسىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدىكى پومېشچىك قورۇقىنىڭ
مېهمانخانىسىغا سىزىلغان تام رەسىمدە دىنىي ئالاهىدىلىكنى ساق-
لاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇلار ئەنئەنىسىدىكى گۈزەل
سەنئەتنىڭ سىزىش ئۇسۇلى ئۆرنەك قىلىنغان بولۇپ، هازىرمۇ
بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا، گۈزەل
سەنئەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى خوتەننىڭ تۈرلۈك هۈنەر - سەنئەت
بۇيۇملىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خوتەننىڭ گىلەم نەقىشلىرى پې-
شىپ يېتىلگەن بولۇپ، شەرق گىلىمىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قال-
دى. خوتەن گىلىمى هەم تۇرمۇش بۇيۇمى، هەم سەنئەت بۇيۇمى-
دۇر، ئۇنىڭدا نۇسخا سىزىش، ئويۇش، توقۇش، كەشتىلەش،
بوياش بىر گەۋدە قىلىنغان، رەسىملىرى كۆركەم، رەڭگى جۇلا-
لىق بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن مەنزىرە، مەشهۇر جاي، يادىكارلىق
قاتارلىقلار خۇددى بىر گۈزەل سۈرەتتەك، ئەينەن ۋە گۈزەل
كۆرۈنىدۇ، قويۇق پۇرىقى ۋە زىننەت تۈسىگە ئىگە بولغاچقا،
شىنجاڭنىڭ نادىر سەنئەت بۇيۇمى هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
گۈللۈك دوپپىسىدىكى خوتەنچە چاقماق كەشتە، ئايالچە گۈللۈك

دوپپا ئەڭ داڭلىق بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، تۆت بۇرجىكى چوق-
چىيىپ تۇرىدۇ، ئاياللار بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەتلەس رومالنىڭ
تۇسكە ئەڭ باي يىپەك رەخت بولۇپ، ئۆزبېكىستان ئۇستىلىرى
خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن ئەتلىسى نەقىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ
ھۈنەر - سەنئىتىدىن ئۇلگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شە-
كىللەندۈرگەن. خوتەن ئەتلىسىنىڭ گۈللىرى ئۆزگىرىشچان،
رەڭدار، تەسەۋۋۇر ۋە ئىپادىلەشكە باي، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن
سۈرەتلەردە قىزىلگۈل، ئالما، ئامۇت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ
نۇسخىلىرىمۇ، ياغاچ تاماق، پۈپۈك، قاشتېشى قاتارلىق بۇيۇم-
لارنىڭ نۇسخىلىرىمۇ، ئورغاق، ھەرە قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ۋە
دۇتار، راۋاب قاتارلىق سازلارنىڭ نۇسخىلىرى بار بولۇپ، مول
ۋە رەڭدار سۈرەت نۇسخىلىرى خوتەن ئەتلىسىنىڭ داڭقىنى جۇڭ-
گو ۋە چەت ئەللەرگە يايدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆيلەرنىڭ
دېرىزىسى، ئىشىك ۋە تام ئويمىلىرىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشچان
بولۇپ، كىشىگە گۈزەللىكتىن ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىدىكى ياپون باسقۇنچىل-
رىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭ دائىرىلىرى بىر مەز-
گىل «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
يېقىن ئۆتۈش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش» تىن ئىبارەت ئالتە
بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلغاچقا، خوتەننىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن
بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن مۇھىت يارىتىلغان. بەزى يېڭى مەدەنى-
يەت ئىدىيىسى، مەدەنىيەت كەيپىياتى بىر تۈركۈم كوممۇنىست-
لارنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن.
1927 - يىلى فرانسىيىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
قاتناشقان جېڭ يىجۇن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا شىنجاڭ
دائىرىلىرى تەرىپىدىن خوتەندە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن
خادىم بولۇپ، كېيىن يەنە خوتەننىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىغا تەيىن-
لەنگەن. 1938 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە يەنە توققۇز نەپەر

كومپارتىيە ئەزاسى خوتەنگە ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە
ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىيەت ئا-
قارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
قۇرۇلغان. خوتەندە يەنە ئاممىۋى مائارىپ سارىيى قۇرۇلغان.
كىنومۇ بۇ چاغلاردا پەيدا بولغان بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى
بەزى ئىلغار كىنو فىلىملىرىنى قويغاندىن سىرت، ئاساسەن سو-
ۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ فىلىملىرى قويۇلغان. بۇ مەزگىلدە خوتەن-
نىڭ دراما، مۇزىكا، ئۇسسۇلچىلىقىدا يېپيېڭى قىياپەت بارلىققا
كەلگەن. شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاندىن زور
بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار كېلىپ خوتەننىڭ مەدەنى-
يەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشقان. ئىلغار زىيالىي ئەخمەت
هاجى، مەمتىمىن ھېلىموف، ھۈسەيىن، ئوسماننىياز هاجى ۋە
هاجىقىز خانىم قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1937 - يىلى
10 - ئايدا «سانايى نەفىسە» (ھازىرقى يېڭى قاشتېشى ئۆمىكى-
نىڭ ئىلگىرىكى گەۋدىسى) قۇرۇلغان. ئىلگىرى خوتەندە تىياتىر
ئوينىلىپ باقمىغان، بەزى كىچىك تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر-
لارلا بولۇپ، بەزى ئويۇنچىلار ئېتىز باشلىرىدا ئويۇن قويغان.
خوتەن سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن خوتەندە كۆلۈب
سېلىنىپ، «مونەكۋاي»، «كۈرەش قىزى» دراممىسى،
«غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسى قاتارلىق بىر
قاتار تىياتىرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەندە قويۇلغان،
تاماشىبىنلار قىزىقىپ كۆرۈپ، خوتەننىڭ سەھنىسىدە مىسلى
كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ ۋە-
تەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش قىزى» دېگەن
دراممىسى قويۇلغاندىن كېيىن، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىكى بىلەن ئامما
ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. ئەينى چاغدىكى تىياتىرلار
مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئورۇنلاش سەنئىتى
جەھەتتىن بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى تىياتىرىنىڭ تەسىرىگە

ئۆچرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى مەشھۇر تىياتىرلىرىمۇ
سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئىلغار ئىدىيە خوتەن خەلقىگە بىلىندۈرمەي
تەسىر كۆرسەتكەندى. ئويۇن قويۇشتىمۇ كونا ئادەتلەر بۇزۇپ
تاشلىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت ئېڭى بارلىققا كەلگەن. ئىلگىرى
خوتەندە ئويۇن قويۇلسا، ئاياللارنى ھەرگىز سەھنىگە چىققۇزمايت-
تى، بەزى كىچىك تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللاردىمۇ ئاياللارنىڭ
رولىدا ئەرلەر چىققان. يېڭى مەدەنىيەتنىڭ خوتەنگە تەسىر كۆر-
سىتىشىگە ئەگىشىپ، ئاياللارمۇ دادىللىق بىلەن سەھنىگە چىقى-
دىغان بولغان. ھاجىقىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك ئانسامبى-
لىدىن خوتەنگە كېلىپ، تۇنجى قېتىم ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ
سەھنىگە چىقىپ، زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ
يەنە باشقا ئايال ئارتىستلارمۇ سەھنىگە چىققان. بۇ ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ ئىلغارلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، كونا قائى-
دە - يوسۇن، كونا قاراشلار ئۈچۈنمۇ بىر زەربە بولغان. مۇزىكى-
دىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ئىلگىرى خوتەندە ساز
چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان ئەلنەغمىچىلەرلا بار بولۇپ، نەي،
راۋاب، داپ قاتارلىقلارنى چالغان. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيى-
لەنگەن ھاجى مۇھەممەتنى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قى-
لىپ، مەلۇم مۇزىكا تالانتى بار بالىلارنى تاللاپ ئۇنىڭغا شاگىرت-
لىققا بەرگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
سازلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئىسكىرىپكا، چاڭ،
ئاكاردىيون قاتارلىق سازلارنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ، خوتەننىڭ مۇزى-
كا بىلەن ئىپادىلەش كۈچىنى بېيىتقان.

## 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن-كى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسى-

يالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگە-
شىپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچى-
لىكىدە، ئۇستقۇرۇلما بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلگىرى
كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

بۇلار ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئىپادىلەندى. بولۇپمۇ خوتەننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك يېڭى-
لىق گەۋدىلىك بولۇپ، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر يازغۇچىلار
ئۆزىنىڭ تالانتىنى كۆرسەتتى. مەيلى كەسپىي ئىجادىيەتچىلەر
بولسۇن، ياكى ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەتچىلەر بولسۇن، ئاما
ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە،
نەسر، ئوچېرك، فېليەتون قاتارلىقلارنى يېزىپ، خوتەننىڭ مە-
دەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشتى. جاپپار ئەمەت، روزى
سايىت، قاھار جېلىل، مامۇت زايىت، تۇرسۇنئاي، نۇرمۇھەمە-
مەت توختى، تۇرسۇنجان، مەتسېلىم قاتارلىق زور بىر تۈركۈم
ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى خوتەننىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يېرىم ئە-
سىردىن كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ
كۆپچىلىكى يېزىدىن كەلگەن، ئۇلار دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن
تەبىئىي باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى خو-
تەن خەلقىنىڭ قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ كومپارتىيە، سوتسىيالىزم، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن
مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خۇشاللىق،
غەزەپ، قايغۇ ۋە خاتىرجەملىكىنى ئىزھار قىلدى. بەدىئىي ئىپا-
دىلەشتىمۇ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا
كېلىپ، ئىجادىيەت تېمىسىدىمۇ يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. جاپ-
پار ئەمەتنىڭ (1936 — 1995) «ۋەتەننى سۆيىمەن» دېگەن
شېئىرى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مىخ مەتبەسىدە بېسىلىپ ئاشكارا
ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىردۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنگە
بولغان قان بىلەن گۆشتەك مېھىر - مۇھەببىتىنى تولۇپ -

تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. مامۇت زايىتنىڭ
1983 - يىلى نەشر قىلدۇرغان 730 مىڭ خەتلىك «گۈلمىرۇي»
دېگەن داستانى ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر
ئورۇنغا ئىگە قىلدى. روزى سايىت كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى
بولۇپ، دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، يېڭى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ
يېتىلگەن، ئۇ بىر دېھقان ئوغلى سۈپىتىدە ئالىي مەكتەپكە كىر-
دى. ئۇنىڭ «دېھقانمۇ بولدى داشۆسېڭ» دېگەن تۇنجى شېئىرى
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ يىلتىزى خوتەن بوستانلى-
قىدا، خوتەن يېزىلىرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دېھقانلارنىڭ
ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقى-
يىتى شېئىرىيەتتە بولۇپ، ئۇ يازغان «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى»
دېگەن باللادا دېكلاماتسىيە قىلىشقا بەكمۇ باب. تۇرسۇنجان XX
ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ياش بوغۇن
بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانى-
دىكى دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ
«قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. خوتەن مەدەنىيەت تارماقلىرى
XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا يەنە «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى-
دىن بۇيانقى يېڭى خەلق شېئىر، قوشاقلىرى» نى نەشر قىلدى،
ئۇنىڭغا خوتەننىڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلىرىنىڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ يېڭى
قوشاقلاردا خوتەندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىياپىتى، ھەرقايسى
سەپلەرنىڭ قىياپىتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئىجاد-
يەت جەھەتتىكى گۈللىنىش ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن نامايان
قىلىنغان. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «يېڭى
قاشتېشى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخى-
سى شىنجاڭدا مۇئەييەن تىراژ ۋە خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەن-

لەرگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا
ئېرىشتى. خەنزۇچە نەشرى تۆت سان چىقىرىلغان. بۇنىڭدىن
باشقا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋا-
رىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى
خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قو-
شاقلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويى-
چە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. مۇشۇ
ئاساستا قاراقاش، كېرىيە ناھىيىلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتى توپلى-
مىنى رەسمىي نەشر قىلدۇردى. خوتەننىڭ خەنزۇ تىلىدىكى
ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئازاد-
لىقتىن بۇرۇن خوتەننىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە
خوتەنگە ساياھەت قىلىپ كەلگەن ئاز ساندىكى خەنزۇلار يازغان
شېئىرلاردىن باشقا، بۇ ساھە ئاساسىي جەھەتتىن بوش ھالەتتە
ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن شيا گۈەنجۇ، ليۇجىڭخۇا، چېڭ ۋەن-
لى قاتارلىق يازغۇچىلار ئىچكىرىدىن خوتەنگە كەلدى ياكى خوتەن-
دە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەندىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر
ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدا
ئەسەر يازىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچىلاردىن بو-
لۇپ قالدى. شيا گۈەنجۇنىڭ «قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنى كۆر-
دى» دېگەن باللاداسىدا خوتەن خەلقىنىڭ داھىيغا بولغان چىن
ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ليۇجىڭخۇانىڭ «بوستانلىققا كىشىنى
پەرىشان قىلىدىغان قارا بولۇت كەلدى» دېگەن ئەسىرىدە خوتەن
خەلقىنىڭ غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسەللىكى
ئۈستىدىن غالىب كەلگەن تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى تەسۋىرلەن-
گەن. چېن ۋەنلىنىڭ «كەنتتىن يىراقتىكى تۈگمەن» دېگەن
پوۋېستىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئىنچىكە تەس-
ۋىرلەنگەن. يۈەن جىگۋاڭمۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەھۋال-

نى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك
پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ جىڭچيەنمۇ شېئىرىيەتتە خې-
لىلا بىلىملىك بولۇپ، ئۇنىڭ «ناخشا ياڭراتتۇق 50 يىل» دېگەن
داستانىدا ئۇنىڭ شائىرانە ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، مەردانە ۋە
راۋان قەلىمى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن 50
يىللىق مۇساپىسىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ خوتەننىڭ كەڭ زېمىنىدا
يۈرۈپ، بۇ زېمىنغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. شېئىرى ئىلھا-
مىنى باسالمىغان. ئۇ يازغان «خوتەنلىكلەرنىڭ مۇھەببىتى» ،
«كەتكۈڭ كەلمەس كەلسەڭ خوتەنگە» ، «خوتەن دەرياسىنىڭ ياڭ-
راق ناخشىسى» ، «قۇربان تۇلۇم قەيەردە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە
شائىرنىڭ خوتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن، ئۇ بۇ
شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ خوتەنگە بولغان ھېسسىياتىنى ئۆزىگە خاس
ئۇسلۇب بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلغان، شېئىرنىڭ مەزمۇ-
نى مول، تىلى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك، قاپىيىلىرى كۈچلۈك
بولۇپ، ناخشىغا سېلىنغاندىن كېيىن VCD دېسكىسى ۋە ئۈنئالغۇ
لېنتىسىغا ئېلىنىپ، خوتەن خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر
بولدى.

ئۇيغۇر مىللىتى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت بولۇپ،
مۇئەييەن مۇزىكا ئىستىداتىغا ئىگە. مۇزىكا ئىجادىيىتىدە خوتەن
ئۆزىگە خاس سەھراچە مۇھەببىتى ئارقىلىق خەلقىنىڭ نەزىرىگە
ئېرىشكەن. ئىگەمبەردى ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىن ئوزۇق ئېلىشقا
ماھىر بولۇپ، ئۇ ئىشلىگەن «گىلەم توقۇش» ، «ئېرىشتۇق
ياخشى زامانغا» قاتارلىق مېلودىيىلەر ھازىرغىچە خوتەن بوستان-
لىقىدا ياڭراپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ناخ-
شىچىلار خوتەن بوستانلىقىدىن چىقىۋاتىدۇ، سالامەت، باھار-
گۈل، مۇنەۋۋەر قاتارلىقلارنىڭ ناخشىسى خوتەن خەلقىنىڭ قەلبى-
دىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ باھارگۈل خوتەن بوستانلى-
قىدىن چىقىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە

بولغان ناخشىچىدۇر. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق، ياڭراق بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئا-
ساسىدا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي مۇزىكىلارنىڭ جەۋ-
ھىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ چىقارغان ئۈن - سىن لېنتىلىرى ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، خوتەن-
نىڭ ئەلنەغمىچىلىرىمۇ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قاراقاش ناھىيىسىدىكى شامەمەت ئۇزاق مۇددەت يېزىدا ياشىغان، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ئەلنەغمىچى ئىدى، ئۇنىڭ تىلى قىزىقار-
لىق ۋە يۇمۇرلۇق، ئاۋازى يېقىملىق بولۇپ، ئۇنى خوتەن يېزىلى-
رىدا ھەممە ئائىلە دېگۈدەك بىلىدۇ. ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللى-
رى ئەنئەنىۋى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى. ۋىلايەت بويىچە يەتتە سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدى-
غان ۋە ئاڭلايدىغان كۆپلىگەن كونسېرتلار ئىجاد قىلىندى. چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما «ئادارگۈل» ، «ئارشىن مال ئالان» ، «غۇنچەم» قاتارلىق ئېسىل ئويۇنلارنىڭ قويۇلۇشى ئۇي-
غۇر مىللىتىنىڭ ئۇسسۇل، مۇزىكا، نەپىس سەنئەت ۋە تىل ماھارىتىنى نامايان قىلدى. سۇلايمان، سۇدىيە، گۈلنار قاتارلىق ئارتىسلار ئۇزاق مۇددەت خوتەن سەھنىلىرىدە جانلانغان، ئامما ياقتۇرىدىغان ئارتىسلار بولۇپ، ئۇلار ئورۇنلىغان «قارا يورغا» ، «ئاتۇش ئۇسسۇلى» ، «ئىشچان لەيلىخان» ، «گۈزەل خوتەن قىزى» ، «بۇ قەيەر، بۇ خوتەن» ، «ئەمگەك مۇھەببىتى» قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇللاردىن خوتەننىڭ يەرلىك پۇرىقى ۋە سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ چىققان بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئوينالسى-
مۇ كىشى زېرىكمەيدۇ. جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختىغان ۋە ئۇلارنى بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە خوتەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىسمىنى «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ

ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان. 1999 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى كۈنلىرىدە ئۇلار تەك-لىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئويۇن قويدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆردى ۋە يۇقىرى باھا بەردى. خوتەننىڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەتلىرىمۇ ئىپتىخارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى. قاراقاشلىق يۇ-سۇپجاننىڭ ماي بوياق رەسىمى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە، ئۇ سىزغان ماي بوياق رەسىمنىڭ رەڭگى كۆر-كەم، بەدىئىي تۈزۈلۈشى يېڭىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خا-راكتېرگە ئىگە ئەسىرى «قىز كۆچۈرۈش» جۇڭگو گۈزەل سەن-ئەت سارىيى تەرىپىدىن سارايدا ساقلىنىدىغان ئەسەر قىلىپ ساق-لاندى. رەسسام شۇ ۋېيشىننىڭ خوتەندە خىزمەت قىلغان چېغىدا ۋە خوتەندىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن سىزغان خوتەننى تېما قىلغان ئەسەرلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى باھاغا ئېرى-شىپ كەلدى. خوتەن گېلىمىنىڭ ئەنئەنىۋى سۈرەت نۇسخىلىرى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىنىپ ۋە يېڭىدىن يارىتىلىپ، ئەسلى-دىكى ئەستە تۇتۇلغىنى بويىچە توقۇش ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنى لايى-ھىلەيدىغان ئىشخانا قۇرۇلدى ۋە لايىھىلىگۈچىلەر يېتىشىپ چىق-تى. چوڭ تىپتىكى گىلەم «تەڭرى تېغىغا مەدھىيە» ، «قاناس» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېيجىڭ خەلق سارىيىغا ئېسىلدى ۋە شياڭ-گاڭ ئالاھىدە رايونىغا سوۋغا قىلىندى.

قاشتېشى ئويمىچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى سەنئەتتىمۇ خوتەندە يېڭى گۈل ـ غۇنچىلار ئېچىلدى. ئىلگىرى خوتەننىڭ قاشتېشى كۆپىنچە ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ئويۇلاتتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خوتەن ياڭجۇدىن قاشتې-شى ئويما ئۇستىلىرىنى ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشقا تەكلىپ قى-لىپ، قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈر-دى. قاشتشى ئويمىسى «داپ ئۇسسۇلى» بېيجىڭ خەلق سارىيىغا

قويۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن خوتەننىڭ فوتو سۈرەت ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. شەن شىڭدې، ياۋ شىنشېڭ، خەن لېەنيۈن، غەيرەت، ۋېي كەيجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى خېلىلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ قالدى.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە يېزا (بازار) لارغىچە مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى، مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىتى) دىن 91 ى قۇرۇلدى. ئاساسىي جەھەتتىن ھەر بىر كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، رادىئو ئۆيى بار بولدى. بۇ مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا كۇتۇپخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى تەسىس قىلىندى ھەمدە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا تۈرلۈك كونسۇلتاتسىيە كۇرسلىرى ئېچىلىپ ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ چىقىلدى. ۋىلايەتتە، ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئالتە كۇتۇپخانا قۇرۇلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيىسى خىزمىتىدىمۇ ئىلگىرىدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، خوتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسى خادىملىرى ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە ماسلىشىپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزىدىن 138 ى بايقالدى. قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھازىر 51 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى بەش، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 15، بولۇپمۇ نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش زىلزىلە پەيدا قىلىپ، 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت تەرىپىدىن 10 چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى

نەتىجىلىرىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بېيجىڭدا ئېچىلغان «نىيىدە چۈشتىن ئۆيغىنىش» دېگەن كۆرگەزمە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى بىر مەھەل ئۆزىگە تارتتى. خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئورنىدا قۇرۇلغان مۇزېيدا خوتەندىن قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ.

«خوتەن گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1956 - يىلى، خەنزۇچە نۇسخىسى 1957 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 40 يىلدىن بۇيان بۇ گېزىت مەركەزنىڭ ئاۋازىنى ۋاقتىدا تارقاتتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزدى. ئىدېئولوگىيە ئىستىھكامىنى ئىگىلەش، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى تارقىتىشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇلار يەنە گېزىت ئارقىلىق ئاپتورلار بىلەن مۇشتەرىلەر ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سېلىپ، خوتەن ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. خوتەننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ تەرەققىي قىلدى. 1954 - يىلى ناھىيىلەردە ئاۋاز قوبۇل قىلىش ئۇزېللىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1956 - يىلدىن كېيىن ئاۋاز قوبۇل قىلىش ئۇزېللىرى تەدرىجىي ھالدا رادىئو ئۇزېلى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، دەسلەپتە سىملىق ئاڭلىتىشنى باشلىدى، كېيىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن چاستوتىنى تەڭشەپ ئاڭلىتىش ئېلىپ باردى. خوتەندە 1963 - يىلى باغچى بازىرىدا ئوتتۇرا دولقۇن ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاما مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشنى ئېنىق ئاڭلىيالايدىغان بولدى. 1982 - يىلى خوتەندە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، ھازىر 95 پىرسەنتتىن ئارتۇق رايون ۋە ئاھالىنى قاپلىدى، ناھىيىلەرنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. خوتەن

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا يەنە نومۇرلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە
قىلىش بۆلۈمى قۇرۇلدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن
ئېسىل پروگراممىلارغا ئۇيغۇر تىلىدا ئاۋاز بېرىپ، خوتەن تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسىدىلا قويۇلۇپ قالماستىن، پۈتۈن شىنجاڭ
بويىچە ئالماشتۇرۇپ قويۇپ ماختاشقا سازاۋەر بولدى.

تارىخى تەزكىرە خىزمىتىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى-
دىن كېيىن، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئارقا - ئارقىدىن
پارتىيە تارىخى ئىشخانىلىرى ۋە يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرى
قۇرۇلدى. خوتەن يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي بولسىمۇ، ئۆزى-
نىڭ تارىخىي تەزكىرىسى بولماي كەلگەن بولۇپ، باشقا جايلارنىڭ
ئالاقىدار تارىخ ماتېرىياللىرىغا تايىنىپلا تەتقىقات ئېلىپ بارغان-
دى. پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى ۋە يەرلىك تەزكىرە ئاپپاراتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكى-
لاتلىرى ۋە يەرلىك ئورۇنلاردا بولغان مۇھىم ئىشلارنى خاتىرىلەپ
رەتلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى ھەر يىلى شۇ
يىلدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى نەشر قىلدى ۋە خوتەن ۋىلايە-
تىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى تارىخىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى،
«خوتەننىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى» دېگەن كىتابنى تەھرىرلەپ
نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ XX ئەسىرنىڭ 30-
يىللىرىدىن 90 - يىللىرىغىچە بولغان مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى رەتلەپ خاتى-
رىلەنگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى «خو-
تەن تەزكىرىسى» دېگەن قەرەلسىز ژۇرنالنى نەشر قىلدى. «خو-
تەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «خوتەننىڭ ئالاھىدە مەنزىرىسى»،
ئۇيغۇرچە «گۆھەر زېمىن خوتەن» دېگەن ئۈچ كىتابنى نەشر
قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ غەمخورلۇقىدا
خوتەندە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ «ياڭرىدى ھەر ياندا ساز»، «بىپا-

يان قۇملۇقتىكى تۆھپىكار» ، «چۆل - باياۋاندىكى باھار مەنزىرد-
سى» ، «XXI ئەسىرگە يۈرۈش» ، «ئېچىۋېتىلىۋاتقان خوتەن»
قاتارلىق كىتاب ۋە رەسىملەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ، خوتەننىڭ
تەرەققىيات تارىخى ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەندى.

ئاپتورى: ليۇ جىڭخۇا

# تۆتىنچى باب

# خوتەندىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى

## بىرىنچى بۆلۈم قەدىمكى خوتەندىكى چاڭلار

چاڭلار دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭ بولغان. چاڭلار خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان خۇاشيا مىللىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، چاڭلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەن، چاڭلارنىڭ تارىخى دۆلىتىمىز مىللەتلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا چاڭلار توغرىسىدىكى بايانلار ۋە رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جىن بەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە بايانىنىڭ 4 - قىسمى» دا، ئۆتكەن زاماندا شاۋدىيەن دېگەن كىشى جياۋ جەمەتىگە ئۆيلىنىپ، خۇاڭدى ۋە يەندىنى تۇغقان، يەندى چاڭلارنىڭ بوۋىسىدۇر، چاڭلار بىلەن خۇاشيالارنىڭ مەنبەسى بىر، تارمىقى باشقا دېيىلگەن. چىغىناق - تارغاق يېزىقىدا ئەر چاڭلار چياڭ دەپ ئاتالغان، ئايال چاڭلار جياڭ دەپ ئاتالغان، جۇ دەۋرىدىكىلەر چاڭلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى جياڭ فامىلىلىك دەپ ئاتايتتى،

دېيىلگەن. تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، جىياڭ فامىلىسى غەربىي چاڭلاردىن كېلىپ چىققانكى، غەربىي چاڭلار جىياڭ فامىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. رىۋايەتلەردىكى گۇڭگۇڭ يەندىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس ئىكەن، شۇنداقلا چاڭلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلە ئادىمى ئىكەن. شۇي شىنىڭ «سۆز - خەتلەر شەرھى. ياڭ بۆلىكى» دە، «چاڭ» دېگەن خەتنىڭ ئىزاھاتىدا: «چاڭ غەربىي روچاڭ بولۇپ، مال باققۇچىلاردۇر» دېيىلگەن. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، چاڭلارنىڭ ئاقساقىلى شېنىنۇڭ تاشلاردىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساپ، بەش خىل زىرائەت تېرىشنى كەشىپ قىلغان، يەنە گۇرجەك، فارفور بۇيۇملارنى ياسىغان. سودا - سېتىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بازارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇلار چاڭلارنىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتكەن قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. رىۋايەتلەردىكى شىيايۇ چاڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەن. شۇڭا، شىيا پادىشاھلىقىدىكى ئاساسىي قەبىلە چاڭلار دەپ قارىلىدۇ. جۇڭگودىكى تۇنجى پادىشاھلىق شىيا — چاڭ مىللىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ھەمدە تاڭ، ۋۇدىن ئىبارەت ئىككى ئىتتىپاقداش قەبىلە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇپ چىققان بىرلىككە كەلگەن چوڭ پادىشاھلىقتۇر. تارىختا ئاتىلىپ كەلگەن «يەن - خۇاڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن سۆز چاڭ مىللىتى بىلەن شىيا مىللىتىدىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

يىن، شاڭ دەۋرلىرىدە چاڭلار شىمالىي چاڭلار ۋە ئاتلىق چاڭلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئاتلىق چاڭلار ئات بېقىشقا ماھىر ئىدى. خەن دەۋرىدىكى ئاق ئاتلىق چاڭلار شۇلارنىڭ

كېيىنكى ئەۋلادلىرى. يىن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاڭلار بىلەن شاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. «نەزمىنامە. شاڭغا مەدھىيە. يىن باھادىرلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «بۇرۇن-دا بىر كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىلەر چاڭلار ۋە غۇزلار ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى ۋە خانلىرىدىن بىر - بىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلار يوق ئىدى»، بۇ چاغدا چاڭلار شاڭ پادىشاھلىقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەل-گەن. شاڭ پادىشاھىنى ھىمايە قىلىپ، ھەر يىلى دېگۈدەك ھال سوراپ تۇرغان.

جۇ قەبىلىسىمۇ چاڭلاردىن كېلىپ چىققان، ئۇلار جۇڭگودى-كى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئاساسەن خۇاشىيا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇ پادىشاھىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى جياڭ يۈەن بولۇپ، جياڭ - چاڭ قەبىلىلىرىنىڭ مەلىكى-سى ئىكەن، جۇ قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. يىن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، جۇ قەبىلى-سى بىلەن چاڭلار يېقىن قوشنا بولۇپ، گۇگۇڭشەن ئاتا (جۇ ۋېنۋاڭنىڭ بوۋىسى) جياڭنى خوتۇنلۇققا ئالغان، كېيىنچە ئۇنى تەيجياڭ دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئۆزئارا قوشۇلۇپ نىكاھ ئىتتىپاقى ھاسىل قىلىش شۇ چاغدا ئادەتكە ئايلانغان، بۇنداق ئادەت تاكى جۇ پادىشاھلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرلەرگە قەدەر داۋاملى-شىپ كەلگەن. شۇڭا، چاڭلار جۇ دەۋرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئۇزاققىچە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، جۇ پادىشاھى جى چاڭنىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى چاڭلاردىن بولغان لۈي شاڭ ئىدى. جۇۋۇۋاڭ يىن، شاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا دالىدا قەسەم بېرىپ، «چاڭلار ‹سەككىز ئىتتىپاق دۆلەت› نىڭ بىرسى بولى-دۇ» دېگەنىكەن.

غەربىي جۇدىن كېيىن، چاڭلارنىڭ نامى تەدرىجىي ھالدا

«رۇڭ» غا ئۆزگەرگەن. رۇڭنىڭ ئۆزىنى چاڭلار دېگىلى بولمى-
سىمۇ، لېكىن چاڭلار رۇڭلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى
ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شەرقىي جۇ دەۋرىدە چاڭلارنى ئاساسىي
گەۋدە قىلغان بىر قانچە رۇڭ قەبىلىسى زور تۇركۇمدە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كىرىپ، شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەر
بىلەن قوشۇلۇپ خۇاشيا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئاي-
لانغان.

چىنلارمۇ ئەسلىدە چياڭلاردىن كېلىپ چىققان، جۇ ئوردى-
سىدا ئات بېقىشتا تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا چىنلار
دەپ نام بېرىلگەن. چىنلار جۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ، پەيدىنپەي خۇاشيا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان.
چىن ( 秦 ) دېگەن خەت ئېھتىمال چاڭ ( 羌 ) دېگەن خەتتىن
ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، «چىن» ( 秦 ) دېگەن خەتنىڭ
تەركىبىدە «زىرائەت» مەنىسىدىكى «خې» ( 禾 ) دېگەن خەتنىڭ
بولغانلىقى چىن قەبىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم
قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
634 ـ يىلى چىن مۇگۇڭ چاڭلاردىن بولغان يۈيۈنىڭ ياردىمىدە،
ئۆز زېمىنىنى 1000 چاقىرىم كېڭەيتكەن. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدا چاڭلاردىن بولغان ۋۇيى يۈەنجيەن چىن لىگۇڭ
تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ قۇل قىلىنغان، كېيىن ئۇ پۇرسەت
تېپىپ قېچىپ كېتىپ، چاڭلارنىڭ كاتتا ئاقساقىلىغا ئايلانغان.
چىنلارنىڭ دۆلىتى قۇدرەت تاپقاچقا، چاڭلار ئۆزلىرى بىر قانچە
تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچۈپ كېتىشكە باشلىغان، ئۇلارنىڭ بىر
بۆلۈكى ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ
تارىم ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، كېيىنكى ھۆج-
جەتلەردە خاتىرىلەنگەن يولئېرىق، كاۋانتا، ئىنەيلەر، ئۆررى
قاتارلىق بىر قانچە قەبىلىگە بۆلۈنگەن. چاڭلارنىڭ يەنە بىر
بۆلۈكى چىلىيەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جاڭيې، جيۇچۈەن ۋە دۈن-

خۇاڭ ئەتراپلىرىغىچە كۆچۈپ كەلگەن، كېيىنكى چاغلاردا توخرىلار دەپ ئاتالغان.

چاڭلار ئوخشاش بولمىغان جايلارغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئوخشاش بولماسلىقى، ھاۋارايى پەرقى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەيدا بولۇپ، ئۆرپ - ئادەتلىرى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ، ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تېزرەك بولغانلىرى «دى» لار، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغانلىرى «چاڭ» لار دەپ ئاتالغان، «چاڭ» لار بىلەن «دى» لار بىر ئىرىق ئىدى. چاڭلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئاقساقىلى بولۇپ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، بىرلىككە كېلەلمىگەن. چاڭلار باتۇر، جەڭگە ماھىر بولغانلارنى قەھرىمان دەپ ئاتىغان، جەڭدە ئۆلۈشنى خەيرلىك ئىش، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشنى شۇملۇق دەپ قارىغان. ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان. شۇڭا، ھازىرغىچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن چاڭلارغا مەنسۇپ قەبرىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. چاڭلار ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن جانغا جان تۆلەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا چەكلەش پەرمانلىرىنى يولغا قويمىغان.

چىن، خەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا، شىمالدا ھۇنلار دەۋر سۈرگەن. باتۇر تەڭرىقۇت شەرقىي غۇزلارنى، غەربتە توخرىلار، خاككاسلارنى مەغلۇپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بىر قانچە بەگلىكنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان. چاڭلارمۇ ھۇنلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ھۇنلار چاڭلارغا قاتتىق زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن، چاڭ قەبىلىلىرى خەن سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلغان. شۇڭا، پادىشاھ خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 111 - يىلى چاڭلارنى قوغداش توپىبېشى

تەسىس قىلغان. غەربىي ھۇنلار يەنىلا يوشۇرۇن ھالدا چاڭلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ھەمدە 100 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. خەن ۋۇدى ھۇنلار بىلەن چاڭلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ شىمالدىكى ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋە غەربتىكى چاڭلارنى قوغلىۋەتكەن، چاڭلار ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا كۆچۈش دولقۇنىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن، تاشقى چاڭلار ۋە ئىچكى چاڭلار دەپ ئايرىلىدىغان ئايرىما كېلىپ چىققان.

چاڭلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىكى سەۋەبلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە، بەزىلىرى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە مىللىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن كۆچكەن بولسا، بەزىلىرى پالانغان، يەنە بەزىلىرى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن تەبىئىي كۆچكەن. ئۇرۇش ھامان ۋاقىتلىق بولىدۇ، تىنچلىق بىلەن مۇقىملىق ھامان ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، چاڭلارنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا تەبىئىي كۆچۈشتىن ئىبارەت. غەربىي يۇرتتىكى چاڭلارنىڭ زور كۆپ ساندىكىسى تەبىئىي كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چاڭلارنىڭ شەرقىدە جۇ، چىن، خەن پادىشاھلىقلىرى، شىمالىدا قۇدرەتلىك ھۇنلار تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ كۆچۈش نىشانى پەقەت ئىككى بولۇش ئېھتىمالى بار: بىرى، يۇننەن ـ گۇيجۇ ئېگىزلىكى؛ يەنە بىرى، غەربىي يۇرت. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردىلا چاڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بويلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

چاڭلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ بولغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق بىر تارمىقى «روچاڭ» دەپ

ئاتالغان. خەن دەۋرىدىكى روچاڭ ھەم مىللەت نامى بولغان، ھەم
بەگلىك (نوپچان) نامى بولغان بولۇپ، غەربىي يۇرت قۇرۇقچى-
بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. تارىختا خاتىرىلىنى-
شىچە، ھازىرقى جىيۇچۇەننىڭ جەنۇبىدىكى چىلىيەنشەن تېغى،
ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغىدىن تارتىپ كۆك-
ئارت تېغىنىڭ غەربىگىچە بولغان 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق
جاينىڭ ھەممىسى چاڭلار جاھاندارچىلىق قىلغان جايلار بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى «جەنۇبىي تاغلىق چاڭلار» ئىدى؛ غەربىي
يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدە نوپچان بەگلىكى ياڭگۇەننىڭ غەر-
بىي جەنۇبىدا ئىكەن، بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 900 كىلومې-
تىر بولۇپ، نوپچان 36 بەگلىك ئىچىدە ياڭگۇەنگە ئەڭ يېقىن
شەھەر بەگلىكى ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»
دە خاتىرىلىنىشىچە، نوپچاندا 450 تۈتۈن، 1750 ئادەم، 500
سەرخىل لەشكەر بار بولۇپ، ئۇ، چارۋا، ئوت - چۆپ ئەھۋالىغا
قاراپ كۆچۈپ تۇرىدىغان بەگلىك ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى
تۆمۈر ئېرىتىپ ئورۇش قوراللىرىنى ياسىيالايدىكەن. نوپچان
بەگلىكىنىڭ ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە ياكى شەر-
قىي جەنۇبىدا ئالتۇنتاغقا يېقىن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانىدى. تەتقى-
قاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، نوپچاندا ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئاز بولۇ-
شى شۇنچە كەڭرى زېمىنغا ماس كەلمەيدىكەن. ئۇلار، بۇ مىڭ-
دىن ئارتۇقراق ئادەم ئۇنىڭ مەركىزىدىكى ئادەم سانىغا قارىتىل-
غان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدىكەن. بۇمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

نوپچان بەگلىكىنىڭ زېمىنى خېلىلا كەڭ ئىدى. «خەننامە.
غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ غەربتە ئەندى-
رە، شىمالدا رۇڭلۇ، ئۇدۇن، چۈرى بەگلىكلىرى بىلەن
تۇتىشىدىكەن…

پامىر ئېگىزلىكىدە چاڭلار قۇرغان يەنە بىر قانچە كىچىك
بەگلىك ئۆتكەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتى-

-رىلىنىشچە، ئۇلار يولئېرىق، كاۋانتا، ئىنەيلەر، ئۇررى قـا-
تارلىق بـەگلىكلـەر بـولۇپ، بۇ تـۆت بەگلىكتە 2125 تۈتۈن،
16،670 ئادەم، 6350 سەرخىل لەشلەر بار ئىكەن. بۇنىڭدىن
كۆكئارت تېغى رايونىدا چاڭلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى
بولىدۇ. «يولئېرىق بەگلىكى غۇز بەگلىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار
چاڭ ئىرقىغا تەۋە» ئىكەن، بۇلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ
ئولتۇراقلىشىدىغان بەگلىك ئىكەن. قالغان ئۈچ بەگلىك يولئې-
رىق بەگلىكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

نوپچانلارنىڭ يەنە بىر قىسمى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراق-
لاشقان. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دا مۇنداق خاتىرىلەن-
گەن: تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى شەرققە ئاقىدۇ، ئۇدۇن دەرياسى
بىلەن قوشۇلۇپ پىچان كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. پىچان كۆلى پىشامشان
بەگلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، لوڭچېڭ شەھىرىنىڭ غەربىي
جەنۇب تەرىپىدە. لوڭچېڭ شەھىرى قەدىمكى چاڭ (جياڭ) لەي-
نىڭ خارابىسى بولۇپ، غەربىي يۇرتىكى چوڭ بەگلىك ئىكەن.
پىچان كۆلىدە تاشقىن بولغاندا، پىچان كۆلىگە يېقىن بۇ بەگلىك-
نى سۇ بېسىپ كەتكەن. لوڭچېڭنىڭ خارابە ئىزى ئىنتايىن كەڭ
بولۇپ، «ئەتىگىنى غەربىي دەرۋازىسىدىن يولغا چىقسا، كەچلىكى
شەرقىي دەرۋازىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى». لوڭچېڭنىڭ زېمىنى
كەڭ بولۇپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان زېمىنىنىڭ ھەممە-
سى قاتتىق شورلۇق يەرلەر ئىكەن. بۇ جۇغراپىيە ئىلمىدە ئېيتىل-
ىدىغان «يارداڭ» يەر شەكلى بولۇپ، خارابە ئىزلىرى ھەممىلا
جايدا تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ يېتىشى
«ئەجدىھا» غا ئوخشايدۇ، چاڭلار بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقى
ئۈچۈن، «جياڭ لەي خارابىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن خو-
تەن رايونى، كۇئىنلۇن تاغلىرى ئەتراپلىرىدا چاڭلارنىڭ ئاز ئە-
مەسلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئىرقى ۋە تىل - يېزىقىنى تەتقىق

قىلىش مۇرەككەپ ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش. «سۇڭ يۇننىڭ سايا-
ھەت خاتىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مىلادىيە 519 - يىلى-
دىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى
تەخمىنەن 3000 چاقىرىم كېلىدۇ، جۇجۇڧ بەگلىكى، يەنى
«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان يولئېرىق
بەگلىكىنىڭ «ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىلى ئۇدۇننىڭكى بىلەن،
يېزىقى براخمان يېزىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «خەننامە.
غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، يولئېرىقلار غوزلارغا
ئوخشىمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مىللىتى چاڭلار ئىكەن، بۇنىڭدىن
قەدىمكى ئۇدۇن يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ چاڭلار ئىكەنلىكىنى بى-
لىۋالغىلى بولىدۇ. «ۋېينامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە مۇنداق
دېيىلگەن: «ئېدىقۇتنىڭ غەربىدىكى بىر قانچە بەگلىكلەرنىڭ ئا-
دەملىرى قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر، پەقەت مۇشۇ بەگلىك-
تىكىلەرنىڭلا سىياقى غوزلارغا ئوخشىمايدۇ، خۇاشيالارغا
ئوخشايدۇ.» مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، گېرمانىيىلىك جۇغراپىيە
ئالىمى لىسخوفىن جۇڭگولۇقلار ئۇدۇندىن كېلىپ چىققان دەپ
پەرەز قىلغان. بىراخمان يېزىقى، يەنى قەدىمكى ھىندى يېزىقى
سانسكرىت يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى III ئەسىردىن مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلىتىل-
گەن قارۇشتى يېزىقى، يەنى ئۇدۇندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەن
يېزىق كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك. داڭلىق «ئۇدۇن ئات سۈرەتلىك
پۇلى» نىڭ تەتقىقاتتىكى نامى «خەنزۇچە يېزىق بىلەن قارۇشتى
يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇل» بولۇپ، ئۇ تۆشۈكى يوق يۇمىلاق
مىس پۇل، پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ مەركىزىدە بىر ئات ياكى بىر
تۆگىنىڭ سۈرىتى بار، گىرۋىكىدە قارۇشتى يېزىقى بار. ئارقا
تەرىپىگە خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، شەرق - غەرب
مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.
بۇنداق پۇل ئۇدۇندىكى خەنزۇلار، چاڭلار ۋە شىمالىي ھىندىلار

ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ھۇنلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. پادىشاھ خەن ۋۇدى ھۇنلارنى تەلتۆكۈس يېڭىش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى لەشكەر بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن. ئۇلار يول ئۈستىدە ھۇنلار تەرىپىدىن ئون يىل نەزەربەند قىلىنغان، كېيىن ئۇ قېچىپ چىقىپ، توخرىلارغا يېتىپ بارغان. شۇ قېتىم ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. جاڭ چيەن قايتىپ كېلىشىدە جەنۇبىي تاغ (قاراقۇرۇم، كوئېنلۇن، ئالتۇنتاغ، چىليەنشەن تاغلىرى) تەرەپتىن مېڭىپ، «چاڭلار ئارىسىدىن ئۆتۈش ئۈمىدى» دە بولغان. بۇ ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارنىڭ چاڭلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەن سۇلالىسى يۈەنيۈەننىڭ 14 - يىلى (مىلادىيە 102 - يىلى) رېن شاڭ بەن چاۋدىن كېيىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 3000 ئادەمنى باشلاپ ئۇدۇندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغدىغان. مىلادىيە 106 - يىلى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار قۇرۇقچىبەگ رېن شاڭغا قارشى چىققان، ياندۇرقى يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىن يەنە بىر قېتىم ۋاز كەچكەن. ئۇدۇندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 3000 ئەمەلدار ۋە لەشكەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئۇدۇندا پۇقرا بولۇپ قالغان، كېيىن بەن يۇڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان.

سۈڭ يۈن ئۆز خاتىرىسىدە: ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئاياللار تامبىلىغا شوينا باغلايدۇ، ئەرلەرگە ئوخشاش ئات چاپتۇرالايدۇ؛ «ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، سۆڭىكى يىغىپ دەپنە قىلىنىدۇ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ»؛ ئەرلىرى ئۆلسە (خوتۇنى) «چېچىنى كېسىپ» ماتەم تۇتىدۇ، چېچى تۆت سۈڭ بولغاندا ھازىدىن چىقىدۇ. پادىشاھ

ئۆلۈپ كەتسە جەسەتنى كۆيدۈرمەي، مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ دالىغا ئاچىقىپ دەپنە قىلىدۇ ۋە بۇتخانا سېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، دەپ يازغان. تامماس ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئۆزلىرى قالدۇرغان يەرلىك تارىختىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇ جايدىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئوخشايدىكەن». بۇلار VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئۇدۇندا مىللەتلەر ئارىشىلىپ ئولتۇراقلاشقان، ھېچبولمىغاندا ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا يەنىلا چاڭلارنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چاڭلارنىڭ ساكلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشى داۋامىدا ئۇلارنىڭ قانداشلىقىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئاپتور: ۋېي چاڭخۇڭ

## ئىككىنچى بۆلۈم ساكلار خوتەندە

ساكلار ئىراق قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مىللەت. يۇنانلار، رىملىقلار ئۇلارنى ساكلار دەپ ئاتىغان. دۆلىتىمىزنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» دېگەن كىتابلىرىدا (塞人 — سەيرېن) دەپ ئاتالغان. بۇ مىللەت نامىنى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغاندا بىلگەن ھەمدە ئىچكى جايلارغا ئېلىپ كەلگەن. ساكلار ئاساسەن سىر دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسى، پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ساكلار ئولتۇراقلاشقان. بوستانلىقلاردىكى ساكلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يايلاقلاردىكى ساكلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ساكلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي

ئىران تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلى-
كى — چوققىسى ئۇچلۇق تەلپەك، ئۇچىسىغا كەڭ - ئازادە
كىيىم، پۇتىغا ئېگىز قونجىلىق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئاياللار مۆرى-
سىگە پىلاش ئارتىۋالىدۇ. ئەينى چاغلاردا ساكلارنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا، جەڭ قىلىشقا ماھىر مىللەت
ئىدى. «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دە: توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلار
غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، ئىلى دەريا ۋادىسى «ساكلارنىڭ
زېمىنى ئىدى»، توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلار ئىلى دەريا ۋادىسىغا
كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، «ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ساكلار ۋە توخ-
رىلار پەيدا بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن، شۇ چاغلاردا
مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ناھايىتى ئومۇم-
يۈزلۈك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
پامىر ئېگىزلىكىدىكى بەزى شەھەر بەگلىكلىرىمۇ «ساكلار» ئى-
دى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى ساكلار تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر
ياخشى بولغان ئۇدۇن تەرەپكە كۆچكەن، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان
ئۇدۇن ۋەسىقىلىرىدە زور مىقداردا ساكلارنىڭ تىل تەركىبى
بارلىقى سېزىلگەن، تىلشۇناسلار بۇنى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ
ئاتىغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 140 - يىلى ھۇنلار ئىلى دەرياسى
بويلىرىدىكى توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى غەربكە كۆچۈش-
كە مەجبۇر قىلغان، ئۇلار سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا
كۆچۈپ بېرىپ، تۇخارلار ۋە ساكلارنى بويسۇندۇرۇپ، توخرىلار
بەگلىكىنى قۇرغان ۋە بۇ ئارقىلىق ساكلار بىلەن توخرىلارنىڭ
قوشۇلۇپ كېتىشىنى تېزلەتكەن. شۇڭا، جىن سۇلالىسى دەۋرى
توغرىسىدىكى غەربچە ياكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «ساكلار»
دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرىتىلمىغان.

خوتەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغان «ساكلار» بولسا بۇنىڭغا
سەل ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئاساسەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىـ
ـدە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۇدۇنغا كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىدى. ئەلـ
ۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىلى دەريا ۋادىسىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەنلەر،
ھەتتا سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىن شەرققە كۆچۈپ
كەلگەنلەر بولۇش ئېھتىمالىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئالـ
ـدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىـ
ـچە بولغان 200 — 300 يىل ۋاقىت — غەربىي يۇرتتا ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيادا مىللەتلەر كەڭ دائىرىدە كۆچكەن ۋە قوشۇلۇپ كەتكەن
دەۋر بولغان. غەربكە كۆچكەنلەردىن توخرىلار، چوڭ توخرىلار،
تۇخارلار، چاڭلار قاتارلىقلار بار ئىدى. شەرققە كۆچكەنلەر ئاساـ
سەن ساكلار ئىدى. ھازىر تېپىلغان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇدۇن
توغرىسىدىكى ۋەسىقىلەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تىلشۇناسـ
ـلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھىندى براخمان يېزىقىنىڭ گۇپتا
يېزىق نۇسخىسىدا يېزىلغان، ئۇدۇن رايونىدىكى قەدىمكى ساكلار
قوللانغان بىر خىل يېزىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇنىڭدا خاتىـ
ـرىلەنگەن تىل «ئۇدۇن تىلى» ياكى «ئۇدۇن ساك تىلى» دەپ
ئاتالغان. ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەر جەنۇبىي - شىمالىي
سۇلالىلەر، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە ساقلىنىپ كەلـ
ـگەن. بۇلار ئۇدۇن ساكلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىش
ۋاقتىنىڭ بىر قەدەر كېيىنرەك تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

ساكلارنىڭ ئۇدۇنغا ئەڭ دەسلەپتە كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدا
تارىخچىلارنىڭ پىكرىمۇ بىردەك ئەمەس، بىر خىل پىكىردىكىـ
ـلەر، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىرلەردە ساكلار ئۇدۇندا
ئولتۇراقلىشىپ جاھاندارچىلىق قىلغان، بۇ ساكلارنىڭ ئىلى
دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ جاھاندارچىلىق قىلغان ۋاقتى
بىلەن ئوخشاش، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر،

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە، يەنى غەربىي خەن دەۋرىدە
ساكلار ئۇدۇن ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. خوتەن
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى لى يىنپىڭ
ئەپەندى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسىدىن پاكىت كۆرسەت-
كەن. ئۇ 1984 - يىلى قېزىلغان لوپ ناھىيىسى سامپۇلا يېزى-
سىدىكى كونا قەبرىلەردىن ساكلارنىڭ قالدۇق نەرسە - كېرەكلى-
رى ۋە دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنى كۆرگەن. جەسەتلەر ئىچىدە
ئۇشلۇق يۇڭ توقۇلما ياكى كىگىز قالپاق كىيگەنلەر، يېنىدا
پىننە قويۇپ قويۇلغانلار بارلىقىنى ئۇچراتقان. ئارخېئولوگلار-
نىڭ قارىشىچە، بۇ غەربىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئې-
گىز قىرلىق تەلپەك كىيىپ، يېنىدا دورا ئېلىپ يۈرىدىغان
ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. خوتەن رايونىدىكى قىيا تاش
رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئىلمى، ئۇيسۇن دەۋرىدىكى قىيا تاش
رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ رەسىم-
لەر يان تەرەپتىن سىزىلغان، پۈتۈن گەۋدە ئويۇپ چىقىرىلغان
غۇۋا سايە بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يۇنان ئەپسانى-
لىرىدىكى زېۋس، ئافىنا، ئىللوس، ھېراكلېس قاتارلىق
ئىلاھلارنىڭ ئوبرازىنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن ئويما خاتىرىلىرى، تو-
قۇلما بۇيۇملىرى، ياغاچ ئويمىلىرى، فارفۇر قاچىلىرىدا
تەكرار - تەكرار ئۇچراپ تۇرۇشى بۇلارنىڭ ساكلار ئېلىپ كەل-
گەن مەدەنىيەت ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لوپ ناھى-
يىسىنىڭ سامپۇلا يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ھازىر دۆلەت
دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، يېغىلىق
دەۋرىدىن تارتىپ ۋېي، جىن سۇلالىلىرى زامانىسىدىكى قەبرىلەر
دەپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ يىراق ۋاقىت ئارىلىقى 2600 يىلغا
بارىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ سابىق باشلىقى لى يۈچۈن-
نىڭ دەلىللىشىچە، خوتەندىكى قىيا تاش رەسىملىرى يېڭى تاش
قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەسەرلەر ئىكەن. بۇلار-

نىڭ ھەممىسى ساكلارنىڭ خوتەندە ياشاپ جاھاندارچىلىق قىلغان ۋاقتىنىڭ بىر قەدەر ئۇزاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەندىكى ساكلارنىڭ ئىز - دېرەكسىز بولۇپ كېتىشىمۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئادەتتە تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، خوتەندىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتنىڭ بىرى خەنزۇلار، يەنە بىرى چاڭلار ئىكەن. تۇخارلار (خەنزۇلار، چاڭلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار) مۇ ناھايىتى بۇرۇنلا خوتەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ياشاپ كەلگەن. ساكلار بەلكىم بۇ كۆپ خىل مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتور: سۇن بىن

## ئۈچىنچى بۆلۈم تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرت ۋە خوتەندىكى ھەرىكەتلىرى

تۇبۇتلەر تاڭ تەيزۇڭ زامانىسىدا يېڭىدىن گۈللەنگەن كۈچلۈك بەگلىك بولۇپ، بۈگۈنكى زاڭزۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدۇر. تۇبۇتلەر يەنە كۇبەت، تۇببەت، تۇبەت دەپمۇ ئاتالغان، يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن تاڭۇت، تاڭغۇت دەپ تەرجىمە قىلىنغان، چەت ئەللىكلەر بولسا TIBET دەپ ئاتىغان. «بۇت» دېگەن خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى BO بولۇپ، زاڭزۇ تىلىدا BOD دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ قەدىمكى زاماندىكى زاڭزۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىدۇر. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھەر قايسى قەبىلىلەر بىرلىشىپ قۇدرەتلىك تۇبۇت خانلىقىنى قۇرغان. شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا قەھرىمان چى سوڭزەن (617 - يىلدىن 650 - يىلغىچە) زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ

مىلادىيە 629 ـ يىلى «زامپۇ» (پادىشاھلىق) تەختىگە چىقىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ، شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى باشلىغان، ھاكىمىيەت مەركىزىنى تاغنىڭ جەنۇبىدىن لوشې (بۇ-
گۈنكى شىزاڭنىڭ لخاسا شەھىرى) گە يۆتكىگەن. تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسى چېنگۇەننىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) تۈبۈت خانلىقىنى قۇرغان. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن زاڭزۇلار ئۇنىڭ تۆھپىلىرى شەرىپىگە ئۇنى ھۆرمەتلەپ «سۇڭزەنگەنبۇ» دەپ ئاتى-
غان. زاڭزۇ تىلىدىكى مەنىسى «بۈيۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر خان» دېگەندىن ئىبارەت. تۈبۈت خانلىقى ئۆز چېگراسىنى قوراللىق كېڭەيتىش، مال ـ مۈلۈك ۋە قۇللارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇچۇن، قاتتىق ھەربىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىپ، ئومۇمخەلق لەش-
كەر بولۇش، لەشكىرىي قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇرۇشتا ئۆلۈشنى شەرەپ دەپ بىلىشنى تەشەببۇس قىل-
غان. سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىپ، مەمۇرىي بيۇروكرات ئورگانلارنى قۇرۇپ چىق-
قان. زامپۇ چەكسىز ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، تۆۋەندە ۋەزىر تەسىس قىلىپ، پۈتۈن خانلىقنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇر-
غان. ئۇنىڭ قارمىقىدا يەنە ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ئالتىدىن ۋەزىر قويغان. سۇڭزەنگەنبۇ تۇنمىساڭ پۇزا (تۇنمىساڭ بۇزا) قاتارلىقلارنى كەشمىرگە سانسكرىت يېزىقى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ھەر خىل يېزىقلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، 34 ھەرپتىن تەركىب تاپقان زاڭزۇ يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، زاڭزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارقىلىشىنى ئالغا سۈرگەن، يەنە بۇددا دىنىدىكى ئون ساۋاب ئىش روھىغا ئاساسەن، 20 ماددىلىق قانۇن تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى فېئودال قۇلدارلارنىڭ ئىمتىيازىنى قوغداشتىن ئىبارەت، قۇللارنىڭ ھاياتىمۇ قانۇن ئارقىلىق كاپا-
لەتلەندۈرۈلگەن. ئۇ تاڭ مەلىكىسى ۋېنچېڭنى خوتۇنلۇققا ئې-

لىپ، ئىلغار خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋە قوبۇل قىلغان.
تاڭ سۇلالىسى سۇڭزەنگەنبۇغا ئورۇنباسار كاھبەگ، كۆكنۇر
ئىناچىخانى دەپ نام بەرگەن. سۇڭزەنگەنبۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈز-
گەن چاغدا تۇبۇتلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيىتى يىمىرىـ
لىشكە باشلاپ، فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا
قەدەم قويغان. ئوردا ئەمەلدارلىرى خېلى زور كۆلەمدىكى فېئو-
دال قورۇقىغا ئىگە بولغان.
جېنگۇەننىڭ ئاخىرقى يىلى سۇڭزەنگەنبۇ شىزاڭنى بىرلىكـ
كە كەلتۈرۈپ، يەنە غەربتە چوڭ - كىچىك يانتون (بۇگۈنكى
شىزاڭنىڭ ئالى رايونى) ۋە بالتىستان (بۇگۈنكى كەشمىرنىڭ
غەربىي شىمالدىكى كىرىمئاباد) نى بويسۇندۇرغان، تۇبۇتلەرنىڭ
چېگراسى غەربىي يۇرتقا تۇتاشقان.
«دۇنخۇاڭ تەزكىرىسى. تۇبۇتلەر تارىخىغا ئائىت ھۆججەتـ
لەر» دىكى «چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» دە ئېيتىلىشىچە، لۇڭـ
سۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 663 - يىلى) تۇبۇت خانلىقىنىڭ
قوشۇنلىرى تۆت يىل قايتا - قايتا ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق
تۇيغۇن، پىشامشان، چەرچەن رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېـ
يىن، يەنە ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ غەربىي يۇرتقا كىرىپ، شەرق
تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىگە
تەھدىت سېلىپ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا قىستاپ ھۇجۇم قىـ
لىش، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىش
ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.
بۇ چاغدا ئۇدۇن تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە مەدەت
بېرىشى بىلەن، تۇبۇت قوشۇنلىرىنىڭ غەربتىن ھۇجۇم قىلىپ
كىرىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ
رايونىنىڭ ۋاقىتىنچە تىنچ بولۇشىنى قوغداپ قالغان. شيەنخېڭـ
نىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 670 - يىلى) ئۇدۇن تۇبۇت پادىشاھلىـ
قىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سىياـ

سى جەھەتتىن تۈبۈتلەرگە بويسۇندى. بۇ چاغدا تۈبۈتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى ئەسكىرىي كۈچىنى يىغىپ چىڭخەي تەرەپتىن تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم باشلاپ، خېشى، لۇڭيۇلارغا بولغان تەھدىتىنى يوقاتتى. ئەنشىدىكى تۆت قورغان — كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، قاراشەھەرلەردە 24 مىڭ لەشكەر تۇرغۇزدى. ھەر بىر بازارغا 6000 ئادەم توغرا كېلەتتى، ھەممىسى سەرخىل قوشۇنلار ئىدى. تاڭ پادىشاھى لى جى ئەنشى قورغىنىدىكى قوشۇنلىرىنى چىڭخەيگە يۆتكىدى. ئەنشى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرۇپ تۇردى. تۈبۈتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى، تۈبۈت قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتتىكى تۆت قورغاننى ئىگىلىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە 18 ئايماقنى قاتتىق كونترول قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇندىن بەش ئايماق بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ سانغۇنى شۆ رېنگۈي 500 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ تۈبۈتلەرگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغانغا بولغان تەھدىتنى يوقاتتى. تۈبۈت سانغۇنى لۇنچەنلىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ جەڭگە قاتناشتى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكى سانغۇن ۋە قوماندانلار ئەپ بولمىغانلىقتىن، قوماندانلىقتا سەۋەنلىك كۆرۈلدى، قوشۇنلاردا قېيچۇەن (بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنخەي ناھىيىسى داخېبا رايونى) غا چېكىنىپ كەلگەندە، تۈبۈت قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشاپ يوقىتىلدى، تۈبۈتلەر پۈتۈن چىڭخەي زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، خېشى، لۇڭيۇ رايونلىرىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇقىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى.

شيەنخېڭنىڭ 1-يىلىدىن 4-يىللىرىغىچە (مىلادىيە670 — 673 - يىللىرى) بولغان مەزگىلدە، تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت قورغاندىن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ،

تۈركلەر ۋە تۆت تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن تۇبۇتلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرت رايونلىرىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ كېتەلمىدى. پېي شىنجەن ئاشىنا تاماچىينى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر زور زەربىگە ئۇچراپ، كۈچى كۈنسايىن ئاجىزلاپ كەت-تى. غەربىي يۇرتنىڭ قۇرۇقچىبېگى دۇ خۇەيباۋ ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ياراشتۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارازلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۇبۇتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئەنشىدىكى سۇلى، قاراشەھەر قاتارلىق تۆت قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىۋالدى. تارىخىي خاتىرىلەردە: تۇبۇتلەر «غەربىي يۇرتقا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى بارلىق شەھەر، قەلئەلەردىن تەسلىم بولمىغان بىرسى-مۇ قالمىدى» دېيىلگەن، مىلادىيە 697 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، تۇبۇتلەر جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنى پۈتۈنلەي ئىگى-لەپ بولدى.

چاڭشۇنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 692 - يىلى) قوچۇنىڭ تۇتۇق بېگى تاڭ شيۇجىڭ پادىشاھىدىن لەشكەر چىقىرىپ ئەنشى-دىكى تۆت قورغاننى تۇبۇتلەر قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋۇ زېتيەن دەرھال ۋاڭ شياۋجېنى ھەربىي يۇرۇش باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، تاڭ شيۇجىڭ ۋە ئۇنىڭ سول قانات باش سانغۇنى ئاشىنا سادىقنى باشلاپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى قامال-لاپ تۇرۇۋاتقان تۇبۇت قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۆت قور-غاننى قايتۇرۇۋېلىپ، لەشكەر تۇرغۇزدى. ئەنشى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قوچو ئايمىقىدىن كۇسەنگە يۆتكىدى. ئەنشىدىكى تۆت قورغان مىلادىيە 679 - يىلى تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن تارتىپ قايتۇرۇۋېلىنغىچە ئارىدىن ئىلگىرى - كېي-يىن بولۇپ 14 يىل ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى تۆت

قورغاننى قوغداشقا ئەۋەتكەن لەشكىرىي كۈچى ئەسلىدىكى 24 مىڭدىن 30 مىڭغا كۆپەيتىلدى. ھەر بىر قورغاندا تەخمىنەن 7000 دىن ئارتۇق لەشكەر تۇرغۇزۇلدى.

«ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، تۈبۈتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لۇڭيۇ، خېشى بەگلىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈپ تاشلىدى. جېنيۈەنىنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 790 - يىلى) تۈبۈتلەر بەشبالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭ جىمسار ناھىيىسىدىكى بەشبالىق قەدىمى شەھىرى) گە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بەشبالىقنىڭ قورۇقچىبېگى ياڭ شىگۇ ئەنشىدىكى تۆت قورغاندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىگىلىۋالدى.

تۈبۈت زامپۇسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ھەربىي ئورگان سۈپىتىدە بەش بۆلەككە ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «قاراقوچو، ماڭما، نىما، چەرچەن، باغ» دەپ ئاتىدى، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى تۈبۈتلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ چېگراسىدا تەسىس قىلدى. ئارىدىن 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى پان تېكىن ئەنشى ئۇيغۇر بەگلىكىنى قۇرۇپ، قوچو، قاراشەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. تۈبۈتلەر قارا قوچودىن ئىبارەت بىر بۆلۈك يەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. تۈبۈتلەر يەنە ئۈچ بۆلەكتىكى ھەربىي تۈزۈلمىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. تۈبۈتلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، چەرچەن ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولدى. بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلار تۈبۈتلەرنىڭ زامپۇسى ئەۋەتكەن ئاقساقىلى داساپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئۇ يەردە تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى

(زاڭزۇ تىلىدا «تۇڭشيا») نىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ئاھالىلەرنى باشقۇراتتى. تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىن چېكىنگەندىن كېيىن، لوپنۇر كۆلى ئەتراپلىرىدا تۇبۇتلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە تۇيغۇنلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى.

تۇبۇتلەر ئۇدۇننى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەمەلدار تەيىنلىگەن، ئەڭ ئالىي ئەمەلدار كۇمۇش دەستەكلىك سانغۇن، ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى بولسا مىس دەستەكلىك «ھىراۋۇل» ۋە ھەربىي ئەمەلدار، ئىچكى ئىشلار ئەمەلدارى، مۇداپىئە، دېھقانچىلىق ئەمەلدارى، چارۋىچىلىق ئەمەلدارى، ئۆتەڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش قاتارلىقلارنى باشقۇراتتى. تۇبۇت قوشۇنلىرى ئىلاھىي تاغ (بۇگۇنكى مازار تاغ)، ئالتە شەھەر رايونلىرى، ئەندىرە دەرياسى بويلىرى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلار ۋە شەھەر قورغانلىرىدا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ھۆكۇمرانلىقىنى قوغدىغان. تۇبۇتلەر ئۇدۇننىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا يەنىلا ئۇدۇنلۇقلارنى قاتناشتۇرغان. ئۇدۇننىڭ ئەسلىدىكى خانى تۇبۇتلەرگە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇدۇننىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، تۇبۇت خانىنىڭ ئەمەل تارتۇق قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھوقۇقى يەنىلا تۇبۇت سانغۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى. ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇننىڭ پادىشاھى ۋايجراخان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ تۇبۇتلەر ئۇدۇنغا ھۆكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىمۇ تېخى ھايات ئىدى. شۇڭا، ئۇدۇن خانى تەۋەلىكىدىكى ئەمەلدارلارمۇ تەبىئىي ھالدا تۇبۇتلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن. قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇن ئەمەلدارلىرى تۇبۇتلەر ئۈچۈن بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بەرگەن، باج يىغقان،

ھەتتا تۇبۇتلەر ئۇچۇن جازانە ئۆسۇملىرىنى يىغىپ بەرگەن. ئۇ-
دۇنلۇقلار يەنە تۇبۇتلەر ئۇچۇن پوچتىكەشلىك، پايلاقچىلىق ئىش-
لىرىنى قىلغان.

تۇبۇتلەر ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇدۇنلۇقلار ئېغىر
دەرىجىدىكى ئىككى قات زۇلۇمغا ئۇچرىغان. دېھقانلار تېرىيدىغان
يەرلەر ئادەتتە ئىش ھەققى يېرى ۋە پادىشاھلىق يەر دەپ ئايرىل-
غان. تۇبۇتلەر مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ يەر بېجى يىغدۇرغان.
«ئۇدۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ يىللىق ئىشلار خاتىرىسى» قاتارلىق
تۇبۇت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ھەر يىلى كۈز-
دە، ئەمەلدارلار غەللە - پاراقلارنى تولۇق يىغىپ تاپشۇرالمىسا
جازالانغان. قەدىمكى ھۆججەتلەردە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئۆتنە
ئېلىپ باجنى قەرەلىدە تاپشۇرۇپ، جازادىن ساقىت بولغانلىقى
توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ. يېقىندا ئۇچرىغان بىر
ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇن دېھقانلىرى تاپشۇرغان
غەللە - پاراق ئارپا، ياغ، قوي يۇڭى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت
بولغان ھەمدە بۇ نەرسىلەر تۇبۇت قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق
شەھەر - قەلئەلەرگىچە ئاپىرىپ بېرىلگەن. تۇبۇتلەر يەنە ئۇدۇندا
ئاھالىلەرنىڭ ياپلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان، تۆۋەندى-
كى ئەمەلدارلار قەبىلە ئاقساقاللىرىغا «ئۇدۇنلۇقلار ئۇچۇن
ئاز - تولا بولسىمۇ ياپلاق بېرىشنى ئىلتىماس قىلىمىز»، بولمى-
سا توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدىغاندەك قىلىدۇ، دەپ مەلۇمات يوللىغان.

ئۇدۇنلۇقلار تۇبۇتلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئالدىدا، ئۈز-
لۈكسىز قارشىلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇدۇن ئۆتكىدىن
ئىلاھى تاغدىكى تۇبۇت قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايغا ئەۋەتىلىدىغان
خەت - چەكلەرنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ
بولۇشى تەلەپ قىلىنغان، ئەگەر دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىسە قانۇن
بويىچە قاتتىق جازا بېرىلگەن. ئۇدۇنلۇقلار نۆۋەتچىلىك قىلىدى-
غان ئۆتەڭ، چاپارلارنى ساقلاۋاتقانلار كېچىلەپ قېچىپ كېتىپ،

بىرەرمۇ ئادەم قالمىغان، بەزى چاغلاردا تۇبۇتلەر تۇرۇشلۇق شە-
ھەر، قەلئەلەرگە توشۇلۇۋاتقان ئاشلىق ۋە باشقا كېرەكلەر بۇيۇم-
لار ئۇدۇنلۇقلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. تاڭ سۇلالىسى
ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 842 - يىلى) تۇبۇتلەر-
نىڭ پادىشاھى زامبۇ دامۇ ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق
ئورنىنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، ئۆز ئىچىدىكى ئۇرۇ-
شۇشلار 28 يىل داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۇبۇت خانلىقى
پارچىلىنىپ، يېمىرىلىشكە قاراپ ماڭغان. تاڭ سۇلالىسى تۇبۇت-
لەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ،
لۇڭيۇنى قايتۇرۇۋالغان. شاجۇ ئايمىقىدىكى جايچاۋ خېشىدىكى
11 ئايماقنى قايتۇرۇۋالغان. قوچو ئۇيغۇرلىرى مىلادىيە 866 -
يىلى تۇبۇتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان. شۇنىڭدىن كې-
يىن، ئۇدۇن قاراخانىيلار پادىشاھلىقى، قوچو ئۇيغۇرلىرى بى-
لەن تەڭ تۇرىدىغان غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ چوڭ ھاكىمىيەتنىڭ
بىرى بولۇپ قالغان.

**ئاپتورى: ۋېي چاڭخۇڭ**

## تۆتىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ خوتەندىكى تەرەققىياتى

ئۇيغۇر مىللىتى ھازىرقى خوتەندىكى ئاساسىي مىللەت. 1998 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خوتەن ۋىلايىتى-نىڭ يەتتە ناھىيە، بىر شەھىرىدە 1 مىليون 532 مىڭ 80 نەپەر ئۇيغۇر بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 1 مىليون 580 مىڭ 898 نەپەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.912 پىرسەنتىنى تەشكىل قىل-غان.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى»
دە ئېيتىلىشىچە، قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان
«يۈەنبى» لار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇ يېزىقىدىكى تەر-
جىمە نامى ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان تارى-
خىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت
نامى ھەر خىل تەرجىمە قىلىنغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»
دا ۋېيخې دېيىلگەن. «سۇينامە. شىمالىي زىندان. تېلېلار» دا
ۋېيخې، ۋۇخۇ (ئوغۇزلار) دەپ يېزىلغان. «كونا تاڭنامە» دە
خۇيخې دەپ، «يېڭى تاڭنامە» دە خۇيخۇ دەپ ئىشلىتىلگەن. مەيلى
يۈەن بولسۇن، ۋېي بولسۇن ياكى خۇي بولسۇن، ھەممىسى بىر
ئاھاڭنىڭ باشقىچە ئوقۇلۇشى ئىدى. يۈەنخېنىڭ 4 ـ يىلى (مىلا-
دىيە 809 ـ يىلى) بىلگە قاغان (ئادالەت قۇچقان خاقان) تاڭ
سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «خۇيخې» دېگەن نامنى «خۇيخۇ»
غا ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇنداق نام ئۆزگەرتىش شاد-
دى جەمەتىنىڭ خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى
قانۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇ-
ھىم ھۆججەتلەر» دە يەنە ۋۇخۇ، ۋۇخې دېگەنگە ئوخشاشناملار
ئۇچرايدۇ. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپ، ھەرقايسى
تارىخشۇناسلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى يېقىن كېلى-
دىغان ئاھاڭ بويىچىلا يېزىۋەرگەن. مەسىلەن، جىن دەۋرىدىكى
ئۇغسۇن جۇڭدۈەن «شىمالىي ئەلچىلەر خاتىرىسى» دە «گۇيگۇ»
(瑰古) دەپ يازغان. پېڭ دايانىڭ «قارا قامچىلىقلار ھەققىدە
قىسسە» دېگەن كىتابىدا ۋۇيۇ (乌鹘) دەپ يازغان. «ئەۋلىيا
چۇچۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» دېگەن كىتابتا ۋېيۋۇئېر
(畏午尔) دەپ يېزىلغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»
دا ۋېيۋۇ (委兀)، ۋېيۋۇئېر (委兀儿) دەپ قوللانغان.
«يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا ۋېيۋۇئېر (畏吾儿)، ۋېي-
ۋۇئېر (畏兀尔) دەپ قوللانغان. ئوۋياڭشۈەننىڭ «گۇيجەي

توپلىمى» دا ۋېيۇ (伟兀) دېگەندەك ناملارنى قوللانغان.
جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تارىخشۇناسلار ئۇيغۇرلارنىڭ
نامىنى يازغاندا، ئۆز نامىنى قوللانمىغان. بۇنىڭ بەزىلىرى توغرا
بولمىغان ياكى ھاقارەت خاراكتېرىدە بولغان. رۇسىيە ئۆكتەبىر
ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇ-
لۇپ، مىللەتلەرنى پەرقلەندۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن ئۇيغۇر دەپ يېزىلىدىغان
بولدى. شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇ-
غۇچىلىرى ناھايىتى تېزلىكتە بۇ ئۇچۇرنى شىنجاڭغا يەتكۈزدى.
1934 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ھەر قايسى مىللەت-
لەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر-
لارنىڭ مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى بېكىتىش جىددىي
ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. «جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرۇش» جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەي-
تىلگەن يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، «ئۇيغۇر» دې-
گەن ئىسىم « 维吾尔 » دېگەن ئۈچ خەت بىلەن يېزىلىش
بېكىتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ
29 - كۈنى 30 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈ-
زۈپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ « 维吾尔 » دېگەن ئۈچ
خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىشىنى بېكىتتى. 12 - ئاينىڭ 5 -
كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتى بۇيرۇققا بىنائەت
پۈتۈن ئۆلكىگە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي
ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.
ئۇيغۇر مىللىتى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالى-
دىكى قەدىمكى مىللەت. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە تەرەققىي قى-
لىشقا باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇدرەت تاپقان، تاڭ
سۇلالىسى ۋە جۇڭگو تارىخىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر پەيدا
قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى توققۇز تېلېلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇلارنىڭ يىراق ئاتا ـ بوۋىلىرى ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى دىڭ-
لىڭلار ياكى ئەمنىيە دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
III ئەسىردە، دىڭلىڭلار شەرقىي دىڭلىڭلار ۋە غەربىي دىڭلىڭلار
دەپ ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەن، شەرقىي دىڭلىڭلار بايقال كۆلى
ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، غەربىي دىڭلىڭلار
ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ھەممىسى ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقى
ئاستىدا ئىدى. ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن،
دىڭلىڭلار بارا ـ بارا جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلىغان، مىلادىيە IV
ئەسىرلەرگە كەلگەندە، شەرقىي دىڭلىڭلار ئۇرخۇن دەرياسى بويى-
لىرىدا، غەربىي دىڭلىڭلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى
يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە
498 ـ يىلى) پادىشاھ شياۋۋېندى جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ چى
بەگلىكىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىماقچى بولۇپ، تېلېلارنىڭ
ئەسكەر چىقىرىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندە، ئۇنىڭ بۇي-
رۇقى رەت قىلىنغان. بۇ قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش جې-
ڭىدە ئۇيغۇرلار قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، تېلېلار ئىچىدىكى بىر
قەدەر كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، تېلېلار
تۈركلەرنىڭ قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، شىمالدا
مەغلۇپ بولغان. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە
605 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىدىن ئايرى-
لىپ چىقىپ، سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىلى-
رىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار پەيدىنپەي قۇدرەت
تېپىپ، «توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى» غا تەرەققىي قىلىپ، شىما-
لىي چۆللۈكتە دەۋر سۈرگەن. تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە
744 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ئىچىدە قالايمى-

قانچىلىق تۇغۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، دوستـ. لۇق ئورناتقان. ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي يۇرتنى ئىگىلەپ تۇرغان تۇبۇتلەر بىلەن بەشبالىق، قوچو، قاراشەھەر، ئەنشى (بۇگۇنكى كۇچا) لاردا ئۇرۇش قىلغان، ئۇلارنىڭ تەسىر كۇچى فەرغانە ئويمانلىقىغىچە يېتىپ بارغان.

VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هۆكۇمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا تۇگىمەي، 30 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. كەيچېڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 839 - يىلى) ئۇدا تەبىئىي ئاپەت يۇز بېرىپ، ۋابا كېسىلى تارقالغان. ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۇكلىرى هەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن. ئىككىنچى يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەركەردىسى كۇل باغا خاككاسلار (قىرغىزلار) بىلەن تىل بېرىكتۇرۇپ، 100 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئۇيغۇرلار شەهەرلىرىگە هۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تېكىن خاقاننى ئۆلتۇرگەن. ئۇيغۇرلار خانلىقى يوقىـ. لىپ، هەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چېچىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىن 15 قەبىلە غەربكە قېچىپ، تۇبۇت، ئەنشىدىكىلەرگە ئەل بولغان. شۇ چاغدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىدا ۋە خېشى كارىدورلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەبىـ. لىلىرى بۇ يەرلەردىن كېتىپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىماـ. لىي چۆللۇك خانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىـ. غان. ئۇلار شىمالىي چۆللۇكتىن قېچىپ كەلگەن زور تۇركۇمدىـ. كى ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، يەنە يېڭى بىر ئۇيغۇرلار قوۋمىنى تەشكىل قىلغان هەمدە ئۇزلۇكسىز هالدا شۇ جايدا ئولتۇراقلىـ. شىپ قالغان خەنزۇلار، تۇبۇتلەر، قىتانلار ۋە ئۇدۇن تىلىنى قوللىنىدىغان ئادەملەر بىلەن ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش نەتىجىسىدە تەدرىجىي هالدا تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر

مىللەتكە ئايلانغان.

مىلادىيە 841 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر قىسمى ئۇدۇننىڭ شىنفۇ ئايمىقىغا كېلىپ، «قاراخان پادىشاھلى- قى» دەپ ئاتىلىپ، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بىلەن بىللە ياشىغان، ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى «ئالتۇن پادىشاھلىقى» دەپ ئاتى- غان. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىمۇ، تۇبۇتلەرمۇ ئاجىزلىشىشقا باش- لىغانلىقتىن، خېشى رايونلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان جاڭ يىچاۋ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، «بەيئەتچىلەر قوشۇ- نى» تەشكىللەپ، خېشىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. بۇ چاغدا ئىسلام كۈچلىرى ئاللىقاچان شەرققە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، بۇگۈنكى شىنجاڭغا كىرەلمىگەن. بۇنداق ئالاھىدە تا- رىخىي شارائىتتا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز - ئۆزىدىن سىياسىي جەھەتتە بوشلۇق رايونى بولۇپ قېلىپ، ئۇي- غۇرلارنىڭ ئىگىلىشى ۋە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مانا بۇ ھال غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تېز تەرەق- قىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈمرانلار سىنىپى قاتلىمىنىڭ ۋەكىللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىر قەدەر يۇقىرى ئىناۋەت ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىشىش داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن.

مىلادىيە 841 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر بۆلىكى ئۇدۇننىڭ شىنفۇ ئايمىقىغا كەلدى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇ- دۇن دۆلىتى قاراخانىيلار پادىشاھلىقى تەرىپىدىن يوقىتىۋېلىندى، بۇ ئارىلىقتا 160 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئۇيغۇرلار بىر قەدەر يۇقىرى ساپاغا ۋە بىر قەدەر زور جەمەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزىگە قوشنا بولغان قوچو ئۇيغۇرلىرى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى، يەنە ياشاش شارائىتى ئەۋزەل، تېرىقچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي

قىلغان ئىجتىمائىي شارائىتتا كۆپىيىپ جاهاندارچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى شۇ چاغدىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار خوتەندىكى ئاساسىي مىللەتكە ئايلاندى.

مىلادىيە 1006 ـ يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسى بۈيۈك ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى يۇتۇۋالدى، ۋايجىراخان جەمەتى 56 ئەۋلادقىچە داۋاملاشتى، 1250 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخان پادىشاھلىق ئورنىغا چىقىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلدى. ئىچكى جەھەتتە 200 مىڭ ئادەمنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. تاشقى جەھەتتە «غازات» ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى كېڭەيتتى. قاراخانىيلار پادىشاھلىقى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن 40 يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلدى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئاۋۋال غەلىبە قىلىپ، كېيىن مەغلۇپ بولدى، تەخمىنەن 1006 ـ يىللىرى (مىلادىيە 992 ـ يىلى، مىلادىيە 1008 ـ يىلى، مىلادىيە 1009 ـ يىلى، مىلادىيە 1012 ـ يىلى دەيدىغان مۇلاھىزىلەرمۇ بار) ئۇلار ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلدى، ئۇدۇن پادىشاھى ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئۇدۇننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى چىرىيە ناھىيەسىنىڭ كوئېنلۇن تېغى ئىچىدىكى ھاشى دەرياسى بويىغا قېچىپ بېرىپ، كوئېنلۇن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ شىزاڭغا كىرىۋالماقچى بولغاندا يوقىتىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇن رايونلىرىنى تامامەن كونترول قىلدى.

ئۇدۇن بەگلىكى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى بۇددا نوملىرى ۋە بۇتخانىلار ۋەيران قىلىندى، بۇددا مۇخلىسلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلىندى. ئۇدۇندىكى نورغۇنلىغان راھىبلار سىرتلارغا قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى چىڭخەيگە، بىر قىسمى شىزاڭغا قېچىپ بېرىۋالدى.

قاراخانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ دىنىي زىيانكەشلىكىگە تاقابىل تۇ-
رۇش ئۈچۈن، 1040 ـ يىلى ئۇدۇن بۇددىسلىرى توپىلاڭ كۆتۈر-
دى. دىنىي ئېتىقاد دېگەننى قورال كۈچ بىلەن بىراقلا يوقىتىۋەت-
كىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ
كەتكەن دىنىي ئېتىقادنى تېزلىكتە يوقىتىۋېتىش تېخىمۇ مۇمكىن
ئەمەس. دىنلارنىڭ ئالمىشىشى ئاستا ـ ئاستا داۋام قىلىدىغان
جەريان. ئۇدۇن رايونىنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇلۇشى تاكى XII
ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇدۇننى
ئىگىلىگەندىن كېيىن ئاندىن ئاساسەن تاماملانغان. ئۇدۇننىڭ
سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ، ئۇ-
دۇنلۇقلارنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەدەنىيەت
پسىخىكىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ ھېيت ـ
ئايەم ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بۇددا دىنىنىڭ ھېيت ـ بايرام ۋە
باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئاھالىلەرنىڭ پەيدىنپەي
ئۇيغۇرلىشىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈ-
چۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى «غەربىي يۇرت جۇغراپى-
يىلىك خەرىتىسى ئىزاھاتى» دا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى
چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) دىن چيەنلۇڭنىڭ
29 ـ يىلى (1764 ـ يىلى) غىچە بولغان ستاتىستىكىدا، خوتەندە
جەمئىي ئالتە شەھەر بولۇپ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ نوپۇ-
سى ئايرىم ھالدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ئىلچى شەھىرى-
نىڭ ئورنى بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، «شە-
ھەر ئىچى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەردە مۇسۇلمان ئاھالىلەر
ئولتۇراقلاشقان، جەمئىي 4308 ئائىلە، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ
كىچىك نوپۇس 16 مىڭ 661» .

بۈگۈنكى كېرىيە ناھىيىسىدە (قەدىمدە ئېيتىلغان ئۇدۇن
ئەمەس) «شەھەر ئىچى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەردە مۇ-

سۇلمان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، جەمئىي 2229 ئائىلە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك نوپۇس 6224».

قاراقاش شەھىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى كەنتلەردە 4272 ئائىلە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك نوپۇس 12 مىڭ 967».

چىرا شەھىرىدە (بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسى) «شەھەر ئىچى ۋە تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى كەنتلەردە مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 938 ئائىلە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك نوپۇس 2616».

يۇرۇڭقاش (بۈگۈنكى لوپ ناھىيىسى) تا «شەھەر ئىچى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەردە مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 1852 ئائىلە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك نوپۇس 6318».

تاغ شەھىرى (تاغ كەنتى دەپمۇ ئاتالغان) دە «شەھەر ئىچى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەردە مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 239 ئائىلە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك نوپۇس 716».

يۇقىرىقى ئالتە شەھەرنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئائىلىسى 13 مىڭ 838 بولۇپ، نوپۇسى 44 مىڭ 602 بولغان. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 22 - تومىدا خاتىرىلىنىشىچە، خوتەندىكى ئالتە شەھەردە 13 مىڭ 642 ئۇيغۇر ئائىلىسى، 44 مىڭ 603 نوپۇس بار ئىكەن. چيەنلۇڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «جياچىڭ قايتا تۈزگەن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن خوتەن ئالتە شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

**ئاپتور: ۋېي چاڭخۇڭ**

# بەشىنچى بۆلۈم خەنزۇ مىللىتى

خوتەندە قەدىمدىن تارتىپ خەنزۇلار بار ئىدى، ئۇلار شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بۇ بوستانلىقنى ئورتاق گۈللەندۈرگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن 20 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر غەربىي يۇرتقا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خوتەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئېلىپ كەلگەن. «خەننامە. ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەنزۇلارنىڭ ئېكىنچىلىك ئۇسۇلى: قوش ساپاندا ئىككى كالا، ئۈچ ئادەم يەر ھەيدەيدىكەن. قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىمۇ خەنزۇلاردىن كىرگەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، خەنزۇلار تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، پىچاق، نەيزە، خەنجەر، ئوقيا قاتارلىق ھەربىي قوراللار بىلەن ئورغاق، جوتۇ، گۈرجەك، ھەرە قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، يەنە ساپال قاچىلار، مىس قازان قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان. بەن چاۋ شىنجاڭدا 30 نەچچە يىل ياشىغان، ئۇ پەرمانغا بىنائەن قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا، خوتەندىكى پۇقرالار ئاتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى ماڭغىلى قويمىغان، ئاخىر ئۇ قېپقالغان. يىپەك يولىدا نۇرغۇنلىغان خەنزۇ سودىگەرلەر سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش شەكلى ئاساسەن سېتىقچىلىق، توپ تارقىتىش، يۆتكەش، ساقلاپ بېرىش قاتارلىقلار بولغان، ساتىدىغان ماللىرى ئاساسەن: ئاشلىق، سەي - كۆكتات، يىپەك، چاي، شۇنىڭدەك ئات، كالا، تۆگە قاتارلىقلار بولغان. خەنزۇلار ئىشلەتكەن ئۆلچەم بىرلىكلە-

ـرىدىن چى، سۆڭ، جىلىڭ، سەر، مو، پـۆڭ دېگەندەكلەر
خەنزۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن خوتەندە ئومۇملاشقان، بۇلار هازىر-
غىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

خوتەندىكى ئەڭ بۇرۇنقى مىللەت چاڭلار بىلەن توخرىلار
ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئىدىقۇتنىڭ
غەربىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ئادەملىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كې-
لىدۇ، پەقەت بىرلا بەگلىكنىڭ پۇقرالىرى غۇزلارغا ئوخشىماي-
دۇ، ئۇلار خۇددى خۇاشيالارغا ئوخشايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.
چاڭلارنىڭ ئۆز يېزىقى يوق بولغاچقا، ئومۇمىيۈزلۈك هالدا خەنزۇ
يېزىقىنى قوللانغان. كېيىنچە، ساكلار خوتەندىكى ئاساسىي مىل-
لەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
قارۇشتى يېزىقى، ساك يېزىقىنى خەنزۇچە يېزىق بىلەن بىللە
قوللانغان. خوتەندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇ يېزىقىنىڭ ۋاقتى بىر
قەدەر بۇرۇن. بۇنىڭ ئاتاغلىقلىرىدىن نىيا بەگلىكىنىڭ قەدىمىي
شەهىرىدىن تېپىلغان «بەش يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى جۇڭ-
گوغا پايدىلىق»، «دېهقانچىلىق مەهكىمىسى مۆهۈرى» دېگەنلەر-
نىڭ هەممىسى خەنزۇ يېزىقىدا. خەنزۇچە يېزىق بىلەن قارۇشتى
يېزىقى چۈشۈرۈلگەن ئىككى يېزىقلىق پۇل (خوتەن ئات سۈرەت
پۇلى) نىڭ ئۈستىگە هەم قارۇشتى يېزىقى، هەم خەنزۇ يېزىقى
چۈشۈرۈلگەن. خەنزۇ يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ئۇ يەردە خەن-
زۇلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ جايدىكى باشقا
مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ خەنزۇچە يېزىقنى قوللانغان. خەنزۇلار
ئادەتتە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. نىيىدىن تېپىلغان بىر پارچە
هۆججەتتە، بىر يەرلىك ئادەمنىڭ بىر نەچچە قوينى هەيدەپ
نىيىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى خەنزۇلار بىلەن ئاشلىققا ئالماشتۇر-
غانلىقى يېزىلغان. بۇ ئەينى چاغلاردا خەنزۇلارنىڭ نىيىدە بىر
قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 24
تارىختا خوتەندىكى هەرقايسى قەدىمىي بەگلىكنىڭ نوپۇسى، ئائىلە

سانى ۋە لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. لەشكەر
دېگەن دۆلەتنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئادەتتە لەشكەرلەر ئىچىدىمۇ
خەنزۇلار بار ئىدى دەپ قارىلىدۇ. غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن
سۇلالىلىرى دەۋرىدە خوتەندىكى ئالتە شەھەر بەگلىكىنىڭ ھەممە-
سىدە «تىلماج بەگ» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەخسۇس يەرلىك
مىللەت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىقىنى ئىشلەيتتى.
ئۇزۇن مۇددەتلىك ئورتاق تۇرمۇش داۋامىدا، بەزى خەنزۇلار
يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن، تاڭ
شۇەنزۇڭ خان جەمەتىنىڭ قىزىنى ئۇدۇن پادىشاھى ۋايجرا سامپا-
ۋاغا خوتۇنلۇققا بەرگەن، بەش دەۋر مەزگىلىدە، ئۇدۇن پادىشاھى
ۋىسارا تەڭرىخان دۇنخۇاڭدىكى ساۋ يىجىننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا
ئالغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەن-
زۇلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، قېزىۋېلىنغان ئۇدۇن يېزى-
قىدىكى كىتابلاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. يەنە بەزى خەنزۇلار
ئۆز ئادەتلىرىنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىپ، ئەينى زاماندىكى خوتەن
ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تاڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە، خەنزۇ مەدەنىيىتى شىنجاڭدا چوڭقۇر ھەم كەڭ
تەسىر كۆرسەتكەن جاي خوتەن ئىدى. نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنى-
تىلغانلىقتىن، ئۇدۇننىڭ پادىشاھى ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسى جەمە-
تىگە تەۋە دەپ ئاتىغان ۋە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ فامىلىسىنى
قوللانغان، ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ فامىلىسى لى
ئىدى. خوتەننىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
نىڭكىگە تەقلىد قىلغان، بولۇپمۇ خوتەننىڭ شاجۇ (دۇنخۇاڭ)
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. شۇ چاغدا خوتەنلىكلەر-
نىڭ كىيىم - كېچەكلىرى خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق-
تىن، ئاياللار پېشانىسىگە ماڭلاي چاچ قويۇپ، قالغان چېچىنى
كەينىگە ئۆرۈۋالاتتى، ئەرلەر كۆپىنچە كەڭ يەڭلىك ئۇزۇن يەك-
تەك كىيەتتى. تارىخ كىتابلىرىدا ۋىسارا تەڭرىخاننىڭ «كىيىملە-

ـرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكىنىڭكىگە ئوخشايتتى» دېيىلگەن. خەنزۇلا-
رنىڭ سۇچىلىق تېخنىكىسىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان. مەسىلەن،
ستەين چىرىدا ئۇچراتقان خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە: «100 يارماق
پۇل چىقىرىپ، شىنجۇاڭدىكى چېنجۇاڭغا بېرىلدى، يەنە تاغدىن
سۇ ئەكىلىدىغان ئۆستەڭ ياسايدىغان پۇقرالار ئىچىشكە شاراب
ئېلىپ بېرىلدى» دەپ يېزىلغان. بۇلار بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ
ئولتۇراقلىشىپ ياشىغانلىقى، يەنە تېخى ئۆستەڭ ياساشقا مەسئۇل
بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە چىرا ناھىيىسىدىن بالـ-
ـلارنىڭ ئۆگىنىشتە ئىشلىتىدىغان مەشىق دەپتىرى تېپىلغان،
يىرتىلىپ كەتكەن ئىككى بەت قەغەزگە «جەمەت» ، «ھۇن» دې-
گەندەك خەتلەر يېزىلغان، يېنىغا لى جۇڭيا دەپ ئىمزا قويۇلغان،
لى جۇڭيا خەنزۇ ئوقۇغۇچى ئىدى. بۇنىڭدىن، خوتەندە خەنزۇ
مەكتىپى بولغانلىقىنى ۋە خەنزۇ مائارىپى ئەھۋاللىرىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى خوتەندە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن
كېيىن، خەنزۇلار يەنىلا شۇ جايدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن
دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىـ-
ـرى دەۋرى شىنجاڭ تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مىللەتلەر
كەڭ كۆلەمدە كۆچكەن، كەڭ كۆلەمدە قوشۇلغان مۇھىم باس-
قۇچ. بۇ مەزگىلدە زور تۈركۈمدىكى خەنزۇلار شىمالىي چۆللۈك
ياكى ئىچكى جايلاردىن مەجبۇرىي ھالدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي
ۋە شىمالىغا كەلگەن ياكى بۆلۈپ - بۆلۈپ ئەۋەتىلگەن. بۇلارنىڭ
كۆپ قىسمى شىمالىي شىنجاڭغا كەلگەن، يەنە بىر قىسمى جەنۇ-
بىي شىنجاڭ ۋە خوتەنگىمۇ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
خەنزۇلار قوشۇنغا ئەگىشىپ ياكى سودا - سېتىق قىلىپ، ئىچكى
جايلاردىن خوتەنگە كەلگەن. يۈز مىڭلىغان خۇنەن - خۇبېي-
لىكلەر تەڭرىتېغىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغان. كېرىيە،

خوتەن، لوپ، قاراقاش قاتارلىق تۆت ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا دەسلەپ قويۇلغانلار ۋە كېيىن قويۇلغانلارنىڭ ھەممىسى زو زۇڭ-تاڭ، ليۇ جىنتاڭلارنىڭ قول ئاستىدىكى خۇنەنلىكلەر ئىدى. 1917 - يىلى شې لىن يۇرۇڭقاشقا كەلگەندە بۇ يەردە 18 ئائىلە خۇنەنلىكنىڭ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى يازغان. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندا، ليۇ جىنتاڭ جېجياڭ، جياڭ-سۇلاردىن 40 نەپەر پىلىچىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ دېھقانلارغا ئىلغار پىلە بېقىش تېخنىكىسى ۋە يىپەك تارتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە سەپەرۋەر قىلغان. لىن زېشۈي خوتەنگە سۇ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، «بۇ يەردە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلار تەخمىنەن ئون ئائىلە ئىكەن» لىكىنى بىلگەن. ئەڭ چەت - يىراق ئۇيغۇر كەنتى سورۇنلۇقتىمۇ «خەنزۇلاردىن دۇكان ئاچقانلىرى تەخمىنەن 20 ئائىلىدىن كۆپرەك ئىكەن» لىكىنى بىلگەن. مىنگو دەۋرلىرىدە مىللىتارىستلارنىڭ يېغىلىقى داۋامىدا خوتەنگە كەلگەن خەنزۇلار-نىڭ كۆپىنچىسى ئەسكەرلەر ئىدى. مەسىلەن، كېرىيىدە ئۇيغۇر-لار «سىتاڭ» دەپ ئاتايدىغان بىر يەر بار، بۇ ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلىدىكى «祠堂» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ بويىچە ئاتىلىشى، بۇ يەر خەنزۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى — ئاتا - بوۋىلىرىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان جاي بولغان، بۇ ھال بۇ يەردە نەچچە ئەۋلاد خەنزۇلارنىڭ ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خوتەندىكى خەنزۇلارنىڭ ئايرىملىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئادەتتە سودا - سېتىق بىلەن ياكى ئالتۇن قېزىش، قاشتېشى قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. كېرىيە ناھىيىسىدىكى تاغلىق ئىچىدە «چى ئائىلىكلەر ئازگىلى» ۋەكىللىكىدىكى بىر قانچە قاشتېشى كېنى بار. بۇ خەنزۇلار ئاچقان كان ئىدى، ئۇلۇغئاتا تاغلىقى ئارىسىدا بىر جىلغا بار، يەرلىك ئاھالىلەر «خەنزۇلار جىلغىسى» دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى مىنگو دەۋرىدىن

تارتىپ بۇ يەردە ئالتۇن كولىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار
ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بىر تۈر-
كۇم خەنزۇ كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار خوتەنگە كېلىپ،
خوتەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇلارنىڭ تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، خوتەندە ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن
(خوتەن سىفەن مەكتىپى) قۇرۇلۇپ، كوممۇنىستلاردىن ماجاۋ-
سۇڭ تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، سۇي
جاۋتەي، جاڭ جېڭپىڭ، لو جىفاڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ مەكتەپ مۇدىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىل-
گىرى خوتەندىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن شۇ جايدىكى
ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 1949 -
يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 3211 نەپەر خەنزۇ بار ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىن-
داڭدىن قالدۇرۇپ قېلىپ ئىشلىتىلگەن خادىملارنىڭ بىر قىسمى
قايتىپ كەتكەن. كانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم ھۇ-
نەرۋەن خەنزۇلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىچكى جايلارغا
قايتىپ كەتكەچكە، 1954 - يىلىغا كەلگەندە خەنزۇلارنىڭ نوپۇ-
سى ئازىيىپ 2400 نەچچىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ مەزگىلدە
15 - تۈەننىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن خوتەن-
دە قېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم ھەربىيلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ
خوتەنگە كەلدى. قىسمدىكى خادىملارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن، يولداش ۋاڭ جېننىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا،
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خۇنەن، شەندۇڭ ئۆلكىلىرىدىن خەنزۇ
ئاياللار قىسمغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 50 - يىللارنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جاڭسۇ، شاڭ-
خەي، تيەنجىن، خۇبېي، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن
چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار كېلىپ، خوتەننىڭ

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا، پۇل مۇئامىلە، سودا، پارتىيە - ھۆكۇمەت، كان - كارخانا ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلارغا سەپلەندى. 1954 - يىلى جاڭسۇ ئۆلكىسىدىن 500 نەپەردىن ئارتۇق يىپەك تارتىش ئايال ئىشچىسى خوتەنگە كېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ يىپەكچىلىك كارخانىسى — خوتەن يىپەكچىلىك زاۋۇتىنى قۇردى ھەمدە زور بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملار ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. 1965 -، 1966 - يىللىرى جاڭسۇدىن كەلگەن 2000 نەپەردىن ئارتۇق چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا كېرىيە يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانى، لوپ قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى، قاراقاش كاۋاك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن نۇرغۇن تېخنىك خادىملار، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ھەرقايسى سەپلەرگە قويۇلدى. 1960 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، گەنسۇ، خېنەندە ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ خوتەنگە كېلىپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردە خەنزۇلار دادۇيى قۇردى. خوتەندىكى خەنزۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن دېگۈدەك كەلگەن. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، خەنزۇلار 37 مىڭ 482 كىشىگە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 3.61 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى كەسپىي تېخنىك خادىملار، كادىرلار، چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى يەنە بىر قېتىم زور ھەجىمدە ئازىيىپ كەتتى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ يەككە ئەمگەكچىلەر، سەي - كۆكتات تىرىغۇچىلارنىڭ خوتەنگە كېلىشى بىلەن، خوتەندىكى

خەنزۇلارنىڭ سانى يېڭىۋاشتىن كۆپەيدى. 2000 ـ يىلى خەنزۇلار نوپۇسى 47 مىڭ 420 گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.93 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

خوتەندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان» ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان نۇرغۇن ئىلغارلار ۋەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ ۋېي، ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستىكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى، ئۆچاستىكا باشلىقى مايى، نىيە ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى شې شىنمىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى، ئۇلار خوتەننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. نۇرغۇنلىغان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار چەت ـ يىراق خوتەنگە كېلىپ، خوتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، ئاخىر ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى بۇ زېمىندا ماكانلىشىپ، «ياشلىق باھارىنى ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى تۆھپە قىلىش، پۈتۈن ئۆمرىنى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى تۆھپە قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادى خوتەندە تۇغۇلۇپ، خوتەندە چوڭ بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلەيەلەيدۇ. ھازىر ئۇلار خوتەننىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى تايانچ كۈچلەر بولۇپ قالدى. XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا مەركەزنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشـى بويىچـە، بېيجىڭ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكە-
سى ساھەلەر بويىچە خوتەنگە ياردەم بەردى، بۇ ئىككى جايدىن
كەلگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، پەن - تېخنىكا خادىملە-
رى، تېببىي خادىملار خوتەن ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە،
شەھەر، يېزا - بازارلارغا كېلىپ ۋەزىپە بىلەن ئىشلەپ، خوتەن-
نىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

خوتەندىكى خەنزۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شە-
ھەرلىرىدىن كەلگەن، لېكىن غەربىي شىمالدىن، بولۇپمۇ گەن-
سۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنلەر ئەڭ كۆپ. شۇڭا، يېمەك-
لىك مەدەنىيىتى جەھەتتە غەربىي شىمالنىڭ تەسىرى بىر قەدەر
كۈچلۈك، ئۇن تامىقى ئىستېمال قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. خەن-
زۇ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،
ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردە خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان
مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ھازىر پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە خەنزۇ تىلى
بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 21 ى بار.

ئاپتور: ليۇ جىڭخۇا

# ئالتىنچى بۆلۈم باشقا مىللەتلەر

## 1. تاجىك مىللىتى

تاجىك مىللىتى — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ياشىغان
ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەت. «تاج» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى خان
تاجى دېگەن بولىدۇ. خوتەندىكى تاجىكلار ئاز ساندىكىلىرىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا گۇما ناھىيىسىدىكى نەۋئابات تاجىك مىللىي
يېزىسىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يېزا 1954 - يىلى
قۇرۇلغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قوشتاغ يې-

نىسى بىلەن قوشۇۋېتىلگەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن بۇرۇنقى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ يېزىدا ھازىر 856 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 811 نەپەر تاجىك بار، قالغانلىرى ئۇيغۇرلار. گۇما ناھىيىسىنىڭ بەزى يېزا ـ بازارلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاجىكلارمۇ بار. تاجىكلار شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئاساسەن سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، تاجىكلار بولسا شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

تاجىكلار ئەڭ دەسلەپتە پامىردا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار «ئېگىزلىك ئۆگزىسىدىكى مىللەت»، «بۇلۇت تۆپىسىدىكى ئادەملەر» دەپ ئاتالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە تاجىكلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى چېگراسى ئىچىدە «سارىقول» قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى قۇرغان، شەرقىي خەن دەۋرىدە «دېرو» لار دەپ ئاتالغان. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە «ئېرو» لار دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە «كاۋانتا» دەپ ئاتالغان. تاجىكلار ئۆزلىرىنى سارىقول تاجىكلىرى ۋە ۋاخان تاجىكلىرى دەپ ئايرىيدۇ. ھازىر تاشقورغاندا ياشاۋاتقان تاجىكلار سارىقول تاجىكلىرى، گۇما ناھىيىسى ۋە يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى تاجىكلار ۋاخان تاجىكلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار XVII ئەسىردە ۋاخان كارىدورى (ھازىرقى ئافغانىستان چېگراسى ئىچىدە) دىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاچقا، نەچچە مىڭلىغان ئادەم يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەلگەن. مۇھەممەد ئاقباي، ئارۇپباي قاتارلىق توققۇز ئائىلە گۇما ناھىيىسىنىڭ كەڭەز تاغ جىلغىسىغا كېلىپ، ئەسلىدە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق

چارۋىچى تاجىكلار بىلەن بىللە ياشىغان ھەمدە تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يەرلىك ھاكىمىيەت يەر ۋە يايلاقلارنى ئۆلچەپ، رەسمىي ھالدا تاجىكلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئايرىپ بەرگەن.

نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى گۇمىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتىردىن كۆپرەك، ئومۇمىي دائىرىسى 6000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. لېكىن، ئادەم ئولتۇرۇشلۇق جايلار پەقەت تاغ جىلغىلىرىدىكى تار بوستانلىقتىن ئىبارەت. مىللىي يېزا تەۋەسىدە كەڭەز كەنتى، بۇچۇڭ كەنتى، ئاقشو كەنتى دېگەن ئۈچ كەنت بار، بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەڭەز دەرياسى، ئاقشو دەرياسى بويىغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇچۇڭ كەنتى ئەڭ كىچىك، نوپۇسى ئەڭ ئاز، بۇ كەنتتە ئاران 20 چارۋىچى ئائىلە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىلار ئىنتايىن تارقاق، ئەڭ يىراق بولغان ئۈچ ئائىلىنىڭ كەنت كومىتېتى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كۈنلۈك يول. يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كەڭەز كەنتىدە، بۇ يېزا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، چارۋىچىلار ئەتىيازدا زىرائەتلىرىنى تېرىپ قويۇپلا، كالا، قويلىرىنى ھەيدەپ تاغقا چىقىپ كېتىدۇ، كۈزدە قايتىپ كېلىپ، پىشىپ تەييار بولغان ئارپا قاتارلىق زىرائەتلىرىنى يەغىشتۇرىدۇ. 1999 - يىلى پۈتۈن يېزا بويىچە 9420 تۇياق قوي، 247 تۇياق كالا، 640 تۇياق قوتاز، 48 تۇياق ئات، 57 تۇياق تۆگە، 284 تۇياق ئېشەك بار بولۇپ، كىشى بېشىغا 15 تۇياق چارۋا توغرا كەلگەن. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 1 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئو-

مۇمىي قىممىتىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. دەريا جىلغىلى-
رىدىكى پارچە - پۇرات يەرلەر 2186 مو كېلىدۇ. قىروسىز
مەزگىل قىسقا بولغانلىقتىن، ئارپا تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭدىن قالسا بۇغداي، پۇرچاق، مايلىق دان قاتارلىق زىرائەت-
لەرمۇ تېرىلىدۇ. XX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا سۇلياۋ يوپۇق
يېپىپ قوناق تېرىش تېخنىكىسى سىناق قىلىنغان. ئاشلىقتا
ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيدۇ، ناھىيىدىن تەڭشەپ يۆتكەپ بې-
رىشكە تايىنىدۇ. 1999 - يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن
كىرىمى 996 يۈەن بولۇپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋى-
يىسىدىن يۇقىرىراق بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تاجىك خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنچىل ھالدا نامرات ھالەتتە تۇراتتى، چارۋىچىلار تاش ۋە لاي بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىي ئۆيلەردە ئولتۇ-راتتى، ئايرىم ئادەملەر تاغ ئۆڭكۈرىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇزاق-قىچە سىرت بىلەن ئايرىلىپ قالغان ھالەتتە ياشىغانىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم بۇ يەردە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتى قۇردى. رەجەپ رەھىم گۇما ناھىيىسىدىكى تۇنجى تاجىك پارتىيە ئەزاسى. ئۇ نامرات دېھقان ۋە چارۋىچىلارنى باشلاپ ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان. 1954 - يىلى تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلغاندا تۇنجى يېزا باشلىقى بولغان ھەمدە 1957 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشى-نى كۆرگەن. XX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا يېزىدىن تارتىپ ناھىيىگىچە تۇتاشتۇرۇلغان ماي يول ياسالدى. دېھقان - چارۋى-چىلار ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتتىلا ناھىيىگە بارالايدىغان بولدى. بۇچۇڭ كەنتى چەت - يىراق، تاغ يوللىرى ئەگرى - دوناي بولغانلىقى ئۈچۈن ماشىنا قاتنىيالمىدى. ئۇ يەرگە ئات ياكى ئېشەككە مىنىپ بىر كۈن ماڭسا ئاندىن يېتىپ بارغىلى

بولىدۇ. 1994 ـ يىلى كەڭەز دەرياسىغا بىر كىچىك سۇ ئېلېكتر
ئىستانسىسى قۇرۇلدى، توك چىقىرىش مىقدارى 5.5 كىلوۋات
بولۇپ، بەك يىراق، تارقاق ئولتۇراقلاشقان دېھقان، چارۋىچىلار-
نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى توك ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىدا يەنە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش
ئانتېننىسى ئورنىتىلىپ، نۇرغۇن دېھقان، چارۋىچىلار تېلېۋىزور
كۆرەلەيدىغان بولدى.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ
يەردە ئاران بىر دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىسمى
ئازنى مۇھەممەت ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئاران 32 ئوقۇغۇچى ئو-
قۇيتتى، ئۇلارغا پارس تىلىدا دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى.
1954 ـ يىلى بۇ يەردە تۆت سىنىپلىق تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ
قۇرۇلدى. ھازىر بۇ يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ باشلانغۇچ
مەكتەپ قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپلەردە 220 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇ-
غۇچى، 40 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ
مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يېتىدۇ. ئىلگىرى
بۇ تاغلىق رايوندا دوختۇر ۋە دورا كەمچىل ئىدى، بەزى چارۋىچى-
لار كېسەل بولۇپ قالسا، ئېشەككە مىندۇرۇپ ناھىيىگە ئاپىرىش-
قا توغرا كېلەتتى. ھازىر يېزىدا بىر دوختۇخانا قۇرۇلدى. تۆت
نەپەر داۋالاش خادىمى بار. بۇنىڭدىن باشقا ھەربىر كەنتتە بىردىن
كەنت دوختۇرى بار، ھازىر بۇ يەردە كىچىك كېسەللەرنى كەنتتىلا
داۋالاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزىدا بىر رادىئو ئۇزېلى، ھەر
قايسى كەنتلەردە يەنە بىردىن رادىئو ئۇزېلى بار. يېزىدا يەنە
مەدەنىيەت پونكىتى بار بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى دائىم تۈرلۈك
ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كىچىك بالى-
لاردىن تارتىپ ياشانغان ئادەملەرگىچە ھەممىسى ناخشا ـ ئۇس-
سۇلنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەر قېتىم بايرام، ھېيت ـ ئايەم
ياكى توي ـ تۆكۈن بولغاندا، كەنت ئاھالىلىرى بىر يەرگە جەم

بولۇپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، مەشرەپ ياكى گۈلخان كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلىرى قوي، تۆگە بولۇپ ياسىنىپ، ھايۋانلارنى دوراپ بېرىدۇ، تاماشىبىنلار كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدۇ، تاجىكلارمۇ ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

تاجىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ھازىر ئالتە مەسچىت، ئالتە نەپەر دىنى زات بار. ئۇلارنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن ئاددىيراق، بىر كۈندە ئىككى قېتىم ناماز ئوقۇيدۇ. قالغان ئۈچ قېتىملىق ناماز ئوقۇسىمۇ، ئوقۇمىسىمۇ بولىدىغان «ۋاجىب» ناماز دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار مازار - ماشايىخلارغا چوقۇنىدۇ. كەڭەز كەنتىنىڭ سىرتىدا خېلى بېزەلگەن چاسا شەكىللىك بىر مازار بولۇپ، ئۇزۇن خادىلار تىكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئۆلمەيدۇ. ھايات ۋاقتىدىكى ياخشى - يامانلىقلىرى ئۇستىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاسمان توققۇز قات، جەننەت ئەڭ ئۇستىدە، ئۇ يەردە ئەبەدىلىك راھەت كۆرگىلى بولىدۇ؛ يامان ئىش قىلغانلار ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، 7 - قاتقا چىققاندا يامغۇرغا ئايلىنىپ يەر زېمىنغا چۈشۈپ، ئوت - خەسكە ئايلىنىپ، ھايۋاناتقا يەم بولىدۇ. ھايۋاناتنىڭ ئاشقازىنى دېگەن دوزاخنىڭ ئۆزى، يامان ئادەملەر ئۇنىڭ ئىچىدە ئازابلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. تاجىك يېزىسىدىكى بىر قەدەر داڭلىق دىنىي زات — قۇربانجان داموللام XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا گوما ناھىيىسىدىكى تاجىك ۋەكىل سۈپىتىدە خوتەندىكى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆز تىلى بار، پارس تىلىنىڭ ۋاخان
شېۋىسىدە سۆزلەيدۇ. ياشلار ئارىسىدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە
ئۆگىنىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئۆزئارا باردى - كەلدى
ئىشلىرىدا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چاسا شە-
كىللىك بولۇپ، ياغاچ ۋە تاشتىن سېلىنىدۇ، ئۈستى تۈز قىلىپ
يېپىلىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىلى-
دۇ. بۇ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، يورۇق چۈشۈرۈش رولىنى ئويناي-
دۇ. ھويلا ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆي «ساراي» دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا قوتان ۋە ئاشخانا قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۆيلەر سەل
پاكار بولىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە سۇپا ياسىلىپ، ئۈستىگە كىگىز
سېلىنىدۇ؛ چوڭلار، مېھمانلار ۋە كىچىكلەر ئايرىم - ئايرىم
يېتىپ قوپىدۇ. تاجىكلار ئادەتتە ئۆز مىللىتى ئىچىدىن نىكاھلى-
نىدۇ؛ ئۇيغۇرلار بىلەن توي قىلغانلىرىمۇ بار. تاجىكلارنىڭ
نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئۆز مىللىتى بىلەن نىكاھلىنىش ئۈچۈن،
بەزىلىرى تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ
قىز ياكى يىگىت ئىزدەيدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇ-
لۇشتىن ئىلگىرى، تاجىكلاردا يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش
ۋە بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرى بىر قەدەر ئېغىر ئىدى.
پەرزەنتلەرنىڭ توي ئىشى ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ
قارالغانلىقتىن، ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا لايىق تاللاشتا ئالدى بىلەن
تۇغقانلار ئارىسىدىن تاللايدۇ، پەقەت 3 - ئەۋلادتىن نېرىراق
بولسا بولۇۋېرىدۇ. باي ئائىلىلەر كېلىن ئەكىرمەكچى بولسا،
ئالدى بىلەن قىز تەرەپكە ئون قۇر كىيىم، ئوندىن 20 گىچە
قوي ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئەگەر يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسى نامرات
بولۇپ تويلۇق چىقىرالمىسا، يىگىت قىز تەرەپ ئائىلىسىگە بې-
رىپ، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ئىشلەپ بەرگەندىن كېيىن قىزنى
ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ. توي مۇراسىمىغا ئىمام رىياسەتچىلىك

قىلىدۇ. ئالدى بىلەن يىگىتنىڭ ئۈستۈشىغا ئۇن چېچىلىدۇ،
قىز - ئوغۇل ئىككى تەرەپ ئاق قىرىندى چېگىلگەن ئۈزۈك
ئالماشتۇرىدۇ. ئاندىن قىز - يىگىت ئازراق گۆش، نان يەيدۇ،
سۇ ئىچىدۇ؛ ئەتىسى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ
ئاپىرىلىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى
ئىمام قىزنىڭ چۈمبىلىنى ئاچىدۇ. ئۇلار جەمەت تۇرمۇشى ئۆت-
كۈزىدۇ. ئوغۇل ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئادەتتە يەنىلا ئاتا - ئانىسى
بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۆي ئايرىپ چىقمايدۇ. بىر تۇغقانلارمۇ
بىللە تۇرىدۇ، بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەيدۇ، كالا تېزىكىنى
يېقىلغۇ قىلىدۇ. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىغا مۇتلەق بويسۇنىدۇ.
ئەگەر، ئوغۇل ئۆي ئايرىپ چىقىمەن دېسە، ئاتا - ئانا رۇخسەت
قىلىدۇ، لېكىن مال - مۈلۈك ئايرىپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئىگى-
لىك تىكلىشىگە قويۇۋېتىدۇ. قىزغا مال - مۈلۈك ئايرىپ بەر-
مەيدۇ. ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ئادەتتە باشقىدىن ياتلىق
بولمايدۇ، ئېرىنىڭ ئاكا - ئىنىسىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرى-
دۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى
كونا ئۆرپ - ئادەتلەر تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. تاجىكلارنىڭ
يېمەكلىرىدە گۆش، سېرىق ماي، سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىك،
سۈتچاي ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرى قوي، كالا
گۆشى كاۋىپى، ئاق نان، ئارپا نېنى، سۈت - قېتىق قاتارلىقلار-
دىن باشقا، يەنە دائىم ھالۋا - بۇلماق، «يەجمە»، «مە-
قۇت»، «قاتلىما»، «قۇيماق» قاتارلىق ئون نەچچە خىل يېمەك-
لىك يەيدۇ. تاغلاردا يەنە كەكلىك، جەرەنلەر بار، ئوۋلىغاندىن
كېيىن مەززىلىك يېمەكلىك بولىدۇ. ئەگەر، ئۆيگە مېھمان كې-
لىپ قالسا مويسىپىت مېھمان تۆردە ئولتۇرىدۇ.

تاجىكلار پىلانلىق تۇغۇتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. نەچ-
چە ئون يىلدىن بۇيان خوتەندىكى تاجىكلارنىڭ نوپۇسىدا چوڭ
ئۆزگىرىش بولمىدى. 1000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتمىدى، بەزى

يىللىرى نوپۇس كېمىيىپ كەتتى. 1999 - يىلىنى 1985 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، نوپۇس ئاران 6% ئاشقان. ئۇلار ئەدەپ - ئەخلاققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان، بىر ئائىلىدە ئىش چىقسا ھەممىسى كېلىپ ياردەملىشىدۇ. چارۋىلىرى ئازراق ئائىلىلەر باشقىلارنىڭ بېقىپ بېرىشىگە بېرىدۇ ياكى ھەربىر ئائىلە نۆۋەت بىلەن تاغقا چىقىپ مال باقىدۇ. گەرچە تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىر مەزھەپتە بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىزچىل ھالدا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشتەك ياخشى ئەنئەنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى ئېگىز تاغلىققا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى ئىستىقبالىغا ئىگە. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىدىكى كەڭەز دەرياسى جىلغىسىدا بىر ئۇچۇقلۇق بولۇپ، تۆت ئەتراپىدىكى قىيا تاشلار سۇس قىزىل رەڭدە، دەريا سۈيى ئېقىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا تارلىشىپ كېتىدۇ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئاسماننى خۇددى بىر تال يىپتەك كۆرىسىز، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىسىڭىز سۇ ئاجايىپ چوڭقۇر كۆرۈنىدۇ. دەريا سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ئاققىنىچە، جىلغا تېگىگە ئېتىلىپ كىرىپ كېتىدۇ. شارقىراتمىلىرى ئاجايىپ كۆركەم، خۇددى دۇمباق ساداسىدەك ئاۋاز چىقىرىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر قىيا تاش رەسىمى بار، ئۇنىڭدا قەدىمكى تاجىك خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۆچۈڭ كەنتىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 3600 مېتىرغىچە كېلىدىغان تاغ جىلغىسىدا كونىلۇن ئارچىسى، كەچىك يوپۇرماقلىق قېيىن قاتارلىق غوللۇق چاتقاللار بار بولۇپ، خوتەن كونىلۇن تېغىدىكى بىردىنبىر تەبىئىي قارىغايلىق ھېساب-

لىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، 40 مىڭ مو ئەتراپىدا كېلىدۇ.

ئاپتور: ليۇ جىڭخۇا

## 2. قىرغىز مىللىتى

قىرغىزلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەسلەپتە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان. تارىختا «كېكۇن»، «جيەنكۇن»، «خاككاس» دەپ ئاتالغان، يۇەن دەۋرىدە «قىرغىز» دەپ ئاتالغان. قىرغىز دېگەن سۆز «قىرىق قىز» دىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدا قىرغىزلار ھەممىسى بىلىدىغان رىۋايەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەن ئويىنغىلى سىرتقا چىقىپ «قائىدە - يوسۇن» غا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپتۇ. ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەستى دەرياغا تاشلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دەريا سۇيىدىن ھۆركىرەپ يىغلىغان نالە - پەرياد ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بوپتۇ. پادىشاھنىڭ 40 قىزى قىزىقسىنىپ دەريا سۇيىنى ئويىنغانىكەن، ھەممىسىنىڭ بويىدا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، كوئىنلۇن تاغلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. بۇ رىۋايەت قىرغىز خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەندىكى قىرغىزلار 656 نەپەر، ئاساسەن سانجۇ دەرياسى بويىدىكى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىدا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يېزىنىڭ تەۋەلىكىدە تۆت كەنت بولۇپ، 1578 نەپەر دېھقان - چارۋىچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 628 نەپەر قىرغىز بار. ئادىمى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تاغلىق رايونغا جايلاشقان، سانجۇ دەرياسىدىن تارتىپ شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا تۇتىشىدىغان قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بارىدۇ، ئەڭ يىراقتىكى

بىر ئائىلە شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى بويىدا، ئۇنىڭ يېزا تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بولغان ئارىلىقى 355 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەگەر، يېزىدىن ئۇ ئائىلىگە ئات بىلەن ماڭسا، يەتتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

قىرغىزلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغانلىقتىن، سۇ، يايلاق ئەھۋالىغا قاراپ ئولتۇراقلىشىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى ئاران 519 ئىدى، ھازىر 656 گە يەتتى.

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى سوغۇق تاغلىق رايونغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 4500 مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىككە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئاھالىلەر مۇز - قارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئاھالىلەر چارۋىچىلىقنى ئاساسي كەسىپ قىلغان، ھازىر 12 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا بار. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 350 تۇياق، قوتاز 300 تۇياق، ئات 24 تۇياق. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەڭ يېقىن بولغان ئۇلاچى كەنتى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنرەك بولغاچقا، بىر قىسىم ئاھالىلەر دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ كەنتتە 2400 مو تېرىلغۇ يەر بار، ئاساسەن ئارپا، قىچا ۋە بۇغداي تېرىلىدۇ. قالغان ئۈچ كەنت ئاساسەن چارۋىچىلىققا تايىنىدۇ. ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى قىسىملار ۋە ھەربىي پونكىتتىن سېتىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى تاغلاردا ياۋا ھايۋاناتتىن جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، تۈلكە، داۋغان، ئۇلار، كەكلىك قاتارلىقلار بار. ئىلگىرى بەزى چارۋىچىلار ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئوۋچىلىق قىلمايدىغان بولدى. قىرغىز ئاياللىرى كەشتىچىلىككە ماھىر، ياغلىق، ياستۇق قېپى، يوتقان تېشى، كېيىم - كېچەكلەرنىڭ گىرۋەكلىرىگە، يەڭ ئۇچىغا، كۆڭلەك ياقىسىغا، يانچۇق، تەلپەكلىرىگە ھەتتا ئۆي زىننەتلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نەپىس گۈل - سىزىقلارنى

چىقىرىدۇ. ئاساسەن ئۇچار قۇشلار، گۇللەر ۋە تۇرلۇك سۇرەتلەرنى ئىشلەيدۇ. قىرغىز ئاياللىرى يەنە كىگىزچىلىككە ئۇستا، قوي يۇڭىدىن ھەرخىل نۇسخىلاردىكى نەپىس شىرداقلارنى ئېتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ ئۆي تاملىرى كەشتىلەر بىلەن بېزىلىدۇ. ئادەتتە سۆسۈن رەڭلىك دۇخاۋا ئۇستىگە ھەرخىل سۇرەت نۇسخىلىرىنى كەشتىلەيدۇ، ئاندىن تۆت ئەتراپىغا قارا دۇخاۋىدا جىيەك تۇتىدۇ، ئاستىغا يىپەك چۇچا ساڭگىلىتىپ قويىدۇ. ئىلگىرى بۇ تاغلىق رايون ئىنتايىن يېپىق ھالەتتە ئىدى. ھازىر ناھىيىگە بارىدىغان ماي يول ياسالدى. چەت، يىراق جايلاردىكى ئاھالىلەرگە تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «ھەممە كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، بۇ يەردە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش ئانتېنىنىسى ئورناتتى، زور كۆپ ساندىكى دېھقان، چارۋىچىلار تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان، رادىئو ئاڭلىيالايدىغان بولدى. يېزىدا يەنە مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا سېلىندى.

قىرغىزلار قوللىنىدىغان تىل بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشاشلا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۇرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلار قىرغىز - قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە. ئۇلار ئەرەب، پارس ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا قىرغىز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. لېكىن، خوتەندىكى قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغانلىقتىن، ياشانغانلاردا ۋە ئىچكى قىسىمدا قىرغىز يېزىقى قوللىنىلغاندىن سىرت، ئومۇميۇزلۇك ھالدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى قوللىنىلىدۇ. مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. ئۇلار يىلنامىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە ئەنئەنىۋى 12 مۇچەلنى ساقلاپ قالغان. بۇ 12 مۇچەل: چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، تۇلكە، توخۇ، ئىت، توڭگۇز يىللىرىدىن ئىبارەت. ھەر بىر مۇچەل يىل خەير-

لىك يىل ۋە خەيرسىز يىل دەپ ئايرىلىپ، ئالدىن مۇداپىئەلىنىش
تەلەپ قىلىنىدۇ. قىرغىزلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئىشلىرىدا،
ئەرلەر يىلبويى ئاق قالپاق كىيىدۇ، قالپاقنىڭ ئاستىغا قارا
دۇخاۋا جىيەك تۇتىدۇ، ياشانغانلار قىش كۇنلىرى تەلپەك كىيىدۇ.
ئاساسلىقى تۇلكە تېرىسى، پاقلان تېرىسىدىن تىكىلگەن
بولىدۇ. تەلپەكنىڭ گىرۋىكى كەڭرەك بولىدۇ. ئۇستى قارا
چىپەرقۇت ياكى مەخمەلدە تاشلىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ئۆرە ياقىلىق
ئاق كانۋاي كۆڭلەك كىيىدۇ. سىرتىدىن تەنچە چاپان كىيىدۇ،
بىلىگە بەلۋاغ ياكى پوتا باغلايدۇ. پۇتىغا چورۇق كىيىدۇ، بۇ
تاغدا يول يۇرۇشكە ئەپلىك، بۇنداق چورۇق ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرىدىمۇ كەڭ تارقالغان. قىرغىز قىزلىرى كۆپىنچە قىزىل مەخمەل
تۇماق كىيىدۇ. ئۇستىگە مارجان، پەي ئورنىتىدۇ. چوكانلار
قىزىل، يېشىل رومال ئارتىدۇ. ياشانغانلار ئاق رومال ئارتىدۇ.
ئاياللار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، سىرتىغا مارجان تۇتقان دۇخاۋا
جىلىتكە كىيىدۇ. قىرغىزلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئاساسەن
گۆش، ئۇن تاماقلىرى ۋە سۇت يېمەكلىك، گۆش تاماقلىرى، كالا،
قوي گۆشى شورپىسى، نارىن، ئۆپكە - ھېسىپ قاتارلىقلار.
ئاساسلىق يېمەكلىرى نان، لەغمەن، مانتا، قۇيماق، پولو قاتارلىقلار. سۇت يېمەكلىكلىرى سۇت، قېتىق، قۇرت قاتارلىقلار.
قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيى — چېدىر، لېكىن خوتەندىكى قىرغىزلار شارائىت تەسىرىدىن ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ياسىلىشى يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلەرنىڭكىدىن
ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشىك دېرىزىلەرنى زىننەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چوڭ دەرۋازىسىغا ھەرخىل
مىس پۇللارنى قاداپ قويىدۇ.
خوتۇنلۇق نىكاھلىنىش جەھەتتە، قىرغىزلار بىر ئەر بىر
بولۇش تۇزۇمىنى يۇرگۇزۇپ كەلگەن، ئۇلار يېقىن تۇغقانلار
نىكاھلىنىشنى چەكلەيدۇ، يەنى ئۆز جەمەتى ۋە بىۋاستە تۇغقانلى-

ری ئىچىدە بەش ئەۋلادتىن يەتتە ئەۋلادقىچە يېقىن بولسا نىكاھلى-
نىشقا بولمايدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا ياشلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا
ئاتا ـ ئانا ئىگە بولاتتى. قۇرامىغا يەتكەندە نىكاھ ئىشلىرىنى
بېكىتكەندىن باشقا، يەنە بالىلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى بوۋاق
ۋاقتىدىلا بېكىتىپ قويىدىغان ئىشمۇ بار ئىدى. نىكاھ ئىشلىرى
بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز - يىگىت ھەر ئىككىسى
ئەمەل قىلىشى، ئايرىلىپ كەتمەسلىكى ياكى باشقىدىن ياتلىق
بولماسلىقى كېرەك ئىدى. نىكاھ ئىشى بېكىتىلگەندىن كېيىن،
يىگىت قىز تەرەپكە تويلۇق سۈپىتىدە مەلۇم ساندا چارۋا،
مال ـ مۈلۈك بېرىدۇ. تويلۇق ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن كۆپ
چاغلاردا ئىككى تەرەپ قايچا قۇدا بولۇشىدىغان ئىش بولىدۇ.
نىكاھ ئىشلىرىنى بېكىتكەندە، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئاپىرى-
دىغان تويلۇقنى ئاتقا ئارتىپ، ئاتنىڭ ئىككى قۇلىقى ئوتتۇرىسىغا
بىر كاللەك پاختىنى چىگىدۇ. بۇ باشقىلارغا نىكاھ بېكىتىشكە
كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. رەسمىي توي قىلىشتىن بىر كۈن
بۇرۇن، يىگىت ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئاغىنىلىرىنىڭ
ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپ ئائىلىسىگە كېلىپ قوي سويۇپ، «كۆ-
رۈشتۈرۈش مۇراسىمى» ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى توي مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈلۈپ، ئىمام مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. رىياسەتچى
ئىمام تۇزغا چىلانغان بىر پارچە ناننى قىز - يىگىتكە يېگۈزۈپ،
ئاندىن قىز ـ يىگىتنىڭ ئۇستۈشىغا ئۇن چېچىپ، ئۇلارنى
تەبرىكلەيدۇ. بۇ چاغدا، يىگىتنىڭ ئاغىنا ـ بۇرادەرلىرى ئوغلاق
تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. كېلىننى يىگىت ئۆيىگە كۆچۈرۈپ
ماڭغاندا، يول ئۈستىدە گۈلخاندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئىمام
ئۇلارنى قىرائەت ئوقۇپ تەبرىكلەيدۇ. توي مۇراسىمى ۋاقتىدا
قېيناتا بىلەن كېلىن يۈز كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ، كېلىن قېيناتى-
سىغا سالام قىلغاندىمۇ يۈزىدە چۈمبەل تارتىقلىق بولىدۇ. ئۈچ

كۇندىن يەتتە كۇنگىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قېيناتا «يۇز كۆرۇشەيلى» دېگەن چاغدا، كېلىن ئاندىن چۇمبەلنى ئېلىۋېتىپ، قېيناتىسى بىلەن يۇز كۆرۇشىدۇ. قىرغىزلار ناخشا — ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت. ئۇلارنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلى، قوش كىشىلىك ئۇسسۇلى ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇلى بار. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرى چەبدەس، ئالاھىدىلىكى مۇرىنى سەكرىتىش بولۇپ، مۇرە مۇزىكا رىتىمىغا جور بولۇپ، بىر ئۇستىگە، بىر ئاستىغا سىلكىنىدۇ، تولىمۇ جەلپدارلىققا ئىگە. قومۇز — قىرغىزلارنىڭ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. قومۇزنىڭ قورسىقى ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئۇ ئۇچ تارلىق بولۇپ، ئاۋازى جاراڭلىق، كىشىگە خۇددى تۇمەنمىڭ تۇلپار كىشنەپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە بىر خىل «ئېغىز قومۇزى» بولۇپ، بىر بارماقچىلىك ئۇزۇن كېلىدۇ. ئېغىزغا سېلىپ چالغاندا، خۇددى سايراۋاتقاندەك مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىپ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

قىرغىزلار تارىختا ھەر خىل توتېمغا ئېتىقاد قىلغان، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇڭا، قىرغىزلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ ئورنى ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەس. قىرغىزلار «ئاقساقاللار» غا ئەڭ ھۆرمەت قىلىدۇ.

كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىدىكى ئاتاقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى — سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرىدۇر. بۇ رەسىملەر سانجۇ دەرياسى ئۇدۇلىدىكى قىياتاشقا ئويۇلغان بولۇپ، مىللىي يېزىلىق ھۆكۇمەت تۇرۇشلۇق جايغا تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۇچ مېتىر، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. قىياتاش رەسىمدە ئاساسلىقى قەدىمكى زامان خەلقلىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلاش كۆرۇنۇشلىرى نامايان قىلىنغان. رەسىمدە بەزىلەر ئاتقا مىنىپ چېپىپ

كېتىپ بارغان، بەزىلەر ئوقيا ئېتىۋاتقان، بەزىلەر ئىتتىك مې-
ڭىپ كېتىۋاتقان؛ يەنە بەزىلىرى چېپىپ كېتىۋاتقان قوش مۆڭ-
گۈزلۈك هايۋان، يەنە بەزىلىرى تېخىچە مەنىسىنى بىلگىلى بول-
مىغان يېزىق ـ بەلگە قاتارلىقلار. بۇ قىيا تاش رەسىمى
1962 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن نۇقتى-
لىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قىلىپ بې-
كىتىلگەن.

ئاپتور: ليۇ جىڭخۇا

### 3. خۇيزۇلار

خۇيزۇلار دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نو-
پۇسى بىر قەدەر كۆپ، تارقىلىشى كەڭ مىللەت. ئۇلارنىڭ
ئالاھىدىلىكى: «كەڭ دائىرىدە تارقاقلاشقان، كىچىك دائىرىدە
مەركەزلەشكەن» . خوتەندىكى خۇيزۇلارمۇ ئەنە شۇنداق ئالاھىدى-
لىككە ئىگە. خۇيزۇلارنىڭ مەنبەسىنى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى چاغلاردا خوتەن-
لىكلەر تېخى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، لېكىن ئىسلام دىنى
ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب، پارس سودىگەرلىرى جۇڭگوغا كېلىپ
سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ،
خاڭجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ، بارا ـ بارا
باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، خۇيزۇ مىللىتىنى شەكىللەن-
دۈرگەن. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارغا كەلسەك، «يۈەن سۇلالىسى
تارىخى. ئەجدادلار شەجەرىسى» دە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 25 ـ
يىلى خۇيزۇلاردىن بولغان ھېسامىدىن شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق
جايلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئائىلىلىرىگە دارغاچ بولغان.
خوتەن، قەشقەردىكى 1500 ئۆيلۈك ھۈنەرۋەن بىلەن بوزيەر ئۆز-

لەشتۇرۇشكە بۇيرۇلغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى شىزۇننىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە 1288 ـ يىلى) خوتەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغان. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى گەنسۇدىكى خۇيزۇلارنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشكە سەپەرۋەر قىلغان. كېيىپ ئېيە- تىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغلاردا ئاز ساندىكى خۇيزۇلار خوتەنگىمۇ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە قىسىم- لىرى ئىچىدىكى سانغۇن، ئەسكەرلەر ئىچىدىمۇ ئاز بولمىغان خۇيزۇلار بار ئىدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 6000 ئۆپچۆرىسىدىكى دالا ئارمىيە قىسىملىرىدا خۇيزۇلار بار ئىدى. ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلانغان، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىلىرى ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىسا، بەزىلىرى خۇيزۇ دەپ ئاتىغان. يەنە بەزىلىرى خەنزۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان بالىلىرى ئۆزىنى خۇيزۇ دەۋالغانلارمۇ بار. خوتەندە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان خۇيزۇلارنىڭ كۆپ ساندى- كىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تىجارەت بىلەن شۇ- غۇللىنىدىغانلىرىمۇ بار.

1937 ـ يىلى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردى- مىدە ما خۇسەن قىسىملىرىنى يوقاتتى. ما خۇسەن ئاز ساندىكى يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پەي دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلىرى ئېتىپ تاشلان- دى. ئاز ساندىكى خۇيزۇ ئەسكەرلەر خوتەندە قېپقالدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئاز ساندىكى خۇي- زۇ كادىرلار، زىيالىيلار ۋە يەككە ئەمگەكچىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەنگە كەلدى. 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە، خوتەن- دىكى خۇيزۇلار 960 نەپەرگە يەتتى.

خوتەندىكى خۇيزۇلارنىڭ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي- لەردىن كەلگەنلىرى كۆپرەك. ئۇلار خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ،

غەربي شىمال شىۋىسىدە سۆزلەيدۇ، خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنى-
دۇ، خوتەندىكى خۇيزۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلىنى
بىلىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ فامىلىسى خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ
كېتىدۇ. ما، مۇ، خۇي قاتارلىق فامىلىلەرنى كۆپرەك ئىشلىتى-
دۇ. خۇيزۇلاردا بوۋاق دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئادەتتە ئاخۇن-
لار «مۇسۇلمانچە ئىسىم» قويۇپ قويىدۇ، يەنى ئەرەبلەرنىڭ
ئادىتى بويىچە «پەيغەمبەر» لەرنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدىن بىر ئى-
سىم تاللايدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەت نىزامىدىن، ئىسمايىل،
زەينەپ، هاۋا دېگەنلەرگە ئوخشاش. لېكىن، بۇنداق ئىسىملار
ئادەتتىكى ئالاقە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت دىنىي مۇرا-
سىملاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى
خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغىنى پەقەت
ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيىۋالىدىغان ئاق پوسىمىسى ياكى كۆڭلىكىنىڭ
سىرتىغا كىيىۋالىدىغان جىلىتكىسىدۇر. ئۇلار خوتەندىكى ئۇي-
غۇرلارغا ئوخشاش. ئىسلام دىنىدىكى سۇننىي مەزھىپىنىڭ ھەنە-
فىيە ئېقىمىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى
ئىچكى جايلاردا تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر هالدا
خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دىنىي ئەقىدە جەھەت-
تە ئۇلار خەنزۇلاردىكى كۇڭزى تەلىماتىنىڭ مەلۇم ئىدىيىسى ۋە
ئىلمىي ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان. خوتەندە خۇيزۇلارنىڭ سانى
ئاز، ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچى، قۇمۇل، تۇرپانلاردىكىدەك ئۆزلىرى
باشقۇرۇپ كەلگەن مەسچىتى يوق، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتلىرىگە
بېرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. شۇڭا، دىنىي ئەقىدە جەھەتتە شۇ يەردىكى
دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خوتەندىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچى-
سى دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بولۇپمۇ
يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار
كۆپرەك. ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەر ئاساسەن:
سومىيەن، لەڭمەن، سۇيۇقئاش، كالا گۆشى سۇيۇق ئېشى، پىن-

تاڭ، زاسۇي شورپىسى، جۇۋاۋا، مانتا، چۆچۈرە، لەڭپۇڭ،
راڭپىزا، قۇيماق، ئەشمە قۇيماق قاتارلىقلار. خۇيزۇلار چاي
ئىچىشكە ئامراق، ھەر كىم ئۆزى خالىغىنى بويىچە، بەزىلەر پالما
مەرىزى چېيى ئىچىدۇ، بەزىلەر گۈل چاي ئىچىدۇ. چايغا قەنت
سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مېھمان كۈتكەندە كۆپىنچە ئاغزى بار
ئىستاكانغا چاي دەملەيدۇ، چاي سالغاندىن باشقا قەنت، ناۋات،
چىلان، ياڭاق مېغىزى، ئالقات، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى
سالىدۇ. خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەت-
لەرگە ئوخشاش قۇربان ھېيت، روزى ھېيتنى داغدۇغىلىق ئۆت-
كۈزىدۇ. لېكىن، خۇيزۇلار روزى ھېيتنى ئالاھىدە چوڭ بىلى-
دۇ. خۇيزۇلار روزى ھېيتنى «چوڭ ھېيت»، قۇربان ھېيتنى
«كىچىك ھېيت» دەپ ئاتايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرى-
نىڭ تۇپراق بېشىغا روزى ھېيتتا چىقىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلى-
دۇ. بىراق، خوتەندىكى خۇيزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رىغانلىقتىن، قۇربان ھېيتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە - يوسۇنلىرى بار. ئادەتتە
ئۆزئارا كۆرۈشكەندە سالاملىشىدۇ. بىرى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»
دەپ ئەھۋال سورىسا، يەنە بىرى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ
جاۋاب بېرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ 3 - كۈنى «يۇيۇندۇرۇش»
ئېلىپ بارىدۇ، بالىنىڭ ئاتىسى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست -
بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ
بارىدۇ ھەمدە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئۇرۇق - تۇغ-
قان، دوست - بۇرادەرلىرىگە قۇيماق سوۋغا قىلىدۇ. بالىغا
ئىسىم قويۇش مۇراسىمى بەزىدە «يۇيۇندۇرۇش» ۋاقتىدا ئېلىپ
بېرىلىدۇ، بەزىدە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئېلىپ
بېرىلىدۇ. ئىسىم قويۇش مۇراسىمى باشلانغاندا ئىمام ئاخۇنۇم
بوۋاقنى قاراپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ئەرزان ئوقۇيدۇ، ئاندىن تەك-
بىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا بىرنى پۈدەپ
قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئات قويىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ بىر ئاي،

100 كۈن، بىر يىل بولغاندا يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەبرىك-
لەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە
خەتنە تويىنى ئۆتكۈزىدۇ. قىز بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قۇلىقىنى
تېشىدۇ. خۇيزۇلار ئادەتتە ئۆز مىللىتى ئىچىدىن نىكاھلىنىدۇ.
ياش قۇرامىغا يەتكەنلەردىن چوقۇم نىكاھلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
ئۆمۈرۋايەت بويتاق ۋە تۇل ئولتۇرۇشقا روخسەت قىلىنمايدۇ.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن باشقا
مىللەتلەر بىلەن نىكاھلانغانلارمۇ ئاز ئەمەس. خوتەندىكى خۇيزۇ-
لار جاي - جايلاردىن كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تارىخى ئۇزۇن
بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نىكاھلىنىشتا ئىككى تەرەپ ئۆز يۇرتىنىڭ
قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ئۇرۇمچى ياكى سانجىدىكىلەر-
نىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. خوتەندە ئولتۇراقلاشقىنىغا ئۇزۇن بولغان
ئائىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىش قىلى-
دۇ. ئۆرپ - ئادەت تەلىپى بويىچە خۇيزۇلار نىكاھدىن ئاجرى-
شىشقا قارشى تۇرىدۇ، نىكاھدىن ئاجرىششنى گۇناھ دەپ قاراي-
دۇ. نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئادەتتە قىز تۇغسىمۇ، ئوغۇل تۇغ-
سىمۇ چوڭ بىلىدۇ، پەرزەنت ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن،
«ئاللا» نىڭ بەرگىنى دەپ قارايدۇ. خۇيزۇلار ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى
«ئۆلدى» دەپ ئاتىماي، بەلكى «ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى» ياكى
«تۇگەپ كەتتى» دەپ ئاتايدۇ، پەرزەنتلىرى قارىلىق كىيىم كى-
يىدۇ. خوتەندىكى خۇيزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلى-
رىنى قوللانغانلىقتىن، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن
كېيىن 3 - كۈنى، 7 - كۈنى، 40 - كۈنى، 100 - كۈنى،
بىر يىل بولغان كۈنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەزىر ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە
نەزىرگە قاتنىششقا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلى-
رىگە ھەدىيە (پۇل ياكى كىيىم - كېچەك)، قويماق تارقىتىپ
بېرىدۇ.

ئاپتور: ليۇ جىڭخۇا